

ئوگ ماندىنو (ئامېرىكا)

# سۆسۆقنامە

## 1

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

كىتابىمنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئەي سۆيۈملۈك خېرىدارلار!

مانى ئەلشتاپ قويمىدى. ئەگەر قوشۇلسىڭىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا ھەممە ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئوقۇغان چاغلاردىكىدەك ئۆزگىرىش بولىدۇ. كۆڭلىڭىز تاغدا يۈرگەندەك ھۇزۇرلىنىشنى قىلىدۇ. شۇنداقلا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشنى سەزسىڭىز ئىسپاتى بولۇپ، باشقىلارنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك دەپ قالماڭ. ئۆزىنى بىلىشكە ئېرىشكىلى، سىزنىڭ ئۇستازلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى غەيرەت-شىجائەتكە تولغان، قەلبىدە ئىلھاملار جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان پىرداملاردۇر. شۇڭا ھەرگىز شۇنداق تۇزاقلارغا چۈشۈپ قالماڭكى، سىز ئۇلارنىڭ خاسلىقى، خۇسۇسىيىتى، سالاپىتى، سۆزمەنلىكلىرىدىن ئەسىرلىنىپ كېتىپ ئۆز مەقسىتىڭىزنىڭ ئۇلار ئوقۇتۇۋاتقان ئوتتۇرىغا قويۇپ بېرىشتا شەرت قىلىنغان ماھارەت ۋە پرىنسىپلارنى ئۆگىنىش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ئوگ. ماندىنو




B848.4UI
00002
1
1BUI00002750

图书在版编目（CIP）数据

智慧书：维吾尔文／（美）曼狄诺著、吾斯曼江·木合麦提译．—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2009．12
ISBN 978-7-5372-4632-3

Ⅰ．①智… Ⅱ．①曼…②吾…Ⅲ．①人生哲学—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①B821-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 228744 号

策　　划：艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
著　　者：（美）曼狄诺
译　　者：吾斯曼江·木合麦提
责任编辑：艾尔肯·阿力木
责任校对：早热古丽·司地克
封面设计：努尔买买提·吾买尔
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街 196 号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2009 年 12 月第 1 版
印　　次：2009 年 12 月第 1 次印刷
开　　本：880×1230 毫米 1/32 开本 30 印张 插页 4
字　　数：528 千字
书　　号：ISBN 978-7-5372-4632-3
印　　数：1—5000
定　　价：68.00 元

发行科联系电话：(0991)2823055 邮编：830001

图书在版编目（CIP）数据

智慧书：维吾尔文/（美）曼狄诺著、吾斯曼江·木合麦提译．—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2009．12
ISBN 978-7-5372-4632-3

Ⅰ．①智… Ⅱ．①曼…②吾…Ⅲ．①人生哲学—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①B821-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 228744 号

策　　划：艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
著　　者：（美）曼狄诺
译　　者：吾斯曼江·木合麦提
责任编辑：艾尔肯·阿力木
责任校对：早热古丽·司地克
封面设计：努尔买买提·吾买尔
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街 196 号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2009 年 12 月第 1 版
印　　次：2009 年 12 月第 1 次印刷
开　　本：880×1230 毫米　1/32 开本　30　印张　插页 4
字　　数：528 千字
书　　号：ISBN 978-7-5372-4632-3
印　　数：1—5000
定　　价：68.00 元

发行科联系电话：（0991）2823055　邮编：830001

上海外国语大学 图书馆藏书
登录号 0 00027

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرىش سۆز

بىز ھازىر سىزنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭىزنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلمەي، ئازابلانغان دىل ۋە تەنلىرىڭىزگە شىپالىق تىلەپ ئۇشبۇ دەرسلىكنى ھوزۇرىڭىزغا سۇندۇق. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، سىز بۇ دەرسلىكنى ئوقۇپ ئۆزىڭىزگە سىڭىشتۇرغان دەملىرىڭىزدە، ۋۇجۇدىڭىزدا يېگانە بىر تەسىر پەيدا بولىدۇ. روھىڭىزدا سىزنى يېڭى ئويلار ئارا زادىلا جىم تۇرغۇزمايدۇ. يېڭى ئويلار روھىي دۇنيارىڭىزدا مەنىۋى دولقۇن پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بىز بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ دەرسلىككە خام ماتېرىيال قىلىنىدىغان «تېرە پۇتۇكلەر» دىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ شۇنداق تەسىرلەنگەن. ئۇتۇقلارغا قەدەم باسقان ھەمدە شۇ تەسىرلەرنىڭ رىغبىتى بىلەن ئۇ ئەسەرلەرنى دىلكەشلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا تەۋسىيە قىلغان ئىدۇق. بىزچە، ئەسەرلەر بۇ دەۋرنى تونۇش ۋە بۇ دەۋردە ياشاشنىڭ ئەڭ ياخشى دەستۇرلىرى بولۇپ، ئۇلاردا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى پىركامىللارنىڭ كىشىلىك ھاياتنى ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى پاراسىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ ئەسەرلەردىكى ئۇسلۇب بولسا ئىلىم مۇنبەرلىرىنى ئىگىلەپ، بىر گەپنى تەكرارلاۋېرىدىغان ۋەزخانلارنىڭ ۋەقەشۇناسلىق ۋە قاتمال نەزەرىيىچىلىك ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان، بىر خىل كۈچلۈك بەدىئىي سېھرىي كۈچ بىلەن ئادەم قەلبىگە ئىلىم ـ پەندە بارلىققا كەلگەن ئەڭ يېڭى نەتىجىلەرنى ئەپچىللىك بىلەن سىڭدۈرۈپ ماڭغان. شۇڭا، ئۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا خۇددى «تەڭرى» ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىشنى زاھىر قىلىۋاتقاندەك ھەربىر كىشى

ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى بايقاشقا قاراپ قەدەم بېسىپ قالاتتى.

بۇ نېمە ئۈچۈن دېسىڭىز، بۇ ئەسەرلەرنىڭ يازغۇچىلىرى غەربنىڭ مۇشۇ زامان تەلىپىدە يېتىلگەن مەنىۋى باتۇرلىرى بولۇپ، يۇقىرىدىكىدىن باشقا يەنە زامانىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ پېقىرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، مەنىۋى ئېچىرقاش، پىكرى گادايلىق، تەتۈر تەقدىر، نامراتلىق، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكلىرىنى ئۆزلىرى كەچۈرمىش قىلغان مۇساپىلەردىن ئېلىنغان ئەڭ يېڭى تەجرىبىۋى ھەقىقەتلەر بىلەن ھەل قىلىشنى نىشان قىلغان ئىدى. ئۇلار ئەسەرلىرىدە چىن ۋەقەلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئازغۇن پىكىرلەردىن ياندۇرۇپ، بەختكە يېتىپ بېرىشقا يېتەكلىگەن ئىدى. ھازىر بىز سىزگە تەقدىم قىلىۋاتقان بۇ دەرسلىك ئامېرىكىلىقلار چوقۇنىدىغان ئەنە شۇنداق پىركامىللارنىڭ بىرى ئوگ ماندىنو تەرىپىدىن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇتۇقشۇناسلىق بويىچە ھازىرقى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ھەممىباب دەرسلىكتۇر.

ئوگ ماندىنو 1924 - يىلى ئامېرىكىنىڭ شەرقىدە بىر پۇقرا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگېن. 28 ياشقا كىرگۈچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن، شۇ چاغقىچە ئوقۇغان، خىزمەت تاپقان ۋە خوتۇن ئالغان. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن جاھاننىڭ بۇزۇق تەرىپىدىكى تۈرلۈك ئېزىقتۇرۇشلىرىنىڭ تەسىرىدە، ئۆزىنىڭ قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىدىغان نادانلىقىدىن كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر يۈرۈش خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى — ئائىلىسى، ئۆي - ماكانى ۋە خىزمىتىنى يوقىتىپ قويۇپ، قىپيالىڭاچ بىر قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇددى كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ بەرگەن «ئەما» غا ئوخشاش يۇرت - يۇرتلاردا ئاققۇن بولۇپ



يۈرۈپ، ئۆزىنى ئىزدىگەن، كۆن ئېلىشنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدىگەن.

ئۇ ئىككى يىلدىن كېيىن، بىر كۈنى چېركاۋغا ئىبادەتكە بېرىپ ھۆرمەتلىك بىر پوپ بىلەن تونۇشۇپ قالغان. پوپ ئۇنىڭ تاتارغان چىراي ۋە غەم بېسىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلىك ھاياتنى خاراب قىلىدىغان بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەن. ئۇ پوپ بىلەن خوشلاشقاندا پوپ ئۇنىڭغا «ئىنجىل شېرىپ» بىلەن 11 پارچە كىتابنىڭ نامى يېزىلغان بىر تىزىملىكنى ھەدىيە قىلغان. ئۇ كىتابلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

«ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ»، «ياقۇتلۇق زېمىن»، «تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەم»، «ئۆزىگە مۇسابىقە»، «فرانكلىننىڭ تەرجىمىھالى»، «ئۇتۇققا يېتىپ بېرىشنىڭ مەنىۋى ئامىلى»، «تەپەككۇر ۋە بايلىق»، «مەغلۇبىيەتتىن ئۇتۇققا ئۆتۈشنىڭ تىجارەت تەجرىبىسى»، «ئاجايىپ بىر ئىشقى - ھېسسىياتنىڭ قۇدرىتى»، «سۆيگۈ قۇدرىتى»، «ئېتىقاد قۇدرىتى».

ئوگ ماندىنو مۇشۇ تىزىملىك بويىچە بۇ كىتابلارنى كۇتۇپخانىلاردىن تېپىپ ئىنچىلىكلىك بىلەن ئوقۇپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى خۇددى تۇمانلار ئارىسىدىن قۇياشنىڭ چۇغلۇق نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان يورۇقلۇققا چىققاندەك لەپپىدە يورۇپ كەتكەن. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇپ، «ئەمدى ھەرىكەتنى باشلايمەن» دېگەن ئىرادە بىلەن كىتابنى يېپىپ ئورنىدىن تۇرغان، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۈمىد كەپتەرلىرى ئۇچۇشقا باشلىغان. ئۇ «بۈگۈندىن باشلاپ مەغلۇبىيەت قاپلاپ كەتكەن كۈنلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، دۇنياغا سۆيگۈ بىلەن قارايمەن، يېڭى تۇرمۇشنى باشلايمەن» دېگەن قەسەمىيات بىلەن ھايات يولىغا يېڭىۋاشتىن قەدەم باسقان.

راست، ئادەم تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى. ئوگ ماندىنو ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تونۇپ يەتكەن ھامان ئۇنىڭدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تۇرمۇش قىزغىنلىقى ۋە شىجائەت پەيدا بولغان. ئۇ كىتابتىكى دانىشمەنلەرنىڭ تەلىملىرى بويىچە خۇددى سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان دېڭىزچى ئېنىق نىشان بويىچە يەلكەننى چىقىرىپ ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىزدىن ئۆتۈپ شېرىن خىياللىرىدا كۆرۈنگەن قىرغاققا يېتىپ چىقىۋاتقاندەك تىنىمسىز ھالغا كەلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گېزىت ساتقۇچى، شىركەتلەرنىڭ مال ساتقۇچىسى، كەسپىي دىرېكتور ··· قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ تاللىغان يوللاردا پۇرسەتلەر ماڭدامدا ئۇچراپ تۇرغان، شۇنداقلا ھەربىر پۇرسەتتىن بەسى مۇشكۇل جاپالار ئۇنىڭ ئالدىنى توسقان. ئەمما ھەممىدىن غالىب كەلگەن. چۈنكى ئۇ ياشاشنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئىگىلىۋالغاچقا «تەڭرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان»، ئۇ ھەربىر قىيىنچىلىق، توسالغۇ، ھەتتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا يەنە ئاشۇ كىتابلارنىڭ تىلى بىلەن تاكى ئۇتۇق قازانغۇچە ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرغان، ئىلھاملاندۇرغان، ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ جان يېرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تىزگىنلەپ ماڭغان. ھەربىر كۈننى تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئەڭ زور چەكتە ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇ 35 ياشقا كىرگەندە تۇنجى كارخانىسى «ئۇتۇق» ژۇرنىلىنى قۇرۇپ چىقىپ، بايلىق، ساغلاملىق، شادلىق كۈنلىرىنى باشلىغان. ئۇنىڭ بۇ قەدەملىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ زور شان - شەرەپلەرنى ئېلىپ كەلگەن. 600 نەچچە رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ سۆزلەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى ئامېرىكا سودا ساھەسىدىكى ھەممە بىلىدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغان باتۇرغا ئايلانغان. ئەمما ئۇ بارلىق ئۇلۇغ شەخسلەرگە ئوخشاش دائىمىي



رىغبەتتە بولۇپ ئۆزى ئوقۇغان «11 پارچە كىتاب» مۇئەللىپلىرىدەك كىشىلەرگە بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان ئۆلمەس ئەسەر يېزىشقا تەييارلىق قىلغان.

ئۇ 1968 - يىلى 44 ياشقا كىرگەن ۋە «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» دېگەن ئۇلۇغ ئەسەرنى يېزىپ دۇنياغا داڭق چىقارغان. ئۇ بۇ ئەسەرگە ئۆمۈرلۈك يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئەسەر دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنلا دۇنيا بويىچە 22 خىل تىلدا 18 مىليون نۇسخا بېسىپ تارقىتىلغان.

بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ۋە مۇئەللىپ بىلەن تونۇش ئادەملەر شۇ ھامان بىلىۋالالايدۇكى، بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن ئەرەب قۇملۇقىدا تۆگە يېتىلەيدىغان ھەيفى ئىسىملىك بىر بالىنىڭ كەچۈرمىشى ھەققىدە يېزىلغان سىرلىق ھېكايىلەر «تېرە پۈتۈك» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان.

«تېرە پۈتۈك» تە ئېيتىلىشىچە، ھەيفى جامالى ئايدەك بىر قىز بالىغا كۆيۈپ قالغان. قىزنىڭ دادىسى تەسىرى كۈچلۈك ھەيۋەتلىك باي بولغاچقا، ھەيفى ئۆزىنىڭ تۆۋەن تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغان.

ئۇنىڭ ئىلتىماسى خوجايىنى داڭلىق تېرە سودىگىرى پاسسارنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشكەن. ھەيفىدە شۇنچىلىك پەم - پاراسەت بار - يوقلۇقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن پاسسار ئۇنى بەيتلەھەم دېگەن بىر بازارغا بىر ياقا تون سېتىۋېلىشقا ئەۋەتكەن. ئەمما ئۇ بۇ ئىشتا يېڭىلىپ قالغان. يەنى قايتىپ كېلىۋاتقاندا ساراي يېنىدىكى بىر گەمىدە ئەمدىلا تۇغۇلغان بىر بوۋاققا ئۇچراپ قالغان، ئۇ بوۋاققا ئىچى ئاغرىپ ئۆزىنىڭ تونىنى بوۋاققا يۆگەك قىلىپ بېرىۋەتكەن.

ھەيفى خىجىللىق ئىلكىدە خوجايىنى ئالدىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ بىر نۇرلۇق يۇلتۇز ئۇنىڭ بېشىدا نۇر چېچىپ تۇرغان. بۇنى كۆرگەن خوجايىن بۇنى «تەڭرىنىڭ قىسمىتى» دەپ چۈشىنىپ، بۇ بالىغا 10 پارچە تېرە پۈتۈك بەرگەن. بۇ

تېرىلەرگە قەدىمدىن شۇ چاغقىچە جاھاننى زىلزىلىگە سالغان سودا مەخپىيەتلىكلىرى يېزىلغان بولۇپ، ھەيفىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتىپ ئاشقۇدەك ئەقىل - پاراسەت ئۈنچىلىرى نۇر چېچىپ تۇرغان. ھېكايە قىلىنىشىچە، ھەيفى تېرە پۈتۈكلەرنى قوينىغا سېلىپ، خوجايىن بەرگەن دەسمايىنى بېلىگە تۈگۈپ كارۋاندىن ئايرىلىپ يىراقلارغا مېڭىپتۇ، ئۆز ئالدىغا رەسمىي تىجارەت باشلاپتۇ. ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن شۇنداق بايغا ئايلىنىپتۇ ۋە كۆيۈپ قالغان ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تىجارىتى داۋاملىق چوڭىيىپتۇ، ئەڭ ئاخىرى ھەيۋەتلىك بىر سودا پادىشاھلىقى ئەرەب ئارىلىدا باش كۆتۈرۈپتۇ ··· دېمەك، ئوگ ماندىنو ئاشۇ ئاجايىپ سىرلىق ھېكايىلەر ئۇسلۇبىدا ئۆز ئەسىرىنى تاماملاپ، ئۇنىڭغا «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» دەپ نام قويغان ھەمدە ھەيفى نامىدا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى تونۇشتۇرغان. ئەمەلىيەتتە پوپ ئۇنىڭغا بەرگەن 12 پارچە تېرە ئىدى. شۇڭا ئوگ ماندىنو ئەسىرىنىڭ 18 - بابىدا: «ئۇزاق جاھانلار ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇ بوۋاينى ئۇنتۇپ كېتەلمەيسىز ··· ھەيفى ھازىر مەنىۋى دۇنياسى مول ھەم ئۇتۇقچى بىر مويسىپىت، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى بولۇپ قالدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئون پارچە تېرە پۈتۈكنى ئالاھىدە بىر ئادەمگە ھەدىيە قىلدى» دېيىلگەن. 41 - باب، يەنى ئەڭ ئاخىرقى بابىدا ئوقۇرمەنلەرگە بەرگەن كىتاب تىزىملىكىگە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئائىت 12 پارچە كىتاب كىرگۈزۈلگەن. ھازىرقى كۈندە «بۇ كىتابلار»، «ئىنجىل شېرىپ» تىن باشقا ئۈچ توملۇق بىر يۈرۈش كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنىدى. ئۇلار: «يېشىل ياقۇتلۇق زېمىن» (ئۈمىدكە ۋەكىللىك قىلىدۇ)، «قىزىل ياقۇتلۇق زېمىن» (بايلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، «ئاي جاماللىق زېمىن» (بەختكە ۋەكىللىك قىلىدۇ) لاردىن ئىبارەت.

ھازىرقى تەقدىم قىلىنىۋاتقان «ئۇتۇقنامە» بولسا ئوگ



ماندىنو ئاشۇلارنى خام ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ چىققان بايلىق جېڭىنىڭ دەستۇرى بولۇپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك دۇنيانىڭ بايلىرىغا ئايلىنىش جەھەتتىكى شېرىن چۈشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلمىي قورال بىلەن تەمىنلىدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئامېرىكىدا ئەرەب خەلقى باش ئۇرغاندەك پۈتۈن خەلق باش ئۇرىدىغان ئاشۇنداق بىر «ئۇتۇقنامە» نىڭ ئامېرىكىدا مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ سۆزلىگەن ئىقتىسادشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، ئىلىمشۇناس ۋە پەيلاسوپلار بولغان ئىدى. ئۇلار: «بىزمۇ بىر پارچە ‹ئۇتۇقنامە› كە ئىگە بولىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى، بىز بالاغەتكە يېتىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشنى يوقىتىپ قويمايمىز» دەيدىغانلار بار ئىدى. ئەمما بىر دۆلەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ناھايىتى مەدەنىي بىر خەلقنىڭ بۇنداق باي بولۇش ئارزۇسىنى ناھايىتى نادىر بولغان قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرى ياكى ھېكايىچىلىكى بىلەن قاندۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئوگ ماندىنو ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئۇتۇققا يېتىپ بېرىش خىيالىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا تېخىمۇ قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دالى كارنېگ، ناپولېئون خېئول، فرانكلىن ··· ۋە ئۆزىنى ئىچىگە ئالغان تارىختىكى ئەڭ داڭلىق 50 نەپەر ئالىم، يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى توپلاپ، زامانىمىزنىڭ ئۇتۇقشۇناسلىق ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن بارلىق ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ تېرە پۈتۈكىنى پۈتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب ئامېرىكا خەلقىنىڭ باي بولۇشتىكى ئەڭ ئۇلۇغ دەستۇرى بولۇپلا قالماي، دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىغا ئۇچۇشقا باشلىدى. فرانسۇز، رۇس، نېمىس، ئەرەب، خەنزۇ تىللىرىدا 20 مىليون پارچە تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ ئالدىراپ باشقا ئەللەرگە ساتمايدىغان بىلىم مۈلكى بولۇپ قالدى. بىز ئوقۇپ كۆرۈپ، بۇ دەستۇردا ھەقىقەتەن دۇنيانىڭ ھەربىر

پۇقراسى بىلىشكە تېگىشلىك ھەقىقەت بارلىقىنى ھېس قىلدۇق ـ تە، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مېغىزلىق مەزمۇنلاردىن خەۋەردار قىلىشنى باشلىدۇق.

2004 ـ يىل 12 ـ فېۋرال
—— ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى



# ئۇتۇق قانداق چىنىققان

كىتابىمنى قولىڭىزغا ئالغىنىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئەي سۆيۈملۈك خېرىدارا!

ئەگەر سىز بۇ دەرسلىككە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن ئادەمنى ئازابلايدىغان كۈنلەردە جەبىر ـ جاپالارنى يەتكۈچە تارتقان بولسىڭىز، ئەمدى سىزگە بۇ ئارقىلىق ھاياتىڭىزدا ئۆرلەش، كۈندىن ـ كۈنگە بىر يېڭىلىنىش تىلەيمىز، مانا ئەمدى بۇ دەرسلىكنى ئوقۇڭ، بۇ دەرسلىكتىن ھۇزۇرلىنىڭ.

«تۈنۈگۈننى، ئۆتكەن ئاينى، ئۆتكەن يىلنى؛ قايغۇ ـ ئەلەملىك كۈنلەرنى، مەغلۇبىيەت ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان كۈنلەرنى ئۇنتۇڭ.» ھەممە ئارقىمىزدا قالدى، يېڭى كۈن ئالدىمىزغا كەلدى. بۇرۇن ئارزۇ قىلغان كۈنلەر مانا كۆز ئالدىڭىزدا ھازىر بولدى، ئەمدى سىز مۇشۇ كۈندىن باشلاپ ھاياتىڭىزدىكى شانلىق بەتلەرنى ئېچىڭ؛ بۇ دەرسلىكتىكى بابلار ۋە پاراگرافلاردىن ئۇتۇق قازىنىشنىڭ غايەت زور سىرلىرىنى ئۆگىنىشنى باشلاڭ؛ «ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، سىز بۇ دەرسلىكتىن ئۆگەنگەن بىلىملەرنى تەتبىقلاپ ئۆزىڭىز ھەم ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن تېخىمۇ گۈزەل بىر دۇنيانى ئىجاد قىلىشنىڭ كويىغا كىرىڭ.»

ھىنرى داۋىد مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «بىزنىڭمۇ بىر پارچە ‹ئۇتۇقنامە› گە ئىگە بولىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسا بىز بالاغەتكە يەتكەنلىكىمىز تۈپەيلى تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىمىزدىن ۋاز كەچمەيدىغان بولىمىز.» مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سىز بۇ كىتابنىڭ ھەربىر دەرسىنى

ئوقۇغىنىڭىزدا خۇددى ھەربىر دەرس ئۆزگىچە بىر «ئۇسلۇبتا» سىزگە ئاتاپ يېزىلغان ئۇتۇقشۇناسلىق ئەسىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سىزنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. بۇ نەرسىلەر سىزنى كېرەكلىك بىلىم بىلەن تەمىنلەپ، سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى ھاڭلارنى تىندۇرۇپ تۈزلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەربىرى بىردىن مۇنەۋۋەر زاتلاردۇر. بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ تۇتىيالىرىنى مۇجەسسەم قىلىپ، سىزگە ئۇتۇق ۋە غەلىبىگە قانداق يېتىپ بېرىشنى ئۆگىتىپ قويماقچى.

دالى كارنېگ، فرانكلىن، ئاكا ـ ئۇكا گىئويوروس، ناپولېئون خېئول قاتارلىقلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان 50 زات ئىچىدىكى ھاياتىي كۆچكە ئەڭ باي، ئەڭ دانىشمەن شەخسلەرنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئۇلار تارىختىن بۇيان بىرىنچى بولۇپ مېنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشىم «كۈللىياتى ئۇتۇقنامە» نى نەشر قىلدۇرۇشۇمنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جەم بولدى. مەن سىزگە ئەنە شۇنداق نامى ئۇلۇغ پىركامىللارنى تەكلىپ قىلىپ كەلتۈردۈم، ئۇلار سىز ئۈچۈن مەسلىھەتچى بولۇپ، كۆڭلىڭىزدىكى غۇۋالىقلارنى يورۇتىدۇ.

شۈبھىسىزكى، مەكتەپلەر سىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوقۇتقان. ئەمما بارلىق دەرسلىكلەردە بىرەر سائەتلىك بولسىمۇ، ھەتتا 50 مىنۇتلۇق قىسقا دەرس بولسىمۇ، سىزنىڭ بەختلىك، ئۇتۇقلۇق، نەتىجىلىك ھايات كەچۈرۈشىڭىز ئۈچۈن ئۆگەنگەن ئاشۇ بىلىملەرنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە جەدۋىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىنغانمۇ؟! مېنىڭچە ناتايىن. بۇ كىتاب دەل مانا مۇشۇ كەملىكنى تولدۇرۇشنى نىشان قىلدى. بۇ نىشان تۇرغۇزۇلغان ئىكەن، ئەمدى سىزنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى بۇنىڭغا قوشساق ئىشىنىمەنكى، بىز جەزمەن ئۇتۇققا ئورتاق يېتىپ بارىمىز.



ئۇتۇق! نېمىدېگەن جازىبىدار سۆز ـ ھە! ئۇ گويا ئالتۇن، گويا ئىشقى ـ مۇھەببەت، گويا شېرىن مېۋە! بۇلارنىڭ مېڭىڭىزدىكى ئالمىشىشلىرى گەرچە ئۆزگىچە خىياللارغا تۇتىشىپ تۇرسىمۇ، يەنە ئوخشاشلا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان شۇنداق بىر گۈزەل مەنزىرىگە باشلاپ بارىدۇ. سىز تۇرمۇشىڭىزدا تېخىچە بۇنداق گۈزەل مەنزىرىلەرنى تېپىۋالمىدىڭىز، كۆردى دېگەندىمۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەن چاغلىرىڭىزدا كۆردىڭىز، شۇنداقمۇ؟ تەقدىر ماڭا تەبەسسۇم قىلامدۇ ـ قىلمامدۇ؟ ماڭا مەردانىلىق بىلەن چوڭ ـ چوڭ بايلىق، قارا كۆزلەر تاشلىنىپ تۇرىدىغان مەرتىۋە، چەكسىز كۈچ، چەكسىز ئەركىنلىك ھەتتا ھازىرقىدىن ئۈستۈنرەك مەرتىۋە بېرەمدۇ ـ بەرمەمدۇ؟ دەپ ئويلىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

## ئۇتۇق نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىيىن بولىدۇ؟

بىز ھەربىرىمىز مۆجىزە، ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئۈمىد يۇلتۇزلىرى ئەزەلدىن ئۆچمەيدۇ. بىز مەيلى ماشىنىساز، دىرېكتور، سودىگەر، ئوقۇغۇچى، مودېل، يازغۇچى، ياغاچچى، كومپيۇتېرغا تەرتىپ تۈزگۈچى، ساراي خوجايىنى، كارخانىچى، باغۋەن، پايچى ئەلچىسى، ئائىلە خىزمەتچىسى بولايلى، ھەممىمىز ئوخشىمىغان دەرىجىدە شېرىن خىيال ۋە ئۈمىدلەردە بولىمىز. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسەم، قەرزدىن خالىي بولۇپ ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرسام، نەپىس زىياپەتخانىلاردا مېھمان بولسام، چەت ئەللەرگە بېرىپ مەشھۇر جايلارنى ساياھەت قىلسام، داڭلىق ماركىلار چاپلانغان ئۇز كىيىملەر كىيىملىكتە دائىم تەييار تۇرسا، بالا ـ چاقام ئەڭ ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇسا دېگەنلەرنى كۆڭلىمىزدىن كەچۈرۈپ تۇرىمىز.

نېمىشقا شۇنداق ئۈمىدلەردە بولمايدىكەنمىز؟ بىز بۇ جاھانغا



0 00027

تۆرەلگەندىن باشلاپلا بەزىلەر بىز تۇرغان بۇ دۇنيانى «پۇرسەتلەر چەكسىز» زېمىن دېمىگەنمىدى؟ بۇ راست ـ تە! نېمىشقا شۇنداق قىلمايدىكەنمىز؟ روشەنكى، جەزمەن شۇنداق قىلىش كېرەك. ئەمما ئادەمنى ئازابلاپ زەردىگۈش قىلىۋېتىدىغان ئىشلار يەنە بار ـ دە! بىز ئۇنداق ئۇمىدلەردە بولغان بىلەن كۆپچىلىكىمىز تېخى ئۇ شېرىن خىياللىرىمىزنى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى بىلمەي كېتىۋاتىمىز. شۈبھىسىزكى، ھەممىمىزدە ئەنە شۇنداق چەكسىز گۈزەل تۇرمۇشنى قۇرىدىغان زۆرۈر قوراللار بار، ئەمما بىز ئۇلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمىسەك، بۇ قوراللارنىڭ نېمە كېرىكى؟! پىلان بولمىسا، خەرىتە ياكى چېرتيوژ بولمىسا، تولۇق ئەھمىيەتلىك، قىممەتكە باي بىر تۇرمۇشنى قانداق ياراتقىلى بولىدۇ؟

مەيلى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ياكى مۇقەددەس ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولسۇن، بىراۋلار سىزگە نىشان تۇرغۇزۇش ھەققىدىكى ئاددىي ماھارەتلەرنى؛ ئۆزىڭىزنى ۋە باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشنى؛ قىيىنچىلىق ۋە مۇسابىقىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى؛ ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدىغان ئادەتلەرنى قانداق تۈزىتىشنى؛ ۋاقىتتىن قانداق ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن تاللاش ئېلىپ بېرىشنى؛ قانداق قىلىپ ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنى؛ سىز قورقۇۋاتقان ئىشلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى؛ قىزغىنلىقنى قانداق قوزغاشنى؛ ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشنى قانداق تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشنى؛ بايلىقنى قانداق توپلاشنى؛ باشقىلارنى قانداق قىلىپ ئۆزىڭىزگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى؛ ئۆزىڭىزنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى ئۇتۇقلۇق زاتلاردەك تۈزەشنى؛ بالا ـ چاقىڭىزنى قانداق يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشنى؛ بېسىمغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى؛ بەخت ـ سائادەتنى قانداق



ھېسابلاشنى ئۆگەتكەنمۇ؟ گەپنى يىغايلى، سىز شۇنىڭ ئۈچۈن بۇگۈنگىچە ياشاپ كەلدىڭىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ شىجائەت ۋە ئىرادىڭىزدىن بولدى. ئەمما بىز ھەرقاچان باتۇرلارچە ئالغا باسقىلى تەقدىردىمۇ، بىزدىكى ئاجىزلىقلار بىزنى قوغلاپ كەلدى، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدىكى تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. بىز يەنىلا ئۆزىمىزنى بېسىۋالالماي تېلېۋىزورغا قارىدۇق ياكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى ۋاراقلىدۇق، بىز قەلبىمىزنىڭ تېرەن جايلىرىدا بۇ ئاجىزلىقلىرىمىزنىڭ يەنىلا يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلدۇق. ئەمما بىز يەنىلا ئۆزىمىزنى چاغلىماي نوچىلىق قىلدۇق، كۆز ئالدىمىزدا مانا مەن دەپ تۇرغان شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ بايلىقى ۋە ئۇتۇقلىرىنى كۆرەلمىدۇق. ھالبۇكى بىز باشقىلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىمىزدىن ئۇتۇقلۇق ياشاۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز ھاياتىمىز مۇساپىسىدە تەكرارلانغان مانا مۇشۇنداق ئەڭ قاراڭغۇ مۇھىتلارنى ئەسلىسەك، ھىندىرىك پ ر ئىبىتقان مۇنۇ سۆزگە ئىقرار بولماي قالمايمىز: تارىخ ۋە تۇرمۇشتا ئوخشاشلا ئۇتۇق قازانغاندىلا ئىز قالىدۇ.

ھەي، بۇ گەپلەر بەلكىم بەك كېچىكىپ قالغاندۇ. ئەجەبا سىز چاڭ ـ توزانلار قاپلىغان، قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا تۇرۇپ بولمايدىغان پاكار ئۆيىڭىزگە كىرىۋېلىپ، بۇ دۇنيانىڭ ئاجايىباتلىرىنىڭ يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالامسىز؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ!

## كارامەتلىك بايلىق ۋە مۇلۇك

ھازىر بىز ئۆزىمىزنىڭ خەزىنىسىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى. يېشىڭىز، ماھارىتىڭىز، ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىڭىز، رەڭگى ـ رۇخسارىڭىز ياكى ئۆزلۈك تونۇشىڭىزدىن باشقا يەنە ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭكى، سىز ئوقۇپ يۈرگەن

ۇنلەردە ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدىغان
ەرسىلەردىن نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالدىڭىز، تازا ئېنىق ئويلىنىڭ،
ۇلارنىڭ ئارىسىدا سىزنىڭ ئېھتىياجلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى
اندۇرىدىغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟

ئالدى بىلەن ئىنگلىز نەسرچىسى، تارىخشۇناسى، تەرجىمىھال
ازغۇچىسى، پەيلاسوپ توماس كارلىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ
اقايلى:

«ياخشى ئويلىنىپ كۆرەيلى، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن نەرسىلىرى بىز مەكتەپكە كىرگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا كىتاب ئوقۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز ئوخشىمىغان تىللاردىكى كىتابلار، ئوخشىمىغان پەنلەرگە ئائىت كىتابلار، ئوخشىمايدىغان ھەرپلەردە يېزىلغان كىتابلار، شۇنداقلا خەت شەكىللىرى ئوخشىمايدىغان كىتابلاردىنلا ئىبارەت. بىلىم ئېلىشنى ئويلايدىكەنمىز، نەزەرىيە بىلىملىرى بولسا بىردەك كىتابلاردىن ئالساقلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي مەكتەپ بىزدە ساقلانغان زور بىر تۈركۈم كىتابلاردۇر!»، «خۇددى كارل ئېيتقاندەك، ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغان ‹ئوتتۇقنامە› كىتابلار دېگىزىدىكى بىرىدۇر. بۇ كىتابتا بىر يۈرۈش بىلىم، پاراسەت، ماھارەت ۋە پرىنسىپلار بار. بۇلار دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك ئەسەرلەردىن تەرمە قىلىنغان بولۇپ، سىزنىڭ قانداق قىلىپ ئۇتۇق قازىنىشىڭىزغا ئاتاپ تاللانغان. ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاب سىزگە ئوخشىمايدىغان بىر ئۇسۇلنى ئۆگىتىپ، سىزنى ئەڭگۈشتەرگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار بىردەك زامانلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئەمەلىيەت ئىشلەتكەن ھامان ئۇنۇم بېرىدىغان ئەڭگۈشتەرئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بايلىقلاردۇر.»

ئەمما، شۇنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، سىز ئۈچۈن يۇزلەپ،



مىڭلاپ ئۇتۇق ماھارەتلىرىنىڭ قورشاۋلىرىغا كىرىۋېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئېھتىمال بۇ كىتابتىكى بىرەر ماھارەتمۇ سىزنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمىتىڭىزنى مۆجىزىگە تولدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. بۇ «ئۇتۇقنامە» ئىلكىدە ئۆگىنىش ئۈچۈن سىزدە پەقەت كىتاب ئوقۇش قابىلىيىتى، بۇنىڭغا قوشۇپ ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان قىزغىنلىق، يالقۇنلاپ تۇرىدىغان ئارزۇ ۋە ئىشلەيدىغان بىر غايە بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. سىز ئاۋۋال ئوقۇڭ، ئوقۇشنى باشلىغاندىلا قەلبىڭىزدىكى ئۇچقۇنلارنىڭ ۋىل - ۋىل قىلىپ يانغىنغا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىمەڭ، بۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇچقۇنلار تېمپېراتۇرىسى ئاستا - ئاستا كۆرۈلىدۇ؛ تەدرىجىي ئىچكىرىلەپ بەرگىنىڭىزدە تۇرمۇشىڭىزدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقلەنگەنلىكىنى بايقايسىز.

## بۇ كىتابتىن قانداق قىلىپ زور دەرىجىدە پايدىلىنىش كېرەك؟

سىز باشتىن - ئاخىر تولۇق ئوقۇڭ، بىرەر دەرسىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماڭ. ھەربىر دەرسنىڭ تەرتىپى تەكرار دەڭسەش ئارقىلىق كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت بۈگۈنكى ھالىتىڭىزدىن تەرتىپلىك ھالدا ئاخىرقى كۈنلەردە يېڭىباشتىن يارالغان ئۆزلۈكىڭىزنى كۆرۈش ئۈچۈندۇر.

سىز ھازىر خۇددى دېڭىزدەك پايانسىز بايلىققا يۈزلەندىڭىز، مۇبادا تەرتىپ بىلەن قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىسىڭىز، ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرسىڭىز ھەزىم قىلىشىڭىز ئاسان بولۇپلا قالماي، ئۇنۇم قازىنىشىڭىزمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئەڭ ئەلا نەتىجىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن مەن خېرىدارلىرىمنىڭ ھەر كۈنى بىر دەرسنى ئوقۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىز ئىختىيارسىزلىقىمىز بىلەن خىزمەتكە چۈشكەندە ناھايىتى كۆپ تەسۋىرلىگۈسىز ياخشى ئىشلار يۈز

بېرىدۇ. ئويغانغان ۋاقتىڭىزدا سىز ئېسىڭىزدە قالغان نەرسىلەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى بايقايسىز. شۇڭا، ھەممىنى بىراقلا ئېسىڭىزگە ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ كەتمەي، سەۋر - تاقەت بىلەن ھەربىر جىلدنى ئوقۇپ، پىر كامىللارنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىڭ. سىز شۇ چاغدىلا ئۇتۇققا بارغان ھامان چۆچۈپ كەتمەي بىمالال تۇرالايسىز.

مۇبادا سىز ئايال بولسىڭىز كىتابىمىزدىكى بىرنەچچە دەرسلىكتە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان «بۈيۈك ئەرلەر ئاۋازى» غا ئېرەن قىلىپ كەتمەڭ. بۇ ئىشلار سىزنىڭ بۇ كىتابتىن جەۋھىرىي بىلىملەرنى ئېلىشىڭىزغا دەخلى قىلمىسۇن. دەرسلەرنىڭ كۆپچىلىكى XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، خوتۇن - قىزلار ئازادلىق ھەرىكىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن يېزىلىپ بولغان. مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، مۇبادا بەزى مەزمۇنلاردا بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاشۇ دەۋرنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى، خالاس. ھازىر ئۇتۇق ھەرگىز ئەرلەرنىڭ پاتېنتى ئەمەس. ئاياللاردىمۇ خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاش ئۇتۇق قازىنىش ھوقۇقى ۋە ئىمكانىيىتى بار.

مەن يەنە بىر ئىشنى تەكىتلەشنى لايىق تاپتىم. مۇبادا، قوشۇلسىڭىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا ھېكايە - چۆچەك ئوقۇغان چاغلاردىكىدەك ئۆزىڭىز باغدا، كۆڭلىڭىز تاغدا يۈرىدىغان پەرۋاسىزلىقنى قىلماڭ. شۇنداقلا تىياتىر كۆرگەندەك ئۆزىڭىزنى سەھنىنىڭ سىرتىدا قويۇپ، باشقىلارنىڭ سەنئەت نومۇرىنى كۆرۈۋاتىمەن دەپ قالماڭ. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇستازلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى غەيرەت - شىجائەتكە تولغان، مۇستەھكەم، تەۋرەنمەيدىغان، قەلبىدە ئىلھاملار جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان پىركامىللاردۇر. شۇڭا ھەرگىز ئۇنداق تۇزاقلارغا چۈشۈپ قالماڭ، سىز ئۇلارنىڭ خاسلىقى، خۇسۇسىيىتى، سالاپىتى، سۆزمەنلىكلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆز



مەقسىتىڭىزنىڭ ئۇلار ئوقۇتۇۋاتقان ئۇتۇققا يېتىپ بېرىشقا شەرت بولغان ماھارەت ۋە پرىنسىپلارنى ئىگىلەش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

بۇنداق ئەھۋاللاردىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىش. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇشقا كىرىشكەندە قولىڭىزغا بىر تال قېرىنداش ئېلىپ، ئۆزىڭىزگە پايدىلىق جايلارغا كەلگەندە شۇ جاينىڭ ئاستىغا سىزىڭ! مانا مۇشۇنداق كىچىككىنە بىر تۈرلۈك ئەپ سىز ئوقۇغان بىر جۈملە ياكى بىر ئابزاس سۆزنىڭ ئېسىڭىزدە قېلىش نىسبىتىنى ئۈچ ھەسسە ئۆستۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سىز شۇ جەھەتتىكى پىكىر ۋە يېتەكچى پرىنسىپلارنى ناھايىتى تېزلىكتە يادىڭىزغا كەلتۈرەلەيسىز. توغرا، يەنە ئۆزىڭىزگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، ئىلھام بولغان تەكلىپ ۋە ئۇسۇللارنى ئالاھىدە بەلگىلەر بىلەن ئايرىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسا بۇلار كۆزىڭىزگە تېخىمۇ تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مۇبادا سىزدە گۇمان ياكى باشقىچە پىكىر بولغان بولسا بۇنىڭغا سىز بىرەر ئۇندەش ياكى سوئال بەلگىسى قويۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھەر نېمە دېگەنبىلەن سىزنىڭ شانلىق ئەتىڭىز ئۈچۈن تەييارلانغان خۇسۇسىي دەرسلىك.

## ھەممە سىزگە باغلىق

كۆپ ساندىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا بىزنىڭ بۇ جەمئىيەت مەكتىپى دەپ ئاتالغان بۇ «ئۇتۇقنامە» نىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى، ئوقۇش پۈتكۈزۈش شاھادەتنامىسى يوق، ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلىرىمۇ يوق. تەبىئىيكى، بىردىنبىر مۇكاپات قەلب تىنچلىقى، ئۆزلۈك مەمنۇنىيىتى، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، شۇنداقلا بايلىقنىڭ توپلىنىشىدۇر. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ

تىرىشچانلىقىغا، تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قىلغان مانېۋىرلىرىڭىزغا باغلىق بولىدۇ.

تارىخ شەخسلەر كۆرەش قىلغان ھېكايىلەر بىلەن تولغان. ھەربىر ئادەم بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچسا بولىدۇ. نام - شەرىپىڭىزنىڭ شانلىق ئوبرازلار، ھەممە ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان ئۇلۇغلارنىڭ ئىسمى بىلەن تولغان ئاشۇ بەتلەردە كۆرۈنۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي سىزگە باغلىق، سىزگە ۋاكالىتەن تۇرمۇش كەچۈرۈشۈپ بېرىدىغان، سىزگە ۋاكالىتەن ئۇتۇق قازىنىشىپ بېرىدىغان ئادەم يوق.

خوش ئەمىسە، ئەمدى گەپنى سىزدىن ئاڭلايلى…

— ئوگ ماندىنو



مۇندەرىجە

1 - دەرس ئۆز ئۆتمۈشىگە قانداق قاراش كېرەك ………… 1
2 - دەرس ئۆزىنىڭ ئۇتۇق ماركىسىنى قانداق ھاسىل قىلىش كېرەك ………… 14
3 - دەرس ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيىنى قانداق ھېسابلاش كېرەك ………… 28
4 - دەرس مەغلۇبىيەتنىڭ بەلگىسىنى قانداق پەرق ئېتىش كېرەك ………… 41
5 - دەرس قانداق قىلغاندا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان 10 چوڭ توسالغۇنى يەڭگىلى بولىدۇ ………… 59
6 - دەرس مۇۋەپپەقىيەت سەپىرىدىكى خىرىسقا قانداق يۈزلىنىش كېرەك ………… 86
7 - دەرس سىز ئۆزىڭىزگە خىيالىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتىنى قانداق بېرىسىز ………… 110
8 - دەرس سىز پۇرسەتنى قانداق تۇتىسىز ………… 125
9 - دەرس ئادەم قانداق قىلغاندا ئەڭ زور چەكتە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىشلىتەلەيدۇ ………… 147
10 - دەرس سىز ئالماس كېنىڭىزنى قانداق روناق تاپقۇزالايسىز ………… 168
11 - دەرس سىز كۆڭلىڭىزدە ئويلىغان ئىشنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىسىز ………… 184
12 - دەرس قانداق قىلغاندا چەكسىز ئىقتىدارىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ ………… 196
13 - دەرس قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى

ئاشۇرۇپ ئۆز ئىشەنچىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ ·········· 205
14 ـ دەرس قانداق قىلغاندا پاسسىپ روھىي كەيپىيات
ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ؟ ························ 225
15 ـ دەرس قانداق قىلغاندا ئىنتىزار بولۇۋاتقان سەنئەتتىن
مەنپەئەتلەنگىلى بولىدۇ ································ 248
16 ـ دەرس قانداق قىلغاندا جاسارەتنى ئۇرغۇتۇپ، خەتەرگە
تەۋەككۇل قىلغىلى بولىدۇ ······························ 269
17 ـ دەرس ئۆزلۈكنى قانداق رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك ··· 290
18 ـ دەرس ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەرتىپىنى
قانداق بېكىتىسىز ··································· 310
19 ـ دەرس قانداق قىلغاندا ئوتلۇق مۇھەببەتنى مەڭگۈ
داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ ······························· 330
20 ـ دەرس قانداق قىلغاندا ناچار ئادەتنى ئۆزگەرتكىلى
بولىدۇ ············································ 339
21 ـ دەرس قانداق قىلغاندا بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە
قالدۇرمىغىلى بولىدۇ ······························ 352
22 ـ دەرس ۋاقىتنى قانداق قەدىرلەش، قانداق ئىشلىتىش
كېرەك ············································ 376
23 ـ دەرس قانداق قىلغاندا ۋاقىتنى ئەڭ ياخشى تەقسىملەپ
بىرىنچى ھوقۇقنى ئويلاشقا بولىدۇ ···················· 387
24 ـ دەرس قانداق قىلغاندا ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى رەتلىك
ئورۇنلاشتۇرالايسىز ································ 402
25 ـ دەرس قانداق قىلغاندا ھەق قايتۇرۇشنى ئاشۇرۇش
قائىدىسىنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ ······················ 430
26 ـ دەرس قانداق قىلغاندا پۇل تېپىشنىڭ ماھىرى بولغىلى
بولىدۇ ············································ 453




كېلەچەكنى زېرەكلىك بىلەن پىلانلاش ئۈچۈن، ئۆتمۈشنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشنى ئۆگىنىش كېرەك.

ـ تۇۋىن كوتتېن

# 1 ـ دەرس

## ئۆز ئۆتمۈشىگە قانداق قاراش كېرەك

گۈزەل تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باشلامسىز؟

مۇبادا «ھەئە» دېسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ سەھىپىگە يېزىلغان ئىككى كەلىمە گەپنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ: «سىزگە ۋاكالىتەن تۇرمۇش كەچۈرۈشۈپ بېرىدىغان، سىزگە ۋاكالىتەن ئۇتتۇق قازىنىشىپ بېرىدىغان ئادەم يوق!»

خۇددى ئېدۋارد ھوتمان مەشھۇر ئەسىرى «مەغلۇبىيەتچىلەرگە تەكلىپ» دېگەن كىتابىدا ئېيتقاندەك ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىقى تەس، يۈز ـ ئابرۇيى بىلەن ياشىماق تېخىمۇ تەس؛ ئۆزىنى ھەقىقىي تۇردە چۈشەنمەك تەس، ئۆزىگە ئامراق بولماق تېخىمۇ تەس. ئەمما بىز جەزمەن ياشىشىمىز، تۇرمۇشتا يەنە بىر ئادەم بىلەن روبىرو بولۇشىمىز شەرت.

ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە ئۆزىڭىز، ئۇنداقتا يەنە سىز كىم؟ بىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئاپتوموبىلنى قانداق ھەيدەشنى بىلگەن بىلەن ئۆزىنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلمەيدۇ، بۇ نېمىدېگەن چاتاق ئىش ـ ھە!

مۇبادا بىراۋ سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى سورىسا، بەلكىم مەن پىرىكازچىك، كومپيۇتېر تەرتىپچىسى، مودېل، پايچىلار ئەلچىسى، شوپۇر، ياغاچچى ياكى ئاللىقانداق بىر كەسىپنى خالىغانچە دەپ بېرەرسىز، ئەمما بۇنداقتا سىز

خاتالىشىپ قالىسىز.

سىز شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپلەر بىز كۆپچىلىكمۇ ئورتاق مەشغۇل بولىدىغان كەسىپلەر بولۇپ، ئۇنى «تۇرمۇش» دەپلا ئاتاش مۇمكىن. ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى تېزلىكتە چۈشىنىۋېلىڭ، نېمە بولۇپ ھازىر بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز، ھە دېسىلا ئىچىڭىزنى پۇشۇرۇپ يۈرگەن بىرمۇنچە گۇمان ۋە تەشۋىشلەرگە دەرھال روبىرو تۇرۇڭ. خۇش، ئەمىسە، ئىشنى تېزرەك باشلىۋېتەيلى…

مەن ئۇنى گېئورگى دەپ ئاتىدىم، چۈنكى مەن ئۇنى كۆرگەندە ئۇ ئېسىنى تولۇق يوقاتقان بىمار ھالىتىدە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، بۇرۇنقى ئىشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. مۇبادا ئۇ بۇرۇن ئۇچقۇچى بولغان بولسا، ئۇ «ئايروپىلان» ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا ۋەقە چىقىپ بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىماللىقتا ئەڭ يېقىن ئىدى. گېئورگى ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈردە ياتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ مىدىرلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ سۆڭەك ـ ئۇستىخانلىرى ئېغىر جاراھەتلەنمىگەنىدى. ئەمما مېڭىسى ئانچە ئىشلىمەس بولۇپ قالغاچقا، ئۇ شۇ ھامان يەنە ئېسىنى يوقاتتى. گېئورگى ئۆزىنىڭ بۇ غاردا زادى قانچە ئۇزۇن ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇ زەئىپلىشىپ كەتكەچكە بىر مىدىرلاپ، بىر ھوشىدىن كېتىپ مەلەخ ـ مەلەخ يېتىشتىن باشقا ھېچقانداق قىلالمايتتى. ئەمما ئۇنىڭدا سەزگۇ كۈچلۈك بولمىغاچقا، ئۆزىنى ئىللىق بىر ئۆيدە ھېچنەرسىگە زوقى يوق ھالدا ھۇزۇرلىنىپ ياتقاندەك ھېس قىلدى، «بۇمۇ بولدى، بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن» دېگەندەك قىلىپ پۈتۈنلەي غەمسىز ھۇزۇرلاندى.

ئەمما ئۇ شادلىق باغچىسىنى ناھايىتى تېزلىكتە يوقىتىپ



قويدى. گېئورگى ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بىلەن بۇ قاراڭغۇ غاردىن يورۇقلۇققا تارتىپ چىقىرىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق قورقۇشى ئىدى، بىر خىل ۋەھىمە ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاپلىۋالدى، ھەتتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر ھۈجەيرە، ھەربىر تال تۈك ھۈجەيرىسىمۇ ۋەھىمىدىن تىترەشكە باشلىدى. قاراڭغۇلۇقتىن تۇيۇقسىز چىقىۋاتقان گېئورگى كۈچلۈك نۇرنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى يوقاتتى ـ دە، ئىككى كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، بىراق قۇلىقىنىڭ تۇۋىدە تۇرلۇك ئاۋازلارنىڭ جاراڭلاۋاتقانلىقىنى ۋە جاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوغۇق ئازابنى تۇيۇپ تۇردى ھەمدە ئۆزىنى مۆكۈۋالغان غاردىن تارتىپ چىقىۋاتقان يەرلىك ئادەملەرنىڭ يەنە زىندانغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

ئەمەلىيەتتە، يەرلىك ئادەملەر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس ئىدى. ئۇلار گېئورگىغا كىيىم ـ كېچەك كىيدۈردى. ئۇ ئويغانغان ھامان ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. مۇبادا بىر ئادەم قېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغۇدەك بولسا، ئۇ تېخىمۇ ئۇن سېلىپ ۋارقىرايتتى، بۇ ئەدەپسىزلىك بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇنداق كۈن بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىپ قالسا قانداق قىلارمىز، دەيسىلەر. گېئورگى ئەنە شۇنداق ئاجىز ۋە يار ـ يۆلەكسىز ئىدى، ئەتراپىدا ناتونۇش ئادەملەر يۈرەتتى، ئۇ نېمە قىلىمەن، نېمە قىلالايمەن، دېگەندەك ئويلارنى زادىلا قىلالمايتتى. كاللىسى بۇنداق ئىشلىمەس بولۇپ كەتكەننىڭ ئۇستىگە ئۇ مىدىر ـ سىدىر قىلسىلا تەنلىرى ئاغرىپ كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ كېتەتتى، ئۆزىنىڭ ھايات تۇرۇۋاتقانلىقى، باشقىلارغا تايىنىپ ياشاۋاتقانلىقىدىن باشقا گېئورگى ھېچنېمىنى بىلمەي ياتاتتى.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى قوغلاپ ئۆتتۈۋەردى. گېئورگىنىڭ ئاغرىق ئازابى ئاستا ـ ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى.

ئۇ مېڭە ۋە روھنىڭ غۇۋا بۇرجەكلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ تېنىدە تەدرىجىي ياخشىلىنىش بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەس ـ ھوشىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن گېئورگى ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تېپىشقا، يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە دوستانە مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان ـ بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىشكە تەمشەلدى. گېئورگى يەرلىك ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە بىر ئايالنى ھەمراھ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلدى. گېئورگى نېمىگە ھاجەت بولسا ھەممىنى ئۇ ئايال تەخ قىلىپ بېرەتتى، بۇ ئايالنىڭ بىر ئەر ياردەمچىسى ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇراتتى. گېئورگى بۇلارنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ بېشىدىن سەل ـ پەل خاتىرجەم بولۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆڭكۈردىكى خاتىرجەملىك بىلەن ئاددىي، ھۇزۇرلۇق تۇرمۇشقا خۇمارى تۇتۇپ تۇراتتى. لېكىن چىدىغۇسىز سېغىنىشتا بولمايتتى. ئەتراپتىكى مۇھىت بارغانسېرى ئۇنىڭ مېھرىنى تارتىپ خۇددى ئۇنى بىر ھوسۇل ئالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇ پەرۋىشچى ئايالنىڭ تەبەسسۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاشۇ تەبەسسۇم ئىلھامى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكىلەر بىلەن بىللە ئۆتۈپ كېتىشكە كۆزى يەتتى، ئۇ ئايالغىمۇ تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى ئۇ ئايالدا ئاجايىپ خۇشاللىق قوزغىدى، ئۇ دەرھال يەرلىك ئادەملەرنى ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا چاقىردى. گېئورگى جامائەتكە تەبەسسۇم قىلدى، ئۇ مۇشۇنداق قىلىشنى جامائەت ياقتۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى.

گېئورگى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى جانلىنىشقا باشلىدى. ئەمما بۇ يەنە ناھايىتى ئاستا جەريان بولۇپ، ئۇ ئۇخلاشتىن باشقا ھېچنېمە قىلمايتتى. ئويغانغان ھامان ئوڭدا ياتقىنىچە تورۇسقا قاراپ، ساقايسام ئەركىن ـ ئازادە مېڭىپ يۈرەلەرمەنمۇ، ئۆزۈمنىڭ زادى قانداق يەرگە چۈشۈپ قالغىنىمنى



بىلەلەرمەنمۇ، كىملەر بىلەن ئۇچرىشارمەن دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرەتتى. گېئورگى ئەتراپتىكىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىن باشقا يەرلىك ئادەملەرمۇ ئۆزىگە قاراۋاتقان ئايالغا ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى ـ دە، كۈچىنىڭ بارىچە شۇ ئايالدىن يېپ ئۇچى ئىزدەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن، تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ خۇشال ياكى خاپا بولغانلىقىنى پەملىدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلە ئۇسۇلىدىن ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جامائەتنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە دوستانىلىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى پەملىدى. ئۇ قورسىقى ئاچقانلىقىنى مەلۇم قىلىپ قانچىلىك ۋاقىتتا تاماق كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ھېسابلاپ بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان ياكى قىيىن بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. گەرچە ئۆزى بۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىسىمۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ گەپلىرىگە دائىم دىققەت قىلىپ بۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۇرۇشقاق ياكى چىقىشقاقلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. ئايال ئۆزىگە مۇلازىم بولغاندا ھەرقاچان ئۇنىڭ چىرايىنى كۆزىتىپ ئۇنىڭ تارتىنچاق ياكى مەردانە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى.

گېئورگى ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغان ھامان، تۇرمۇش ئۆزىنى مۇشۇ يەرلىكلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇش ـ قىلدۇرالماسلىقىغا باغلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەڭ بىلگۈسى كېلىدىغان ئىش ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقى بولدى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ تەقى ـ تۇرقى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرلۇك ئۇچۇرلارنى توپلىدى: كىشىلەرنى ئۆزۈمگە ئامراق قىلالارمەنمۇ؟ كىشىلەرنى ئەجەب مېھرىبان، ئىززەتلىك، سۆيۈملۈك، ئوماق ئادەم ئىكەن دېگۈزەلەرمەنمۇ؟ جامائەتنىڭ ھېسداشلىقى، ھەۋىسىنى قوزغىيالارمەنمۇ؟ ھېچ ئادەم كۆزگە ئىلمىسا قانداق قىلارمەن؟ گېئورگىنىڭ ئەس ـ يادى مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلاش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

شۇڭا گېئورگى بۇ ئايال ياخشى كۆرگەن تەرەپلىرىنى ياخشى كۆردى؛ ئۇ ياخشى كۆرمىگەن تەرەپلىرىگە نەپرەتلەندى. شۇنداق قىلىپ بارا - بارا گېئورگى بۇ ئايالنى بىر ئەينەك قىلىۋالدى ۋە بۇ ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ماڭدى.

گېئورگى بۇ ئايالغا شۇنداق بېقىنىپ كەتتىكى، ئۇ بولمىسا «ئەمدى ئۇ كەلمەي قالارمۇ» دەپ ئۈمىدسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىسا، يىغلىۋاشتىن غەمگە پېتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايالنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتى، غەمخورلۇقى ۋە دىققىتىنى ئىگىلىدى، ئۇزاق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرمۇشى بارلىقىنى بىلدى. ئايالنىڭ تۇرمۇشى ھەرگىز گېئورگىنى مەركەز قىلمايتتى، چۈنكى ئۇلار يىلتىزىدىن باشقا - باشقا ئادەملەر ئىدى. دەسلەپتە، ئۇ ئايالنى خۇددى ئۆزىنىڭ بىر قىسمىدەك كۆرگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئايال گېئورگى پۇتىنى يۆتكەي دېسە ئۇنىڭغا لايىق نەرسە ئەكېلىپ بېرەتتى، قولىنى ئۇزاتقان ھامان ئۇنىڭغا يېمەكلىك ئېلىپ بېرەتتى. قويۇپ قويۇپ بېرەتتى. ئاجىزلىق گېئورگىنى ئەنە شۇنداق يېدۇرۇپ قوياتتى. ئاجىزلىق گېئورگىنى ئەنە شۇنداق قورقۇنچاق، خۇددى كېسەل ئادەملەر ئۆزىنىلا مەركەز قىلغاندەك ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

بۇ ئىككىيلەن ئۇزاققىچە بىللە تۇرغاچقا تەبىئىي ھالدا ئۆزئارا ھېسسىيات پەيدا بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە تىل ئىختىرا قىلىپ، قول ئىشارىسى ۋە ئاۋازلىرى ئارقىلىق مەقسەتلىرىنى ئۇقتۇردى. ئايال گېئورگى نېمە دېسە ماقۇل دەپ ھەممە ئىشنى تەل قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەمدىلىكتە ئۇ ئايالنى تېخىمۇ چۈشەندى، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بىلىپ تۇرىدىغان، چىرايىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئالامەتلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ بىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇلار بەزىدە بەھرىنى ئېچىپ كۈلۈشۈپ كەتسە، بەزىدە



ئۈنىنى چىقارماي جىم ئولتۇرۇشىدىغان، بەللىرىنى تۇتۇشۇپ ئوينىشىدىغان، بىر - بىرىنى خۇش قىلىشىدىغان، بىرى - بىرىنى ئەخمەق قىلىدىغان بولدى. ئۇلار بىر قېتىم ئوينىشىۋاتقاندا گېئورگى ئۆزىنىڭ خېلى كۈچلىنىپ قالغانلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۇنى چىمداپ قويۇۋىدى، ئۇ ئايال شارتتىدە ئۆزىنى تارتىپ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ چىرقىراپ كەتتى، گېئورگى قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. گېئورگىنىڭ ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت قىلىش خىيالى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئارقىلىق يەرلىكلەرنىڭ بۇنداق قىلىقلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقانداق تەلپۈنۈشلەرنى مەھكەم يوشۇردى.

ئاندا - ساندا كۆرۈنۈش قىلىدىغان ھېلىقى ئەر كىشىگە كېلىدىغان بولساق، گېئورگى ئۇنىڭ بارغانسېرى ئۆزىگە قىزىقىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئەركىن ئويناشتى. گېئورگى مۇشۇنداق بولۇشقا قىزىقاتتى، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك بەزى ھەرىكەتلەرنى مەشىق قىلىۋالاتتى. دېمەك، بۇ ئايال ۋە ئەردىن گېئورگى بۇ مەدەنىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن گېئورگى ئۇلارنى تېخىمۇ دوراشقا تىرىشتى، چۈنكى گېئورگى ئەنە شۇنداق ئەر ۋە ئايال ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئارقىلىقلا ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھمىيىتىنى بىلىۋاتاتتى. مۇبادا ئۇ ئۆزىنى تونۇيدىغان ئادەملەرنى ئەڭ زور چەكلىمىدە ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، مېھرىبانلىق قىلىدىغان قىلالىسا، باشقىلارنىڭمۇ دوستلۇق ۋە قىزىقىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ جەھەتتىكى يىپ ئۇچلىرىغا تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىدى ھەمدە بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلار تەرەپتىن تېخىمۇ

كۆپ خۇشاللىقتا ئىگە بولۇشنىڭ كويىغا چۈشتى.

روشەنكى، گېئورگى هازىر هايات قېلىپلا قالماي، بەلكى بۇلار بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشىدى، ئۇنداق قىلىشنىڭ هەم پايدىسى، هەم زىيىنى بار ئىدى. باشقىلار بىلەن ئاسانلا ئەپلەشتۈرگىلى بولىدىغان مۇناسىۋەتلەر بىر خىل مەمنۇنىيەت ئېلىپ كەلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ بۇ ئايال بىلەن بولغان شۇنداق بىۋاستە تىلسىز مۇناسىۋەتتە ئاسانلا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرەتتى. گېئورگى خۇددى غاردىكى خاتىرجەم تۇرمۇشقا، باشقىلار بارغانسېرى كۆپلەپ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگىنىگە ئامراق بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش بۇ ئايال بىلەن بولغان تىلسىز مۇناسىۋەتتىمۇ بارغانسېرى ئىناق ئۆتۈشكە قىزىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىزچىل تۈردە باشقىلارغا تايىنىۋېلىپ، ئۆزىنى ئاجىز بىر ئورۇندا قويۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

ئۇ ئايالمۇ بۇنى ئوچۇق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ گېئورگىنى «يۈز - قولىڭىزنى ئۆزىڭىز يۇيۇشقا تىرىشىڭ» دېدى. بۇ ئۇلار بىللە بولغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق گەپ ئىدى. ئەمما گېئورگى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىچە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋالغاندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا گېئورگى ماقۇل بولۇش بىلەن ماقۇل بولماسلىقنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق دائىرىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرەلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا ئىرادە جەهەتتە بىر خىل جەڭگىۋارلىق سىنىقى بولۇۋاتقاندەك هالەت شەكىللەندى. ئەمما ئايال ئۆزىنىڭ ياخشى مىجەزىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ گېئورگىنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىغا پىسەنت قىلىپ كەتمىدى؛ گېئورگى ئايالنىڭ بۇنداق دوستانىلىقى، مەردانىلىقى ئالدىدا لەسسىدە بوشاپ كېتىپ ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دەۋەردى.

گېئورگى بارغانسېرى نورمال ئەرلەرگە ئوخشاشقا باشلىدى.



نورمال ئەرلەرنىڭ هەرىكىتىدىن بىرى ئاياللارغا مۇهەببەت باغلاش بولغاچقا، گېئورگى بۇلاردىن ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايالغا توي قىلىش تەلىپى قويدى. ئەمما ئۇ ئايال ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. چۈنكى گېئورگى يەنە ئۇزاق مۇددەت كۈتۈلگەندىلا مۇستەقىل هەرىكەت قىلىش هالىتىگە كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن توي قىلغان ئىدى. بىرىنچى باهانىگە قارىتا گېئورگى «بۇ دېگەن سېستىرا بىلەن بىر كېسەل ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان نىكاھ مەسىلىسى ئۈچرايدىغان ئوخشىمىزلىق» دەپ قارىدى. ئىككىنچى باهانىگە قارىتا گېئورگى بىۋاستە هەرىكەت قوللاندى. گېئورگى ئۇ ئەر كىشىگە ئۆزىنىڭ بۇ سېستىرا بىلەن توي قىلىش ئويىنى ئوچۇق ئېيتىش بىلەن بىرگە: «مېنىڭ ياتىقىمغا كەلمىسىڭىز، تولىمۇ رەهمەت ئېيتاتتىم» دېدى. ئۇ ئەر كىشى كۈلۈپ كەتتى - دە، شۇنىڭدىن باشلاپ هەر كۈنى ئۇنىڭ ياتىقىغا كېلىدىغان بولۇۋالدى. گېئورگى هەر تەرەپتىكى ئەهۋاللارنى دەڭسەپ كۆرۈش ئۈچۈن ناهايىتى ئۇزاق ئويلاندى ، بەل تۇتۇشۇپ ئېلىشىش ئارقىلىق بۇ چاتاقچى ئەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەمما ئۇ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئەر گېئورگىدىن كۈچتۈڭگۈر بولۇپلا قالماستىن، بۇ ئىش ئۈستىدە يەنە ئۇ تولۇق يوللۇق بولۇپ چىقاتتى؛ گېئورگى ئەگەر ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇ ئايالنى تارتىۋالالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەر گېئورگىنىڭ ئېڭىكىگە مۇشت بېرىپ مېجىقىنى چىقىرىۋېتەتتى. گېئورگى ئۆزى بىر ئەركەك تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۈگىشىپ كېتىدىغان يامان ئاقىۋەتنى ئويلاپ، خۇددى بىر ئادەم هازىرلا جېنىنى ئالىدىغاندەك قورقۇپ، ئۆز پىلانىدىن كېچىپ، ئۇ ئەرنىڭ ئورنىنى باسىدىغان خىيالىدىن ياندى. ئەمەلىيەت گېئورگىنى يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈشكە مەجبۇرلىدى. گېئورگى بۇ دۈشمەننى يېڭەلمىگەندىن

كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر بولۇپ كېتەي دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن جېنىنىڭ بارىچە ئۇ ئەرگە يېقىنلىشىپ، بارغانسېرى ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ كېتىشكە تىرىشتى. بۇ قىستۇرما خىيال شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. گېئورگى ئۇ ئەر بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى، بۇ ئايالنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ چوقۇنۇش نىشانى قىلىشقا ۋالدى.

گېئورگى مانا شۇنداق قىيىنىلىپ يۈرۈپ ئۇلار بىلەن تۈت يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندىن ئۇ ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتسەم بولغۇدەك دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ يەنىلا ئۆز تەۋەككۈلچىلىكىنى مۇشۇ ئايالدىن باشلىدى. دەسلەپتە گېئورگى ماڭالمىسىمۇ، ئۆز مۇسكۇلىدا كۈچىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاۋۋال ئايالنىڭ ياردىمى بىلەن تىمىسقىلاپ مېڭىپ باققان بولسا، بارا - بارا ئۆزى مۇستەقىل مېڭىپ باقىدىغان بولدى. كېيىن بۇ كەنت يوللىرىغا ئاستا - ئاستا قەدەم تاشلىدى. ئەمما بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن يول بويىدىكى ئادەملەرگە زەن قويۇپ تۇردى.

شۇنداق قىلىپ گېئورگى بارا - بارا ئەتراپتىكىلەر بىلەنمۇ تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشنى قىلىشتىكى ئۇسۇل، ئادەت، پرىنسىپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. ھەتتا تىل ئۆگىنىشنى بارغانسېرى ئالغا سۈردى، يېڭى ماھارەتلەرنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئەتراپتىكى ئايال ۋە ئەرلەر توغرىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، بۇ ئايال ئارقىلىق ئاقساقلاپ ماڭالايدىغان بولدى. ئۇنى ھەممىدىن بەك ھۇزۇرلاندۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، گېئورگى ئەمدى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىشەنچ ئېلىپ كەلدى. يەرلىك ئادەملەر بىلەن دوست بولۇش ناھايىتى ئاسان بولۇپ كەتتى. ئۇلار گېئورگىنىڭ تەبەسسۇم قىلغىنىغا، تەندۇرۇس بولۇپ قالغىنىغا قىزىقتى، شۇنىڭ بىلەن



بىر چاغدا ئۇنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان تۇرلۇك تىرىشچانلىقلىرىغىمۇ مەمنۇنىيەت بىلدۈردى.

ھەربىر قېتىملىق ئۇتۇق گېئورگىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق يېڭى ئۇتۇق قازىنىشى ئۈچۈن سىناق ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام بەردى. ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ قويدى، ھالبۇكى، گېئورگى مەغلۇپ بولغان چاغلىرىدىمۇ سىناق قوبۇل قىلىپ، يەنە داۋاملىق ئىزدەندى. باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان ئۇزاق كۈنلەر ھازىرقى خۇشاللىق كۈنلەرگە ئايلاندى، گېئورگى مۇستەھكەم، مۇستەقىل، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغان بولۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىكى روھىي جەھەتتىكى غەم - قايغۇلارمۇ تۈگىدى، ئۇ بۇ كۈنلەرنى شۇنداق خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلغان ئادەملەرمۇ ئۇنىڭدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغان بولدى. دېمەك، گېئورگى ھەممە ئىشنى بىلدى، قائىدە - يوسۇنىنىمۇ بىلىۋالدى. ئۇلار ئەمدى ئۇنى يۆلەپ يۈرمەيدىغان بولدى. ئەمما گېئورگى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلاي دېگەندە، دەماللىققا يېنىدا ئادەم بولماي قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالدى، ھەم مۇستەقىل بولسام ھەم يەنە بىر تايانچىم بولسا ھەممە نەرسەم تەل بولۇپ كېتەتتى، دەپ ئويلىدى.

بۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ گېئورگى ئويلىغاندەك ئاددىي ئەمەس ئىدى. ئەڭ دەسلەپتە ئۇ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بەزى يەكۈنلەرنى چىقارغان بولسىمۇ، كېيىنچە بىلىپ قالدىكى، ئۆزى قوبۇل قىلىۋاتقان ئۇچۇرلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى زىددىيەتلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇنداق جاۋاب تېپىشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئەقلىي تەپەككۇر جەريانىنىڭ يەكۈن چىقىرىشتىن تېخىمۇ

مۇھەملىقىنى بىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاكىتلارنى توپلىغۇچى بولۇپ قالدى.

ۋاقىت مانا مۇشۇنداق كۈن ـ كۈننى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. گېئورگىنىڭ كۈنىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى. ئەڭ دەسلەپكى كۈنلەر ئۇنىڭ يادىدىن چىقىشقا باشلىدى. پەقەت ئۆزى خاتا قىلىپ قويغان ئىشلار، گەپلەرلا ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە بىر خىل ئەنسىزلىك بولۇپ كاللىسىغا كېلىپ تۇردى. 12 يىل ئىچىدە گېئورگىي بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندى. ھازىر ئۇ شۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتاتتىكى، ئۇ بۇرۇن ئۆزى ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممىنى قىلالايدۇ دەپ يۈرگەن بىرمۇنچە ئاياللار ۋە ئەرلەر ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا كۆپ نەرسىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر بولۇپ تۇيۇلدى.

دېمەك، بۇرۇنقى كۈنلەر ئەنە شۇنداق تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكەن دېسەك، ئەمدىكى كۈنلەر بوران ـ چاپقۇنلۇق بولۇۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتلارمۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن گېئورگى ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ كۆرسە، تۇرمۇشنىڭ ھازىرقىدەك ئۆتۈشى كېرەكلىكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئايان بولاتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇشۇنداق داۋالغۇش ئۇنى بۇ كۈنلەردىن ئۈمىد ئۈزۈشكە قاتتىق دەۋەت قىلاتتى، بۇنداق دەۋەتنىڭ مەنبەسى پۈتۈنلەي ئۇ ئۆگەنگەن بىلىملەردە ئىدى. ئۇنىڭدىكى بىلىم ئۇنى تالا ـ تۈزدە مېڭىشقا، بۇ ئائىلىدىنمۇ ئايرىلىپ كېتىشكە ئىلھاملاندۇراتتى. مۇبادا ئۆزىدىن «مەن كىم، مەن نەگە مەنسۇپ بولۇشۇم كېرەك؟» دەپ سوراپ باقىدىغان بولسا بۇ سوئال ئۇنى خۇددى بوۋاق ئانىسىنىڭ ئەمچىكىدىن ئۈمىد ئۈزگەندەك، بۇ ئائىلىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە قىستاپ تۇراتتى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭغا: «بۇرۇنقى تۇرمۇشۇڭ دېڭىزدا ئۈزۈشنىڭ مانېۋىرى، ھازىر كېمەڭ پىرىستاندا تۇرىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ لەڭگىرىنى ئۈزۈۋەت» دەيتتى. ئەمما گېئورگىنىڭ قەلبىدە بۇ ئايال بىلەن



ئەرنىڭ ھاياتى چوڭقۇر تەشەككۈر دولقۇنلىرىنى قوزغايتتى. ئۇ: «ئۇلار ئاقىلانە ئىشلارنى قىلدى، ئاقىلانە بولالمىغان چاغلاردىمۇ ئۇلار شۇنچە مەردانە بولدى، ئۇلار شۇنچە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، مەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەمما، مەن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ھېچنېمە سەرپ قىلمىدىم. ئۇلارنىڭ يىللىق جاپاسى مېنى تىمەن ئادەم قىلغان تۇرسا، ئەمدى كېتىمەن دېسەم يەنە ئۇلار ئاڭلاپ نېمە دەيدۇ؟» دەپ خىجىل بولاتتى. ئەمما تۇرۇپلا يەنە: «ئۇلار ماڭا قىلىدىغان ياخشىلىقنىڭ ھەممىنى قىلىپ بولدى. ئەمدى ئۆزۈم يول تاپمىسام بولمايدۇ. ئۆزۈمگە مەنسۇپ بۇ دۇنيانى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك» دەپ يول ئىزدەيتتى.

گېئورگى شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ قىيىن بىر تاللاشنى — ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بەش تۇرلۇك نىگىزلىك ئامىلغا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئۇتۇق قازىنىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

ئېدۋارد ھوتمان

## 2 ـ دەرس

## ئۆزىنىڭ ئۇتۇق ماركىسىنى قانداق ھاسىل قىلىش كېرەك

ھازىرقى دۇنيادا قانچىلىك ئادەم بولسا ئۇتۇقنىڭ تەبىرىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. بۇنى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق بىر تەرىپى بار دەپ ئاتاش مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەر ھەر تەرەپلىمە ئىسپات ـ دەلىللەر ئارقىلىق ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى ئەڭ زور «مەغلۇبىيەت» ـــ «ئۇتۇق» دەيدۇ. چۈنكى بارغانسېرى كۆپ ئادەملەر ئۇتۇقنى ھەدېسىلا ماددىي بايلىق بىلەن باغلىۋالىدۇ.

«مەن بايلىقنىڭ تەمىنىمۇ، نامراتلىقنىڭ تەمىنىمۇ تېتىپ كۆرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە پۇللۇق بولۇش ئەلۋەتتە ياخشى.» شادلىق سەيناسىدىكىلەر ياڭراق ياكى تۆۋەن ئاۋازدا بولسۇن ئارقا ـ ئارقىدىن ئەنە شۇنداق دېيىشمەكتە، بىزمۇ بىر ياندا تۇرۇپ تەبەسسۇم قىلىۋاتىمىز، بېشىمىزنى لىڭشىتىپ شۇ سادالارغا جور بولۇۋاتىمىز.

ئەجەبا ئۇتۇقنىڭ بىردىنبىر مەزمۇنى شۇمۇ؟ ئېدۋارد (1905 ـ 1976 يىللاردا ياشىغان ئامېرىكىلىق سودىگەر، كىنو ـ فىلىم ئىجادچىسى، ئۇچقۇچى) قولىدا بار بولغان دەسلەپكى بىر مىليون دوللار ھەسسىلەپ ئاشقاندا ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي خۇشال بولۇپ كەتتىمۇ ياكى يۈرىكىنى پىچاق تىلغاندەك ئازابلاندىمۇ،



بىخەتەرلىك ساندۇقىغا ياقۇت جاۋاھىراتلىرىنى تولدۇرغان كىنو چولپانلىرى تۆتىنچى ئەرنى تاشلاپ بەشىنچى ئەرگە تەگكەندە تېخىمۇ مەمنۇن بولدىمۇ ياكى ئالاقزادە بولۇپ كەتتىمۇ؟

شۇنداقكەن، سىز ئۇتۇققا قانداق تەبىر بېرىسىز؟ بەلكىم سىز بەك ئالدىراش، بۇنداق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا ۋاقتىڭىز چىقمىغاندۇ. ئەمما بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. سىزنىڭ بىزنىڭ بۇ جەمئىيەت مەكتىپىمىزگە كىرىشتىن مەقسىتىڭىز تۇرمۇشنى ياخشىلاش بولىدىغان بولسا، بىز سىزگە كۆڭلىمىزدىكى گەپنى ئېيتىمىز، سەمىمىي نەسىھەتنى قانچە بۇرۇن ئاڭلىسىڭىز شۇنچە ياخشى. شۇنداق بولسا سىزنىڭ ئۆيلىرىڭىز تېخىمۇ ئوچۇق، ئىشلىرىڭىز تېخىمۇ راۋان بولىدۇ.

سىز ھەقىقەتەن مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىشنى خالايسىز، شۇنداقمۇ، سىز بۇ كىتابنى باشلىغاندا قولىڭىزغا قەلەم ئالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بىز داڭلىق شەخس ئېدۋاردتىن ئۆگىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ بىزگە يەتكۈزگەن بىباھا ئوچۇرلارنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز كېرەك. ئېدۋارد «ئۇتۇق ئۆزىڭىزگە باغلىق» دېگەن ئەسىرىدە بىزگە ئۇتۇق قازىنىشتا بىرىدىن بىرى مۇھىم بولغان ھەقىقىي ئامىللارنى بايان قىلغان.

ئۇتۇقنىڭ ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئۆلچىمى بار: بىرىنچى باشقىلار سىزگە ئۇتۇق قازاندىمۇ دەپ قاراش؛ ئىككىنچى سىز ئۆزىڭىزگە ئۇتۇق قازاندىمۇ دەپ قاراش.

بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى سومۇرۇش نەيچىسى بىلەن كاۋاس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. كاۋاستىن تازا ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇلارنىڭ بىرسىنى تاللاش توغرا كەلسە،

ئەلۋەتتە كاۋاسىنىڭ بولۇشى يالغۇز سۇمۇرۇش نەيچىسى بولغاندىن كۆپ ياخشى. چۈنكى يالغۇز سۇمۇرۇش نەيچىسى بولغاندا ئۇنىڭ رولى ئانچە زور بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇبادا سىز ئۆزىڭىز ئۇتۇق قازانمىدىم دەپ ئويلىسىڭىز، پۈتۈن دۇنيا سىزنى ئۇتۇق قازاندى دېسىمۇ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. چۈنكى بۇ كاۋاس پەقەت سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىلا ھۇزۇر ۋە تەم ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا سىزنىڭ ئۇتۇقىڭىز باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكى مۇتلەق شەرت ئەمەس.

ئەمما مەسىلە شۇ يەردىكى، بىز ھەمىشە باشقىلار تۈزگەن ئۆلچەملەر بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئۇتۇقىمىزنى ئۆلچەيمىز. ئەمما بۇنداق ئۆلچەملەر بىزنى نەزەردە تۇتمىغاچقا ياكى بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز بويىچە تۈزۈلمىگەن بولغاچقا، ئۇلار بىزگە دائىم مانا مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىدۇ. بىز زادى كىم ئۈچۈن ئۇتۇق قازانماقچى، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ ياكى باشقىلار ئۈچۈنمۇ؟ ئۇتۇقنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا ئۇ ھەقىقەتەن شەخسلىشىپ كەتكەن ئىش. ئۇ شەخسنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلاردا بولىدۇ ۋە پەزىلەت كامالىتىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ باش كۆتۈرىدۇ؛ شۇڭا بىز ھەر قاچان ئۆزىمىزنى تەپتىش قىلىش نەزىرى بىلەن ئۆزىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇتۇقتا بولغان قارىشىمىزنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بىز دائىم باشقىلار ئۇتۇق ئەندىزىسى دەپ قارىغان نەرسىلەرگە بويسۇنۇپ، شۇ ئەندىزىلەرگە ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سالىمىز، خۇددى تۇرمۇشتىكى باشقا ئىشلارغا ئوخشاش ئۆزىمىزدە مۇستەقىل تەپەككۇر ۋە ھۆكۈم كەم بولىدۇ. كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغىنى شۇكى، ئارىمىزدىن نۇرغۇن جىگىرى بار ئادەملەر چىقىپ تۇرىدۇ، مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئويلاپ كۆرىدۇ ھەمدە مۇمكىنچىلىك بولغاندا ئۆز ئالدىغا يېڭى ئۇتۇق



ئەندىزىلىرىنى لايىھىلەپ چىقىدۇ. بۇلار شۇ ھامان ئادەمگە ئۆزىنىڭ ساداقەت ۋە ئاق كۆڭۈل، مەردۇ مەردانە، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئەزىمەتلىكىنى تونۇتۇپ قويىدۇ.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋىلىيام فولكىنېر مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بىر تۇغما سەرگەردان بولۇپ، ھېچنېمەم يوق ۋاقتىدا ئەڭ بەختلىك ئىدىم. شۇ چاغلاردا يوغان يانچۇقى بار بىرلا پىلاش كىيىۋالاتتىم، ئۇ يانچۇقلارغا بىر جۈپ پايپاق، شېكىسپىر ئەسەرلىرىدىن تاللانما ۋە بىر بوتۇلكا ۋىسكىنى سېلىۋېلىپ كېتىۋېرەتتىم. ماڭا ئاشۇلار بولسىلا كۇپايە قىلاتتى. چۈنكى مەن ئۇلاردىن باشقا ھېچنېمىگە ھاجەت بولمايتتىم، ھېچقانداق ۋەزىپىمۇ ئۆتىمەيتتىم.»

پەزىلەر ئۇتۇقتا بېرىلگەن بۇ تەبىرگە نەزەر كۆزىنى سالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما باشقىلار ئۆزىنىڭ نەزىرى بىلەن قانداق ئىنكار قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، فولكىنېر بۇ تەبىرنى ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بېرىلگەن بۇنداق تەبىردە تىپىك ھېسلاردا بولىدىغان يېگانە ساداقەت ۋە مەردانىلىك ئەكس ئەتكەن.

ئالبېرت ۋىۋوگ (1875 ـ 1965 ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى، تەرىقەتچى، دوختۇر، مۇزىكانت، 1952 ـ يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ئالغان) كىشىلەرنىڭ ئۆز نامىغا ئوقۇغان مەدھىيىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ۋە بۇنداق مەدھىيىدىن زېرىككەن. 1955 ـ يىلى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ۋىۋوگ مەستانىلىرى ئۇنىڭ 80 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ ناھايىتى كۆپ پۇل توپلاپ (يالغۇز ئامېرىكىدىلا 20.000 دوللار ئىئانە قىلىنغان، باشقا ئەللەردىمۇ شۇنداق كۆپ پۇل توپلانغان)، بويى پاكار، مىجەزى يېقىملىق بۇ دوختۇر بوۋايغا ئەكىلىپ بەرگەن. ئەمما ۋىۋوگ شۇ كۈنى دۇنيانىڭ بۇنداق شان ـ شەرەپلىرىدىن قېچىپ ئافرىقىنىڭ ئەڭ يىراق يېرى ـــ

فرانسىيىگە قاراملىق ئېكۋاتور ئافرىقىسىغا بېرىپ مۆكۈۋالغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۇ يەردىكىلەردىن 500 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ناخشا ئوقۇش، دۇمباق چېلىش، گۈل تەقدىم قىلىش ئارقىلىق تەبرىكلىگەن. چۈنكى كۆڭلى ياخشى بۇ دوختۇرنىڭ بېشىدىكى نۇر چەمبىرى ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا ياۋروپادىكى ھەرقانداق ئاۋات شەھەرلەردىكى رەڭلىك چىراغلاردىن بەكرەك كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقناتقان. ئەمما شۇ كۈنى ۋېۋوگ: «ھەي، ئىسىت، نېمىدېگەن كۆپ ئاللا - چۇقان بۇ ھە! راستتىنلا ھېرىپ قالدىم» دېگەن.

دېمەك، بىز بۇ يەردە ۋېۋوگنىڭ ئۇتۇق ھەققىدىكى بۈيۈك قارىشىنى ئاڭلىدۇق. ئەمما كىشىلەرنىڭ قارىشى بۇنىڭغا ئوخشاش بولامدۇ؟

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەنسىز ياۋروپا كۆنۈككەن يوسۇنلارغا پىسەنت قىلماي ئۆزىنى قويۇۋەتكەن گېئورگى ساد دېگەن خانىم ئۆزىنىڭ بىر پارچە مەشھۇر خېتىدە ئۇتۇققا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە بىر تەبىر بەردى:

ئۇتۇق — شەخس تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە تولۇق بەخت ھېس قىلىشتۇر. بەختنىڭ زۆرۈر ئامىللىرى — ئاددىي - ساددا خۇسۇسىيەت، تېگىشلىك شىجائەت، مۇۋاپىق تەمكىنلىك، كۆڭلى تارتقان خىزمەت، شۇنداقلا پاك بىر ۋىجداندۇر. شۇ چاغدىلا ئۇتۇق ئۆز تەجرىبىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشقا سالسا ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزسە، ئوخشاشلا ئۆز ۋۇجۇدىدىن ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىرالايدۇ، بۇنىڭغا ئىرادە ۋە تاقەت قوشۇلسا ساغلام بىر ئوي ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا دەيمەنكى، بوگۈنكى تۇرمۇشنى ئوبدان ئىگىلەش كېرەك. ئۇنچىۋالا ئاچ كۆز، نەپسى تويماس بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك.

يۇقىرىدىكىلەرنى يەكۈنلىگەندە بىز شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۇتۇقى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ



چوڭقۇر يېرىدە بولۇپ، ئۇ كۆرگىلى بولمايدىغان شەخسىي قىممەتكە ئىگە نەرسىدۇر. ماھاندىرا گەندىنىڭ دۇنيانى تەسىرلەندۇرگەن يېرى شۇ بولدىكى، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا تارتىلغان بىر پارچە سۈرەت ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىكى بارلىق مۈلكى - بىر كۆزەينەك، بىر دانە چىغ كەش، بىر نەچچە ياقا كىيىم، بىر چاق (يىپ ئېگىرىدىغان) ۋە بىر پارچە كىتابلار بارلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرەلىدى. ئەمما پۈتۈن دۇنيا شۇ چاغدا يەنە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ باي بىر ئادەمنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇردى.

بەلكىم ھېنرى داۋىدنىڭ مۇنۇ ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ بىر سۆزى ئاندا - ساندا كىشىلەرنىڭ يادىدا باردۇر. ئۇ: «بىر ئادەمنىڭ بايلىقى، دەرىجىسى شۇ ئادەمنىڭ پىسەنتىگە ئالمىغان، ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمىگەن نەرسىلەر بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدۇ» دېگەن. ماھاندىرا گەندى ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۇ ھەرقاچان ھەۋەسنى ئازايتىش، تەلەپ، ھاجەتلەرنى ئازايتىشنى تەكىتلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇش تەلەپ ۋە ھاجەتلەردىن تەدرىجىي ۋاز كېچىش مۇساپىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇش بۆشۈكتە ياتقان بىھاجەت بىر بالىنى تەدرىجىي ھالدا چوڭ ئادەمگە، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولىدىغان مۇستەقىل ئادەمگە، ھېچنېمىگە ئېھتىياجى سالمايدىغان ئادەمگە ئايلاندۇراتتى. گەندى مانا مۇشۇنداق ئۆسۈش جەريانىنىڭ ئۈلگىسى بولدى. ئۇنىڭ شۇنداق مەشھۇر بولۇپ كېتىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شۇنچە مول، كومېدىيىلىك تۈس ئېلىشى ھەقىقەتەن بىزدەك نۇرغۇن ئادەملەرنى چاندۇرۇپ قويىدۇ.

بۇنداق دېگىنىم ھەرگىز كىچىككىنە نېسىۋىسىگە قانائەت قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىش بىزنىڭ تۇرمۇش نىشانىمىز بولۇشى كېرەك ياكى جاپا - كۈلپەتنى ئىبادەت ھېسابلايدىغان راھىبلاردەك ماددىي بايلىقلارغا نەپرەتلىنىش كېرەك. دەل مانا

مۇشۇنداق قىلغاندا بىزمۇ گەندىدەك ئۇلۇغ ئادەم بولالايمىز دېگەنلىكىممۇ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە دالى كارنېگقا ئوخشاش خېلى كۆپ ئادەملەردە بايلىق بار. ئۇنداق ئادەملەرنى ئامېرىكىدا تاغاردا بىرنى ساناپ بېرەلەيمىز. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەخسىي ئۇتۇق قازانغان ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۇتۇقى ھەم باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ھەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانائەت ھاسىل قىلغان. شۇڭا ئۇلارنى ھەم كاۋاس، ھەم سۇمۇرۇش نەيچىسىگە ئىگە بولغان ئادەملەر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

مەيلى بىز كارنېگ ياكى گەندىگە ئەقىل يورگۇزەيلى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەقىقىي ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئورتاق ئامىللىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇتۇق ئۇچۇن يادرولۇق رول ئوينايدىغان بۇ ئامىللار بايلىق ياكى ئاتاقتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، نامراتلىق ۋە تەقىب قىلىشنىڭ تەسىرىدىن ھالقىپ كەتكەن، چۇنكى ئۇ ئامىللار ئۇتۇق مەزمۇنلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇتۇقنىڭ بىرىنچى ئورتاق ئامىلى — نىشاندۇر. مەيلى ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر ئېنىق نىشانغا ئىگە بولۇش كېرەك. چۇنكى ئۇتۇقنىڭ ئەڭ زور دۇشمىنى نىشان بولماسلىقتۇر. سازلىق ۋە پاتقاقلىقلاردا تۇرغان كىممۇ ئۇتۇقنى ھېس قىلالىسۇن، ئەمما نىشان تۇرغۇزۇلغان ھامان بىزدە قۇۋۋەت ۋە ھاياتىي كۈچ بولىدۇ. تەسەۋۋۇر ۋە ئارزۇلارغا تولۇپ تاشىمىز. بۇ كوچىلار بىزنى «مەلۇم يۆنىلىش» كە قاراپ ئىلگىرىلەشكە مەجبۇرلايدۇ. ئەمما بۇ يوللاردا ھەم ئادەملەرنىڭ دىلىنى يايرىتىدىغان ھەم ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق مۇھىتلاردا بىز ھەرگىز نىشاندىن ئادىشىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.

مىسسىسىپى شتاتىنىڭ بىروس شەھىرىدىن يېقىندا كەلگەن



خەۋەر «نىشان» دېگەن بۇ ئامىلنىڭ تۇرمۇشقا قانداقچە يېڭىۋاشتىن نۇر تارقىتىدىغانلىقىنى جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بەردى. گويا سىزىپ قويغان رەسىملەردەك گۈزەل بۇ بازارنىڭ پرىستانىدا 24 ياشلىق بىر ئۇسسۇل ئارتىسى دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان. بۇ قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «ھاياتتىن زېرىككەچكە» شۇنداق قىلغان. ئەمما ئۇ قىز دېڭىزغا سەكرىمەكچى بولۇۋاتقاندا بىر يىگىت ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ قالغان. يىگىت دەرھال يالىڭاچلىنىپ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان. ئەمما بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ زادىلا سۇ ئۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. يىگىت جان - جەھلى بىلەن پىلتىڭلاپ جان تالىشىۋاتقاندا ھېلىقى قىز ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىلى تاسلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىدىكى ئۈمىدسىزلىكىنى ئۇنتۇپ يىگىت تەرەپكە قاراپ ئۈزگەن. يىگىت ھەدېسىلا سۇ پۇرقۇپ تىنالماي ھۆمۈدەپ كېتىۋاتقاندا قىز ئۇنى قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئېلىپ چىققان. دېمەك، ئۆلۈۋالماقچى بولغان قىز ئەكسىچە بىر ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققان.

يىگىتنىڭ ئاشۇ ھالقىلىق پەيتتىكى ھاياتلىق ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىش روھى بۇ قىزغا ئۆز ھاياتىنىڭ تۇساتتىن نىشانغا ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. پرىستان ئاستىدىكى دېڭىز سۈيى پەقەت ئۇنىڭدىكى ئۈمىدسىزلىكنى تۇنجۇقتۇرۇۋغان، ئېلېكتر نۇرى يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكۈچە ئارىلىقتا ئۇ «نېمە ئۈچۈن ياشاشنى بىلمەسلىك» بىلەن «نېمە ئۈچۈن ياشاش» نىڭ پەرقىنى بىلىپ يەتكەن. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن قىز يەنە ھاياتلىق سەھنىسىگە قەدەم تاشلاپ، يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىغان.

دەرۋەقە يېتەرلىك ئىش بولمىغاندا ھەممە ئادەم ئاشۇنداق زىيادە ھەرىكەتلەردە بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ھەربىر ئادەمدە ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كەچۈرمىش بولىدۇ: بەزىدە

ھاياتىمىز ھاياتىي كۈچ ۋە ئىنتىلىش بىلەن تولۇپ تاشىدۇ، چۈنكى بۇنداق چاغلاردا بىز مەلۇم بىر يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلەشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان بولىمىز؛ يەنە بەزىدە خۇددى ئۆگزىدىن يامغۇر ئۆتۈپ ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك ماڭارغا يول تاپالماي قالىمىز. شۇڭا ئۈتۈقنى مەنىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جەزمەن بەلگىلىك نىشانىنى بويلاپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بىز خۇددى ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئوخشاش ھاياتىمىزنى داۋام قىلدۇرساقمۇ، ئۈتۈق ھۇزۇرىنى زىنھار سۈرەلمەيمىز.

ئۈتۈقنىڭ ئىككىنچى ئورتاق ئامىلى ئۇنىڭ ئۇنۇمىدۇر. ئۇنۇم ئۈتۈقنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتى. چۈنكى ئۈتۈق بىزگە ھەرقاچان ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن تۆمۈر مودېللاردەك قاراپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزلەش بىلەن چۈشۈشنى مەزمۇن قىلىپ ئىلگىرىلەيدىغان جانلىق جەريان. ئۇنىڭدا مەغلۇبىيەت ھاڭلىرى غالىبىيەت چوققىلىرىنى تاۋلاپ تۇرىدۇ. مەن يېقىندا تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەيدىغان بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇ ھەر كۈنى ئىنتايىن مۇرەككەپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى نومۇرلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل ئىكەن. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئەگەر مېنىڭ ھەر كۈنلۈك نەتىجەمنى تاكامۇل بىر ئۆلچەم بىلەن باھالاش توغرا كەلسە، مەن جەزمەن ساراڭ بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. شۇڭا مېنىڭ تىرىشىپ ئېرىشىدىغىنىم نامىشەرىپى يوق بىر ئۈتۈق ـ ئۇنۇمدىن ئىبارەت. بۇنى كالتەك توپ مۇسابىقىسىگە ئوخشاتساق، بەزىدە قائىدىدىن چىقىپ كېتىشىم ئۆزۈمگىمۇ ناھايىتى ئېنىق، ئەمما ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى پۇختا ئىگىلىۋالغان ئىكەنمەن، مەۋقەيىم بويىچە تەكرار ئۇرۇپ كۆرىمەن، ساقلانغىلى بولمايدىغان خاتالىقلار ۋە قائىدىدىن چىقىپ كېتىشنى پىسەنتكە ئالمايمەن.

شۇڭا شۇنداق قاراشكى، ئۈتۈقنىڭ كۈنلىرىمۇ خۇددى تەبىئەت



كۈنلىرىدەك بىرنەچچە كۈن نۇرلۇق ئاپتاپ چاقناپ تۇرىدىغان، يەنە بىر نەچچە كۈن ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالغانغا ئوخشاش بولىدۇ. ھەتتا تۇرمۇشتا يەنە نەچچە قېتىملاپ تەكرار مەغلۇبىيەتلەرگە يولۇقىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى تۇرمۇشنى توگەشتۇرۇۋەتمەيدۇ، ناھايىتى چوڭ دېگەندىمۇ ئۇلارنى ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر نەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەت ھېسابلاش مۇمكىن. بۇلار پەقەت ئۈتۈقنىڭ ئۇنچىۋالا ئوڭاي بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، خالاس.

پىسخىك دوختۇرلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، «ئۆپكىسىنى باسالمايدىغان» ئادەملەر ھەمىشە مەغلۇبىيەتنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەر ئۈتۈقنىڭ تەمىنىمۇ تېتىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا مەڭگۈ ئاچچىق سۆزلەر چىقىدۇ. ئۇلار كىچىككىنە مەغلۇبىيەتلىرىدىنمۇ قورقۇپ كېتىدۇ، ئىرادە جەھەتتە تەۋرىنىپ تۇرغانلىقتىن «قېنى، يەنە بىر قېتىم سىناپ باقاي» دېيەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئۆزى ئىرادە قىلغان ئىشنى مۇستەھكەم تۇتقۇچى ئادەم ئاندا ـ ساندا بولۇپ تۇرىدىغان مەغلۇبىيەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەقىقىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان بولساق، ئەمەلىيەت داۋامىدا شۇڭغۇپ يۈرۈپ، چېنىققان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى ئېنىقكى، مەغلۇبىيەت دېگەندىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇنداق كىچىك مەغلۇبىيەتلەر ئۈچۈن زېھنىنى ئۇپرىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى چىرىتىپ يۈرمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئۈتۈق ـ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئۈتۈقنىڭ ئۈچىنچى ئورتاق ئامىلى ــ ئۈتۈق ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەلدۇر. بىكارغا كېلىدىغان ئۈتۈق يوق دېگەنلىكتۇر. ئاۋام جامائەت ئىچىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەتتا كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بىر ئىش شۇكى، تۇغما بولغان بىر

كەمتۈكلۈك بىزنى ئۆزىمىز ئېرىشمىگەن نەرسىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن مەھرۇم قىلغان. پسىخىك دوختۇرلارنىڭ ساپاسىدا ئولتۇرۇپ كەتكەن ئوتتۇرا ياشلىق ئارزۇلۇق چوكانلارغا قاراڭلار، ئۇتۇق ئۇلار ئولتۇرغان يېرى ئويۇپ قويغاندەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن؛ ئۇلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىگە بولالايدىغان چوكانلار تۇرۇقلۇق، تۇرمۇشتىكى ھەممە خۇشاللىقدىن مەھرۇم قالغان. بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە پسىخىك دوختۇرلار ئاجايىپ ئىنچىكىلىك بىلەن ئىنسان تەبىئىتىنى ھېسابلايدىغان نازۇك تارازا ياساپ چىقىشى مۇمكىن، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، شۇنداق تارازا ئىشلەپچىقىرىلغان تەقدىردىمۇ ئۇ تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە «خۇشاللىق»، يەنە بىر تەرىپىگە «تىرىشچانلىق» دېگەن چۈشەنچە يېزىلىشى مۇمكىن. مۇبادا بىز مۇشۇنداق قارايدىغان بولساق، ئۇتۇق خۇشاللىقى جەزمەن ئۇتۇق يولىدىكى تىرىشچانلىق تەرىپىدىن تەڭپۇڭ قىلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىش دەلمۇ دەل ھەربىر ئادەم خاراكتېرىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋقە بولىدىغان بىر خىل تۇغما ئامىلغا باغلىنىدۇ، بۇ يەردە ئۇتۇق بىلەن ئۇتۇق ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل بۆلۈنمەس بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇتۇقنىڭ تۆتىنچى ئورتاق ئامىلى مەمنۇنىيەت دەرىجىسىدۇر. مەمنۇنىيەت بولمايدىكەن، قازانغان ئۇتۇقنى ئۇتۇق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى سەن ئۆزگەرمەس ئەقىدە دېگەن نەرسە، مېنىڭ نەزىرىمدە ئەخلەت دۆۋىسى ياكى نىجاسەت بولۇشى مۇمكىن. بىر ئادەمدىكى مەمنۇنىيەت دەرىجىسى بايلىقنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولسا يەنە بىر ئادەمدىكى مەغلۇبىيەت بىر نەزم ئىجادىيىتىدىن ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. ئەمما شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، مەيلى بايلىقتا ياكى نەزمگە نەزەر قىلايلى، مەمنۇنىيەت دەرىجىسى ھاسىل قىلىنمايدىكەن، ئۇنداقتا ھېچكىم ئۇتۇق تۇيغۇسىغا كېلەلمەيدۇ.



بىز ئۇتۇقتىن ھۇزۇرلىنىشىمىز كېرەك. بەزىدە ئۇتۇق كۆز يېشى ئارقىلىق قولغا كېلىشى مۇمكىن. شادلىق كۈلكىسى ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈش كېرەك. مانا مۇشۇنداق تىرىشچانلىقلار ئەرزىيدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن، قازانغان ئۇتۇق ناھايىتى ياخشى بولۇشى، ھەتتا ناھايىتى ئۇلۇغ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قەلب جامىدىكى تەبەسسۇم، يەنە بىر ئات قويۇپ ئېيتقاندا، «مەمنۇنىيەت» بولمايدىكەن، بىز ئۇنىڭدىن ھەقىقىي ئۇتۇق تۇيغۇسىغا يېتىپ بارالمايمىز. بۇنداق ئىش دەۋرىمىزنىڭ غەلىتە بىر ھادىسىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇتۇقنىڭ قېپىدىكى پەردازلارغا ئىگە بولسىمۇ، نېگىزىدىن ئىچكى شادلىققا ئىگە بولالمايۋاتىدۇ، تېخى ئۇلار ئۇتۇقنى كۆڭلىدە ھېس قىلالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلب جامى خۇددى شورلۇق يەردەك قاغجىراپ ياتىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا سورايدۇكى: «مەن ھەممە تىرىشچانلىقنى كۆرسەتتىم، خۇددى قۇللارچە ئىشلەپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم سىقىپ سۈيۈمنى قۇرۇتتۇم، بۇنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشتىم؟»

ئۇتۇقنىڭ مەمنۇنىيەت دەرىجىسىنى باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ كۆرۈشى ۋە ئاڭلاپ كۆرۈشى ھاجەت ئەمەس، پەقەت ئۆزىمىز نەدە غەلىبە قىلغانلىقىمىزنى بىلسەكلا كۇپايە. ئوقۇتقۇچىلار ئازغىنە مائاش ئېلىپ جاپالىق خىزمەت ئىشلەيدۇ، بەزى ھاماقەت ئادەملەردە ھەتتا ئۇلارغا قارىتا ھۆرمەت ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئوقۇتقۇچىلار ئۇتۇق قازانمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار قەلبىدە ئۆز خىزمىتىدىن مەمنۇنىيەت ھاسىل قىلىپ، ناھايىتى ياخشى تۇيغۇلارغا كەلسە، ئۆزلىرى چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئاشۇ خىزمەت ئورنىدا نامشەرىپى يوق ئىشلەۋاتىمەن دەپ رازى بولسا، تەبىئىيكى بۇ ھەقىقىي ئۇتۇق بولىدۇ. بۇنداق نېگىزلىك ئامىل پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئۇتۇقنى بىلىش - بىلمەسلىكىمىز

بىلەن مۇناسىۋەتلىك، باشقىلارنىڭ بىزنىڭ قانداق قىلىپ ئۇتۇق قازانغانلىقىمىزنى بىلىش - بىلمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. بۇ ئامىل خېلى زور دەرىجىدە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشى ياكى قىلماسلىقىغا باغلىق ئەمەس. بۇنى ئوخشىتىش بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ: بىر ياغاچچى ئېھتىمال مەغلۇپ بولدۇم دەپ كۈن بويى ۋايسىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ خوجايىنىدىن زاكاز قوبۇل قىلىدۇ، باشقىلار كاتىپلارغا بۇيرۇق سوقۇپ قويۇپ ئىشخانىسىدا ئولتۇرىدۇ، يەنە بىر ياغاچچى ئېھتىمال كىچىك ئۇتۇق تۇيغۇسىدا بولۇپ، ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن تۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ: گۈلدەك ھۈنەر ئۆگىنىۋالدىم، مانا شۇنداق ھۈنىرىم بولغانلىقتىن، خوجايىنىمنىڭ خىزمەت ئۈستەللىنى مەن ئىجاد قىلدىم، دەپ ئويلايدۇ. مەن شۇنداق بىر ياغاچچىنى تونۇيتتىم، ئۇ ھېچكىمگە سالام بېرىپ تەزىم قىلىپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئەنە شۇنداق كوزىرلىق ھۈنەرنى ئىگىلىۋالغان ئىدى.

پوپمۇ ئۆز قەلبىدە ئۇتۇق تۇيغۇسىدا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ئەنە شۇ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ مۇھىتتا ئىلاھنىڭ رەھىمدىللىقلىرىنى جامائەتكە يەتكۈزدى؛ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگەرمۇ ئۇتۇق تۇيغۇسىدا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مەھسۇلاتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزى شەرەپ ھېس قىلىدىغان بىر بۇلاقنى ئاچتى؛ كەسپىي كالتەك توپچىمۇ ئەلۋەتتە ئۇتۇق تۇيغۇسىدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە خۇشتار؛ ئائىلە ئاياللىرىمۇ ئەلۋەتتە ئۇتۇق تۇيغۇسىدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك ھەرىكىتى ئىجادىي تۇيغۇلار بىلەن تولغان. مەمنۇنىيەت كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئۇ ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن كەم نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەم قەلبىدىن ئۇرغۇيدۇ، ئۇ ھەممىمىزنىڭ روھىي دۇنيارىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا



ئەنگۈشتەر سۈپىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ.

ئۇتۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئورتاق ئامىلى مەنىۋى دۇنيادىكى پىكىر ۋە ئېتىقادتۇر. جانابىي تەڭرى بىلەن غايىنى تېپىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەسى مۈشكۈل بولىدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى، نىشاننى تاپالمىغان كىشىلەر ئۇتۇق قازانسا يەنە نېمە پايدىسى بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ تەس. مەيلى ئۇتۇق قازانغان كەسىپسىز ئاققۇن ياكى كاتتا بانكىر بولسۇن، ئۇتۇقنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرىنى پۇراش ئۈچۈن جەزمەن مۇستەھكەم بىر ئېتىقادقا كېلىشى كېرەك. بۇنداق ئېتىقاد ھەر قانچە كىچىك بولسىمۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇ جەزمەن تەڭرى ۋە ئېتىقاد بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىشى كېرەك. ئۇ جانابىي ھەقنىڭ كائىناتنىڭ ھەممە يېرىگە چېچىلغان مېھىر ئېقىمىغا ئازدۇر - كۆپتۇر چۆمۈلگەندىلا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى مۇشۇ ئېقىمغا سىڭدۇرۇۋېتەيدۇ.

بۇ تولىمۇ خۇسۇسىيلاشقان ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇتۇق قازانغان كەسىپسىز ئاققۇن بىلەن ئۇتۇق قازانغان كاتتا بانكىرنىڭ ئاۋازىنى بىر ئۇدارغا سېلىش ناھايىتى تەس، ئەمما بۇ ئاۋازلارنىڭ قانچىلىك پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار يەنىلا گارمونىك ماسلىق ھاسىل قىلالايدۇ. بۇنداق ماسلىق ئوخشاش بولمىغان دۇنيا قاراش ۋە ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەرنىڭ تەسىرلىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئۇتۇق ھەرگىز جىنايەتچىلەرگە سېلىنغان كىشەن ئەمەس، ھەممىنى بىر قېلىپقا سولايدىغان ئەندىزە ئەمەس، رەھىمسىز مۇزلۇق تامغىمۇ ئەمەس. ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى، كۆز نۇرى، خاسلىقىنىڭ نامايان بولۇشى ۋە ئاشكارىلىنىشىدۇر. بىزگە كېرەكلىك بولغىنى جاسارەتكە كېلىپ ئۆزلۈكىنى چۈشىنىش، ئۆزلۈككە يېتىشتۇر.

ئۆزىڭىزدىن زارلىنىپ، رىئاللىقتىن قاقشاپ يۈرۈشىڭىز ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەڭ ناچار ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان بولىسىز.
ـ دالى كارنېگ

# 3 ـ دەرس

## ئۆزىنىڭ بەخت ـ تەلىيىنى قانداق ھېسابلاش كېرەك

سىز بىرىنچى دەرستە تۆۋەن كوتىتېن بىلەن تونۇشۇپ چىقتىڭىز، ئۇ پىسخىكىلىق داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ساھەسىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان. خۇددى سىز كۆرۈپ ئۆتكەندەك ئۇنىڭ يەنە مۇرەككەپ ئىدىيە، ئۆز خاسلىقى بىلەن غايىسىنى ئاشكارا نامايان قىلالايدىغان ئالاھىدىلىكى بار. تۆۋەن كوتىتېنىڭ «مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىش يولى» ناملىق ئەسىرى 1965 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ئىزچىل تۇردە ئەڭ بازارلىق كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

ئىككىنچى دەرستىكى مۇئەللىمىمىز ئىدۋارد ھوتمان بولۇپ، ئۇ جەڭگاھ مۇخبىرى، جامائەت بېتىنىڭ يازغۇچىسى، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئوبزورچىسى، فىلىم ئىشلىگۈچى بولغان. ئائىلە تۇرمۇشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە كۆپ ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرغان. ئۇچ قېتىم «ئەركىنلىك فوندى جەمئىيىتى» مۇكاپاتىغا نائىل بولغان. ئەمدى سىز ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن «دالى كارنېگ» نىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇنىڭ نامى پۈتۈن يەرشارىدا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ياڭرىدى. ئۇنىڭ «قانداق دوست تۇتۇش كېرەك، باشقىلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىش كېرەك» دېگەن كىتابىنىڭ تىرازى 10 مىليون پارچىدىن ئاشتى. دەسلىپىدە بۇ كىتاب دالى كارنېگىنىڭ ياشلار ئۇيۇشمىسىدا رەسمىي دەرس ئۆتكەن چاغلىرىدا چوڭلارنىڭ دەرسلىكى ئۈچۈن تەييارلىغان تولۇقلىما ماتېرىيال ئىدى (ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بىر كەچلىك دەرس ئۆتۈش ھەققى ئاران بەش دوللار ئىدى). ئۇنىڭ دەرس تېمىسى «ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە باشقىلار بىلەن بىللە تۇرغاندا ئۆزىگە ئىشىنىشنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى ھەققىدە» ئىدى.

بىز دالى كارنېگىنىڭ پەلسەپىسىدىن كىشىلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىش، شەخسىنىڭ قىممىتىنى قانداق يارىتىشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيمىز. كارنېگىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، ئاممىباب بىلىمى، ئەمەلىي تەجرىبىلىرى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. دالى كارنېگ تېپىپ چىققان ئۈتۈق رېتسىپلىرى مەغلۇبىيەت ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش ئىچىدە ياشاۋاتقان سانسىزلىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزدى. سىز ياشاۋاتقان ئورنىڭىزغا قاراپ ماڭا ئۇۋال بولدى دەمسىز؟ ئۇنداقتا دالى كارنېگ سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان بۇ دەرسكە قۇلاق سېلىڭ! بۇ دەرس ئۇنىڭ يەنە بىر بازارلىق كىتابى «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان.

خاررولد ئاببوت بىلەن تونۇشقىنىمغا كۆپ يىل بولدى. ئۇ ئىلگىرى كەچ كۇرسىمىزنىڭ ۋاستىچىسى بولغان ئىدى. بىر كۈنى كانزاس شەھىرىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى ئاپتوموبىل بىلەن مىسسۇرى شتاتىدىكى بىرىدۇن قورۇقىغا ئەكېلىپ قويدى. مەن يول ئۈستىدە ئۇنىڭ قانداقسىگە غەم ـ قايغۇدىن خالاس بولغانلىقى ھەققىدە سورىدىم. ئۇ ماڭا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك تۆۋەندىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. خاررولد مۇنداق دېدى: «مەن ئىلگىرى دائىملا غەمكىن يۈرەتتىم. ئويلىسام ئۇ

1934 ـ يىللىرى باھار پەسلى ئىكەن. بىر كۈنى ۋىبو شەھىرىنىڭ بىر كوچىسىدا بارلىق غەملىرىمدىن خالاس قىلغان ئاشۇ بىر مەنزىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ھەممە ئىش 10 سېكۇنت ئىچىدە يۈز بەردى. ئەمما، مېنىڭ بۇ 10 سېكۇنت ئىچىدە ئۆگەنگەنلىرىم ئىلگىرىكى 10 يىل ئىچىدە ئۆگەنگەنلىرىمدىنمۇ كۆپ بولدى، چۈنكى مەن قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىم.»

ئەينى چاغدا مەن ۋىبو شەھىرىدە بىر مىلىچمال دۇكىنى ئاچقان ئىدىم. ئىش باشلىغىلى ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى، مەن ھەممە بىساتىمنى خەجلەپ بولۇپ يەنە بىر مۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم. توپتوغرا 10 يىل ئىشلىسەممۇ تۈگەتكۈدەك ئەمەس ئىدىم. ھېلىقى كۈنى مىلىچمال يايمىلىرىنى تاقاپ «سودىگەر كانچىلار بانكىسى» غا بېرىپ پۇل قەرز ئېلىپ، كانزاس شەھىرىگە بېرىپ خىزمەت تاپماقچى بولۇپ تۇراتتىم. يولدا كېتىپ باراتتىم، خۇددى بىرسىدىن راسا دۇمبا يېگەندەك ھارغىن، پۇت ـ قولۇمدا جان يوق ئىدى. قەدىمىمنى ئاران ـ ئاران يۆتكەيتتىم، ئىشەنچسىز، ماغدۇرسىز ئىدىم. دەل شۇ چاغدا يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىككى پۇتى يوق بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاستىغا چاق بېكىتىلگەن بىر چاقلىق تاختايدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى قولىدا ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چاغدا ئۇ چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ پىيادىلەر يولىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا شوخلۇق ۋە خۇشلۇق بىلەن:«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەپەندى، بۈگۈن ھاۋا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟» دەپ سالام بېرىپ بىمالال يۈرۈپ كەتتى. ئۇ سۆزلەۋاتقان چاغدا روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. مەن ئۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر باي، بەختلىك ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ يەنە ئىككى پۇتۇم بارغۇ! مەن يەنە ماڭالايمەنغۇ؟! مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمنى



كەمسىتىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ يۈرگىنىمدىن نومۇس قىلىۋاتاتتىم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۇنداق دېدىم: ئۇنىڭ پۇتى يوق تۇرۇقلۇق شۇنچە خۇشال، ئۇچۇق ـ يورۇق يۈرىدىكەن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. مەن يەتتە ئەزايىم ساپساق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭچىلىك بولالمامدىم؟ مەن ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، گەجگەمدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بانكىدىن 100 دوللار قەرز ئالارمەن دەپ ئويلىغاندىم ئىدىم. بۇ ئىشتىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ 200 دوللار قەرز ئالدىم. دەسلەپتە بانكىدىكىلەرگە: كانزاس شەھىرىگە قايتىپ خىزمەت تاپماقچى بولۇۋاتىمەن، دەي دەپ ئويلىغان، كېيىن ئۇلارغا خىزمەت تاپالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم بار دېدىم. پۇل قەرز ئالدىم، كېيىنچە راستتىنلا خىزمەتمۇ تاپتىم. شۇنىڭدىن كېيىن تازىلىق ئۆيىدىكى ئەينەككە مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرنى چاپلاپ قويدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ساقال ئالغاچ ئۇنى ئوقۇپ ئىلھاملىنىمەن:

«دىلىم غەمكىن، دىلىم پەرىشان،  
ئۆزۈم سەرسان، پۇتۇم يالىڭاچ.  
لېكىن بۈگۈن كۆردۈم بىراۋنى،  
پۇتسىز ئىكەن، خۇشال كەيپى چاغ.»

بىر قېتىم مەن ئېدىد رىكىنبېكىتىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن تىنچ ئوكياندا كېتىۋاتقاندا نىشاندىن ئادىشىپ قاپتۇ. ئۇلار سالغا ئولتۇرۇپ ھاياتلىق ئىزدەپ دېڭىزدا 21 كۈن لەيلەپ يۈرگەن. مەن ئېدىدتىن ئەڭ چوڭ ئېرىشكەن نەرسىسىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە سورىۋېدىم، «ئاشۇ قېتىملىق سەپەردە مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئېرىشكىنىم ــ ئىچىدىغانغا سۇ،

يەيدىغانغا نان بولسا، دېگەندىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەردى.

بىر چاغدا «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا بىر پارچە خەۋەر بېسىلدى. بىر ساقچى ئوفىتسېر كوۋادرىر كانار ئارىلى (جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى سولايمان تاقىم ئاراللىرىدىن بىرى) دا يارىلانغان. ئوق پارچىسى ئۇنىڭ كانىيىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن. دوختۇرلار ئۇنىڭغا يەتتە قېتىم قان بېرىپتۇ. ئۇ خەت ئارقىلىق دوختۇردىن: «مەن يەنە ياشىيالامدىم؟» دەپ سوراپتۇ. دوختۇر: «چوقۇم ياشىيالايسىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ يەنە «مەن يەنە گەپ قىلالامدىم؟» دەپ سوراپتۇ. دوختۇر: «جەزمەن گەپ قىلالايسىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوفىتسېر: «شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن يەنە مۇشۇ ئۆلگۈر غەمدىن نېرى بولالمىدىم؟» دەپ يېزىپتۇ. مۇبادا سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارغا شۇنداق سوئال قويۇپ باقساڭلار كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلغان ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن كىچىك ئىشلار ئىكەنلىكىنى تېزلا بايقىۋالالايسىلەر. جاھاندىكى ئىشلارنىڭ تەخمىنەن 90% ى توغرا، ئاران 10% ى خاتا بولىدۇ. مۇبادا تۇرمۇشۇم خاتىرجەم ئۆتسۇن دېسىڭىز، دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزنى 90% توغرا ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈڭكى، 10% خاتالىققا پەرۋا قىلماڭ! ئەگەر ئۇنداق قىلماي، دائىم خاتالىق، ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىلا كاللا ئۇپرىتىپ يۈرسىڭىز، چەكسىز ھەسرەت ۋە غەم ـ قايغۇدا قالىسىز ـ دە، ئۆزىڭىزنى ئاشقازان يارىسى ۋە يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار قىلىۋالىسىز!

ئەنگلىيىدىكى نۇرغۇن كىلونۋېر مەزھىپى چېركاۋلىرىغا «تەپەككۇر ۋە قانائەت» دېگەن ئىككى كەلىمە سۆز ئويۇپ قويۇلغان. بۇ ئىككى سۆز بىزنىڭ قەلبىمىزگىمۇ ئورناپ كېتىشى كېرەك. تەپەككۇر ۋە شۈكۈر ـ قانائەت دېگەنلىك شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە تەڭرى ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە ۋە بايلىقلارغا شۈكۈر ـ قانائەت



قىلىش دېمەكتۇر.

«گىرىفنىڭ ساياھىتى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى جوناسىن سىۋفت ئەنگلىيە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تىپىك ئۈمىدسىز ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ قالغىنى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ، ھەتتا ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنىدە پۈتۈنلەي قارا كىيىم كىيىپ، بىر كۈن تاماق يېمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇچىغا چىققان بۇ ئۈمىدسىز ئادەم چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئازادىلىك ۋە خۇشاللىقنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرىتىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى دوختۇرمۇ نەپسىنى يىغىپ، كۆڭۈلنى توق تۇتۇش، خۇشال ۋە روھلۇق يۈرۈشتەك كاتتا دورىنى بېرەلمەيدۇ» دەپ مەدھىيىلىگەن. سىزمۇ، مەنمۇ ھەر كۈنى خۇشال ۋە روھلۇق يۈرۈش دورىسىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرىمىز. مۇبادا دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى ئۆزىمىزدىكى تۈگىمەس بايلىقلارغا مەركەزلەشتۈرسەك، بىزنىڭ بايلىقىمىز رىۋايەتلەردىكى ئەلى بابانىڭ بايلىقىنى نەچچە قاتلايدۇ. ئىشەنمەمسىز؟ ئەمىسە، ئىككى كۆزىڭىزنى ئون مىليون دوللارغا ساتامسىز، ئىككى كۆزىڭىزنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلىدىغانسىز؟ ئىككى قولىڭىز بىلەن ئىككى قۇلىقىڭىزنىڭ قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بالىلىرىڭىز بىلەن ئائىلىڭىزنى قانچە پۇلغا ساتارسىز؟ ئەگەر بۇ بايلىقىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قوشسىڭىز ئۇنىڭغا روكفىللېر، فورد ۋە مورگىنلارنىڭ ھەممە مال ـ مۈلكىنىڭمۇ چىقىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلىسىز. ئەمما بىز ئۇنى قەدىرلىمىدۇق. شوپىنخا ۋېر مۇنداق دېگەن: «بىز ئۆز ئىلكىمىزدىكى نەرسىلەرنى ئانچە خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ كەتمەيمىز. كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىز يوق نەرسىلەرنىڭ غېمىنى يەپ يۈرىمىز.» بۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور تراگېدىيە ئىنسانلارنىڭ ئاشۇنداق ناچار خاھىشىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ

ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن ئازابى تارىختا يۈز بەرگەن بارلىق ئۇرۇش ۋە ۋابا كېسەللىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. دەل مۇشۇنداق ناچار ئىدىيىۋى خاھىش جون پالمىرغا ئوخشاش بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇق بېشىدىن ئۆتكەن ئەر كىشىنىمۇ كوت - كوت قىلىپ قويغان. ئۇ ھەتتا ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان. تۆۋەندىكى ھېكايىنى ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن: «ئۇ مېنىڭ ئەسكەرلىكتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن چېغىم ئىدى. خۇسۇسىي تىجارىتىمنى باشلىۋالغان ئىدىم. بىر دۇكان ئېچىپ كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك جاپالىق ئىشلىدىم. ھال - كۈنۈم خېلى ئوبدان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما كېيىن ماتېرىيال ئۆكسۈپ قالدى. دۇكىنىم ھازىرلا تاقىلىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ، كۈن بويى بوغۇلۇپ، چىرايىمنى ئاچماي يۈرەتتىم. ئۇ چاغدا مەن بۇنداق يامان كەيپىياتنىڭ قانداق ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىكەنمەن. ئەمدى چۈشەندىمكى، مەن ئۇ چاغدا بەختلىك ئائىلەمنى بۇزۇۋېتەي دەپلا قالغانىكەنمەن، بىر كۈنى ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ يېنىمغا ماڭا يالىنىپ ئىشلەۋاتقان بىر خىزمەتچىم ماڭا: ‹پالمىر، خىجىل بولمامسىز، دۇنيادا ئازاب تارتىۋاتقىنى پەقەتلا سىز ئوخشىمامسىز؟ دۇكىنىڭىزدا بىر نەچچە كۈن سودا قىلالمىغانغا نېمە بوپتۇ، ئىشلار ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرسىڭىز بولمامدۇ؟ باشقىلاردا يوق نەرسە يەنە سىزدە ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇغۇ. يەنە ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋارقىراپ - جارقىراپ، قاقشاپ - تېرىكىپ يۈرىدىكەنسىز. ماڭا قارىسىڭىز، مېنىڭ بىرلا قولۇم بار. يۈزۈمنىڭ يېرىمىمۇ ئوق تېگىپ ئۆچۈپ كەتكەن. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۈمىدسىزلەنگىنىم يوققۇ؟ مۇبادا ئاغزىڭىز بېسىلماي ئاشۇنداق يۈرسىڭىز، ئائىلىڭىز، ئەل - ئاغىنىلىرىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالسىڭىز جۇمۇ›، دېدى. بۇ سۆزلەر ماڭا جىددىي سىگنال بولدى. مەن شۇنى تونۇپ



يەتتىمكى، ئەمەلىيەتتە مەندە ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغۇدەك ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇنداق ھالىتىمنى دەرھال ئۆزگەرتىشكە نىيەت باغلاپ، ئەسلىدىكى غەم - غۇسسەسىز تۇرمۇشۇمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم.»

مېنىڭ لۇسىر بىلاك ئىسىملىك بىر تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇ ئۆزىدە بار نەرسىلەر ئۈچۈن خۇش بولۇشنى، ئۆزىدە يوق نەرسىلەر ئۈچۈن كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى، ئازاب - ئوقۇبەت گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن لۇسىر بىلەن تونۇشقان چېغىمدا، ئىككىمىز كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات ئىنستىتۇتىدا قىسقا خەۋەر يېزىشنى ئۆگىنىۋاتاتتۇق. بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرى ئۇ ئارىزونا شتاتىدا تۇرغان كۈنلىرىدە بېشىدىن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئىش ئۆتۈپتۇ. تۆۋەندە ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى بىللە ئاڭلاپ باقايلى.

— كۆڭلىرىم، قايىنام - تاشقىنلىق ئىچىدە ئۆتەتتى، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — ئۇ چاغدا مەن ئارىزونا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۇنايلىق ئاككوردىيون چېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتىم. مەھەللەمدە بىر كېكەچلىكنى داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى ئاچقان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بىر يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا تۇراتتىم. دائىم كەچلىك ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ، ھەشەمەتلىك سورۇن، نادىر مۇزىكىلار ئىچىدە گۈزەل ھاياتنىڭ شېرىن پەيزىنى سۈرەتتىم. ئەمما، بىر كۈنى ئەتىگەندە تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ پالەچ بولۇپ قالغانلىقىمنى ھەيرانلىق ئىچىدە بىلدىم. «ئاھ، تەڭرىم» دېدىم، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. دوختۇر ماڭا: «بىر يىل يېتىپ ئارام ئېلىشىڭىز، مۇتلەق جىمجىتلىقنى ساقلىشىڭىز كېرەك!» دېدى. ئۇ يەنە سالامەتلىكىمنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«بىر يىل يېتىپ ئارام ئال، مۇتلەق جىمجىتلىقنى ساقلا»

دېگەنلىك مېنى ئۆل دېگەنلىك ئەمەسمۇ، مەن تىترەپ كەتتىم. بۇنداق تەتۈر پېشانىلىك ماڭىلا كېلەمدۇ؟ بۇنداق كۈنگە قالغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم ... يىغلىدىم، قاقشىدىم، چەكسىز ھەسرەت چەكتىم، جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، مىجەزىم سەپرالاشتى. ئەمما مەن يەنە دوختۇرنىڭ دېگىنىنى بويىچە كارىۋاتتا يېتىپ دەم ئالدىم. قوشنام رۇدولف ئەپەندى رەسسام بولۇپ، ئۇ ماڭا: «سىز كارىۋاتتا بىر يىل يېتىپ ئارام ئېلىشنى تراگېدىيە دەپ قارامسىز؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. سىز بۇنىڭلىق بىلەن ياخشى ئويلىنىش، ئارام ئېلىش، ئۆزىڭىز ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، ئۆگىنەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىزغا ۋاقىت چىقىرالايسىز، بۇ بىر يىلدا ئۆگىنىۋالغان نەرسىلىرىڭىز ئۆمرىڭىزگە كەلگەندىن بۇيان ئۆگەنگەن نەرسىلىرىڭىزدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن.» شۇنىڭ بىلەن مەن بېسىقىپ، بىر يېڭى قىممەت قارىشىدىن ھۇزۇرلىنىشقا باشلىدىم. ئالغا ئىلگىرىلىشىمگە ئىلھام بېرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. بىر كۈنى رادىئودىن بىرەيلەننىڭ سۆزلىگەن نۇتقىنى ئاڭلاپ قالدىم. نۇتۇق سۆزلىگۈچى: «پەقەت سىزلا ئۆزىڭىزنىڭ ئېڭىدىكى مەۋجۇت نەرسىلەرنى چۈشىنەلەيسىز!» دېدى. بۇنداق سۆزلەرنى ئىلگىرى قانچە قېتىملاپ ئاڭلىغان ئىدىمكىن تاڭ. بۇ قېتىمقىسى ماڭا ئەڭ تەسىر قىلدى. ھازىردىن باشلاپ مېنى خۇش قىلىدىغان، كۆڭلۈمنى ئاچىدىغان ۋە تەن سالامەتلىكىمگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنىلا ئويلاي دېگەن ئىرادىگە كەلدىم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە يۈز ـ كۆزۈمنى يۇغاچ تاتلىق خىياللارنى سۈرىمەن، زادىلا ئاغرىق ھېس قىلمايمەن. بىر ئوماق قىزىم بار. رادىئودىن چىقىۋاتقان ئېسىل نادىر مۇزىكىلارنى ئاڭلىيالايمەن. كىتاب كۆرۈشكە ۋاقىت بار. مەززىلىك تائاملارنى يېيەلەيمەن، دوستلىرىم بىلەن كۆرۈشەلەيمەن. كۆڭلىرىم خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن ھال سوراپ



كېلەتتى. ھەتتا دوختۇرلار مەن ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە تاختا ئېسىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇشتى. بىر قېتىمدا بىرلا ئادەمنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت جەھەتتىمۇ چەكلىمە بار ئىدى. توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر تۇرمۇشۇم ئىنتايىن كۆڭۈللۈك. يېتىپ ئارام ئالغان ئاشۇ كۈنلىرىمدىن مىننەتدارمەن. ئارىزونادىكى كۈنلىرىم مېنىڭ ئەڭ خۇشال كۈنلىرىم بولۇپ قالدى. شۇ چاغدىن باشلاپ مەن مۇنداق بىر ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدىم: ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۆزۈمگە پايدىلىق ئىشلارنى ساناپ چىقىمەن. بۇ ئادەتنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىم بولۇپ قالدى.

دائىم ئۆلۈپ كېتەرمەنمىكىن دەپ قورقۇپ تۇرىدىغان تۇيغۇنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باققاندىن كېيىن ھەقىقىي تۇرمۇشنى باشلىغاندا ئاشۇ ئىشلىرىمنىڭ نەقەدەر ئەخمىقانىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ خىجىل بولىمەن. قەدىرلىك لۇسىر بىلاك، ئېھتىمال سىز بىلمىسىڭىز كېرەك. تۇرمۇشتىن ئالغان يۇقىرىقى ساۋىقىڭىز بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم جونسوننىڭمۇ بېشىدىن ئۆتكەن. جونسون مۇنداق دېگەن: «شەيئىلەرگە ياخشى جەھەتتىن قارايدىغان ئادەتكە ئىگە بولۇش 1000 فوند ستېرلىڭ پۇلغا ئىگە بولۇشتىنمۇ قەدىرلىك.» بۇ سۆز ھېچ ئىشتىن غەم يېمەس زاتنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى 20 يىل دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ، مەغلۇبىيەت، ئاچ ـ زارلىق ئازابىنى تېتىغان، ئەڭ ئاخىردا ئاشۇ دەۋردىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچى، تارىختىكى ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ناتىق بولۇپ قالغان كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان.

روگىن پارسا شىمىس ھەقىقەتەن كىشىنى ئويغا سالىدىغان نۇرغۇن پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى بىر قانچە قىسقا، ئىخچام جۈملىلەرگە يىغىنچاقلاشقا ماھىر ئادەم. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئادەم تۇرمۇشتا ئىككى نەرسىنىڭ كويىدا بولۇش كېرەك. بىرى قولغا

كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش. يەنە بىرى قولغا كەلتۈرگەن نەرسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش. ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.» قاچا - قۇچا يۇيۇشتەك ئاددىي ئۆي ئىشىنىڭمۇ چەكسىز سېھرىي كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار. مۇبادا ئىشەنمىسەڭلار ئارچىدا داخىنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك رومانى «گۈزەل تەبىئەتنى كۆرگۈم بار» نى ئوقۇپ بېقىڭلار. بۇنىڭدا توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئەما ئۆتكەن بىر ئايالنىڭ باتۇرانە ھاياتىدىن ئېلىنغان ئەمەلىي ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. بۇ كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مېنىڭ بىرلا كۆزۈم بار، بۇ كۆزۈمنىمۇ يوغان بىر جاراھەت توسۇپ تۇرىدۇ. بىر نەرسە كۆرمەكچى بولسام، كۆزۈمنىڭ سول تەرەپتىكى كىچىك يوچۇقتىنلا قارايمەن. كىتاب كۆرگەندە كىتابنى كۆزۈمگە يېقىن تۇتۇپ، سول كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا مىڭ تەستە ئوقۇيمەن.»

ئەمما ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا موھتاج بولۇپ باقمىغان، باشقىلارنىڭ ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمىغان. كىچىك چېغىدا دوستلىرى بىلەن جىجىق ئويۇنى ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن. باشقا باللار ئۆيگە كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەرگە دۈم يېتىۋېلىپ، سىزىلغان سىزىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم ئويۇن ئوينىغاندا باشقىلاردىنمۇ ياخشى ئوينايدىكەن. ئۇ ئائىلىسىدە ئۆگىنىش قىلغاندا چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان كىتابنى كىرپىكى تېگىپ تۇرغۇدەك دەرىجىدە يېقىن تۇتۇپ ئوقۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئۇنۋان ئالغان. بىرى مىننىسوتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باكالاۋرلىق ئۇنۋانى، يەنە بىرى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى. كېيىن ئۇ



مىننىسوتا شتاتىنىڭ «قوشما جىلغا» دېگەن بىر مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ جەنۇبىي داكوتا شتاتى سوكىستان ئاۋگۇستىنا ئىنىستىتۇتى ئاخبارات فاكۇلتېتىدا لېكتورلۇق قىلغان. ئۇ بۇ يەردە 14 يىل ئوقۇتقۇچى بولغان، تېلېۋىزىيە سۆھبەت پروگراممىسىغا رىياسەتچى بولۇپ، تۈرلۈك كىتابلار ۋە ئاپتورلارنى تونۇشتۇرغان. «كۆڭلۈمدە ئىزچىل تۈردە بىر خىل قورقۇش كەيپىياتى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — ھەمىشە كۆزۈم پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ يۈرىمەن. بۇنداق كەيپىياتنى يېڭىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر ئۆزۈمنى خۇشال تۇتتۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئۈمىدۋار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىم شەكىللەندى.»

1943 - يىلى، ئۇ 52 ياش ۋاقتىدا مۆجىزە يۈز بەردى. داخ مېئو دوختۇرخانىسىدا كۆز ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، ئۇنىڭ ھازىرقى كۆرۈش ئىقتىدارى ئىلگىرىكىدىن 40 ھەسسە ياخشىلاندى، بىر يېڭى گۈزەل دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بۇ چاغدا ئۇ ھەتتا قاچا - قۇچا يۇيۇشمۇ كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدىغان ئىش دەپ قارىدى. «قاچا - قۇچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ كۆلچەكتىكى ئاپئاق ماغزاپلىرى قارىماققا كىشىنىڭ شۇنداق زوقىنى كەلتۈرەتتى. ماغزاپ شارچىلىرىنى قولۇمغا ئېلىپ، قۇياش نۇرىغا تۇتسام شارچىلار ئۈستىدە يول - يول رەڭگارەڭ كىچىك ھەسەن - ھۈسەنلەرنىڭ نۇر چاقنىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.» ئۇ بۇنداق گۈزەل شارسىمان كۆپۈك ۋە سىرتنىڭ مەنزىرىلىرىنى كۆرەلىگەنلىكىنى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق دەپ بىلگەن. ئۇ مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى كىتابىنىڭ خاتىمىسى قىلغان: «شەپقەتلىك تەڭرىم، مەن پىچىرلاپ تۇرۇپ شۇنداق دەيمەنكى، مەن بۈيۈك شەپقىتىڭ بىلەنلا مۇشۇ كۈنگە ئىگە بولدۇم. شۇڭا، ساڭا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن.»

ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ تەڭرىگە بۇنداق چىن كۆڭلىدىن ھەمدۇ سانا ئېيتىشى ئۇنىڭ ئاشخانىغا كىرىپ قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيالىغانلىقىدىن، شارسىمان ماغزاپلاردىكى كىچىك ھەسەن ـ ھۈسەنلەرنى كۆرەلىگەنلىكىدىن بولغان. ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىز خىجىللىق ھېس قىلمامدۇق؟ بىز رىۋايەتلەردىكىدەك گۈزەل دۇنيادا ياشايمىز. ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالىمىز. ئاڭلىماس تۇرۇپ ئاڭلىمىغان بولۇۋالىمىز. نۇرغۇن زامانلاردىن بېرى ھەممىمىز مۇشۇ ئەلۋەك، گۈزەل زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتىمىز. مۇبادا كۆزىمىز تۇساتتىنلا تۇتۇلۇپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالساق، يۈرەك قەپىسىمىز بوغۇلۇپ ھېچنېمىدىن ھۇزۇرلىنالمىساق قانداق قىلارمىز؟

غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، ھەقىقىي ھاياتنى باشلاشنى ئويلىدىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا سىزگە بېرىلگەن نازۇ نېمەتلەرنى كۆپرەك ساناپ، كېلىشمەسلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.



ھەر بىر ئادەمدە ئۆزىنى ۋەيران قىلىدىغان بىر ئۇرۇق بار. ئۇنىڭ بىخلىنىشىغا يول قويغاندا ئۇ مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ـ دولانشىر براندى

# 4 ـ دەرس

## مەغلۇبىيەتنىڭ بەلگىسىنى قانداق پەرق ئېتىش كېرەك

بۇ دەرس سىزگە بىرئاز بىئاراملىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بەلكىم ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئولتۇرالماي قېلىۋاتقانسىز. سىزنى ئەڭ بىئارام قىلىدىغىنى شۇكى، سىز ئۆز خاراكتېرىڭىزدە مەغلۇبىيەتنىڭ شەپىلىرىنى ھېس قىلىسىڭىزمۇ، ئۇلارنى چوڭ خەتىرى يوق، كارايىتى چاغلىق دەپ ئويلايسىز. ئەمما دەل مۇشۇ چوڭ خېيىمخەتىرى يوق، كارايىتى چاغلىق دەپ ئويلىغان ئۇششاق ئىشلار ئۇتۇق قازىنىش پۇرسىتىڭىزنى توسۇپ، ھەقىقىي يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى نامايان قىلىشنى چەكلەپ كەلگەن.

مۇبادا ماشىنىڭىز بۇزۇلۇپ قالسا، رېمونتچى ئۇستام كېلىپ چاتىقىنى تاپقاندىن كېيىن ئوڭشىسا بولىدۇ، سىز ئاغرىپ قالسىڭىز دوختۇر كېسىلىڭىزگە دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن داۋالاشنى باشلىسا بولىدۇ. ئەمما ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ مۆكۈنۈپ يۈرسىڭىز، پۈتۈن ئۆمرىڭىز بىر مەغلۇبىيەتلىك جەريان بولىدۇ، ھېچكىممۇ سىزگە ياردەم قىلالمايدۇ. چۈنكى سىز مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى يوشۇردىڭىز، گەرچە سىز ئاڭسىز رەۋىشتە يوشۇرغان بولسىڭىزمۇ، بەرىبىر ئۆزىڭىزنى ئالدىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى

رېئاللىقتىن قاچۇردىكىز.

دولانشىر براندىنىڭ «ئويغان، جۇشقۇن ياشا» ناملىق كىتابى ئامېرىكىدا چوڭ بوھران يۈز بېرىۋاتقان چاغلاردا — 1936 - يىلى نەشر قىلىندى. ئەمما بۇ كىتاب ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېيىنچىلىق ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن زور ئىلھام بولغانىدى.

ئەمدى بۇ خانىمنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆڭۈل قويۇڭ. ئۇ تۇرمۇشتىكى قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ تېگىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۈمۈر كېمىسىنىڭ نىشانىنى قانداق توغرىلاشنى بىلىۋالغان ۋە غەلىبىسېرى دادىل قەدەم باسقان. مۇبادا رېئاللىق سىزنى يەنىلا ئازابلاۋاتقان بولسا، بىز سىزگە ئەڭ خۇشال كەيپىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەكلىپىنى بېرىمىز. ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش — مەغلۇپ بولغان ئۆزىمىزنى ئۇتۇشلۇۋېلىشنى ئۆگىنىش بولىدۇ.

بىز شوپىنخاۋېر، فىروئىد، نىتزى، ئادلېر قاتارلىق مەشھۇر پسىخولوگ ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىسىدىن «مەۋجۇدىيەت ئىرادىسى» دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپ چۈشەندۇق. گەرچە بۇ سۆزلەردىن بەزىلىرى ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى توقۇنۇش بولغان ئۆزىنى يارىتىشقا ۋەكىللىك قىلدى. بۇ ھەربىر ئادەمگە ئىنتايىن تونۇشلۇق بىر تۇرلۇك ئىچكى تۇيغۇدۇر.

بىز كىچىك بالىنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارچە ئۇرۇنغانلىرىنى كۆرگەن. ئۇلار ۋارقىراپ، جارقىراپ، يىغلاپ، ئۇرۇشۇپ ھەممىنى قىلىپ باقىدۇ. بىزمۇ ياش ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارىتىمىز، جۇشقۇن روھىمىزنى جەۋلان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرگەن، بۇ خۇددى ئۇزاق مۇددەت كېسەلدىن يېڭى قوپقان ئادەمنىڭ



تومۇرىدا جۇشقۇنلاپ تۇرۇۋاتقان بىر قاينام - تاشقىن كۈچكە ئوخشايدۇ. بەختسىز بىر مۇھىتتا ياشاۋاتقان ھەرقانداق بىر ئادەم نامراتلىق، بېسىم، ھاقارەت، ھەتتا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق زەربىلەرگە كۆنۈپ كېتىشى مۇمكىن. بۇلارنى سىرتتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئادەم تۇرالماي قېلىشى مۇمكىن. بەختسىز ئادەملەرنىڭ بىردىنبىر تايىنىدىغان نەرسىسى ئىرادە بولۇپ، ئۇلار تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ، ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ چىداپ تۇرۇپ، مەۋجۇتلۇقنىڭ كىچىككىنە پۇرسىتىنىمۇ ناھايىتى چىڭ تۇتىدۇ.

تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئېيتساق، چوڭ بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى بىزگە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئىچكى يېتىلىش جەريانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىز بالىلىقتىن ئۆسمۈرلۈككىچە، ئۆسمۈرلۈكتىن ئوتتۇرا ياش مەزگىلىگىچە، ھەربىر ھالقىلىق باسقۇچقىچە ئۆتكۈنچى مۇساپە، پائالىيەت، قىزىقىش قاتارلىقلارنىڭ يېڭى مۇساپە، يېڭى پائالىيەت، يېڭى قىزىقىش تەرىپىدىن ئالماشقانلىقىنى بايقايمىز. تەبىئەت بىز ئۈچۈن لايىھىلەنگەن يېڭى مۇھىتقا نىسبەتەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ قويغان بولۇپ، ئۇ بىزنى يېڭى تەلەپكە ماسلىشىشقا قىستايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يېڭى نەرسىلەر بىلەن بىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلماقچى، بىزنى كونا نەرسىلەردىن ئۈزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا قىلماقچى بولىدۇ.

توغرا، ئىرادە بىلەن قارىمۇقارشى بولغان سۆز «مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى» ھەتتا «ئۆلۈم تۇيغۇسى» دۇر. ئەمما ئۆلۈمنى قوبۇل قىلىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس. ھېچكىممۇ ئۆزى ھەققىدە ئېيتىلغان ئۇ زېمىندا «يوق»، «ئۇ ئۆلگەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئادەمدىمۇ «ئۆلۈم كۆلەڭگىسى» ياكى «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش تەھدىتى» دېگەندەك ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇلار قىساس

خاراكتېرلىك تەگەش ئويىدىن كەلگەن. چۈنكى كېسەل: مەن ھېلىھەم ھايات، بىراق باشقىلار مېنى كۆرەلمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ ئۆزىنى بىسەرەمجان قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرغىنىنى ۋە كۆڭلى يېرىم بولغىنىنى كۆرسەمكەن دەيدۇ. بۇ پاكىتلار پسىخولوگىيە پېشۋالىرى تەرىپىدىن قىممەتلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە.

1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فىروئىد نۇرغۇن ئۇرۇش يارىدارلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېرىشكەن بايقاشلىرىنى بايان قىلىدىغان بىر مەخسۇس ئەسەر ئېلان قىلغان. فىروئىد مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر چۈشىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈمگە بولغان مۇتلەق تەشنالىقىنى كۆرىدۇ.» مەزكۇر ئەسەر فىروئىدنىڭ نادىر پەرەز ۋە ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى پسىخولوگلارنىڭ قارىشى بويىچە بۇ خىل ئۆلۈم تەلىماتى ھاياتتا تۇيۇقسىز كۆرۈلۈپ قالىدىغان ھالق بولۇپ، پۈتۈنلەي ئەگىشىپ كېتىشكە بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن فىروئىدنىڭ تەلىماتىغا ھېچكىم يېقىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان.

نېمىلا دېمەيلى، ئۆلۈم ھامان تۇغۇلۇش ۋە چوڭ بولۇشقا ئوخشاش مەۋجۇت بىر ئىش. مۇبادا تەبىئەت بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ھەربىر باسقۇچ ئۇچۇن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغان بولسا، بىزنى يەنە ئۆتمۈشنىڭ بارلىق قايىقلىرىنى تاقاپ بىزگە يېڭى بىر دۇنيا ھازىرلايدۇ، ئۇنداقتا تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، بۇ جەريان بەك ئاستا بولىسمۇ، بىز يەنىلا يۆتكىلىش ئىچىدە تۇرىمىز، ئىنچىل ھاياتنىڭ يەنە بىر چېتىگە يېقىنلىشىپ بارىمىز. ھاياتىمىزدا سۆيگەن بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىمىز، ئېرىشۋاتقان نەرسىلەرنى تاشلاپ، بارچە تىرىشچانلىقىمىزنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويىمىز، قىزىقىش ۋە ئارزۇلىرىمىزنى تەرك ئېيلەيمىز، شۇنىڭ بىلەن ھاياتىي



كۈچىمىز گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ. بىز «مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى» غا تۇرمۇشتىكى بىر ئەمەلىيەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

ھازىر، مۇبادا لايغەزەللىك، توخۇ يۈرەكلىك، پاسسىپلىق، قاشقاقلىق ياكى كېسەللىك، ھارغىنلىقلار بىزنىڭ روھىمىزنى چۈشۈرەلمىسە، تېنىمىزنى ئاجىزلاشتۇرالمىسا، ئىلگىرىكىدەكلا جۇشقۇن قايناق ھېسسىياتتا بولساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ خىل «مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى» غا زەربە بېرىشكە، ئۇنى ھايات - ماماتلىق رەقىبىمىز قىلىۋېلىشقا ئىقتىدارىمىز يەتمەيدۇ، ئەمما، ئوتتۇرا ياشلىق دەۋردە بېشىمىزغا بالايىئاپەت كەلسە، ئاۋارىچىلىكلەر يېغىپ كەتسە، بۇنىڭغا ماسلىشالماي قالساق، روھىمىز چۈشۈپ ھاڭۋېقىپ قالىمىز، بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، «مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى» بىزنىڭ ئىچكى قوزغىلىش ھاياتىي كۈچىمىزنى قوزغىشىمىزغا ئىمكان بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالىمىز.

مۇبادا مەغلۇبىيەت خۇددى بىرسىنىڭ مۇشت - پەشۋاسىدەك يېغىپ كەلسە بىز ئۇنى تەبىئىي تونۇپ يېتەلەيمىز، ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلىش كېرەك. مۇبادا مەغلۇبىيەت تۇمانلىرى ئىچىدە تۇيۇقسىز سەزگۈرلۈكىمىزنى بوشاشتۇرۇپ، تۇيۇقسىز كېلىدىغان يوشۇرۇن ھۇجۇمدىن مۇداپىئە قىلالمىساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدىغان ۋەزىيىتىمىز ئاللىقاچان يوققا چىققان بولىدۇ. بىزنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرىشىمىز دونكىخوتلارچە كۈرەشتىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ.

بىز ياشلىق دەۋرىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ھالىتىمىزنى ناھايىتى ئاز تونۇپ يېتىمىز، بىز ئۇتتۇق ئۇچۇن ئوتتەك قىزغىن بولماي تۇرۇپ ئانچىكىلا تىرىشچانلىق قىلىپ

قويىمىز، بۇنى تېخى نېرىدا تۇرۇپ بىمالال تاماشا قىلىش دەپ ئويلايمىز. ئاي - يىللار ئۆتۈپ كەتكەندە بىز ھەممىگە يەنىلا سۆرەلمىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. بىراق، بىز ئاشۇنداق يالقاۋلىقتا تولغان چۈشتىن ئويغانغان دەملىرىمىزدە شۇنى بايقايمىزكى، شېرىن ۋە تاتلىق ياشلىق دەۋرىمىزدىكى ئاشۇ نېرىدا تۇرۇپ بىمالال تاماشا قىلىش ئەمدى مەنىسىز ئېتىقسىزلىقتا ئايلانغان بولىدۇ. بەلكىم بىز بۇنىڭغا باھانە - سەۋەب تاپارمىز: «ئەي، ئائىلىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرى، بۇرۇنلا باشلىنىشقا تېگىشلىك ئىگىلىكىمىزنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى.» ئۇنى - بۇنى دېگەنبىلەن، يا ئۇنداق يا بۇنداق يېگانىلىك، بىقۇۋۇللۇق بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توسۇپ قويىدۇ. ياشانغان، نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز كۆپەيگەن چېغىمىزدا بولسا ئىلگىرى تاشلىۋەتكەن پىلان خەرىتىمىزنى ئالدىمىزغا قويۇپ ئويلاپ باقساق، يۈرىكىمىز پۇشايمان ۋە ئېچىنىشتىن پۇچىلىنىدۇ.

بىز ئەسلىدە قىلىشقا تېگىشلىك، لېكىن قىلمىغان ئىشلارغا كەلسەك، بىز مەڭگۈلۈك ئەڭ ياخشى سەۋەبلەرنى تاپالايمىز. كۆپىنچىمىز يەنىلا «ياشاش ئېھتىياجى» نىڭ سىرتمىقى ئىچىدە ئاچلىقنى تاللاش كېرەكمۇ ياكى خىزمەتنىمۇ؟ بۇ تېخى ھەل بولمىغان ئىش. ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىرىدىن ھۇزۇرلىنالامدۇ ياكى قەدىر - ئەھۋال جان باقامدۇ؟ مۇبادا «ئۆيلىنىش ۋە پەرزەنتلىك بولۇش» غېمىنى قوشساق، «ياشاش ئېھتىياجى» تېخىمۇ جىددىي بولىدۇ. ئۇتتۇق قازىنىدىغان ئاشۇ بىر كۈننى دەپ بەلكىم ھەربىرىمىز ئاچ - يالىڭاچ دېگۈدەك سېرىقتال كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىز، نۇرغۇن جاپالىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، بىز بۇنىڭغا چىدىماي باشقىلارنىمۇ جاپاغا سېلىپ سۇغا چىلاشتۇرىدىغان ئىش قىلساق، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك



قىلغان بولمامدۇق؟ بۇنى قانداقمۇ نوچىلىق دېگىلى بولسۇن؟

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، نىكاھ مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك، ئەمما ماددىي ئاساس بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. نۇرغۇن ياشلار يېڭى توي قىلغاندا ھېچنېمىسى يوق قۇرۇق قول بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئامېرىكىدا بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما، ياۋروپادا توي قىلغاندا پەقەت بولمىغاندا قىزنى بىر قۇر جابدۇشى كېرەك. مۇبادا مۇشۇ ئازغىنە پۇل بىلەن بىر ئائىلە قۇرۇش تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولسا ئۇنداقتا بىزمۇ ئۇلاردىن ئۈلگە ئالايلى.

ئەمما بىز كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئادەتلىرىگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيمىز، بەلكىم بۇ «چەكسىز پۇرسەت ماكانى» دەپ ئاتالغان ئامېرىكىدا نۇرغۇن ئوتتۇرا ياش ئەر - ئاياللارنىڭ بىكارچىلىق ۋە ئىچ پۇشۇقى چىقىرىش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىغانلىقى، لەززەت ئالىدىغان نەرسە بولمىغان زېرىكىشلىك تەكرار خىزمەت مۇھىتى ئىچىدە ئۆزىنى پۇچىلايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كەلگۈسى تۇرمۇش زېرىكىشلىك، ئازابلىق بولىدۇ، ئەڭ قورقۇنچلۇقى يەنىلا غەم، ئىشسىزلىق ۋە نامراتلىقتۇر.

تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بىز بىرىنچى بولۇپ بىر خىزمەت تېپىشقا موھتاج بولىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاز كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كاتتا پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شانۇ شەۋكەتلىك نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك بولىدۇ؟ دەسلەپ باشلانغاندا، بىز ھەمىشە ئىشنى ياخشى باشلاشقا ئىرادە باغلاپ، چىشىمىزنى چىشلەپ نىشانسىرى ئىلگىرىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. گەرچە بىز قەدىر ئەھۋال جان بېقىشقا بولغان موھتاجلىقىمىز سەۋەبلىك پۇل تېپىشقا موھتاج بولساقمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمىز ھامان قانىدۇ. بىز كېچە - كۈندۈز دېمەي كالىدەك ئىشلەپ، سەھەر

تۇرۇپ كەچ يېتىپ، ھەپتە ئاخىرىدا ئىش قوشۇپ ئىشلەپ، ئارام ئېلىش كۈنلىرىدىن ۋاز كېچىپ كېتىمىز. بىراق، بۇنداق جاپالىق ئىشلەش نېرۋا ۋە تېنىمىزنى خورىتىدۇ. ئالاھىدە كۈچ ۋە زېھىن سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پۈتۈن ئالەم ئۇيقۇغا چۆمۈپ، ھەممە ياق سۈكۈنات ئىچىدە تۇرغاندا پەقەت بىزلا توختىماي جاپالىق ئىشلەپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۇتۇقنىڭ سايىسىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلسەك، ھەرگىز قاقشىماسلىقىمىز، ئىزچىل ئۆز يولىمىزدا مۇستەھكەم مېڭىۋېرىشىمىز كېرەك.

ئەمما، ئىزچىل مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى قايىنىملىرىدا ياتساق، گەرچە بىز توختىماي ئىلگىرىلىسەكمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاللىقاچان مەغلۇبىيەت ئىچىگە پاتقانلىقىمىزنى بىلمەي قالىمىز. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كوللېكتىپ ئالدىدا ئامالنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇتۇق دەل بىز ئۆزىمىزنى ئالداۋاتقان يالغان - ياۋىداق گەپلىرىمىز ئىچىدە ئۇنىسىز يوقايدۇ. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بىزنىڭ قىلغىنىمىز بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدىن خېلىلا ئاز. بىزنىڭ پىلانىمىز ھەتتا ئەڭ ئاددىي، قاتتىق ئېھتىيات بىلەن تۈزگەن پىلانىمىز، مەسىلەن: مەلۇم ياشقا بارغۇچە قىلىپ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنىمۇ بىز ئەمەلگە ئاشۇرمىغاندىمىز. ئۆزىنى ئالداشنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي، بىز تۇرمۇش يولىدا باشقىلار بىلەن يوشۇرۇنلا بىر تۈرلۈك ئىمزاسىز كېلىشىم ھازىرلىۋالىمىز: «مېنىڭ مەغلۇبىيىتىمنى ئېغىزىڭىزدىن چىقارماڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، مەنمۇ سىزنىڭ مەغلۇبىيىتىڭىزنى ئېغىزىمدىن چىقارمايمەن.»

ئۆزىنى ئالدايدىغان بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ تىنچلىقىنىڭ سىرى دەسلەپتە ئانچە ئاشكارا بولۇپ كەتمەيدۇ. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇنداق قۇرۇق خاتىرجەملىك ئۇن - تىنسىز يوقايدۇ. بىز قۇرۇق تەبەسسۇم بىلەن ئۆزىمىزنىڭ



تەلىپىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىمىزنىڭ بەكلا غايىۋىلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى بايقايمىز. بولۇپمۇ بىز ئارزۇ قىلغان نەتىجە يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەندە شۇنداق بولىدۇ. 50 ياشنىڭ ئالدى - كەينىدە بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق قۇرداشلىرىمىز پەرۋاسىزلىق بىلەن مەسخىرە ئارىلاش: «ھازىرغىچىمۇ ئۇتۇق قازىنالمىدىڭ. ھەي··· » دېيىشى مۇمكىن. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئەسەرلەر، بولۇپمۇ ئۇنتۇلماس، ئۆچمەس ئەسەرلەر دەپ قارالغانلىرى ھاياتنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يېزىلغان.

ئەمما، بىز دولقۇنغا ئەگىشىپ تەۋرىنىپ يۈرسەك، ئاكتىپ ھەرىكەتلەنمىسەك ھېچقانداق تۆھپە يارىتالمايمىز، نېمىنى ئاكتىپلىق بىلەن قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ يېتەلمەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىقتىدارىمىزنى، تەڭرى ئاتا قىلغان تالانت بولسۇن ياكى ئۆزىمىز تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەنلىرىمىز بولسۇن، ئۇنى جارى قىلدۇرالمايمىز. مۇبادا بىز كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتكە، ئىجتىمائىي نوپۇزغا ئېرىشىش ھەققىدە ئويلاپ باقساق، ئۇنداقتا بىز مەغلۇبىيەت بىلەن بىر قېتىم خېلى جايىدا سودا قىلغان بولىمىز.

بەزىدە بىز يارىلىنىپ تۇرۇپمۇ ئاغرىقنى ئۇنتۇشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئىشلار پاللىدە يېنىپ ئۆتۈپلا كەتسە ئۇنتۇپ قالىمىز، تىلغا ئېلىشنىمۇ خالىمايمىز. بەزىدە شۇنچىلىك سەگەكمىزكى، مۇبادا بۇنداق ئويۇننى داۋاملىق ئويناۋەرسەك، بىز ئايىغى چىقماس قورقۇنچلۇق، ئازابلىق چۈش قوينىغا كىرىپ قالىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز.

مانا ئەمدى قانداق قىلغاندا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ رېئاللىققا قايتىش — بىزنىڭ ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مەسلىگە ئايلاندى. بەزىدە بىز بۇنداق چۈش ئىچىدە قايتا - قايتا سىناق

قىلىپ ئەركىنلىكتە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەمما يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ قارا چۈش ئىچىدە تېگىرقاۋاتقانلىقىمىزنى، پېشىلەلمەيۋاتقانلىقىمىزنى بايقايمىز.

بىز مەغلۇبىيەتنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقىنى تەن ئالساقمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما بىز مەغلۇبىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالساق بولمايدۇ.

## مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قېلىش

مۇبادا مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى «مەن كەلدىم» دەپ ئىشىك چەكسە، ئۇنىڭ كېسەللىك ھالىتى خۇددى «قىزىل» چىققاندەك ياكى زۇكام بولغاندەك ئۇنى ئانچە كۆچىمەيلا پەرق ئەتكىلى بولمىسا، ئۇنداقتا بىز ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا يېڭىپ كېتەلەيمىز ياكى ئەڭ ياخشى تاقابىل تۇرىدىغان چارىلەرنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز.

ئەمما، كېلىشمىگىنى شۇكى «مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى» كۆپ خىل بولۇپ، پەرق ئەتمەك بەك تەس. تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، مۇبادا كېچىمۇ كۈندۈز مېھمانخانا، دىسكوخانا، تىياتىرخانىلاردا ئەيش - ئىشرەت بىلەن ھايات پەيزىنى سۈرۈۋاتقان بىر سۆلەتۋاز يىگىتكە چېچى پاخپىيىپ كەتكەن، مىجەزى چۈس، ئاچچىقى يامان، ئاپتاپتا قاقلىنىپ كىتاب دۆۋىسىگە مىلىنىپ ياتقان بىر پەيلاسوپنى ئەكېلىپ «سىلەر ئىككىڭلار تونۇشۇپ قېلىڭلار، قاراڭلار، ئىككىڭلار نېمىدېگەن ئوخشاش - ھە» دەپ يۇرسىڭىز، ئېنىقكى، بەزىلەر سىزنى ئىلىشىپ قاپتۇ دېيىشى مۇمكىن. ئەمما، سىزنىڭ قىلغىنىڭىز توغرا. ياشاش ئادىتىدىن قارىغاندا ئىچ مىجەز بولۇپ كەتكەن ئۇ ئادەم بىلەن جاھاننىڭ بۇرنىغىمۇ، شامىلىغىمۇ قاڭقىپ يۈرىدىغان تاش مىجەز ئادەم ھەقىقەتەن



ئىككى قۇتۇپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشاش توقۇنۇشى بار، ئىچكى ئاڭدا ئۇلار ئىككىلىسى مەغلۇبىيەتتىن ھۇزۇرلىنىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ياشاش مىزانى ئوخشاش، خۇددى ھايات 1000 يىل سوزۇلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ ··· ماركس ئۇۋرىس (مىلادىيە 180 - 121 - يىللىرى ئۆتكەن، ستوئىك ئېقىمى پەيلاسوپى، يازغۇچى، رىم ئىمپېرىيىسى پادىشاھى) ئۆزىنى مۇنداق ھېكمەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغان: «ئۆزىڭىز 100 يىل ئۆمۈر كۆرىمەن دەپ ئويلىماڭ.» مەغلۇبىيەتكە رودىپايىدەك چاپلىشىۋالغان كىشىلەر دائىم ئۆزىنى 1000 يىل ئۆمۈر كۆرىدىغاندەك ئويلايدۇ. غايە ياكى ئۇسسۇل ئويناش بولسۇن ئۇلار بەربىر ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن بولىدۇ. خۇددى قىلىدىغان ئىشلىرىغا ۋاقتى يېتىپ ئاشىدىغاندەك ئويلايدۇ.

مەغلۇپ بولۇش تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىرى پسىخولوگىيىنىڭ تارماق پەنلىرىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. مەيلى باشقىلاردا بولسۇن ياكى ئۆزىمىزدە بولسۇن ئۇنى ئاسان بايقىغىلى بولمايدۇ. ئاشۇ سانسىزلىغان شەكىللەر ئىچىدە سىزنى 1000 يىل ياشايدىغاندەك غەمسىز قىلىپ قويىدىغانلىرىمۇ بار.

ئەمدى ئۇيقۇغا ئامراق كىشىلەر ئۈستىدە، ئۇلار ئۇخلاشقا تېگىشلىك ۋاقىتتىن باشقا يەنە 2 ~ 6 سائەتكىچە ئارتۇق ئۇخلايدۇ. ئۇلار دائىم «ئۇخلاش سالامەتلىككە پايدىلىق» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن نورمال ئۇخلاش ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئارتۇق ۋاقىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا كىمنىڭ كۆپ، كىمنىڭ ئاز ئۇخلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بەزى مىجەزى ئوسال كىشىلەر باركى، بىز ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇلارنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى ئازراق كېيىنگە چېكىنسە پۇت - قولى لەقۋالىشىپ كارغا كەلمەيدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگىنى قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى قانچە سائەت ئۇخلىغىنىنى

ھېسابلاش. مۇبادا بىرسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتسە چىچاڭشىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر - ئىككى سائەتلىك ئۇيقۇسىزلىقنى ئاسانلا تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ. بەزىلەر باركى، ئەتىگىنى كۈن چۈشكىچە ئۇخلاپمۇ يەنە ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل قويمايدۇ، مانا بۇ مەغلۇبىيەت كېسەللىكىنىڭ ئاددىيلاشقان شەكلى.

ھاراقكەشلىكمۇ مەغلۇبىيەتنىڭ يېقىن ئەل - ئاغىنىلىرىدىن بىرى. ئۇلارغا ئائىت يېزىلغان كىتابلارمۇ ناھايىتى كۆپ. مەستلىك ئويغاق ئادەمنىمۇ ئۇيقۇچان، مۆڭ قىلىپ قويىدۇ. ئۇخلىغانسېرى ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس. ئىچىنىشلىقى شۇكى، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇ خىل كېسلىگە سەل قاراۋاتىدۇ. كىشىلەر ئەزەلدىن دىققەت قىلمايۋاتقىنى شۇكى، مەستلىكتىن پېشىلگەندىن كېيىن ئادەم ناھايىتى ئازابلىنىدۇ. پۈتۈن ئەزايى - بەدەنلىرى خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەندەك جانسىز بولۇپ قالىدۇ، نېرۋىسى قالايمىقانلىشىپ، تەپەككۇرى چېچىلىدۇ. پەقەت ھاراقنىڭ زەھىرىنى ئالىدىغان چارە قىلغاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ. كىشىلەر بەلكىم يالغۇزلۇقتىن ئىچى پۇشۇپ، دەردى كۆپ بولۇپ كېتىپ ياكى قەھۋە ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، سۈت ئىشتىھاسىنى بۇزۇپ ئىسپىرتقا تايىنىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى نېمە سەۋەبتىن ھاراق ئىچمەڭ، ئۇنىڭ سەۋەبى مۇھىم ئەمەس، بۇنداق باھانە - سەۋەبلەر سىزنى ئىسپىرتنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھاراقنى تولا ئىچسىڭىز، ھاراقكەش، زېدى پەس كىشىلەر بىلەن ھېچقانداق پەرقىڭىز قالمايدۇ، سىزنى ھېچكىم قارشى ئالمايدۇ.

بىز تاش مىجەز كىشىلەرگە قاراپ باقايلى، بىز كۆرگەن مىساللار ئىچىدە، ئۇلار كىنو كۆرۈشكە، تىياتىرغا، كېچىلىك



ئولتۇرۇشلارغا بېرىشقا ئالدىراپلا يۈرىدۇ. مۇبادا بۈگۈن ناشتىلىق قىلمىسا، زىياپەتكە بارمىسا، ئۇ چاغدا ھايات مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ ··· ياق، مەن ھەرگىزمۇ كۆڭۈل ئېچىشتىن قېلىڭ، ئارام ئالماڭ دېمەكچى ئەمەس. ئەمما كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر ئىچىدە بولۇشى كېرەك، مەن بۇنداق دېسەم بەزىلەر ئۆپكىسىنى باسالماي: «بىز كۆڭۈل ئېچىشمىز، ئارام ئېلىشمىز كېرەك» دەپ ھۆركىرىشى مۇمكى. ئۇنداق كىشىلەر بىمەنە، پەلىپەتىش قىممەت قارىشى بىلەن مەغلۇبىيەتنى قوغلىشىدۇ. تۈرلۈك ئامىللار بىلەن مەغلۇپ بولۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيدۇ. ئۆزىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تۈگەشتۈرۈشنىڭ يولىنى قىلىدۇ.

سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرساق، يەنە بىر خىل يېرىمى توغرا، يېرىمى خاتا مەغلۇبىيەت يولىمۇ بار، ئۇلارنى تۈرگە ئايرىش تەسرەك، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئىچىدە كەشتە تىكىدىغان، يىپ ئېگىرىدىغانلارمۇ، كەپتەرۋاز، توخۇ بېدىكمۇ بار. بىز شۇنى تەن ئالىمىزكى، گەرچە بۇ ئىشلار كىشىنىڭ زېھنىنى ئېچىپ، قولىنى گۈل قىلىشقا ياردىمى تەگسىمۇ، مەسىلىنى يەنىمۇ ئەتراپلىق ئويلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرەيلى، بۇ خىل قايتا - قايتا تەكرارلىنىدىغان سۈنئىي، مېخانىك ئىشنىڭ زادى ئەھمىيىتى بارمۇ، يوق؟

يىپ ئېگىرىش، كەشتە تىكىش بىزنى زادى نېمىگە ئېرىشتۈرىدۇ؟ كاللىسىنىڭ سۈيى بار، قىلغىلى ئىشى يوق، بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن بەلكىم مەلۇم قىممىتى باردۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار ئادەمدىن ئەستايىدىللىق ۋە سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئىشلارنىڭ يېڭىلىقى، ئىجادچانلىقى يوق. پەقەت ماشىنىدەك تەكرار ئىش تەرتىپىدە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىز ئاسمانغا پىچاق ئېتىپ، شەپكىسىنى قىرلاپ يۈرىدىغان

ئالىقاپلارنى ناھايىتى ئاسانلا بىر ياققا تىزالايمىز. ئۇلار ھەممىسى ئۆزىنى ئۇنتۇپ ياشايدىغان ھاماقەتلەردۇر.

بىز بەزىدە يەنە شۇنى تونۇپ يېتىمىزكى، بىر قېتىملىق خۇشاللىق، قىزىقچىلىقنى نەچچە كۈنگىچە ئەل ـ ئاغىنىلەرگە سۆزلەپ ئاغزىمىز ھارمايدۇ، بۇ بەك چوڭ خاتالىقمۇ ئەمەس. بۇرادەرلەر پارىڭىمىزنى ئاڭلاپ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتسە، بىزنىڭمۇ قىزغىنلىقىمىز قوزغىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بىز نەچچە رەت تەكرار سۆزلىگەن گەپنى قايتىلاۋېرىپ ھەممىگە مەلۇملۇق خاتالىقلار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قارىشىمىزنى، ئاشۇ مەغلۇبىيەتچىلەرگە بولغان پوزىتسىيىمىزنى ئىپادىلەپ باقتۇق، بەلكىم مىسال قىلغان ئەمەلىيەتلەر بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي مۇنازىرىلىرىمىزگە ئازراق كۈچ قوشۇپ قالار.

بەزىلەرنىڭ ئەزمىلىك بىلەن پەردازلاپ قىلغان ياسالما گەپ ـ سۆزلىرى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدۇ. ئەمما بۇنداق ئىنكاسمۇ ھېچگەپ ئەمەس. بەزىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزى تېخىمۇ ئاچچىق، ئادەمنىڭ سەپراسىنى ئۆرلىتىدۇ: «ۋايىيەي، مەن دېدىمغۇ، چاتاق يوق دەيمەن»، «مەن تەسەۋۋۇر قىلالايمەن»، «چۈشەندىم»، «ئەمەلىيەت» ... ئەكسىچە يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك قاتمۇقات ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇققاندا خۇددى ئەسەبىيلەشكەن ھېستېرىيە بىمارى (بىر تۈرلۈك روھىي كېسەل) غا ئوخشاش چېچىلىپ كېتىدۇ، ئۇنداقلارغا بىر قاراپلا كالىلىسىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ كېسەللىك ھالىتىنى ئاسان بايقىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەر خىل ئادەمگە ھەر خىل رىۋايەت ئېيتىشىپ بېرىشىدۇ. بۇنداقلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تېخىمۇ تۇتۇق، پەرقلەندۇرۇش تېخىمۇ تەس بولغان مەغلۇبىيەت ئالامەتلىرى بار. مەيلى ئىچ مىجەز



كىشىلەر بولسۇن، ياكى تاش مىجەز كىشىلەر يۇقۇملىنىدۇ. بەزىلەر خىزمەتتە ھەددىدىن ئارتۇق ئەستايىدىل بولۇپ، ھەممە ئىشتا گىجىڭلىق قىلىپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدۇ، قىلنى قىرىققا يارىمەن دەپ، قىلچە ئەھمىيەتسىز ماتېرىياللارنى يىغىپلا يۈرىدۇ. خۇددى ئارقىمۇ ئارقا بىر نەچچە پەندە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، كىتابتىن باش كۆتۈرمەي، مەكتەپمۇ پۈتكۈزەلمەي قېرىپ كېتىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق بولىدۇ. يەنە بەزى «پىداكار» قىز ـ ئوغۇل، خانىم ـ قىزلار باركى (ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېتىملىكتە چوڭ بولغانلاردۇر)، ئۇلار ئۆز ھاياتىنى باشقىلارغا بېغىشلىۋېتىدۇ. ئەزەلدىن ئۆزىدە قىممەتلىك بىر نەرسە بار دەپ ئويلىمايدۇ. ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقان كىشىلەردىنمۇ ئارتۇقچە ئۇلۇغلۇق ئىزدىمەيدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئانچە مۇھىم بولمىغان ئاشۇ تەسەللىنى ئىزدەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئەزەلدىن كۈچ چىقارمايدۇ، ئاتالمىش تەتقىقات دېگىنى پەقەت موللا سۈپەت تۇرقىدا قالىدۇ. نيۇيوركتا بىر كىشى بولىدىغان، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدىن باشلاپ قىلچە پايدىسى بولمىغان ئىتالىيە سىياسىئونلىرىنىڭ ھاياتى، ئىش ـ ئىزلىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاشقا باشلىغان.

گەرچە مەزكۇر تەرجىمىھالشۇناسقا ماتېرىيال توپلاۋاتقىلى 50 يىل بولسىمۇ، ئەمما بىرەر پارچە ھەقىقىي تەرجىمىھال خاراكتېرلىك بىر نەرسە يېزىپ باققىنى يوق، ئۆزىمۇ كاتتا ئىش قىلىپ ئىز قالدۇراي دېمەيدۇ تېخى.

جەلپ قىلىش كۈچى زور ئادەملەر تېخىمۇ ئاسان مەغلۇبىيەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن تېخىمۇ جەلپكار ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھامان كېرىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دەپ قويىدۇكى، «قارا، ئەنە ئۇلار بىر توپ مەغلۇبىيەتچىلەر.»

ئەلۋەتتە، بۇ ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. ئەمما بۇ خىل ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرىدىغان، ئۆزىدىن مەستخۇش بولۇش خاراكتېرى بىلەن دوستانە قىزغىنلىق سىغىشمايدۇ.

بىز خارولد سىجىنىپىس (دىككىنسىنىڭ «سالقىن ھويلا» ناملىق رومانىدىكى پېرسوناژ) نىڭ دۇنياسىدىن سۆز ئاچايلى، شېرىن - شېكەر سۆزلەر، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ھەم مول بولغان ئەر - ئاياللار قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈشنى ئويلايدۇ. ئۇلار ھەممىسى خۇددى ئوخشاش بىر خىل مىجەزدىكى ئەركىن، سۆيۈملۈك، خۇشال چوڭ باللاردەك مەسئۇلىيەتلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئانچە ئېھتىياتچانمۇ ئەمەس، ئەمما كىشى ئۇلارنى تەبىئىيلا ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ھەتتا يات كىشىلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىردەم بىللە بولسىلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلار پەقەت ئويۇنغا ئامراقلا ئەمەس، يۇمۇرغا باي، قىزىقچى، قاش - كۆزى ئويناق، تەپەككۇر يولى ئوچۇق. شۇڭا بۇ سالماق كىشىلەر نەگىلا بارسا كۆپچىلىكنىڭ قارشى ئېلىشىغا، دىققەت - ئېتىبارىغا، كەڭ قورساق مۇئامىلىسىگە، قىزغىنلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ باقايلى، ئۇلار شۇنچىۋالا دىققەت قىلىشقا ئەرزىمدۇ؟ ساغلام ئادەم بىر نۇقتىدا ئېرىشكەن نەرسىسى بىلەن خۇشال بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەقلىنى دات بېسىپ كەتكەنلەردىن باشقا ھەر قانداق ئادەم بۇنداق دىققەت - ئېتىبارنى تارتىشتىن ھۇزۇر ئىزدىمەيدۇ. بۇنداق مەغلۇبىيەت قۇربانلىرىنىڭ ئاچقۇچى باشقىلارنى جەلپ قىلىش ئېھتىياجىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كېتىۋاتقان جەلپكارلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ رەڭدار ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى ۋەيران قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلار رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئاۋارىچىلىكلارنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى تەن ئالسا بولىدۇ.



بۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۆز - ئۆزىگە قەرزدار بولمايدۇ، يۈك ئارتىۋالمايدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ ئاجىز ۋە بىقۇۋۋۇللۇقى بايقالمىغان پەيتتە بىراۋ نەق مەيداندا ئۇلارغا سوئال قويۇپ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ قويمىغان چاغدا ئۇلار ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتىنى داۋاملىق يوشۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيەت پاكىتلىرىنى ئېتىراپ قىلماي يۈرۈۋەرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. پەقەت مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ بىر مەيدان «مەستلىك ئويۇنى» دا ئەڭ قاتتىق ئازاب تارتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، يەنىلا بىر تەرەپتىن ياشاپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئالداپ كېتىۋېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتكە تەسلىم بولغانلىقىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولىدۇ ھەم بۇنداق شەكىل ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، بۇنداق ئىشلار كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ. ئەمما، بۇ بىزگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆزىمىزنى ئاللىقاچان ئەڭ مۇكەممەل يارىتىپ بولغانلىقىمىزغا ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن بىز پۈتۈن دۇنيانى ئالداشقا تىرىشىمىز. بولۇپمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز مۇڭلۇق، ئۇنتۇلغان ئوششاق ئىشلار بىلەن بەند بولغان چاغدا ياكى مەنىسىز، كاتتا غايىۋى ئىشلار بىلەن قورشالغان چاغدا يەنە كۈچەپ ئىشلەشنى خالاپ كەتمەيمىز. بىز ئىشىمىز تۈگىمەيدىغان دەرىجىدە ئالدىراشمۇ؟ ئەجەبا كېچىمۇ كۈندۈز دېگۈدەك ئالدىراشلىق ئىچىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش، مەنىسىزلىك ئىچىگە پېتىپ چارچاپ ھالىدىن كېتىدىغان ۋەزىپىمىز بارمۇ؟ بۇنداق سوئاللار ھەممە ئادەم يالغۇز چاغلىرىدا، ئۇيقۇسىز كېچىلەردە، تولىمۇ ئۇششاق ئىشلارغا تولۇپ كەتكەن چوڭ مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن بەند بولغان دەملىرىدە قويۇلىدىغان سوئاللاردۇر. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كىشىلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرگە تولغان ئويۇنلىرى بىلەن ئۆزۈمنى قانداق ئەخمەق قىلىدىغانلىقىمۇ مۇھىم بولماي

قالىدۇ. ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىزنى پۇختا قىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزنى جايىدا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. گەرچە بىز دۇنيانىڭ تۆھپىلىرىنى زىممىمىزگە ئارتىلغان يۈك قىلىۋالمىساقمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا ئەستايىدىل ئويلىنىشىدىغان بىر مەسىلە بولىدۇ. مۇبادا بىز رېئاللىققا يۈزلەنمىسەك، بەخت گۈلىمىز ئېچىلالمايدۇ. تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىك كۆپىنچە كۆپىيىپ، باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار تۈگىمەيدۇ.

گۈلدەك ئۆمرىنى زايا قىلىپ، ھاياتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان، قۇلغا ئوخشاش ياشايدىغان ئاشۇ كىشىلەر دېگۈدەكلا ئۆزىنى ئالدايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتتىن گۇمانلىنىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق. ئۇلار ياكى ئەسەبىيلىشىدۇ ياكى غەمكىنلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. ياكى جاھاندىكى ئەڭ تۈتۈرۈقسىز ئۇششاق ئىشلارنى توپلاپ يۈرىدىغان ئەرزىمەس ھېسسىياتتىن تەسىرلىنىپ، قەدىرسىز مىنۇتلارنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەخلەتلەرنى ھاياتلىقتا تاپقان ئەڭ قىممەتلىك گۆھەر سۈپىتىدە «ئالتۇن خەزىنە» گە دۆۋىلەيدۇ.

مەقسەت بىلەن رېئاللىقنى قانداق بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىدە بارلىق مەغلۇبىيەت كېسەللىكلىرىنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەرزىمەس ئىشلارغا باش قاتۇرۇش، ئۆتۈۈقنىڭ زادى قانداق يول بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلانماسلىق ··· يىغىپ ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەغلۇبىيەتتۇر».



ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز يەنىلا ئۆزىمىز. نادانلىق ۋە ھاماقەتلىك بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولىمىز بىلەن بەخت يولىمىزنى توسۇپ قويىدۇ.

- لۇيىس بىستول

# 5 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان 10 چوڭ توسالغۇنى يەڭگىلى بولىدۇ

بىرىنچى تومدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىز ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇنى چۈشەنمەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر «ئۆزىنى چۈشىنىش» ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشلىتىپ كۆرمىگەن. بەزىلەر ئۆزىنى بەكلا يۇقىرى چاغلايدۇ. بەزىلەر ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىدۇ. بەزىلەر كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتمايدۇ، بەزىلەر ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ يۈرۈيدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئۆزىدە بار قابىلىيەتنىمۇ تونۇپ يەتمەيدۇ.

بەزىلەر دائىم رەڭدارلىقى مول، ئالاھىدە خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەسىلەن، كىنودا رول ئېلىش، ناخشا ئېيتىش، يازغۇچى بولۇش ··· ئۇلار پەقەت ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرغاندىلا ھەرقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇلار ئەزەلدىن مۇنداق بىر پاكىتنى ـــ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ساھەدە تەبىئىي تالانتى ياكى ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى تەن ئالمايدۇ. ئۇتۇق قازانغان بولسا ئۆز ئۇتۇقىنىڭ راستتىنلا باشقا ساھەدىكى تالانتىدىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ.

ئەنگلىيىلىك شائىر جون جويىس مۇنداق يازغان ئىدى: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا مەغلۇبىيەت — ئۇتۇقنىڭ يۇقىرى سۇرئەتلىك تاشيولى. چۈنكى بىز بايقىغان ھەربىر خاتالىق بىزنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ھەقىقەتنى ئىزدەشكە ئۈندەيدۇ. ھەر قېتىملىق يېڭى كەچمىش يا ئۇنداق يا مۇنداق خاتالىقلارغا ھەمراھ بولۇپ، بىزنىڭ كېلەر قېتىم ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.»

ئەپسۇس، جويىس كۆپچىلىككە قانداق قىلىپ مەغلۇبىيەتتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمىدى. خاتالاشقان ئادەمنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتتىن يېڭى بىلىمگە ئېرىشىپ بولالمايدۇ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ھامان ئۆزىنى تونۇپ ئىككىنچىلەپ خاتا كېچىككە كىرىشتىن ساقلىنىپ بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل پرىنسىپلارنى ئۇنۇملۇك قوللىنىش ئۈچۈن بىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئادەم كېرەك بولىدۇ.

لۇيىس بىستولنىڭ «مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرمۇش يولى» ناملىق كىتابى كىشىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ چىكاگودىكى داڭلىق ئادەم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. ئۇ كۆپچىلىككە تۇرمۇشتا دائىم كۆرۈلىدىغان بىز بىلىپ - بىلمەي ئۆزىمىزگە پەيدا قىلىدىغان توسالغۇلارنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلار، تۇرمۇشتا بىزگە قايتا - قايتا يولۇقۇپ تۇرىدىغان خاتالىق، تۇرمۇشىمىزغا ئازاب ۋە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. سىز بۇ دەرسنى ئوقۇۋسىڭىز يېڭى بىر ماتېرىيال ئامبىرىغا ئىگە بولىسىز. تەييارلىق قىلىۋېلىڭ! ھازىر ئىككىنچى بۆلەككە — سىزگە ھەقىقىي كېرەكلىك بولغان مەزمۇنغا ئۆتىمىز.

مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى مەدەنىيىتىمىزدىن ئىزدەشكىمۇ، «مۇۋەپپەقىيەت» ۋە «مەغلۇبىيەت» دېگەن ئېنىقلىمىدىن



ئىزدەشكىمۇ، پسىخىك ساپايىمىزدىن ئىزدەشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئەبجەش قاراشلار كۆزلىرىمىزنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. مەغلۇبىيەتلىك ھەرىكەتنى بىر قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بىز ئەۋلىيا ئەمەس، بىزگە پسىخىك تەھلىلنىڭمۇ كېرىكى يوق. رېئال دۇنيا كۆز ئالدىمىزدا پۈتۈنلەي ئاشكارا تۇرۇپتۇ. بىز ئۇنىڭدىن تۇرلۇك رېئاللىقتا نەقمۇ نەق يۈزلىنىمىز. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئون تۈرلۈك ئاساسىي ئامىل بولۇپ، ئۇلارنى تونۇپ يېتىش، بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق بىز مۇۋەپپەقىيەت يولىدا دۇچ كېلىدىغان ھەرقانداق توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالايمىز. بەلكىم بۇ يولدا بىرسى سىزگە ئازراق بولسىمۇ ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن. ئەمما بىز پەقەت ئۆزىمىزگىلا تايىنىپ بۇ نىشانغا يېتىمىز.

بىرىنچى توسالغۇ — ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆتكەن ئىشقا ئېسىلىۋېلىپ باشقىلاردىن قاقشاپ ئاغرىنىپ يۈرۈشتۇر.

بۇ خىل قاقشاش بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە قانداق ئويلىشىدىن ئەنسىرەش ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى ۋە نېمىگە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەنسىرەشمۇ ئوخشىمايدۇ. قاقشاش ئەيىبنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشتۇر. مەن ئافرىقىدا 25 يىل دوختۇرلۇق قىلغان بىر دوختۇرنى تونۇيمەن. ئۇ سېھىرگەرلىك ۋە دوختۇرلۇق ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «بىر ئادەم ئاغرىپ قالسا سېھىرگەر ئۇنىڭدىن ‹مېنى كىم ئاغرىققا دۇچار قىلدى؟› دەپ سوئال قويغۇزىدۇ. دوختۇر ئۇنىڭدىن: ‹مەن نېمىشقا مۇشۇنداق ئاغرىققا دۇچار بولدۇم؟› دەپ سوئال قويغۇزىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئىپتىدائىي تەپەككۇر كىشىنى ئۆز قورقۇنچىسى ۋە مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى باشقا جايدىن ئىزدەشكە، ‹كىم› نىڭ ‹مەن› نى مۇشۇ خىل ئەھۋالغا دۇچار قىلغانلىقىنى

سۇرۇشتۇرۇشكە ئېلىپ بارىدۇ. ‹ئۆزلۈك سەۋەبى› ھەققىدە گۇمانلىنىپ باقسا، ئىپتىدائىي تەپەككۇرمۇ ئۇنى ئادەملەشتۇرگەن بولىدۇ، چوقۇمكى پەردە ئارقىسىدا بىر ‹كىم› بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەرمۇ دائىم ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ياكى مەغلۇبىيىتىنى خۇددى ئۆز كەينىدە بىر مۇئەككەل بەلگىلەپ تۇرىدىغاندەك دائىم تەقدىردىن كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەلگەن. ئىپتىدائىي تەپەككۇردا ئۆزىدىن ئۆزى سورىشى مۇمكىن: ‹ئۇنداقتا مېنىڭ نېمە گۇناھىم، مەسئۇلىيىتىم بولسۇن؟› كاللىسى سەگەك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئۆز - ئۆزىگە: ‹مەن نېمىشقا باشقىچە ئويلىماي مۇنداق ئويلاپ قالدىم، مەن نېمىشقا ئۆزگىچە تۇيغۇ - ھېسسىياتتا بولماي بۇنداق تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتتا بولۇپ قالىمەن؟»

ئەمما ھازىر ناھايىتى ئاز كىشىلا «ئۆزىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بارلىقى»، «ئۆزىنىڭمۇ خاتالىقى بارلىقى» نى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئارىمىزدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بىرەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا ئىپتىدائىي ئادەملەردەك تەپەككۇر قىلىپ ئۆزىنى بەزلەيدۇ. كىچىك بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىچىك بالا ئۆزىنىڭ قىلغان قىلىقلىرىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلگەن ھامان ئۇ تەبىئىيلا ئاچىسى ياكى ئاكىسىغا گۇناھ ئارتىپ: «ماڭا مۇنداق قىلىشنى ئۇ ئۆگەتكەن» دەيدۇ. ھەتتا: «ئۇ قىلغان» دەپمۇ دۆڭگەپ قويىدۇ. ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولمىسا مۇئەللىمدىن قاقشايدۇ. «مۇئەللىم دائىم··· » قىلىدۇ. شوپۇر ماشىنا ۋەقەسىنىڭ يەنە بىر ئەبلەخ تەرىپىدىن تۇغدۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئېرى ئايالىغا: «سەن نېمىشقا دائىم مەن بىلەن زاكونلىشىسەن؟» دەيدۇ. خىزمەتچى خادىملارمۇ: «شىركەت مېنى قەدىرلەپ ئىشلەتمىدى» دەپ قويىدۇ. بىز ئىنسانىيەت چوڭ مېڭىسىنىڭ ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئاۋارىچىلىكى: «قايمۇقۇش»، دائىم قۇلاق تۈۋىدە «زادى



كىم» مېنى مۇشۇ پالاكەتكە يولۇقتۇردى؟ دېگەن خىيالنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتۇر.

مەغلۇبىيەتنىڭ يېرىمى دېگۈدەك قاقشاشتىن كېلىپ چىققان. قاقشاش بىزنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدۇ. بىز مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىشنى ئۆگەنمىدۇق، تەجرىبىسىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆزىمىزگە پايدىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىشنىمۇ بىلمەيمىز. ئەكسىچە، بىز دۈشمەن ھېسابلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس، مۇناسىۋەتسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنى يەرگە ئۇرغان بىلەنمۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىش بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ھەقىقىي دۈشمىنىمىز ئۆزىمىز. ئەگەر بىزدە باتۇرلۇق، ئەقىل - پاراسەت، مەردانىلىك بولسا، بۇ جەڭدە بىز ھەرگىز يېڭىلمەيمىز.

ئىككىنچى توسالغۇ — بىرىنچىسىنىڭ قارشىسى بولۇپ، ئۆزىدىن قاقشاپ زارلىنىپ يۈرۈشتۇر. بىز پۈرسەت بولسىلا قاقشاپ يۈرىمىز: مەن نېمىدېگەن دۆت! مەن نېمىشقا مۇنچىۋالا ئاسان ئالدىنىپ قالىمەن! مەن نېمىشقا دائىم بۇنداق ياتىمەن؟ مەن نېمىشقا دائىم خاتا گەپ قىلىمەن!؟ مەن بەك ئەخمەق!

ئەلۋەتتە بىز ئۆزىمىزنى ھەقىقەتەن دۆت ھېسابلىمايمىز. ئەمما بۇ ئۇسۇلىمىز مەغلۇبىيەتنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، بەلكىم مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى ناھايىتى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم بىز كۆپرەك، ئەستايىدىل ئىزدىنىشىمىز كېرەكتۇ. بەلكىم بۇ بىز خالاپ كەتمەيدىغان بىر ئىشتۇ. مەغلۇبىيەتتىن كېيىنكى چوڭقۇر مەسىلىلەر بىلەن كۈچ سىنىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىز يەڭگىللىك بىلەن ئۆزىمىزدىن قاقشاپلا بولدى قىلىمىز. خۇددى مەغلۇبىيەت ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ، بىز ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپ بولالمايدىغاندەك، ئۇنى ئەركىن قويۇۋېتىمىز. ئەمما شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ زىيانلىق ئۇسۇل.

ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ئۆز ـ ئۆزىدىن ۋاز كېچىش پسىخكىسىنى پەيدا قىلىپ بىزنى كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئەزەلدىن باشقىلارغا ئوخشاش قابىلىيەتلىك ئەمەس دەپ قاراشتۇر. بۇنداق قاراش بىزدە ئاستا ـ ئاستا بىخلىنىپ، ئوچۇق زېھنىمىزنى كونترول قىلىۋالىدۇ. ئابراھام لىنكولىن ھاياتىدا نۇرغۇن قېتىم توسالغۇغا ئۇچرىغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇتۇق قازانغۇچى بولۇپ ئۆتكەن. ئۇ: «مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم سىزنىڭ مەغلۇپ بولۇپ باقمىغانلىقىڭىز ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىڭىزدۇر» دېگەن. ئەگەر سىز ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن پەرۋاسىز يۈرۈۋەرسىڭىز، مەيلى نەگىلا بارماڭ، يەنە مەغلۇپ بولىۋېرىسىز…

گېنېرال دىئىن ئۈچ يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان. بىر مۇخبىر بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇنىڭغا مەدەت بولۇپ كېلىۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى سورىغاندا ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەزەلدىن يالتىيىپ باقمىغان، ئەزەلدىن ئۆزۈمدىن قاقشاپ باقمىغان، بۇ ماڭا تۈرمۈشنىڭ تەمىنى تېتىتتى.» ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغان زەربىسى ھەرقانداق نەرسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىممۇ ئۆزىدىن قاقشاش. ئۆزىدىن قاقشاش — ئۆزىنى كەمسىتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. بەلكىم بىز ئۆزىمىزدىن نارازى بولۇشتىن بارا ـ بارا ئۆز ـ ئۆزىمىزنى كەمسىتىشكە، ئۆز ـ ئۆزىمىزگە پەرۋاسىز قاراشقا ئېغىپ، ئاخىرى ئۆزىمىزنى ۋەيران قىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۆزىدىن ھەددىدىن ئارتۇق نارازى بولۇش ئۆزىگە ئۆچ بولۇپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. مۇبادا كىشى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسىلا ئۆزىگە ئۆچلۈك قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنىڭدا ھامان شۇنداق بىر ھالەتمۇ بولىدۇكى، ئۇ باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى



ئازابلايدۇ.

مەن ئۆزۈمگە «ھەممىسى مېنىڭ خاتالىقىم» دەپ ئاھ ئۇرىدىغان نۇرغۇن ئاياللارنى ئۇچراتتىم. ئەمەلىيەتتە ھەممىسى يولدىشىنىڭ خاتالىقىدىن بولغان ئىشلار ئىكەن. يەنە بەزى ئانىلار: «مەن زادى نېمىنى خاتا قىلغاندىمەن؟» دەپ ياش تۆكۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغىنى بالىسى بولىدۇ. ئوخشاشلا ئۆزىدىن قاقشاش بىزنىڭ تەرەققىيات يولىمىزنى توسۇپ قويۇپ، بۇ توسۇقنىڭ كەينىدە شەخسىي ۋەيرانچىلىق ئېھتىماللىقىمۇ بار. بىز بۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا ئىنتايىن كۆپ ئازابلار ئىچىدە مەھكۇم بولىمىز. نېمە قىلىشنى بىلمەي زېھنىمىزنى ۋە ھاياتىي كۈچىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز.

كىشىلەر سەددىچىن سېپىلىنى 1800 ئىنگلىز مىلى سوزۇلغان، تۇزلەڭلىك ۋە قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخىي ئابىدە دەپ ماختىشىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاجىزلىقى، دۆلەتنىڭ قالاقلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، بۇ تام بىر توسۇق، جۇڭگولۇقلار بۇ توسۇقنىڭ كەينىگە بېكىنىۋېلىپ دۇنيادىن يىراقلاشقان. ئۆزىنى ئەيىبلەش ۋە قاقشاش ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى بىر سېپىل بولسا كېرەك، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر خىشقا ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىش، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، ئۆزىنى كەمسىتىش سىڭىپ كەتكەن. بىزنىڭ «سېپىل» مىز مۇشۇنداق خىش پارچىلىرىدىن قوپۇرۇلغان. ھامىنى بىر كۈنى شۇنى بايقايمىزكى، بىز ئائىلە، دوستلۇق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن ئايرىلىپ، يېگانىلىك پاتقىقىغا پاتىمىز…

ئۈچىنچى توسالغۇ نىشانسىزلىقتۇر. ۋىلىيام مىنىگىر (1966 ـ 1899 ئامېرىكىلىق پسىخولوگ) مۇنداق دەيدۇ: ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشى، قانداق مېڭىشى كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. لەيلەپ يۈرۈپ ياشاش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس.

بەزىلەرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى خۇددى ئائىلىسىنىڭ ئابرۇيى ئۈچۈندەك كۆرۈنىدۇ. بەزىلەرنىڭ خىزمىتى تۇرمۇش يولى ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇقىم ۋە مۇستەقىل قارىشى يوق. ئۇلار خۇددى كىم گېنېرال بولۇپ يېتەكلەپ ماڭسا، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىدىغان، غەنىيمەت ئالىدىغان ئەسكەرگە ئوخشايدۇ. ئۆزىنىڭ قەيەرگە بېرىپ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر مۇھىتتىن ياخشى پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا قانداقلا ئىشقا يولۇقمىسۇن، ئۇلار ئاكتىپلىق بىلەن بۇرۇلۇش ياسىيالايدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ.

ۋىليام شارويا (1908 ـ 1981، ئامېرىكىلىق دراماتورگ، رومانىست) بىزگە بىر «تەرسا» ئوبراز — «ۋىلى» نى يارىتىپ بەردى. ئۇ «ھايات نۇرى» ناملىق درامىدىكى باش رولچى بولۇپ، بىر توپ نىشانسىز كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ۋىلى تاپانچا ئاتىدىغان ئويۇنغا ئەسەبىيلەرچە خۇمار بولۇپ قالىدۇ. پۈتۈن تىياتىردا ۋىلى ماشىنىلار بىلەن كۈچ سىنىشىپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر پەردىدە ۋىلى ئۇتۇپ چىقىدۇ. شۇنداق رەڭدار، داغدۇغىلىق بولىدۇ. ماشىنىدا يەنە ئامېرىكا بايرىقى كۆرۈنىدۇ. ۋىلى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ھاراق ساتقۇچىدىن ئالتە تەڭگە پۇلنى ئېلىۋېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە ئۈنلۈك قىلىپ: «مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن بولىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم» دەيدۇ.

نىشانسىزلىق ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. ئەمما بۇنداق ئاددىي مەقسەتتە بولۇش تېخىمۇ خەتەرلىك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «نىشانسىز» ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. ھەتتا شۇنداق لايغەزەل بولغان ۋىلىنىڭمۇ بىر نىشانى ماشىنىلارنى ئۇتۇپ چىقىش بولغان. ۋىلىنىڭ ھېكايىسى كىشىگە ئۆزىنى



زېمىندىكى بارلىق تۆت پۇتلۇق ھايۋاندىن تېز يۈگۈرەيمەن دەپ ئۈچۈرىدىغان بىر قېرى ئىتنى ئەسلىتىدۇ. ئىت شۇنداق دىگەچ بىر توشقاننى قوغلايدۇ، ئەمما يېتىشەلمەيدۇ. يەنە بىر ئىت ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. قېرى ئىت دولىسىنى قىسىپ قويۇپ: «ئۇنتۇما، توشقان ھايات قېلىش ئۈچۈن شۇنچە تېز يۈگۈرەيدۇ، ئەمما مەن كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن يۈگۈردۈم.» توغرا، بەزىلەر كۆڭۈل ئېچىشنى ئۆز ھاياتىنىڭ مەقسىتى قىلىۋالغان بولۇپ، كۈن بويى قىلىدىغانغا ئىشى يوق. پەقەت ئويۇن ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشنىلا بىلىدۇ. دائىم باشقىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە قۇربان بولغىنى دەل ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. ئاشۇ ئېتىبارسىز، ئەرزىمەس ئىشلاردا ئۆزىنىڭ تالانتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. ئۆز زېھنىي كۈچىنى تۇزغا ئايلاندۇرۇپ، تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر پارچە گۆشنىڭ ئۈستىگە چاچىدۇ. ئاخىرىدا شۇنى بايقايدۇكى، تۇرمۇش ئاللىقاچان مەنىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. بەزىلەرھەتتا مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، ئۆز ئەقلىي قۇۋۋىتىنى ئوق ئاتىدىغان تاپانچىغا ئوخشاش بوشلۇققا ئېتىپ ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇلار يەنە تېخى پات ـ پات ئۆزى ئېرىشكەن قۇرۇق مۇكاپاتلارنى كۆز ـ كۆز قىلىشىدۇ، بازارغا سېلىشىدۇ ··· ئەمما ئۇلار ئەمەلىيەتتە زادى نېمىگە ئېرىشىدۇ؟

يەنە بەزى كىشىلەر ئۆز مەقسىتىنى كەلگۈسىگە ئاتاپ قويىدۇ. خۇددى دىككىنسىنىڭ رومانى «داۋىد كىبوفىر» دىكى ئادەمگە ئوخشاش، بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولمىش بۇ كىشى ھامان ئاكتىپ ۋە خۇشال بولۇپ، چاپىنى تىزدىن ئاشمىسىمۇ دائىملا خۇشال يۈرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر دائىم مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايدۇ. نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىر بولسا بەك يۇقىرى، بىر

بولسا بەك تۆۋەن بولىدۇ. ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان مۇۋاپىق نىشانى يوق. پۇرسەت كەلگەندە، ئۇلار ئىش قىلىشنى خالىمايدۇ. دائىم «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئوڭدىسىغا ياتىدۇ. كاتتا مۇكاپات چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. ئاخىرى كاللىسى قېرىپ، بەدىنى ئاجىزلايدۇ. پۇرسەت كەلگەندە بولسا ئۇلارنىڭ تەييارلىقى پۈتمەيلا، ھەممىسى بىر قۇرۇق خىيال ھالىتىدىلا تۈگەيدۇ.

دىترو «ۋاقىت گېزىتى» دىكى رىچارد ئىۋىنىس مۇنداق دەيدۇ: بىز نېمىنى كۈتۈۋاتىمىز، بۇنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئەمما ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى پەقەت كۈتۈش بىلەنلا ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. ياشلىق باھارى كەتتىمۇ، پۇرسەتمۇ ئاستا ـ ئاستا ئازلاپ بارىدۇ. ھايات قاغجىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە كۈتىدىغان نەرسىمۇ قالمايدۇ. بىز تۇرمۇشنى قاچان ھەقىقىي تۈردە باشلايمىز؟ قاچانمۇ ھاياتنىڭ بىزنى قاتتىق قىستاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالارمىز؟ ئاي ـ يىللار ئۆتسە، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆتمۈشتىكى ئاشۇ گۈزەل چاغلارمۇ ياكى كەلگۈسىدىكى ئۈتۈپىيەمۇ بولالمايدۇ، بەلكى مۇشۇ نەق رېئاللىقنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرسۇن ياكى كىشىگە ئىلھام بەرسۇن، تىت ـ تىت قىلسۇن ياكى غەزەپلەندۈرسۇن، تۇرمۇش دېگەن مانا مۇشۇنداق ئىكەن، بىز يەنە نېمىنى كۈتىمىز؟

بىز يەنە شۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەككى، تۆتىنچى توسالغۇ — خاتا نىشان بەلگىلىۋېلىشتۇر. جۇڭگودا مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر ئادەم دائىم ئالتۇنغا، خەجلەپ بولالمىغۇدەك ناھايىتى كۆپ ئالتۇنغا ئېرىشىشنى ئويلايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى بازاردا كېتىۋېتىپ يول ياقىسىدىكى سودىسى ناھايىتى قىزىپ كەتكەن بىر ئالتۇن دۇكىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئالتۇننى كۆرۈپلا بىر ئوچۇم ئالتۇننى ئېلىپلا قېچىپتۇ.



ئەمەلدارلار ئۇنى تۇتۇپ ئەجەبلەنگىنىچە سوراپتۇ: «سەن كۆپكۆندۈزدە ئوغرىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىپسەن، ئەتراپىڭدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»

«مەن ھېچكىمنى كۆرمىدىم، پەقەت پۇلنىلا كۆردۈم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جىنايەتچى.

پۇل، شۆھرەت، ھوقۇق، ئۇنۋان كاللىمىزغا كىرىۋالسا، بىز ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز قالىمىز.

مەيلى بازاردا بولسۇن ياكى ئائىلىدە بولسۇن، بىز باشقىلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئويلاپ باقمايمىز. ھەتتا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ سەل قارايدۇ. كىشىلەر ئۇتۇق قازاندى دەپ ئېتىراپ قىلغان كىشىلەرمۇ قاتمۇقات مەغلۇبىيەت تۈيغۇسى ئىچىدىن ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزلەپ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى بىرلا نىشانغا مەركەزلەشتۈرەلىگەن، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرىغىچە جاپالىق كۈرەش قىلغان كىشىلەردۇر. نەتىجىدە ئۇلار شۇنى بايقىغانكى، بۇ مەقسەت ئۆز روھى ئىزلەپ يۈرگەن شەربەت بولماستىن، بەلكى روھنى ۋەيران قىلىدىغان زەھەرلىك دورا بولۇپ قالغان.

نېمىدېگەن كۆپ بىچارىلىكلەر! نۇرغۇن يىل جاپالىق تىرىشىپ ئېرىشكىنى تىلغا ئالغۇدەك بەخت بولمىسا ـ ھە! بۇنداق ئەھۋال كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ كەسىپكە تۇتقان ھېسسىياتىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، دوختۇر، ئادۋوكات، دىرېكتور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ، ئۇتۇق ۋە بەخت تۈيغۇسى بېغىشلىيالايدۇ. ئەمما ھازىر كىشىلەرگە روھىيەت، جىسمانىيەت جەھەتتە ھارغىنلىق يەتكەن. ئۇلار 50 ـ 60 ياشلارغا بارغاندا ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئىشنى يېڭىدىن باشلاشنى ئويلايدۇ. باشقا بىر تۇرمۇش شەكلى ئىچىدىن رازىمەنلىك ئىزلەيدۇ. ئەلۋەتتە بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە يېتەرلىك

غەيرەت ـ جاسارىتى بار، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يالغان ئۇتۇقنى بايقاپ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش ئىزلەيدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. ئەمما بىز كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بەختسىز ئۇتۇق ئىچىدىن ئۆزىنى تارتالماسلىقىدىن قورقىمىز.

بىز زايا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، مۇشۇ يولدا مېڭىشىمىز كېرەك، خۇددى تولستوي گرافلىقنى تاشلاپ، يېزىسىغا قايتىپ كەتكەندەك. ئۇ قارىماققا تەلتۆكۈس ئۇتۇققا ئېرىشكەن ئەمەس. كۆپ يىللىق تېڭىرقاش ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈپ، باشقىچە چىقىش يولى ئىزدىمەيدىغان قىلىپ قويغان. چۈنكى بىزدە باشتىن تارتىپلا مەسىلە بولغاچقا، كۆپ يىللىق خاتالىق يەنە خاتا ئايلانمىسىنى كۆپەيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە باشقا چىقىش يولىنى ئىزدىمەيمىز.

كەسىپ ياكى ئائىلىگە بولغان تاللاش بولسۇن، ھەممىسى بىز كۆپچىلىكىمىزنىڭ ياش ۋاقتىدا چىقارغان قارارىدۇر. ئەمما كەسكىن قارار قىلغان ئادەم يېنىكلىك بىلەن باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىتىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. ئەمما ئۇ بەختىنىڭ نېمىلىكىنى تونۇپ يەتكەندە ئاللىقاچان كېچىككەنلىكىنى، ئەمدى پۇرسەت قالمىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا بۇرۇنراق قارار چىقىرىپ، توغرا بىر تاللاشنى بېكىتىش ئۈچۈن كىشى ئۆزىگە قارىتا سەممىي، يۈزمۇ يۈز، كەسكىن بولۇشى كېرەك. ئەمما كۆپچىلىكىمىز باشقىلارنىڭ، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئەتراپىتىكى مۇھىتنىڭ ئۆزىگە چىقىرىپ بەرگەن قارارى بويىچە ھەرىكەت قىلىمىز. ئارقىدىنلا يەنە مۇشۇ سەۋەبتىن ئەپسۇسلىنىمىز. مانا بۇ يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشتۇر.

فىلىپ برۇكس بىر مەشھۇر ئادۋوكات، ئۇ بىزگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:



بىر بالا بار ئىدى، ئۇ ھەر كۈنى مۆگدەپلا يۈرەتتى، قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېچ ئىش قىلمايتتى. بۇنداق خىزمەتنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق بولۇپ، ئۇمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتى. پەقەت ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئەخلاقىي ۋە كەسپىي جەھەتلەردە ئادەم بولسۇن دەپ بۇ ئەنئەنىۋى كەسىپكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. سىز ئۇنىڭدىن زادى نېمە ئىش قىلغۇسى بارلىقىنى سورىسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ياغاچچى ياكى تۆمۈرچى بولۇشقا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

جۇڭگودا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

بىر كۈنى جۋاڭزى پۇفېي دەرياسى بويىدا بېلىق تۇتىدۇ، چۇ بەگلىكىنىڭ شاھزادىسى ئىككى ۋەزىرنى ئەۋەتىپ ئۇنى ۋەزىر بولۇشقا تەكلىپ قالىدۇ. ئەمما جۋاڭزى ئۇلارغا پەرۋا قىلماي، بېلىقنى تۇتۇۋېرىدۇ. ۋەزىرلەر يالۋۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۋاڭزى: «ئاڭلىسام چۇ بەگلىكىدە بىر تاشپاقا بارمىش، بەگ ئۇنىڭ قاسىرىقىنى سويۇپ ئېلىپ، نەزىر ـ چىراغ قاچىسى ئىچىگە قويغانمىش، خۇش ئېيتىڭلارچۇ، بۇ تاشپاقا ئۆلسە كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇشىغا سازاۋەر بولامدۇ ياكى ئۇنىڭ قۇيرۇقى كۆلچەكتە ئەركىن تۇرۇشنى خالامدۇ؟»

«ئەلۋەتتە كۆلچەكتە ئەركىن تۇرۇشنى خالايدۇ.» ئىككى ۋەزىر ئويلانمايلا شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ. «ئۇنداقتا سىلەر تېز قايتماي يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، — دەپتۇ جۋاڭزى، — مەنمۇ قۇيرۇقنىڭ كۆلچەكتە ئەركىن تۇرۇشنى خالايمەن ـ دە!»

بەشىنچى توسالغۇ — ئاساننى قوغلىشىش. تەنتەربىيە مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى ئاكىرۋورد مۇنداق بىر ئىشنى خەۋەر قىلغان. مەملىكەتلىك سېتكا توپ ئاياللار يەككە مۇسابىقە تۇرىدە 16 ياشلىق مورىن كاننۇرىن تۇنىس خارتىنى يەڭگەن.

تۇنىس خارت بولسا ۋىنبورىن سېتكا توپ چېمپىيونى بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى ئەڭ ياخشى رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەمما ئۇن نەچچە ياشلىق كالىفورنىيىلىك بۇ قىزنىڭ رەقىبى بولالمىدى، دەپ باھالاشقان ئىدى. مورىن ئىككى مەيدان مۇسابىقىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. سابىق سېتكا توپ ماھىرى مارى خادرىك خاررى تاماقخانىدا ئۇنى تەبرىكلىگەندە، مورىن ئۇنىڭغا: «مارى، ئەگەر 30 مىنۇت ئىچىدە تەييار بولالىساڭ، مېنىڭ سەن بىلەن مۇسابىقىلەشكۈم بار» دېدى. نەتىجىدە، ئۇلار بىر سائەت ئەتراپىدا مۇسابىقىلەشتى. مورىن يەنە مەملىكەتلىك چېمپىيون بولدى. ۋورد باھالاپ مۇنداق دېگەن: «كالىفورنىيىلىك بۇ قىزنىڭ ھېكايىسى ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك، ئۇ غەلىبىگە ئېرىشكەن تەنتەنىلىك مىنۇتلاردىمۇ: ‹يەنە مۇسابىقىلىشىمەن› دېيەلىدى.»

توك ئېقىمى دائىم قارشىلىق ئەڭ تۆۋەن بولغان ئىنتايىن ئىنچىكە توك سىمىغىمۇ كىرىپ ئاقىدۇ، ئېلېكتىر لامپىسى قارشىلىقتا تايىنىپ نۇر چاچىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ئەڭ ئاسان، ئەڭ يەڭگىل ئۇسۇلنى تاللايدۇ. تېز پۈتكۈزۈشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئاخىرىغا بارغاندا قىلچىلىك يورۇتۇش كۈچى بولمىغان لامپىنى يورۇتقانلىقىنى بىلىدۇ. جاپالىق تىرىشىش ھەققىدە كۆز ئالدىمىزدا نۇرغۇن ياخشى مىساللار ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەدھىيىلەر تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقتە يەنە سۆزلىمىسەكمۇ بولار. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، جاپالىق ئىشلەش ئەزەلدىن كىشىلەرگە خۇشاللىنارلىق راھەت دەپ تونۇلغان ئەمەس، بەلكى مۇشەققەتكە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر. ئەمما ئۇتۇقتا ئېرىشكەندىلا شۇ جاپالىق ئىشلەش كىشىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما جاپا - مۇشەققەت بولمىسا بويسۇندۇرۇش بولمايدۇ، جاپالىق ئىشلەشتىن ئۆتمىگەن بويسۇندۇرۇش ھەقىقىي خۇشاللىق بېرەلمەيدۇ.



قارشىلىق ئېقىمى ئەڭ كىچىك بولغان ئاشۇ بىر توك سىمىنىڭ ئېلېكتىر لامپىسىغا بېرىدىغان نۇرى دائىم ئاسانلىق ئىزدەش بولىدۇ. ئۇ بىزنى دائىم خاتا نىشانغا باشلايدۇ. ئۇتۇق قازانىشمۇ مەمنۇن بولمايدۇ. مەن بىر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرىنى تونۇيمەن. ئۇ خىزمەتتە يامان ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ مۇئەللىم بولغۇسى بار بولۇپ، بۇ ئارزۇ ئۇنىڭغا 15 يىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ماگىستىر ئۇنۋانى ئېلىشى، ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپتىن، تۆۋەن خىزمەت ئورنى، تۆۋەن مائاشتىن باشلاپ نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ پىشقان قەلەم ئىگىسى بولۇپ، ئۆز ساھەسىدە داڭدار ژۇرنالىست بولۇپ چىقالايدۇ، ئۆزىگە مۇناسىپ ۋەزىيەت يارىتالايدۇ. ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلىۋاتىدۇ. يەنە ئۆز ئىشىدىن مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز تاللىشىدىن پۇشايمان قىلغان، شۇڭا ئۇ مەغلۇبىيەتچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇتۇقلۇق بولغان ئاسايىشلىقمۇ بار. بۇلاردىن بىرى كىشىلەر ئومۇمەن ئەگىشىپ كەتكەن سەممىي، تۈز بولغان ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ئېتىبراپ قىلىشنى رەت قىلىشتۇر. ئارىمىزدا بېيىپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر بار، مۇبادا ئۇلار ئەينى چاغلاردا تېخىمۇ ئۇزۇن بولغان مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تاللاپ، ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ساقلاپ قالغان بولسا، بۈگۈنمۇ يەنە ئوخشاش بايلىققا ئېرىشىپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغىمۇ مۇيەسسەر بولاتتى. چەكسىز بەخت تۇيغۇسىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ئەمما ئۇلار ئىنچىكە ھېسابلاشقا، قىسقا مۇددەتلىك پايدىغا ئەھمىيەت بېرىشكە كۆنۈكۈپ كەتكەن. چۈنكى بۇنىڭلىق بىلەن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تېز نەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمما نەپ ۋە قولايلىق ئۈچۈن ئەخلاقنى پۇلغا سۇندۇرۇش قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقنىڭ قىممىتىنى

تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق نامىنى بۇلغايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئۇتۇق ھېسابلاشقا بولارمۇ؟ كۆپىنچە كىشىلەر ھەقىقەت، ئالىيجانابلىق ۋە خۇشاللىقنى بىرگە باغلاپ چۈشىنىدۇ. ئەقىللىق، ھىيلىگەر، ھەتتا ۋاستە تاللىمايدىغان، ئەخلاق ئۇقۇمى بولمىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۇتۇقى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالىي ئەخلاقىي قارىشىغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئاشۇ بەختسىز كىشىلەر شۇنداق ساپ، تەبىئىي بولۇپ، خۇددى ئامېرىكىلىق ئارتىس باناموغا ئوخشايدۇ. 1871 - يىلى ئۇ بىر سېرك ئۆمىكى قۇرغان. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەر مىنۇتتا يېڭى - يېڭى بوۋاقلار تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. ئاشۇ بالىلارغا مەۋسۇملۇق، ئالىي ۋۇجۇد ئاتا قىلغان تەڭرىگە رەھمەت. پەقەت شۇلارنىڭ قەلبىدىنلا بىز بەخت بىلەن بىرلەشكەن ئۇتۇقنىڭ يىمىرىلمىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.»

5 - تۇسالغۇ بىلەن 6 - تۇسالغۇ قارىمۇ قارشى بولۇپ، ئۇزۇن يول مېڭىشتۇر. ئەل ئارىسىدا شۇنداق بىر گەپ بار. ئۆيگە قايتىدىغان يول ئۇزۇن بولسىمۇ، دەقىقىدەك بىلىنىدۇ. ئۆيگە بېرىشقا تېگىشلىك بولغاندا بارىدىغان يول قىسقا بولسىمۇ، ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ. ئۆيگە قايتىشمۇ، مۇھەببەتمۇ، تۇرمۇشمۇ شۇنداق. ئېينىشتېين نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنى چۈشەندۈرگەندە، مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەن: يىگىت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى بىلەن بىرگە بولغاندا، بىر سائەت بىر مىنۇتقا ئوخشاش تېز ئۆتۈپ، يىگىت يالغۇز ئولتۇرغاندا ئاشۇ قىسقا ۋاقىت شۇنچە ئۇزۇن بىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ پسىخىك تەجرىبىسى. بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز نىسبىيلىك نەزەرىيىسى ئەمەس، بەلكى تۆمۈرگە ئوخشاش بىر نەرسە.

«ئىنجىل» نى باھالىغۇچىلار مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇبادا ئىسرائىلىيىلىكلەر پىلىپلارنىڭ زېمىنىدىن ئۆتۈپ بولالمىغان



بولسا، پەقەت 11 كۈن ئىچىدە تەڭرى ئۇلارغا ئاتا قىلىدىغان جەننەتكە ئېرىشەلىگەن بولاتتى. ئەمما تەڭرى ئۇلارنى چۆلدە ناھايىتى ئۇزۇن سەرسان قىلدى. 40 نەچچە يىل يول ماڭغۇزدى. تەڭرى يەھۇدىيلارنى ئۆزىگە ئاسانلىق تېپىشتىن قاچۇردى. مەقسەت تەڭرى بۇنداق جاپالىق يۈرۈش ئادىتى ئارقىلىق بىر قۇل خەلقنى ھۆرۈنلۇقنى تۈگىتىپ، ئۆز - ئۆزىنى تىكلەش، ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىشمەكچى بولغان ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن قىلدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئەمما بىز شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، مىسىردىن ئايرىلغان پۈتۈن بىر ئەۋلاد كىشىلەر چۆلدە ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئۇلار شۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان جەننەتكە يەتمەكچى بولدى. ئەمما ئاخىر ئىش ئۇنداق بولمىدى.

مەن بەزىدە 50 ~ 60 يېشىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ماتەمگە رىياسەتچىلىك قىلىپ قالىمەن. بۇ كىشىلەر شۇنچە ساغلام، تېمەن، قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە ئۆزىنىڭ جاپالىق تاپقان مال - مۈلكىنى نېمىگە سەرپ قىلىشنى، ئۆزىدىكى باشقىلار ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى، ھاياتتىن قانداق لەززەتلىنىشنى ياخشى بىلىشى كېرەك ئىدى. كىم بىلسۇن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا تارتقان جاپالىرىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. ئۇلار ھايات چېغىدا قان - تەر تۆكۈپ، يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغقان، جاپالارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، شەخسىيەتسىز ياشىغان، پۇت - قولى يەرگە تەگمەي ئىشلىگەن. مۇشۇ كىشىلەر بارلىق ئارزۇسىنى كېيىنگە قالدۇرغان. ئەپسۇس، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئالدىدا دۇنيادىن ئايرىلغان. بۇ نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش - ھە! كۆزىنى يۇمۇپ جاپالىق تېپىرلاشنى، مال - دۇنيا تېپىشنى بۇرۇنراق توختىتىپ، قەلب تىۋىشلىرىغا قۇلاق سالغان، ئۆزىنىڭ

كەم بىلىنگەن يەرلىرىنى تولۇقلاشقا ئالدىرىغان بولسا نىمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئەڭ ئۇزۇن يولنىڭ ئۆيگە قايتىدىغان ئەڭ ياخشى يول بولۇشى ناتايىن. قانچە ئۇزۇن چاپسىڭىز، شۇنچە ئۇزۇن چارچايسىز، چاڭ ـ توزان شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئۆيگە قايتىشىڭىز تېخىمۇ ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ.

يەتتىنچى توسالغۇ ـــ كىچىك ئىشلارغا سەل قاراشتۇر. پرېزدېنت ماكىنلى مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. بەلكىم بۇ ھېكايە توقۇلما بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇ ئىنتايىن كىچىك ئەھۋاللارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قېتىم ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىر دىپلومات ئەمەلدارىنى تاللاشتا بەك ئىككىلىنىپ قاپتۇ. ھەر ئىككى دىپلومات ئوخشاشلا ئىقتىدارلىق ئىكەن. شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ، بۇ چاغدا ئۇ توساتتىن بىر ئىشنى ئويلاپ قاپتۇ. بۇنىڭ ئۇنىڭ قارار قىلىشىغا ياردىمى بوپتۇ. قاتتىق يامغۇر ياغقان بىر كېچىسى ئىكەن. پرېزدېنت دوستى بىلەن بىر ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا چىقىپتۇ. ئۇ كەينىدىكى بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بىلەن تەڭ ماشىنىغا چىققان يەنە بىر قېرى ئايال بولۇپ، ئۇ بىر سېۋەت كىيىم كۆتۈرۈۋالغان ئىكەن. ئۇ ئورۇن ئالالمىغان بولغاچقا ئۆرە تۇرالماي بەكلا قىينىلىپ كېتىدۇ. گەرچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بەرمەپتۇ. پرېزدېنتنىڭ بىللە چىققان ياش نامزات ھەمراھى ئۇ ئايالغا بەكلا يېقىن ئولتۇرغان ئىكەن. ئەمما ئۇ قولىدىكى گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرمەي گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئايالغا پىسەنتمۇ قىلماپتۇ. پرېزدېنت ئۆزى بېرىپ ھېلىقى ئايالنى يۆلەپ ئەكېلىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ياش نامزات ئەتراپىدا نېمە ئىشلار يۈزبەرگەنلىكىنى بىلمەيلا قاپتۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىك



قىلىپ قويغانلىقىنىمۇ بىلمەپتۇ. ئۇنىڭ دەل مۇشۇ پەرۋاسىزلىقى ۋە شەخسىيەتچىلىكى يىراق بىر جايغا ئەۋەتىلىشكە سەۋەب بوپتۇ. مانا مۇشۇنداق بىر كىچىك ئىشمۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويغان.

كىچىك ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدىغان ھېكايىلەر بەك كۆپ. مەسىلەن، ئىشىكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قېلىش، ھۆججەتكە ئىمزا قويماسلىق، مەشىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋېتمەسلىك ۋە باشقىلار. ئېدىسون بىر خەتنى خاتا يېزىپ قويغىنى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئەۋەتىلگەن پاتېنت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان. نۇرغۇن چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ مەغلۇبىيىتى «بىر تال ئوق» نىڭ خاتا ئېتىلىپ قالغانلىقى ياكى پەرۋاسىزلىقىدىن بولغان ئەمەسمۇ؟ ئۆزىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك «كىچىك ئىشلارنىڭ مەغلۇبىيەت، غەلىبە ئېلىپ كېلىشى» نى ئاڭلىساق، كۆڭلىمىز بىرقىسما بولۇشى مۇمكىن. بىراق نۇرغۇنلىرىمىز يەنە ئۆزىمىز بىلگەن نەرسىلەرگە پەرۋاسىزلىق قىلىمىز، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايمىز.

بىر يېزىدىكى كونا چېركاۋدا كىشىلەر دۇئا قىلىۋاتاتتى. بىر كىشى خۇداغا مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى خۇدا، مېنى كاتتا قىلغىن، ماڭا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا ئاتا قىلغىن، نامىمنى تەرەپ ـ تەرەپكە تاراتقىن.» بىز مۇشۇنداق چۈش ئىچىگە مەپتۇن بولغان. كىچىك ئىشنىمۇ ئادەم قىلىشى كېرەكقۇ؟ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئادەمگە ھېچقاندا ئىش كىچىك كەلمەيدۇ. پەقەت ئادەم بىلەن خىزمەت تەقسىماتى ئوخشىمايدۇ. قىلىش ئاسان بولغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىمۇ ئادەتتىكىدەك بولىدۇ. ئەمما قىلىشقا تېگىشلىك ھەرقانداق ئىش كىچىك ئىش ئەمەس. فرانسىيىلىك بىر داڭلىق ئاشپەز مۇنداق دېگەن: «قىڭراق بولمىسا مېنىڭ باشقا ئاشپەزلەردىن ھېچقانداق پەرقىم بولمايدۇ.» بۇ سۆز ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان باشقا شاگىرتلارغا قاتتىق ئىلھام

بولغان.

ئىقتىدارلىق باشقۇرغۇچى كىچىك ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر كىچىك ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا، چوڭ ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھېچقانداق كىچىك ئىش مەۋجۇت ئەمەس. ھەرقانداق كىچىك ھالقىلارمۇ ھايات ـ مامات بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئادۋوكاتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىچىككىنە، ئادەتتىكىدەك كۆرۈنگەن خاتالىق ئادەمنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پوپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنسان روھىدا مۇھىم بولمىغان ھېچقانداق بىر نەرسە يوق.

بەزىلەر ئىنچىكە ھالقىلاردىن ھۇزۇرلىنىشنى، كۆڭۈل بۆلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوسكار ھېمىستون تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئەركىنلىك ئايال ئىلاھىنىڭ ھەيكىلىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ھۇزۇرلانغان. ھەيكەلنىڭ باش قىسمى ئىنتايىن ئىنچىكە ئويۇلغان بولۇپ، ئادەمگە مۇقەددەسلىك تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇ يەنە ھەيكەلتىراشنىڭ ھەيكەلنىڭ باش قىسمىغا كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىنى بايقىغان، ھەربىر چاچنىڭ تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئويۇلغانلىقىنى بايقىغان. شۇ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ بۇ ھەيكەلنى بۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىش پۇرسىتى يوق ئىدى، كىممۇ ئايال ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ چېچىغا دىققەت قىلسۇن؟ بىراق ھەيكەلتىراشنىڭ باشقا سەرپ قىلغان ئەمگىكى ئايال ئىلاھنىڭ يۈزى ۋە مەشئەلگە سىڭدۈرگەن ئەمگىكىدىن ئاز ئەمەس ئىدى.

«ئىنجىل» دىكى بىر مەسەل ياخشى دەرس بولالايدۇ. بىر بوۋاي ئۆز خىزمەتچىسىنىڭ ئىنتايىن كىچىك ئىشلارنىمۇ ئەستايىدىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «بۇنداق كىچىك ئىشلارنىمۇ شۇنچە ئەستايىدىل قىلدىڭ، ھەقىقەتەن ياخشى خىزمەتكار



ئىكەنسەن، مەن ساڭا 10 يۈرۈش قورۇنى مۇكاپات قىلىپ بېرەي» دەپتۇ.

سەككىزىنچى توسالغۇ ــ بەل قويۇۋېتىش. يېقىندا مەن بىر ژۇرنالدا «ئۇتۇقنىڭ تېشى» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇپ قالدىم. لافاشىر سولانو ئىسىملىك بىرسى ئىككى ھەمراھى بىلەن ۋېنىسرالا شەھىرىگە ئالماس ئىزدەپ چىقىپتۇ. ئۇ 1942 ـ يىلىدىكى ئىش ئىكەن. ئۇلار بىر ئايدەك ئىزدەپتۇ. ھەر كۈنى تاش تېرىپ، تاش يۇيۇپ، بىرەر تال ئالماس تېپىۋېلىشنى ئويلاپتۇ. كىيىملىرى كونىراپ، يانچۇقلىرى قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. سولانو قاتتىق ئازابلىنىپ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ئۇ دەريا بويىدىكى بىر قۇرۇق تاش تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى خىزمەتكارىغا شۇنداق جاكارلاپتۇ: چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئەمدى ئالماس ئىزدىگەنىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقكەن. بۇ ئۆردەك تۇخۇمىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مەن بۇنىڭدىن دەل 99999 نى يىغدىم. تېخىچە بىرەر ئالماس تاپالمىدۇق. بۇلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ بولدى، ئەمدى مەن ئالماس ئىزدىمەيمەن…

ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن بىر ھەمراھى: «يەنە بىرنى تېپىپ يۈز مىڭ قىلىۋېتەيلى» دەپتۇ.

«بوپتۇ» دەپتۇ ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېڭىشىپ يەردىن بىر چاڭگال كىچىك تاشلارنى ئاپتۇ، ئۇ تاشلارنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تاللاپتۇ. ئۇ تاشنىڭ چوڭلۇقى تۇخۇمچىلىك ئىكەن. «ھە، ئالە، بۇنى ساڭا بېرەي» دەپتۇ، ئۇ «ئەڭ ئاخىرقى بىرسى» دەۋېتىپ ئۇ تاشنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ قايتا بىر قاراپتۇ ـ دە، «ئاھ تەڭرىم، ئالماس» دەپ تاشلاپتۇ. ئۇ نيۇيوركلىق ئۇنچە ـ مەرۋايىت سودىگىرى خاررى ۋىنستون ئۇنىڭ يۈزمىڭىنچى تېشىغا ئىككى يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بېرىپتۇ. بۇ تاش كېيىن «ئەركىنلىك بەرگۈچى» دەپ ئاتالدى. ئۇ ھازىرغىچە دۇنيادا تېپىلغان ئەڭ چوڭ ساپ ئالماس. بەلكىم سولانو باشقىچە

مۇكاپاتقا موھتاج ئەمەس بولغىيتتى، ئۇ پۇلنىڭ مەنىسىدىن ھالقىيدىغان بەختكە ئېرىشتى. ئۇ نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان، پىلان تۈزۈۋالغان بولۇپ، مۇشەققەت بىر نەچچە رەت ئۇنى قورشىۋالغان. بىراق ئۇ ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرغان ۋە ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشكەن. قەدىرلەشكەن ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇزۇل - كېسىل يۈزلىنەلىگەن، ئاسانلىقچە بەل قويۇۋەتمىگەن.

بىر ئوۋچى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنداق بىر سۆزنى قىلغان: «ئوۋچىلىقتىكى يېرىمدىن كۆپرەك مەغلۇبىيەت ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاتقا پۇتلاشقان سالغا ئارغامچىنىسىدۇر.» ئىلىخاروفمۇ مۇشۇنداق دېگەن: «ئادەم مەغلۇب بولمايدۇ، پەقەت تىرىشچانلىقتىن ۋاز كېچىدۇ.» كۆپىنچە خاتالىق يولغا چىققاندىكى خاتالىق ئەمەس، بەلكى يېرىم يولدا توختاپ قېلىش. بۇلار كېيىنكى مەغلۇبىيەت ۋە ئۇتۇقنىڭ پەرقىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بىز ئەمدىلا قەدەم تاشلاپ، ئىلگىرىلەش باسقۇچىدا تۇرغان چېغىمىزدا ۋاز كېچىشنى تاللايمىز. بۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق - ھە! بىز چېكىنگەن چېغىمىزدا يەنە ۋاز كېچىمىز. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىمىز. بىز ئاخىرىغىچە بەل قويۇۋەتمەيدىغان ئىرادىگە موھتاج. بىز مۇۋەپپەقىيەتنى چۈشىنىدىغان ئەقىلگە موھتاج. تەلەيگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەتنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. مەغلۇبىيەتنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەككى، يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

بەزىلەر: «بىز كۆپچىلىك كىشىلەر يولۇقىدىغان ئاۋارىچىلىك شۇكى، تىرىشىشقا تېگىشلىك چاغدا تىرىشىش نىشانىمىزنى باشقا ياققا بۇرۇۋېتىپ قالىمىز.» بۇ سۆزگە نۇرغۇن ئەقلىي مەزمۇن مۇجەسسەملەشكەن.

توققۇزىنچى توسالغۇ —— ئۆتمۈشنىڭ يۈكىدۇر. ئۆزىمىزنى



ئەسلىمىلەر ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىساق، رېئاللىققا مەردانىلارچە يۈزلىنەلمەيمىز. مۇنداق بىر ئىنچىكە تەھلىل ئېسىمدە. ئەسلىمە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا قانچە كونىرىغانسېرى، بىز ئۇنىڭغا شۇنچە يۆلىنىمىز. ھەتتا ئۇ بىزنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىمىزنى ئىگىلىۋالىدۇ. مەيلى خالايلى ياكى خالىمايلى، ئازابلىق ۋە شېرىن ئەسلىمىلەر بىزنى تۇرمۇش قويىنىدىن ئاستا - ئاستا سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

ئۆتمۈشنى ئەسلەش بىزگە ھاياتىي كۈچ ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىسىمۇ، بىراق ئۇ بىزنى ناھايىتى تەبىئىيلا ئازابلىق ئۈمىدسىزلىكلەر ئىچىگە پاتۇرۇپ قويىدۇ. ھەتتا ئۆتمۈشتىكى خۇشال ئەسلىمىلەرمۇ بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى ئېتىپ قويۇشى مۇمكىن. بەزىلەر ئۆز ئۇرۇق - ئەجدادىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن، نام - ئاتىقىدىن پەخىرلىنىپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانىنى يوقىتىپ قويىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆتمۈشتىكى ئۇتۇقىنى ياستۇق قىلىپ يېتىپ، يېڭى ئۇتۇق قازىنىشقا بەل باغلىمايدۇ.

ئەمما، تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئادەمنى غەش قىلىدىغان ئەسلىمىدۇر. ئەسلىمىدىكى ئازاب كىشىنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق كەچۈرمىش ۋاقىتلىق بولسىمۇ، ئازابلىق ئەسلىمە زېمىنىمىزگە ئارتىلغان ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ، بىزنىڭ ئىجادىي روھىمىزنى يوقىتىدۇ.

بىر مەشھۇر پىسخىكا دوختۇرى بىرنەچچە پىسخىك جەھەتتە ئازابلانغان كىشىلەرنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئېيتىپ بېرىدۇ: ساپادا يېتىپ ئۆتمۈشكە چۆكۈش ئورۇندۇقتا يېتىپ رېئاللىققا يۈزلىنىشتىن كۆپ ئاسان. ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا يۈزلىنىش تېخىمۇ مۇشەققەتلىكتۇر. ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرىنىڭ مېڭىمىزنى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇش بىر چوڭ چېكىنىشتۇر. بىر قېرى

ئۈچى ھەقىقىدىكى لەتىپە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئوتلاقتىكى ئىككى ئۈچى بىر شىرغا يولۇقۇپ قاپتۇ. شىر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماستىن ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىر قورقۇنچاق ئۈچى ھەمراھىغا: «سەن ئالدىغا بېرىپ قاراپ باققىن، ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ؟ ··· مەن كەينىمگە بېرىپ قاراپ باقاي، ئۇ نەدىن كەلدىكىن؟» دەپتۇ.

بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ئاشۇ ئۈچىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئەتىكى ئىشنى مۇھىم تېما قىلىۋالىمىز، ئۆتمۈش ئۈچۈن چۈشەندۈرۈپ بولالمايدىغان مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىمىز. بۇنداق قىزىق نۇقتا ھەممىمىزگە ئايان. ئەسلىمە ئىچىدىن تەسەللى ئىزدەش ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇپ قويىدۇ. بىزنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىگە تاشلاپ قويىدۇ.

ئۇلۇغ ئېكسپېدىتسىيىچى داۋىد «تىرىك تاش» ناملىق ئەسىرىدە: «مەن پەقەت ئالدىمغىلا ماڭالايمەن، ھېچقانداق يەرگە بارالمايمەن» دەپ يازغان. بۇ پەقەت بىر غايە بولغاچقا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزىدە ئۆزىمىزنى ياخشى تەڭشىۋېلىش ئۈچۈن كەينىگە بىر - ئىككى قەدەم چېكىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىراق بىزنىڭ بۇ چېكىنىشىمىز ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈندۇر. ھايات تەرەققىيات ئىچىدە بولىدۇ. ئەگەر يېڭى نەرسىدىن قورقسىڭىز، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيسىز. ئۇنداقتا سىز ھاياتنى ئىنكار قىلغان بولىسىز.

ئونىنچى توسالغۇ — ئۆتۈقنى خاتا چۈشىنىشتۇر. ئۆتۈق تۇتقىلى بولمايدىغان ئايال ئىلاھقا ئوخشايدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئۇنىڭغا ئاللىقاچان ئىگە بولۇپ بولغان دەپ ئويلىساق، ئۇ دوملاپلا كېتىپ قالىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ئۆتۈقنى خاتا چۈشەندۈرىدىغان تىراگېدىيىلەر بار، نۇرغۇنلىرىمىز بىر تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا



ئۇچراپ باققان. گەرچە بۇنداق ئۆتۈق بىزنى رازى قىلالمىسىمۇ، بىز قولىقىمىزنى ئىچىگە يوپۇرۇۋېلىپ ئۆزىمىزنى ئۆتۈق قازانغاندەك نىشانغا يەتتۇق دەپ چاغلايمىز. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ بىز يالغان نىقاب تارتىۋالىمىز، ماختاش، مەدھىيىلەشلەرنى قوبۇل قىلىمىز. بەخت بىلەن قول ئېلىشىپ داغدۇغا قىلىمىز. ئوغرىلىقچە ئۆتۈق ئىگىسى بولۇۋالىمىز. ئەڭ چوڭ تۆھپە ئەڭ چوڭ ئۆتۈقنىڭمۇ مەنىسى بولماي قالىدۇ. ئۆز نىشانىمىزنى تاشلىۋەتسەك، ھەقىقىي ئۆتۈققا ئىنتىلىشكە بولغان ئىزچىللىقنى تاشلىۋەتكەن بولىمىز.

ناپولېئون مۇنداق بىر نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ (گەرچە ئۇنىڭغا ياردىمى تەگمىسىمۇ). ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ خەتەرلىك پەيت غەلىبىدىن كېيىنكى چاغدۇر.» ئىنسان قولغا كەلگەن غەلىبىنىڭ داۋاملىششىغا ئىشەنمەك تەس. ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىش كىشىنى مۇغەمبەر قىلىپ قويىدۇ. يېڭى مەسىلە كۆرۈلگەندە بىز تېڭىرقايمىز: «نېمىشقا يەنە ئاۋارىچىلىققا ئۇچرايدىغاندىمەن، مەن ئاللىقاچان ئۆتۈق قازانغان ئەمەسمۇ؟» بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۆتۈق پەقەت توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتە بولىدۇ، ھەرگىزمۇ بوشاپ قېلىشقا بولمايدۇ. غالىبىيەت ئەگەر تېخىمۇ زور ئۆتۈققا ئېرىشىشنىڭ قورالى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىزگە زىنھار پايدىسى بولمايدۇ. تاربلاند مۇنداق دېگەن: «ئادەم قانداق قورال ئىشلەتسە بولىدۇ. بىراق قورالنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرسا بولمايدۇ.» ئۆتۈقمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئەگەر بىز ئىزچىل تىرىشىش ئادىتىنى، روھىنى يوقىتىپ قويساق، ئۆتۈق قازىنىش تەسلىشىپ كېتىپلا قالماي، ئېرىشكەنلىرىمىز دائىم مەغلۇبىيەت بولۇپ چىقىدۇ. بەيگە ئات مەستانىلىرى دائىم داڭلىق ئات «برودۋاي» نىڭ ھېكايىسىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. «برودۋاي»، 1928 - يىلى «ئۇرۇشخۇمار» نىڭ

خوجايىن ئوغلى. خوجايىن بۇ ئاتنى 65 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان. ئەمما «برودۋاي» بەيگىدە بىر قېتىممۇ يېڭىپ چىقمىغان. ئۇنىڭ قەلبى ئەزەلدىن مۇسابىقە مەيدانىدا بولۇپ باقمىغان. بەلكىم ئۇ بەيگىگە چۈشۈشكە ئانچە قىزىقمىغان ياكى سۈت ھارۋىسى سۆرەشنى ياقتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئويلاپ باقمايدۇ. 1930 ـ يىلى «برودۋاي» ئۇتۇش ئۇچۇن بەل باغلىدى. ئۇ چەمبەرمۇ چەمبەرمۇ ئاتلاپ، 900 ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشتى. ئاخىرىدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. بىز شۇ قەدەر تەلۋىمىزكى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇتۇقنىلا ئۇتۇق دەپ ھېسابلايمىز، بولمىسا رازى بولمايمىز. كۆپلىگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىز تېخى يەنە ھەقىقىي ئۇتۇق بىلەن ئەبجەش ئۇتۇقنى پەرقلەندۈرۈپ بولالمىدۇق. بىزنىڭ دائىم ئىزدەيدىغىنىمىز باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشتۇر. بىز كالللىمىزنى سىلكىۋېتىپ ئويلانساق، بۇنداق ئۇتۇق بىز ھەقىقىي بەخت ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق.

بىز ھەقىقىي بەختنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھېچقانداق مەنىسى بولمىغان ئۇتۇق ئۈچۈن بەدەل تۆلەيمىز. تولستوي بىزنى ئويغا سالىدىغان مۇنداق مەسىلىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ 20 ـ ئەسىرگە يېزىلغان ساتىرا بولسا كېرەك. رۇسىيىلىك دېھقان پاكھام ئۆزىنىڭ يەرلىرىنىڭ پومېشچىك تاغىلىرىنىڭ يەرلىرى بىلەن تەڭلىشەلەيدىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ چوقۇم ئۇتۇق قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن، ئاشۇ كۈتكەن مىنۇت ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. ناھايىتى يىراق بىر جايدىن يولغا چىقىپ توختىماي چېپىپتۇ، ئەتىگەندىن كەچكىچە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بولىدىغان بولۇپتۇ. ئۇ باشقا ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، تۇرلۇك خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇپ، كۆپ يىللىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ



نۇقتىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئۇ قاق سەھەردىن تارتىپ چۈشكىچە، ئاندىن قاتتىق ئىسسىق بولۇۋاتقان چىڭقىچۈشتە يەنە مېڭىپتۇ. ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىپ، ئارام ئېلىۋېلىپ يەنە مېڭىپتۇ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغۇچە مېڭىپتۇ. ھېرىپ ـ چارچاپ، تەرلەپ ـ پىشىپتۇ. ئاخىرى مەقسىتىگە يېتىپ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ.

پاكھام مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندە ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ، ئاخىرى دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇ ئالتە چى يەرگە ئېرىشىپتۇ.

مۇۋەپپەقىيەت ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ.

— كېنىسي دې گېرىن

# 6 ـ دەرس

## مۇۋەپپەقىيەت سەپىرىدىكى خىرىسقا قانداق يۈزلىنىش كېرەك

«بىز ئۆزىمىزنى تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي، سەگەك ئۆزلۈك بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۆزىمىزنىڭ خامۇش ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى، جۇلالىرىمىزنىڭ ئۆچكەنلىكىنى، پىلان - لايىھىلىرىمىزنىڭ سۇسلاشقانلىقىنى، زېھنىي قۇدرىتىمىز بىلەن جىسمانىي قۇدرىتىمىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا نامايان قىلىدىغانلىقىنى سېزىمىز» دېگەنىدى ۋىلىيام جامۇس. ئۇ پىسخولوگ ھەم پەيلاسوپ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى دېگىنىگە 50 نەچچە يىل بولىسمۇ، ئەمما بۇ گەپ ھېلىھەم بىزگە ھەيدەكچى بولماقتا. «مىڭ قات ئالۋۇننى پەيدا قىلار بىر تال تاش» دېگەندەك، بۇ گەپ ئادەتتىكىدەك ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن ھايات دولقۇنلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

بىز ئادەتتىكى دەۋردە ياشاۋاتىمىز، بۇ ھەممىگە ئايان. ئىشقىلىپ، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشتا مەدھىيە، تەرىپلەشلەرنى قوبۇل قىلغان ئەزىمەتلەر سەل قارىلىدۇ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئېلىنمايدۇ.

«ئادەتتىكى» كىشىلەر دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. «تولۇق مۇقىم بولۇش» ئۇلارنىڭ غايىسىگە ئايلانغان.



ئۇلار ياشاش، تەرەققىي قىلىش ئارزۇسىنى يوقاتقان. ئەمما بىز ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىمىز، خېيىمخەتەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۈزلىنىشىمىز، ۋۇجۇدىمىزدا ئىشقا سېلىنمىغان 90% يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ دۇنيادىكى ئۆمرىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

دوكتور، پىسخولوگ ئىبراھىم ماسلوف: «ھەربىر ئادەم چېكىنىپ خاتىرجەم، مۇقىم بولۇشنى تاللىسا بولىدۇ. ئەمما ئادەم يەنىلا ئىلگىرىلەشكە، تەرەققىياتقا ئىنتىلىشى كېرەك. مۇبادا ھەر قېتىم تەرەققىيات تاللىنىلسا، بىز ھەر قېتىم غەلىبە قىلىشىمىز مۇمكىن» دېگەنىدى.

سىز ئىلگىرىلەشنى تاللامسىز ياكى چېكىنىشنىمۇ؟ تۆۋەندىكى ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ توغرىدا ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز. ئامېرىكىدىكى شۆھرەتلىك يازغۇچى، ناتىق كېنىسي دې گېرىن يازغان «مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇھىت يارىتىش» دېگەن كىتاب ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، ئادەمنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىدۇ. سىز بۇ كىتابتىكى باش قەھرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىڭىزنىڭكىگە ئوخشاش ئاچچىق كەچۈرمىشلىرىنى كۆرۈۋالالايسىز…

كېۋىن ئويغاندى، ئۇ ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتتى. مۇشۇنداق گەپ بىلەن بايان قىلىشمىغا يول قويغايسىلەر.

ئۇ: جەزمەن مۇشۇ يەر، مەن ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن، بۇ جەننەت بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، بىپايان بوشلۇق، پاك دالا، سۇس تۇمان، خىيالىي دۇنيا. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بىر ماشىنا ئىسكىلاتىدا روي بەرگەندەك قىلاتتى.

— كېۋىن … — دېگەن بىر ئاۋاز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەيدا

بولدى.

كېيۈن قورقۇپ كەتتى ـ دە، بۇرۇلغىنىچە قارىۋېدى، ئارقىسىدا گىرويى، ساقاللىق، ئاق پەرىجە كىيىۋالغان، ھۆججەت خالتىسى ئېلىۋالغان بىر ئادەمنى كۆردى.

ـــ قەيەردىن كېلىشىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى كېيۈن.

ـــ مەن مۇشۇ يەردە ئىشلەيمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئەر.

ـــ سىز بايا بۇ يەردە يوقتىڭىزغۇ!؟

ـــ بىزنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتىمىز ئوخشىمايدۇ.

ـــ مەن قەيەردە، مەن ئۆلۈپ كەتتىممۇ، مەن جەننەتتىممۇ؟

ـــ ياق، سىز ئۆلمىدىڭىز. بۇ جەننەت ئەمەس، ئەمما بۇ ھېساب بېرىش ئورنى. سىز سوئال قويۇپ تەكشۈرۈلىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى قوبۇل قىلىڭ.

ـــ سوئال قويۇپ تەكشۈرۈش؟

ـــ شۇنداق. بۇ يېڭى بىر سىياسەت. خۇددى ماشىنا ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن ماشىنا سودىگىرى خېرىدارلارغا مەسئۇل بولغاندەك، بىزمۇ سىزگە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. تەڭرى ئەڭ ياخشى زاكازلاردىن ھېساب ئېلىش كېرەك، بولمىسا جاجاڭلارنى تارتىسىلەر دېگەنىدى.

ـــ سىلەر ··· سىلەر؟

ـــ ياق، مەن تەڭرى ئەمەس، مەن بىر ئىنژېنېر. مېنىڭ ئىشىم سىزنىڭ قول تۇتىدىغان ئىشلىرىڭىزنى سوراش، ـــ كېيۈن يەنە ئەتراپقا قارىدى ۋە:

ـــ مەن قاچان قايتىپ كېتىمەن، ـــ دەپ سورىدى.

ـــ سىز مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىسىز.

ـــ قانداقلا جاۋاب بەرسەم بولامدۇ؟

ـــ ياق، توغرا جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك، ـــ بۇ گەپ بىلەن كېيۈننىڭ نېرۋىلىرى جىددىيلەشتى، ـــ قاراڭ، بۇ يېڭى بىر



بەلگىلىمە. بىز ھەرقانداق ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

ـــ سىز ··· سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، ـــ دېدى كېيۈن كېكەچلىگىنىچە، ـــ مۇبادا سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەلمىسەم، ئۆ ··· ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟

ـــ شۇنداق، ـــ دېدى ئىنژېنېر، ـــ سىزنىڭ ھېساب بېرىش ۋاقتىڭىز بىكار قىلىنىدۇ. مەڭگۈلۈك دۇنياغا كېتىسىز. كېيۈن ئەمدى مەسىلىگە جاۋاب بېرىش تەييارلىقىڭىز پۈتكەندۇ؟

## سىز باقىي ئالەمگە مەغلۇبىيەت ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەمسىز؟

ئىنژېنېر ھۆججەت خالتىسىغا تەپسىلىي قارىدى.

ـــ كېيۈن ئېيتىڭە، سىزنىڭ پانىي ئالەمگە كېلىشىڭىزدىن مەقسىتىڭىز نېمە؟

ـــ ھە، مەن، مەن ··· سىز ··· قاراڭ ··· ـــ كېيۈن يەنە دۇدۇقلاپ قالدى، ـــ مەن ياخشى خىزمەت قىلسام، ھېچكىمگىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىسەم، ھەممە ئادەم بىلەن ئىناق ـ ئىجىل ئۆتسەم، ھېچكىمنىڭمۇ چىشىغا، زىتىغا تەگمىسەم دەيمەن.

ـــ كېيۈن، سىزنىڭ قانداق ماھارىتىڭىز، تالانتىڭىز بار؟

ـــ ھە، نېمە تالانتىڭىز بار دەمسىز؟ مېنىڭ ھېچقانداق تالانتىم يوق. ھېچقانداق ماھارىتىممۇ يوق ··· مەن ئەستايىدىل ئادەم، ئاساسەن تەمكىنلىك بىلەن ئىش قىلىمەن.

ـــ ياق، خاتا ئېيتىۋاتىسىز! ـــ خىتاب قىلدى ئىنژېنېر، ـــ سىز خاتا جاۋاب بەردىڭىز! ئەجەبا سىزنىڭ تىللا ھەققىدىكى ھېكايە ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟

ـــ ئېسىمدە، ـــ دېدى كېيۈن، ـــ تەڭرى ئۈچ ئادەمگە

ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تىللا ئاتا قىلغان. بىرىنچى ئادەمگە بەش تىللا، ئىككىنچى ئادەمگە ئۈچ تىللا، ئۈچىنچى ئادەمگە بىر تىللا بەرگەن.

— توغرا، — دېدى ئىنژېنېر، — بىر قانچە يىلدىن كېيىن تەڭرى ئۇ ئۈچەيلەننى سىناپ كۆرگەن. بىرىنچى ئادەم بەش تىللا بىلەن سودا قىلىپ، بەش تىللانى ئوبوروت قىلىپ، بىر نەچچە تىللا قىلغان، تەڭرى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولغان. ئىككىنچى ئادەم ئۈچ تىللا بىلەن تېرىقچىلىق قىلغان، ئۇ جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئۈچ تىللانى بىر ھەسسە كۆپەيتكەن. تەڭرى ئۈچىنچى ئادەمدىن سورىۋىدى، ئۇ ئادەم بىر تىللانى يەرگە كۆمۈپ قويغانلىقىنى دېگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم تەڭرىنىڭ ئىناۋىتىنى قەدىرلىمەكچى بولغان. بۇ چاغدا تەڭرى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۇ ئادەمنى: «سەن بەتبەخت، ھورۇن قۇل ئىكەنسەن! مەن بەرگەن سوۋغاتتىن ئوبدان پايدىلانماپسەن!» دەپ قاتتىق تەنقىد قىلغان. كېيىن، سىز بۇ ھېكايىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم، چۈشەندىم.

— ھەي، سىزگە راستىنلا ئامال بولمىدى، كېيىن، مەن سىزگە راستىنلا ئامال قىلالمىدىم.

## ئەجەبا باي ـ باياشات ياشاش خاتامۇ؟

بۇ قاراش نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان قۇدرىتىنى يوقاتمىدى. ئۇ كىشىلەرگە پېقىرلىق، پاكلىق ئېلىپ كېلىدۇ، پاكلىقنى ئىسپاتلايدۇ. بەلكىم بۇ قاراش خاتا بولمىسا كېرەك. ئەمما بىز پېقىرلىق بىلەن نىجات تاپىمىز دېسەك بولمايدۇ.

كىشىلەر باي ـ باياشاتلىق دېگەندىن كۆرە ئىجتىمائىي سەۋەبىيەت، روھىي سەۋەبىيەت دېگىنى تۈزۈك. بۇ پۇل تېپىشنى



خالىمىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مەجبۇرەن تاپقان باھانە ـ سەۋەبى. بىز ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشايمىز. ئەجەبا باي ـ باياشات ياشىساق خاتا بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە خاتا بولمايدۇ. ھارام بايلىقتا ئېرىشمىسەكلا، ھالال بايلىقتا ئېرىشىشىمىزنىڭ ھېچقانداق خاتاسى يوق. مۇھىمى بىزنىڭ پۇلغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە پۇلغا قانداق ئېرىشىش مەسىلىسىدۇر.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پۇل بىزنىڭ باشقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىمىزنى سىنايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇل يىغىش ئالىيجانابلىقتۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز پۇل ئارقىلىق سۆيگەن ئادىمىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز، ئۇلارنى قورساقتىن، كىيىمدىن غەم قىلدۇرمايمىز. ئۇلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ياشىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمىز. شۇنداق ئىكەن، مەرد ـ سېخىيلىقىمىزدىن كىشىلەر تەسىرلىنىدۇ ۋە ئۇنى يۈكسەك پەزىلەت دەپ بىلىدۇ!

## جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن دوزاخ ئازابىنى تارتىش كېرەكمۇ؟

ھەر يەكشەنبە كۈنى خالەيىم قەدىمىي سەلتەنەتلىك مەركىزىي تىياتىرخانىدىكى مامۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. مامۇق ئورۇندۇق ئالتەندەك چاقناپ تۇرغان سەھنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ئۇ ساداقەتمەن ئاڭلارمەنلەرگە كاتتا سالاپىتى بىلەن قارايتتى. كىشىلەرنىڭ قەلب قەسرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىكولىن ئىدى.

نۇرغۇن ئاڭلارمەنلەر ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دەرسى كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزقارىشى يېڭى بولغاچقا ئۇ ئادەمدە ئۆزىنىڭ تەسىراتىدەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. «مۆھتەرەم ئىكولىن» نىڭ قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن

چەكسىز سېھرىي قۇدرىتى ۋە چىنلىق مۇجەسسەملەشكەن: «سىز دوزاخ ئازابىنى تارتمايمۇ جەننەتكە كىرەلەيسىز» دېگەن مەشھۇر سۆزى بىزگە قارىغاندا نامرات - پېقىرلارغا تېخىمۇ ئايدىڭ.

ئەمما ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېرى شۇكى، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھېلىھەم مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەنداسى بىرەر قېتىم بەختسىزلىكنى باشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بىز جەبىر - جاپا چەككەندىلا ئاندىن خىيالىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز، دەپ قارىشىدۇ. بۇنداق كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى ئادەمنى تەڭقىس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىز بىر تەرەپتىن بۇ دۇنياغا كېلىمىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئېھتىياجلىق بولغان جىمى ماھارەت ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق جاپا چېكىش پىسخىكىسى بىزنىڭ ئىقتىدار - قابىلىيىتىمىزنى نامايان قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ.

مۇبادا بىز كىشىلىك دۇنيادا بىرەر نەرسىنى ئىسپاتلىماقچى بولساق، خىرىسقا يۈزلىنىشىمىز، ئەقىل - پاراسىتىمىز بىلەن خىرىسقا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ مەقسىتىمىز جاپا تارتىش، ئۆزىمىزنى قىيناش، بەختسىزلىك ئىچىدە جان تالىشىش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ بەختلىك ياشاش، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى مەڭگۈلۈك بەخت سەھنىسىدە ئورۇندالغان ئىزگۈ نەغمە - ناۋاغا قارىتىشىمىز كېرەك.

## مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىجازىتى

ياشانغان بىر پوپ مۇنداق دېدى:

— تەڭرىدىن كېرەملىك قىلىشنى ئۆتۈنۈش تەڭرىدىن ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈنۈشتىن ياخشى.



ئاددىيلىق قاچان، قەيەردە بولسۇن، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىجازەت بېرىشىگە موھتاج ئەمەس؛ ئەمما مۇنەۋۋەرلىك ھەمىشە كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇشىغا موھتاج بولىدۇ. بۇ ئېتىقادىمىزدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقاندەك، باشقىلار ئېتىراپ قىلمىغاندەك، ئەمما بىز ھېچقانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغاندەك قىلىمىز.

بىز باللىق چاغلىرىمىزدا يۆلىنىۋېلىش، بويسۇنۇش ۋە مادارا قىلىش پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرۈۋالىمىز. مائارىپ خىزمەتچىلىرى بۇنى «ئىجتىمائىي ئېلىشىش» قا يۈرۈش قىلىش دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ چاغدا باللار ئەدەپ ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن، سەپ بولۇپ تۇرۇش، گەپ قىلماسلىق، قالايمىقان مىدىرلىماسلىق، ئىسمىنى چاقىرغاندىلا ئاندىن گەپ قىلىش ۋە باشقىلار. بۇنداق قائىدە - يوسۇنلار مېڭىمىزگە ئىزچىل ئورناپ كەتكەن.

ئەمما بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، دادىللىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا ئاتلىنىشىمىز كېرەك. بەزىلەر ھامان قانداقتۇر بىر خىل تاشقى قۇدرەت بىزنىڭ ئاسارىتىمىزنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز دەپ كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. ئەمما ئۇ قۇرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا بەرسە ئەمەس.

بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى جىمى شەرت - شارائىتقا ئىگە بولساقمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنى ھېلىھەم بۇنىڭغا لايىق ئەمەستەك، بۇ ئىش قولىمىزدىن كەلمەيدىغاندەك سېزىمىز. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلار مەندىن ئىقتىدارلىق دەپ ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە ھېچكىم - ھېچكىمدىن قېلىشمايدۇ، ھېچكىم - ھېچكىمدىن قابىل ئەمەس. باشقىلار پەقەت جاپالىق ئىشلەش، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. مېنىڭ مەۋجۇت بولۇشۇم دەل

بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدا ئېھتىياجلىق بولغان جىمى ئىجازەتتۇر.

بىز ئۆزىمىزنىڭ خىرىس بىلەن تولغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىمىزنى بايقىشىمىز، خىرىس بىلەن ئېلىشىشىمىز، ئەقىل ـ پاراستىمىز بىلەن خىرىسقا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ئەجەبا بىز خىرىس بىلەن خىرىسقا يۈزلىنىش ئىقتىدارىمىزنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى، قەدرىمىزنى ھېس قىلمايمىزمۇ؟ ئەجەبا بۇنداق بىرلىشىش باشتىن ـ ئاخىر بىزنى ئىشەندۇرسە، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز دەل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا زۆرۈر بولغان بىردىنبىر ئىجازەت بولمامدۇ؟ ئەجەبا بۇ كۈچتىنمۇ قۇدرەتلىك كۈچ بارمۇ؟

## تۇرمۇشىڭىزنى كىم تىزگىنلەيدۇ؟

ئىنژېنېر ئارخىپقا بىر قانچە خەت يازغاندىن كېيىن كېۋىنغا قارىدى.

— كېۋىن، — دەپ سورىدى ئۇ، — سىزنىڭ خوجايىنىڭىز كىم؟

كېۋىن بۇ سوئالغا توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلدى.

— ئۆزۈم! — دېدى ئۇ، — مەن ئۆز تۇرمۇشۇمنىڭ خوجايىنى.

ئىنژېنېر ھېلىھەم سولغۇن قىياپەتتە تۇردى. كېۋىننىڭ گېپىنى يا توغرا، يا خاتا دېمىدى. ئۇ ئارخىپقا يەنە بىر نېمىلەرنى يازغاندىن كېيىن بىر ھازاغىچە تۇرۇپ كەتتى. كېۋىن سەل جىددىيلەشتى.

— ئەمما مەن يەنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، — دەپ قوشۇپ



قويدى كېۋىن ۋە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دېمەكچى بولغىنىم، مەن كىچىك چاغلىرىمدا ئاتا ـ ئانام: بالام بۇ سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ ئەمەس، دېگەن ئىدى. مەن بىر قېتىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاتا ـ ئانامغا ئۆزۈمنىڭ زەيتۇن توپ كوماندىسىغا كىرگەنلىكىمنى ۋە A دەرىجىلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىمنى دېدىم، ئەمما بۇ گەپلىرىم ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ياقمىدى. كېيىن ··· باشلىقىم ئالدىراش بىر ئادەم ئىدى. ئۇمۇ «بولدى سۆزلىمە»، دەپ ئېغىزىمنى ئاچۇرمىدى. بۇنى مەندىن كۆرگىلى بولمايتتى. مەن بىر قېتىم يېڭى سېتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدىم، ئۇ بىر يىگىتنى بۇ پىلاننى يۇرگۈزۈپ باق دەپ بۇيرۇدى. ئاھ! مەن ئۆز تۇرمۇشۇمغا ئۆزۈم ئىگە بولدۇم، ئەمما سەل باشقىچىرەك ئەھۋالمۇ بولدى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز بەزى چاغلاردا تورمۇزى يوق ماشىنىغا ئوخشايسىز، بەزىدە ئىش سىز ئويلىغاندەك بولمايدۇ. ئەجەبا بۇ تۇرمۇش ئەمەسمۇ؟ توپ ئوينىغاندا توپ ئويناۋاتقان ئادەممۇ قالايمىقان سوقۇلۇپ كېتىدىغۇ؟ ئادەم پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنىمۇ چايناپ يەيدىغۇ؟ پول سۈرتكەندە پول سۈرتكۈچ ئۇياق ـ بۇياققا پۇلاڭلىتىلىدىغۇ؟

ئىنژېنېر غەزەپتىن سەكرەپ كەتتى ۋە قولىدىكى ھۆججەت خالتىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— خاتا، خاتا! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — سىز قاچانمۇ ئىشىنىڭ يولىنى بىلەرسىز؟ سىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمىغۇدەك! مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمىغۇدەك دەۋاتىمەن! بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىش ئەمەس. سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىڭىز ئىگىلەڭ. كېۋىن، بىلەمسىز، تۇرمۇشىڭىزنى تۇتىدىغان ئادەم ئاتا ـ ئانىڭىز، باشلىقىڭىز ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىز. تۇرمۇشىڭىزنى قانداقتۇر بىرەر تورمۇز ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىزلا تىزگىنلىيەلەيسىز! «توپ ئوينىغاندىمۇ ئادەم قالايمىقان سوقۇلۇپ كېتىدىغۇ، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرمۇ

ئۇۋىلىپ كېتىدىغۇ، پول سۇرتكۇچمۇ ئۇياق - بۇياققا پۇلاڭلىتىلىدىغۇ؟» دېگەن گەپلەرنى قايتا تەگىمەيلى. كېۋىن، توپنى ئۆزىڭىز ئويناڭ، پىچىنە - پىرەنىكنى ئۆزىڭىز يەڭ، ئۆيىڭىزنىڭ پوللىرىنى ئۆزىڭىز سۇرتۇڭ. بۇ تامامەن ئۆزىڭىزگە باغلىق ئىشلار. مەن سىزنى قانداق قىلىشىمنى راستتىنلا بىلمىدىم.

## سىز تۇغۇلۇشىڭىز بىلەنلا باشقىلارنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنامسىز؟

بىز كاللىمىزنى ئىشلىتىمگەچكە، تەقدىرگە بولغان ئىشەنچىمىزدىن ۋاز كېچىمىز ۋە تەقدىرىمىزنى باشقىلارنى تۇتقۇزۇپ قويىمىز.

بىزنىڭ تۇغۇلمىشىمىز بىلەنلا باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە، ھىماتىغا تايىنىدىغانلىقىمىزغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، بىز تۇغۇلۇشىمىز بىلەنلا چوڭ ئېقىمغا قوشۇلۇپ كېتەلمەيمىز. بىز ئەسلىدە تۆھپە قوشۇشىمىز، نەتىجە يارىتىشىمىز، قۇرۇلۇش قىلىشىمىز، ئىجاد ئېتىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئەمما بىز قارىغاي قۇرتىغا ئوخشايمىز. مۇبادا قارىغاي قۇرتى بېشى بىلەن پۇتلىرى پۇلىشىپ، بىر چەمبەر ھاسىل قىلسا، ھەربىر قارىغاي قۇرتى ئالدىدىكى قارىغاي قۇرتىغا ئەگىشىپ ئايلىنىپ چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ، ئۇلار مەڭگۈ توختىمايدۇ. چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېگۈلۈك قويۇپ قويۇلسا، قارىغاي قۇرتى يەنىلا توختىماي بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چەمبەرنى چۆرىدەپ ئاچلىقتىن ئۆلگۈچە ئۆمىلەيدۇ. قارىغاي قۇرتلىرىنىڭ ھېچقانداق تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى يوق. ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇلار قارىغۇلارچە ئەگىشىدۇ، تۇپلىشىپ



ياشايدۇ؛ ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنىڭ پايدىسى يوق، ھەتتا بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

بىز تۇرمۇشنى ئىلكىمىزدە ياخشى تۇتىدىغانلا بولساق تۇرمۇشىمىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. پاپلىيون فرانسىيىلىك بىر جىنايەتچى بولۇپ، ئۇ ئالۋاستى ئارىلىدىكى تۇرمىگە ئۆمۈرلۈك قاماقتا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ، مەن ھامان قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ كەتسەم، چۈشۈمدە قاتتىق سوراق قىلىنغانلىقىمنى كۆرسەم، دەيمەن دېگەنىدى.

— سەن گۇناھكار دەپ ھۆكۈم قىلىندىڭ، — دەپ خىتاب قىلدى سوتچى، — سەن ھاياتىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىڭ، گۇناھىنى تەن ئالامسەن؟

— تەن ئالىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

قاراڭ، پاپلىيوندەك جىنايەتچىمۇ ئىسراپ قىلىۋېتىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن. ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا «ئىسراپ قىلىش» ھاياتنى باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدا ئۆتكۈزۈش دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. مۇبادا بىز قارىغاي قۇرتىدەك چەمبەر ئىچىدە ياشىساق، نەتىجىدە ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويىمىز. شۇڭا بىز بۇنداق ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز، ھاياتىمىزنى مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

بىزدە ئۆز تۇرمۇشىمىزنى ئىلكىمىزدە تۇتۇش ئىقتىدارىمىز بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇنداق بولمايدىكەن، پاپلىيوندەك «ھاياتنى ئىسراپ قىلىۋېتىش گۇناھى» نى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالمايمىز.

## سىز ئادەتتىكىچە بولۇشنى خالامسىز؟

نۇرغۇن ئادەملەر دۇنيانى تاشقى جەھەتتىن ئۆزگەرتمەكچى

بولىدۇ، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزگەرتىش خام خىيالىدا بولىدۇ. ئەنداسى بىزدىن 3000 چاقىرىملىق يىراقتىكى بىر قىسىم دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىغا قارىمايدۇ.

تاشقى جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى «بيۇروكراتلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق بيۇروكراتلىق ئاددىي بولىدۇ. مەسىلە، نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش، نامراتلارغا بىلىم - تېخنىكا ئۆگەتمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىش چارە - ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەي، ئەكسىچە ئىش قىلىدۇ، پۇل - پۇچەك ئىئانە قىلىش — بۇ تاشقى جەھەتتىن ئۆزگەرتىش، ھەل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. ئەمما كۆپ ساندىكى ئادەملەر كەلگۈسى ئۇنۇمىدىن قاراپ، سانائەتلەشكەن ئىجتىمائىي نامراتلىقنى، قاششاقلىقنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئىقتىسادشۇناسلىق دەرسلىكلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ؛ پەقەت ئىچكى جەھەتتە ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا نامرات - پېقىرلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرگىلى، ئاخىر ئۇلارنى بېيىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ. جۇڭگودا: «بىرسى ساڭا بىر تال بېلىق بەرسە بىر كۈن جان باقالايسەن، سەن بېلىقچى بولساڭ بىر ئۆمۈر جان ساقلىيالايسەن» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار.

ئىنسانلار تارىخىدا ئۆتكەن بيۇروكرات ئاددىيلىقنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ھامان كەسكىنلىك بىلەن: مۇبادا «تۇزۇم» توغرا تاللانسا مەيلى شەخسىي ياكى جەمئىيەت بولسۇن دېگۈدەكلا مەنپەئەتلىنىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلار يەنە جىمى نەرسە تەڭ تەقسىم قىلىنىشى كېرەك، دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيانى ئىچكى جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىغا سەل قارايدۇ. ھەربىر شەخسنىڭ «تۇزۇم» گە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى بەرپا قىلىش ئاكتىپچانلىقىغا ئىلھام بېرىش نېگىزلىك مەسىلىنى



ھەل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇتلەق تەڭ تەقسىماتچىلىق نامراتلىق ۋە نادانلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

ئادەم يارىلىشى بىلەنلا ئاددىي يارالمايدۇ. مەسىلەن، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى چەكسىز، مول بولىدۇ. ئادەتتە بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئىش بولمايدۇ. ناپالېئون خېئول ئۆزلۈك ياردەم توغرىسىدىكى «بېيىش ھەققىدە ئويلىنىش» دېگەن كلاسسىك ئەسىرىدە: «بىر ئادەم نېمىنى ئويلىسۇن ياكى نېمىگە ئىشەنسۇن، ئۇ ئويلىغان، ئىشەنگەن نەرسىنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ» دەپ يازغانىدى. مۇبادا تەڭرى بىزنىڭ ئويلىغان، ئىشەنگەن نەرسىلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ئىقتىدار، قۇدرەت ئاتا قىلمىغان بولسا، مول تەسەۋۋۇر قۇدرىتىنىمۇ ئاتا قىلمىغان بولاتتى.

ئەمما «ئاددىي» لىق قارىغاندا ئادەمنى راھەتلەندۈرىدۇ. بىز مۇقىم كىرىمى بار، ھازىرقى ئەھۋالىدىن خاتىرجەم بەزى ئادەملەرنى تونۇيمىز. ئۇلارنىڭ ئادرېسى ئۆزگەرمەيدۇ، قولۇم - قوشنىلىرى مۇقىم بولىدۇ، راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھەر كۈنى ئىسراپچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش ئىقتىدارى بار، بۇ خىل كۈرەش ئاسارىتى ئادەمنى ئەمىن تاپقۇزمايدۇ.

ئۇلۇغ پەيلاسوپ سىلجى: «ئەمىنلىك تۇيغۇسى بار ئادەم ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىشى مۇمكىن، ئەمما بىزارلىق تۇيغۇسى بار ئادەم كېيىن نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېگەنىدى.

## سىز ئۆزىڭىزگە مەسئۇل بولۇشنى خالامسىز؟

ئېرفادىنىڭ EST تەربىيىلەش كۇرسى مەسئۇلىيەتسىز، ئېقىم قوغلىشىدىغان، ئۆزلۈك ياردەمنى دەپ مالىمانچىلىق پەيدا

قىلىدىغانلارنىڭ تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىنتىزامىنى، باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەچكە كىشىلەرنىڭ زور قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن: ئۇلار تاماكا چېكىشكە، مۇھاكىمە قىلىشقا يول قويمايدۇ، ھاجەتخانىغا كىرىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ ۋە باشقىلار. شۇنداق بولسىمۇ كۆپ ساندىكى كۇرسانتلار رازىمەنلىك بىلەن قوشۇلىدۇ. ئىنتىزامچان بولۇش (ئىنتىزامچان بولۇش EST دا «كېلىشىم» دېيىلىدۇ) مۇقەررەر ئىش بولۇپ، ئۇ كۇرسانتلاردا ئۆزلۈك قېچىش خاھىشىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشقا ياردەم بېرىدۇ.

گەپ بەك ئاچچىق بولۇپ كەتسە ئادەمگە توقماق يېگەندەك تۇيۇلىدۇ. كۇرسانتلار ئادىمىيلىكتىن ئاجىزلىقنى سەزگەندە ئىختىيارسىز ھالدا تاماكا چېكىشنى ئويلايدۇ، كىشىلەر بىلەن پاراڭ سېلىشىدۇ ياكى ھاجەتخانىغا كىرىدۇ. ئىشقىلىپ نېمە ئىش قىلسا بولىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىگە يۈزلىنىشكە بولمايدۇ.

ئەمما EST «مەسئۇلىيەت» نى، ھەربىر كۇرسانت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھالال ئىشلەشنى ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا توغرا قاراشنى، ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى، زىنھار خىجىل بولماسلىقنى تەكىتلەيدۇ. قىسقىسى، EST كۇرسانتلارنى ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بىز قەلبىمىزنىڭ تېرەن يەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىش، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەمىشە تۇرمۇشتا زېھنىمىزنى چېچىۋاتىمىز. مەسىلەن، مەن كىم؟ مەن نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىمەن؟ بۇ دەل ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «سىرتقى قىسمىنى ئۆزگەرتىش» ئۇسۇلى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا روي بەرگەن پائالىيەتلەرنى



تىرىشىپ ماسلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى ھەممە يەردە ئەتراپىمىزدىكى ئىشلارنى ئۆزىمىز قول سېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە مۇنداق بىر ھادىسە بولىدۇ. ئۇلار يېقىندا ئۆيىنى بېزىگەن ياكى بىر پەرزەنت كۆرگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە مەن ئۆي بېزىگەن ياكى پەرزەنت كۆرگەن ئەر - خوتۇنلار نىكاھتىن ئاجراشقۇچىلارنىڭ نامزاتىنى دېمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت ئاشۇ بەختسىز ئەر -خوتۇنلار ئۆي بېزەش، پەرزەنت كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىگە بولغان دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ.

كىشىلەر مەسىلە باشقىلاردا كۆرۈلىدۇ، شۇڭا جاۋابىمۇ باشقا يەردە، دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئويلاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قەدىمدە مۇنداق بىر مەسەل بولغانىكەن. بىر كېمىچى ئىككى بازار ئوتتۇرىسىدىكى دەريادا كېمە ھەيدەيدىكەن. بىر كۈنى بازاردىكى بىر ئادەم كېلىپ كېمىچىدىن:

— ئۇ بازاردىكى ئادەملەر قانداقراقتۇ، مەن ئۇ بازارغا كۆچۈپ باراي دېگەنىدىم، — دەپ سوراپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەقىللىق كېمىچىمۇ ئۇ ئادەمدىن ياندۇرۇپ تۇرۇپ:

— سىزچە بۇ بازاردىكى ئادەملەر قانداقتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇبادا بۇ ئادەم بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قىزغىن، ئاق كۆڭۈل، دوستانە دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، كېمىچىمۇ ئۇ يەردىكىلەرمۇ قىزغىن، ئاق كۆڭۈل، دوستانە دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما بۇ ئادەم بۇ بازاردىكى ئادەملەر رەزىل، سولغۇن، رەھىمسىز دېگەن بولسا، كېمىچىمۇ ئۇ بازاردىكى كىشىلەرنى رەزىل، سولغۇن، رەھىمسىز دەپ تەسۋىرلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ مەسەل، بىز باشقىلارغا قانداق قارىساق، ئۆزىمىزگىمۇ شۇنداق قارىشىمىز،

ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

## سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى توسۇپ قالالامسىز؟

ئىنژېنېر سەل بىئارام بولغاندەك بولدى، ئۇ قولىنى ھۆججەت خالتىسىنىڭ بىر چېتىگە ئۇردى ۋە كېۋىنغا قاردى.

— سىز ھازىر قانداقراق قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — كەلگۈسىدە قانداق قىلماقچى؟

كېۋىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇپ، شۈركۈنۈپ كەتتى. نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. قارىغاندا بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق كىرىزىسقا ئۇچرىغاندەك قىلىدۇ. كەمتەر بولاي، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن جەزمەن كەمتەررەك بولاي.

— مەن ئەدەپلىك ئادەم، — دېدى كېۋىن، — مەن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش تىرىشىپ خىزمەت قىلىمەن، ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇنداق خىزمەتلەرنى قىلىش ئىقتىدارىم بار. مەن ئىمكانقەدەر كىشىلەر بىلەن ياخشى ئۆتىمەن. ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ يەنىلا ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن.

ئىنژېنېر ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ھۆججەت خالتىسىنى مۇئەللەقتە پولاڭلاتتى.

— خاتا، خاتا! پۈتۈنلەي خاتا، بىرسىمۇ توغرا ئەمەس! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — كەمتەرلىك ئاددىيلىقتا ۋەكىللىك قىلالماسلىقى مۇمكىن! سىز ئىزچىل تۆردە ئۇنى - بۇنى تەكىتلەيسىز، سىزنىڭ ھېچقانداق ئۇتۇق - نەتىجىڭىز يوق، سىز ئۆزىڭىزنى ئەرزىمەس ئادەم چاغلايسىز، ھېچقانداق ئىش قىلالمىدىم دەپ ئويلايسىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن يازغان تەرتىپ دەل ئاددىيلىقتۇر. ئەمما كەمتەرلىك بۇنداق قۇربان بېرىشكە، ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشكە موھتاج ئەمەس! سىز كەمتەر بولسىڭىز،



ھامان ھەر قانداق ئىشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيسىز. سىز بۇ سەييارىمىزدىكى ۋاقتىڭىزنىڭ قىسقا ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭ. مەيلى سىز كىم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر بۇ دۇنيادا ئۇلارغا ئوخشاش ئۆزىڭىزنى تىكلەش ھوقۇقىڭىز بار. ھەي كېۋىن، سىزدە ھېچقانداق ئۈمىد قالماپتۇ، بەلكىم بۇ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە بولسا كېرەك…

## سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم كېرەك دەپ ئويلامسىز؟

سىز بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىلا ئۆزىڭىزنى چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن.

«مەن پىكاپىنىڭ ئاچقۇچىنى، ھەمىيىنىمنى قەيەردە قويغانلىقىمنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇشۇم مۇمكىن، مەن كالانپاي ئادەم، ئاتام مېنى دۆت دېسە، ئاپام سەن جەزمەن چاتاق تېرىيسەن دەيدۇ. ئايالىم سىز بەك كۆلكىلىك جۇمۇڭ دەيدۇ. مەن مۇشۇنداق ئادەم تۇرسام، قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن؟»

ئەمما سىز نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز؟ سىز مۇۋەپپەقىيەت قازانسىڭىز باشقىلار سىزگە بىر نېمە دېمەيدۇ، باشقىچە قارىمايدۇ، ئۆلچەم كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ، تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ تالانتىغا، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزغا تايىنىسىز. مۇبادا ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزدا ئۇنتۇلغاق خاھىش ياكى باشقا خاھىش بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ھوقۇقىڭىزنى تەسىرگە ئۇچراتمايدۇ. مانا بۇ پۈتكۈل ئۆزلۈكىڭىزنىڭ بىر قىسمى، ۋۇجۇدىڭىزدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئالاھىدىلىك. بەلكىم مەلۇم ۋاقىتتىن قارىغاندا بۇ خاھىشلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينىشى مۇمكىن.

مەسىلەن، ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزدىن تولۇق

پايدىلانماسلىقىمىزدا. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مەسىلىسى «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا لايىق كېلىش - كەلمەسلىك» ياكى «مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىك» مەسىلىسى ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادەمنىڭ تۇغۇلمىشى بىلەنلا بار بولغان هوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر تەلىپى شۇكى، ئاۋۋال ئۆزىڭىز دۇرۇس ئادەم بولۇڭ، سىز يەنىلا سىز. سىز هەر خىل ئۇسۇل ئارقىلىق هەر قايسى تەرەپلەردە ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇڭ هەمدە ئۇنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلىڭ.

سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا لايىق كېلەمدىكەنسىز؟ ئەلۋەتتە لايىق كېلىسىز. سىز هېچقانداق ئادەمدىن قېلىشمايسىز.

## سىز كۆتۈپ تۇرۇۋەرسىڭىز دۇنيا سىزنى ئىزدەپ كېلەرمۇ؟

بىز دېگۈدەكلا ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشىمىز مۇمكىن. ئادەتتە كۆپ كۆرۈلىدىغىنى: مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، هامىنى بىر كۈنى دۇنيا ئىشىكىم ئالدىغا كەلگۈچە داغدام يول ئېچىپ بېرىدۇ، دېگەن ئويدا بولغان بولسا كېرەك. مۇبادا سىز كېلەر قېتىم يەنە چۈشىڭىزدە بىر ئادەم ياكى بىر ئىشنىڭ سىزگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، شۇ زامان چۈشىڭىزدىن ئويغىنىپ، ئۇ ئادەمنى كۆرۈشكە، ئۇ ئىشنى قىلىشقا ئالدىراڭ. بەلكىم دۇنيا راستتىنلا ئىشىكىڭىز ئالدىغا كەلگۈچە داغدام يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما دۇنيا سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بايقىشىمۇ مۇمكىن. بىراق سىز تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندىلا ئاندىن دۇنيا سىزنى بايقىشى مۇمكىن. دۇنيا سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى، كەسپىي ئىشلارنى قىلىشقا تەشنالىقىڭىزنى ۋە



دۇنيانىڭ ئۆزىگە شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ.

بىز «دۇنيا بىزگە ئىللىق نەزىرى بىلەن باقىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت ئاسماندىن چۈشىدۇ» دېگەن قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، مۇۋەپپەقىيەتكە يۈزلىنىشىمىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك دېگەن ئوينى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. سوغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇش كېمىسىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ قۇتقۇزۇش كېمىسىگە قاراپ ئۈزمىگەچكە ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق هالغا چۈشۈپ قالىدۇ. هاياتنى ئامىتىم كەلگۈچە كۈتۈپ تۇراي، دەپ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بەخت - تەلەينى كۈتۈپ تۇرماي، ئۆزىمىزگە تايىنىپ كەلگۈسىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

سىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىز زور بولۇشى، تالانتىڭىز تەڭداشسىز بولۇشى مۇمكىن. سىز يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىز بىلەن تالانتىڭىزنى دۇنياغا نامايان قىلمىسىڭىز بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىز بىلەن تالانتىڭىزدىن پايدىلانمىسىڭىز ئاخىرى ئۇلارنىڭ هېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.

## سىز ئەمدى هەرىكەت قىلماقچىمۇ؟

ئىشنى ئەتە باشلاي دېيىش تولىمۇ ئاسان.

دۇنيادا ئەتە باشلايدىغان ئادەملەر ئازمۇ؟ بەزى ئادەملەر: مەن ئىشنى جەزمەن باشلايمەن، دەيدۇ. ئەتە بولغاندا يەنە ئەتە دەيدۇ. بۇنداق ئەتە نېمىدېگەن كۆپ - هە!

ئەمەلىيەتتە بىز قەيەردە قانداق ئىش قىلايلى، ئىشنى قايسى

چاغدا باشلايلى، ئىشنى بىراقلا مۇكەممەل قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن. بىراقلا مۇكەممەل ئىش قىلىشىمىز ئۈچۈن ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق، تەييار پۇرسەت بولماسلىقى مۇمكىن.

يازغۇچى بازارلىق كىتاب يېزىشتىن ئاۋۋال بازىرى يوق كىتابلارنى يازغان بولۇشى مۇمكىن؛ ناتىق ئاڭلارمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتىن ئاۋۋال نەچچە قېتىم كۈلكىگە قالغان بولۇشى مۇمكىن. پىرىكازچىك زور سوممىلىق توختام تۈزۈشتىن ئاۋۋال نەچچە ئون قېتىم مەغلۇپ بولغان، زەربىگە ئۇچرىغان، رەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

مەيلى سىز كىم بولۇڭ، نېمە ئىش قىلىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىزچىل مۇكەممەل ئادەم بولۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. قىلغان ئىشىڭىزنىڭ ئىزچىل مۇكەممەل بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بىز زىنھار بوشاشماي ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىشىمىز كېرەك. بىر نىشاننى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغانلىقىمىز مۇكەممەل بىر نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىمىز بولىدۇ، بۇ تىرىشماسلىقتىن كۆپ ياخشى بولىدۇ. خۇددى كىشىلەر ھەمىشە: «مەن مۇۋەپپەقىيەت جەريانىدا مەغلۇپ بولۇشقا رازىمەنكى، سىناپ باقماي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى راۋا كۆرمەيمەن» دېگەندەك بولىدۇ.

ئەمدى بىز ھەرىكەتكە كېلىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى ئاچىدىغانلا بولساق، ئەتراپىمىزدىكى تەقرىزچىلەر بىزگە كاشىلا قىلالمايدۇ. ھامان ئاز ساندىكى كىشىلەر باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى تېپىش ئارقىلىق كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، بىز تۇغۇلمىشىمىزدىنلا مۇكەممەل يارالمىغان، شۇڭا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرىمىزنىڭمۇ مۇكەممەل بولۇشى ناتايىن. نەتىجە ـ ئۇتۇق مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ھامان نەتىجە ـ ئۇتۇق بولمىغاندىن



ياخشى.

ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكنى ئىزدەش سالاھىيىتى بار ئادەملەر كۆپ ئەمەس. بىز بىلەن بىللە ئاكۇپ ـ خەندەكلەردە ئۇرۇش قىلغان، خىرىس ۋە مۇشكۈلچىلىك جەريانىدا جەبىر ـ جاپا تارتقان ئادەملەرنىڭلا بىزنى تەنقىدلەش سالاھىيىتى بار. روزۋېلىت: «دۇئېلدا بۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرى بىزنىڭ قوللىرىمىزدەك قانغا بويالغان، چېكە ـ پېشانىلىرىدىن تەر ئاققان، مۇستەھكەم كۈرەش قىلىش نىشانى بار. سولماس جاسارەتكە، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە، شۇنداق بولغاچقىلا ئۇلارنىڭ بىزنى تەنقىدلەش سالاھىيىتى بار» دېگەنىدى.

ئەمدى بىزگە ئېشىپ قالغان ۋاقىت «ھازىر». بىز بۇنى نەقلەشتۇرۇشكە بولىدىغان «پۇل» دېسەك بولىدۇ.

بىز بۈگۈن تىرىشىپ تەڭرى ئاتا قىلغان جىمى بەخت ـ سائادەتتىن ھۇزۇرلىنايلى.

ــ كېۋىن مۇبادا دېگەنلىرىڭىزنىڭ بىرەرسىمۇ جايىدا بولمىسا، ــ دېدى ئىنژېنېر، ــ بەلكىم مەن···

ــ ياق، توختاپ تۇرۇڭ، ــ دېدى كېۋىن، ــ ئالدىرىماڭ!

كېۋىن ئىنژېنېرغا قارىماي، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى.

ــ بىلىمەن، ــ دېدى ئۇ، ــ چۈشەندىم، ئەمەلىيەتتە سەييارىمىز مېنى ئۆگۈنۈشسىزلىقتا ئۇچراتسا مەن جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم مۇمكىن. مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىم ياكى تىرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمدا ھېچقانداق بىر ئادەمدىن ئەپۇ سورىشىم ھاجەت ئەمەس. چۈنكى مېنىڭ جىمى ئىقتىدار ـ قابىلىيىتىمنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتىم ــ مەسئۇلىيىتىم بار. مەن ئەمدى چۈشەندىم! مۇبادا پۇل ھالاللىق بىلەن تېپىلسا، توغرا ئىشلىتىلسە، ياخشى ئىش بولغان بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق يامان

يېرى يوق. ئۆزۈمنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ھوقۇقۇم بارلىقىنى جەبىر ـ جاپا تارتىپ، گۇناھقا لايىق بولۇپ ئىسپاتلاش ھاجەتسىز. مۇبادا يەنە دەيدىغان گەپلەر بولسا مەن تەجرىبىلىرىم ئارقىلىق ئۇ گەپلەرنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىمەن، بەخت ـ سائادەتتىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، روھ بۇلبۇلۇمنى ھايات گۈلىستانىمدا خەندان ئۇرغۇزىمەن.

— مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمدىكى بىردىنبىر ئىجازەت! مەن ھاياتىمنى ئۆز ئىلكىمدە تۇتۇشۇم كېرەك، چۈنكى مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا ئۆزۈمنى تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئىلكىگە تاشلاپ قويغان ئەمەس. زىنھار شۇنداق قىلغان ئەمەس! مەن مۇنەۋۋەرلىكنى ياقتۇرىمەن، ئاددىيلىقتىن بىزارمەن، پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولۇمنى توسمايمەن، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن! مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم كېرەك. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تالانتىمنى ئەڭ زور چەكتە جارى قىلدۇرۇشۇم لازىم. مەن بۇ دۇنيانىڭ ماڭا ئايانچلىق كۆزلىرى بىلەن بېقىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئاۋازىمنى بۇ دۇنياغا ئېلىپ كېلىشىم، ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىشىم كېرەك. مەن ھەر قانچە قۇلايلىق بولسىمۇ كۈتۈپ تۇرمايمەن، ھەر قانچە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان نەتىجە بولسىمۇ پەرۋا قىلماي، ھەرىكىتىمنى باشلايمەن!

ئىنژېنېرنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى ئىنژېنېر، — ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك، كېۋىن. يەنىلا سىزدە ئۈمىد باركەن! سىز كەلگەن يېرىڭىزگە قايتىپ بېرىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرگە تالانتىڭىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇڭ؛ كۈچ ـ



قۇدرىتىڭىزدىن، ئەقىل ـ پاراسىتىڭىزدىن، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇڭ. سىز بۇلارنى ئەمدى بولدى دېگۈچە ئۇچرىغان ئادەملەرگە بېرىڭ. مەن سىزگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، سىز ھەممە نەرسەمنى خورىتىپ تۈگىتىپ بولدۇم، سىز سەزگەن دەملىرىڭىزدە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىسىز...

— كېۋىن، سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز چەكسىز، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىز ئادەتتىن تاشقىرى، تەڭرى ئالدىڭىزدىكى بىردىنبىر توسالغۇنىڭ ئۆز ئاسارىتىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىزنى خالايدۇ.

سىز بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ: سەن ھېچنېمىگە يارىمايسەن، دېگەنلىكىنى ھەمىشە ئاڭلايسىز.

- رىچارد M . دېۋىس

# 7 ـ دەرس

## سىز ئۆزىڭىزگە خىيالىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش پۇرستىنى قانداق بېرىسىز

سىز: مەن يارىمايمەن، دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ گەپنىڭ سىزگە تېپىپ بەرگەن ئاۋارىگەرچىلىكى بارچە دۈشمەننىڭ تېپىپ بەرگەن ئاۋارىگەرچىلىكىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

سىز ھەمىشە شۇنداق دېيىشىڭىز مۇمكىن، شۇنداقمۇ؟ كىچىك چاغلىرىڭىزدا «مەن يارىمايمەن»، «قولۇمدىن ئىش كەلمەيدۇ» دەپ قىلغۇڭىز كەلمىگەن ئىشلاردىن، مەسىلەن، پالەك يېيىش، گال ئاغرىقى دورىسىنى ئىچىش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش دېگەندەك ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

سىز ھېلىھەم شۇنداق قىلامسىز؟ ئۆتكەن بەش ـ ئون يىلدا بۇ گەپنى تەكرارلاپ يۈرۈپ نۇرغۇن غەنىيمەت ۋە پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئەمما كېرەك يوق، بېشىڭىزنى قاشلاش ھاجەتسىز. ھەممىمىزنىڭ خىجالەت بولىدىغان، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ سالغان چاغلىرىمىز بولغان، ئادەتتە بىز بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا تەن ئالىمىز، ئەمما سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۆتمۈشكە ئايلىنىشى لازىم. ئەمەلىيەتتە سىز بۇ دەرسنى



ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى ئالدىنقى دەرستىن بىر ھەقىقەتنى: كۆز ئالدىڭىزدىكى بىردىنبىر چەكلىمىنىڭ ئۆزىڭىزگە سېلىنغان بوي‌ئۇنتۇرۇق ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىۋالغان ئىدىڭىز. بۇ دەرستە ئەمۋاي شىركىتىنىڭ لىدىرى رىچارد دېۋىس ئۆزىنىڭ ئادەمگە ئىلھام بېغىشلايدىغان «ئىشىنىش» ناملىق كىتابى ئارقىلىق سىز بىلەن سىردىشىدۇ.

مۇبادا سىز «مەن يارىمايمەن» دېگەن ئاسارەتتىن قۇتۇلسىڭىز، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يېتەلەيسىز. ئۆزىڭىزنىڭ يارايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنسىڭىزلا قىلالمايدىغان ئىشىڭىز بولمايدۇ، ھەممە ئىشنى قىلالايسىز. ئەمما ئىش شۇنداق ئاددىيمۇ؟ ياق، ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. تۇرمۇشتا ئەرزىگۈدەك نەرسىلەرگە خالىغانچە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. خوش، سىز يارامىلىق ئادەم بولامسىز ياكى يارامسىز ئادەم بولامسىز؟ ئەگەر سىز ئىجتىھات بىلەن تىرىشمىسىڭىز، غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قىلمىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى مەڭگۈ بىلمەيسىز.

ئارىلىق قىسقا بولسا ئوق ئاسان تېگىدۇ، ئەمما بىز تۇرمۇشتا بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرسەك بولمايدۇ. مەن دۇنيا تەۋرەنمەس قۇدرەتنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە ئىشىنىدىغانلىقىغا، بۈيۈك نىشاننى كۆزلەشكەن ئىرادە باغلايدىغانلىقىغا ۋە خىيالىي ئىشەنچكە قەتئىي ئىنتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«مەن يارايمەن» دېگەن بۇ سۆز ئىنتايىن زور قۇدرەتكە ئىگە بولغاچقا، رېئاللىقتا نۇرغۇن ئادەملەر بۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ. كۆپىنچە ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سۆز ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئىش قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە، شۇ ئىشنى جەزمەن قىلالايدۇ. بەزىلەر دۇنيادا ئەقلىدىن ئاداشقان ئادەملەرنى

ھېسابقا ئالمىغاندا روياپقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش بىلەن ھەقىقىي رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ناھايىتى قىسقا دېيىشىدۇ. ئەمما مۇھىمى شۇكى، ئۇ جەزمەن ئۆزىنىڭ يارايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك. ئەمۋاي شىركىتى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، 500 مىڭ يەككە تىجارەتچىسى بار چوڭ شىركەتكە ئايلاندى. كىشىلەر ھەممىشە مەندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمغا ئىلھام بەرگەن كۆز قارىشىمنى سورىشىدۇ. ئۇلار ھامان بەزىلەرنىڭ قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى، ئەمما بەزىلەرنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇشىدۇ. يەنە بەزىلەر خۇددى ياۋ ئۈستىدىن نۇسرەت قازىنىدىغان ئەڭگۈشتەرىم باردەك؛ نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىدا نەتىجە يارىتىپ، بەزىلەرنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىم باردەك، ئىلھاملاندۇرۇش جەھەتتە قانداقتۇر بىر «سىر» لىرىم بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇشىدۇ. مېنىڭ ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرگۈم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغۇدەك ھۈنىرىم يوق. مەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش جەھەتتە كىشىلەردىن كۆپ نەرسە بىلمەيمەن. ئەمما ئۆزگەرمەس بىر ئېتىقادىم بار: سەن پەقەت ئۆزۈڭنىڭ يارايدىغانلىقىڭغا ئىشەنسەڭلا، ئويلىغان ئىشىڭنى روياپقا چىقىرالايسەن، دېگەن ئەقىدىنىڭ قۇلى مەن.

مېنىڭ كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا ئىگىلىك يارىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىغان بىر نىيىتىم بار ئىدى. خۇددى كىشىلەر ھازىر دەۋاتقاندەك بۇ «مېنىڭ ئۇسۇلۇم» ئىدى. مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈشكىمۇ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم، سەيلە - ساياھەت قىلىشقا ياكى گولف توپ مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىدىم، شتاتلىق قانۇن چىقىرىش مەھكىمىسىنىڭ، شتاتلىق پارلامېنتىنىڭ مۇھىم



ئەربابى بولۇشنى تېخىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. توغرا، مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئىشلارنى قوغلاشسام خاتا بولمايتتى، ئۇلار ناھايىتى ياخشى نىشان ئىدى. ئەمما ئۇ چاغلاردا ئۇ ئىشلارنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچى يوق ئىدى. مېنىڭ نىشانىم ئۆز كەسپىمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىدى، يەنە كېلىپ مەن ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىمغا، مەن تۇرغۇزغان نىشان قانداق نىشان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرقى نەتىجىسى شۇ نىشان بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. كىشىلىك پەلسەپىدىكى «مەن يارايمەن» دېگەن بۇ سۆز يالغۇز سودا - سېتىق ئىشلىرىغىلا قارىتىلغان ئەمەس، شۇنداقلا سىياسىي، مائارىپ، دىن، تەنتەربىيە، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرگىلا قارىتىلغانمۇ ئەمەس. بۇ خىل كۆز قاراش مەيلى قانچىلىك كۆپ نەتىجىلەر ئىچىدە بولسۇن، پەقەت ئادەتتىكى بىر پاكىت بولىدۇ، خالاس. مەيلى سىز دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولۇڭ، بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى تېپىڭ، بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرال بولۇڭ ياكى چېرچىلنىڭ ئات بەيگىسىدە ئۇتۇپ چىقىڭ، نىشان، ئىشەنچ ۋە تىرىشىشنىڭ بىرىكىشىنى ئۇلارغا تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

مەن قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتىمنى ئەسلىگەن دەملىرىمدە ئادەم پەقەت ئۆزىگە ئىشەنگەندىلا زور قىممەت ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. مەن ھاياتىمنىڭ كۆپ چاغلىرىنى جى ۋان ئاندېر بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۈم. بىز 1959 - يىلى ئەمۋاي شىركىتىنى قۇردۇق. بىز بۇ شىركەتنى قۇرۇشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتۇق، بۇ چاغدا بىز كىشىلىك ھايات قاراشلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەندۇق، «مەن يارايمەن» دېگەن ئىدىيىۋى ئاساسنى تۇرغۇزۇپ بولغانىدۇق. بۇ ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ھەم ئىلھاملاندۇرىدىغان ئىش ئىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن جى بىلەن

ئىككىمىز يۇرتقا قايتتۇق. بىز كەلگۈسىدە ئاۋىئاتسىيە كەسپىنىڭ قىزىق كەسىپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ھەربىر ئايروپىلان ئىسكىلاتىنىڭ ئايروپىلان بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئايروپىلان ھەيدەشنى - ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتۇق. شۇڭا بىز ئاۋىئاتسىيە كەسپىگە كىرىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدۇق. ئۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ بىر نەچچە يۈز دوللار پۇلىمىز بار ئىدى، بىز كىچىك بىر ئايروپىلاننى ئىجارىگە ئېلىپ، بىر ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى ئاچماقچى بولدۇق. ئەمما ھەر ئىككىلىمىز ئايروپىلان ھەيدەشنى بىلمەيتتۇق. لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، تەجرىبىلىك بىر ئۇچقۇچىنى ئۇچۇش ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز دەرسلىكلىرىمىزنى ئوقۇغۇچىلارغا سېتىشقا باشلىدۇق. بىز ئۇچقۇچىلار كەسپىي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى قارار قىلغان ئىكەنمىز، قىزغىنلىقىمىزنى ھەرقانداق ئىش بوشاشتۇرالمايتتى، ئۇچالماسلىقتەك بۇنداق كىچىككىنە ئىشمۇ ئىرادىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيتتى.

ئەمما بىز يەنە بىر ئاۋارىگەرچىلىككە يولۇقتۇق — ئوقۇغۇچىلار مەكتىپىمىزگە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشقا باشلىغانىدى، ئوقۇتقۇچىمۇ كەلگەنىدى. كىچىك ئايروپورتتىكى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش - چۈشۈش يولى تېخى پۈتمىگەنىدى. ئۇزۇنغا ۋە توغرىسىغا كەتكەن تارام - تارام پاتقاق، توپىلىق يولدىن باشقا يول يوق ئىدى. ئەمما بىزدە شۇئان يېڭى بىر ئەقىل پەيدا بولدى. ئايروپورتنىڭ يېنىدا بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. بىز لەيلىمە پاكلارنى سېتىۋېلىپ لەيلىمە پرىستان ياسىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئايروپىلان سۇ ئۈستىدە ئۇچۇپ، سۇ ئۈستىگە قونىدىغان بولدى.

ئايروپىلاننىڭ ۋاقىتلىق ئۇچۇش - چۈشۈش يولىدا كىچىك



بولسىمۇ بىر ئىشخانىمىز بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغانغا قەدەر ئىشخانا پۈتمىدى. ئىشخانىنىڭ ئېپىنى قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر دېھقاندىن چوڭ بىر قەپەسنى ئارىيەت ئېلىپ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش - چۈشۈش يولىنىڭ بويىغا قويۇپ قويدۇق. قەپەسنى ئاقارتىپ، قەپەسنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىپ قويدۇق ۋە «قۇندۇز ئۇچقۇچىلار مەكتىپى» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكىنى تىكلەپ قويدۇق. بىز بۇرۇن ئاۋىئاتسىيە كەسپىگە كىرىشنى پىلانلىغان ئىدۇق، ئەمدى بولسا كەسپىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىردۇق.

ھېكايىمىزنىڭ ئاخىرىنى سۆزلىسەك، ئىشىمىز ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك، كىرىممۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. بىز كېيىن يەنە ئون نەچچە ئايروپىلان سېتىۋالدۇق. ناھايەت، بىزنىڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىمىز بازاردىكى ئەڭ چوڭ شىركەت بولۇپ قالدى. بىز دەسلەپتىلا ئۆزىمىزنىڭ يارايدىغانلىقىمىزنى، بۇ ئىشنى جەزمەن باشقا ئېلىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى سەزگەچكە، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق. دەسلەپتە بەزى توسالغۇلارغا يولۇقتۇق، مۇبادا بىز پىلانىمىزنى پەرۋاسىزلارچە يولغا قويغان، ئۆزىمىزگە ئىشەنمىسەكەن، بىردەم دېمىمىزنى ئېلىۋالايلى دەپ باھانە كۆرسەتكەن ياكى بۇ ئىشتىن بىراقلا ۋاز كەچكەن بولساق، تۇنجى ئايروپىلاننى مەڭگۈ ئۇچۇرالمىغان، «قۇندۇز ئۇچقۇچىلار مەكتىپى» نى ئاچالمىغان بولاتتۇق.

بۇ ھېكايە بىر مۇھىم مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ: مۇبادا سەن سىناپ كۆرمەيدىكەنسەن ياكى تىرىشمايدىكەنسەن، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن.

دېمەك، ئىش بۇنداق ئاددىي بولغىنى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر بۇ نۇقتىغا سەل قارايدۇ. مۇبادا بىزمۇ ئەينى چاغدا ئاتالمىش «مۇۋاپىق ئانالىز قىلىش» قا قۇلاق سالغان، بىز ئاچقان

ئۇچقۇچىلار مەكتىپىنى «ئۇچار گىلەم» دەپ قارىغان بولساق، ھەرگىز سىناپ كۆرمەيتتۇق. بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىشتىن ۋاز كەچكەن بولاتتۇق. ھازىرغىچە بۇ ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيتتى. بۇ ئىشنى جەزمەن قىلالمايمىز، دەپ يۈرگەن بولاتتۇق. لېكىن بىز تۇتۇش قىلغان ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ يارايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشىمىز بىلەن تەڭ يەنە تىرىشىپ سىناپ كۆردۇق.

بىز كېيىن يەنە يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېقىشنى قارار قىلدۇق. ئەمما بىزنىڭ بۇ كەسپتىنمۇ ھېچقانداق خەۋىرىمىز يوق ئىدى. راستىنى دېسەك، بۇ كەسىپ بىز ئۈچۈن ناتونۇش كەسىپ ئىدى. بىز كالىفورنىيە شتاتىغا باردۇق، بىز ئۇ يەردە ئۆمرىمىزدە تۇنجى قېتىم ماشىنا ئۈستىدىكى تاماقخانىنى كۆردۇق. ئەمما گراند دەرياسى بويىدا ئۇنداق ياخشى نەرسە يوق ئىدى. بىز يۇرتىمىزدىمۇ ئاشۇنداق ئاشخانا ئاچساق بولىدىكەن، دېگەن نىيەتكە كەلدۇق ۋە بۇ ئىشنىمۇ سىناپ باقماقچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز تاختاي بىلەن قۇراشتۇرۇلغان بىر ئۆينى سېتىۋالدۇق، ئۆينىڭ ئىچىگە بىر ئادەم پاتقۇدەك بىر ئاشخانا سالدۇرۇپ، ئىشنىمۇ باشلىۋالدۇق، ئەمما بىز ئىش باشلىغان ئاخشىمى ئېلېكتىر ئېنېرگىيە شىركىتى بىزگە توك تارتىپ بەرمىدى. بۇ ئىش بىزنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، شۇ زامان بىر گېنېراتورنى ئارىيەت ئېلىپ، بۇ پاكار ھەم تار ئۆيگە جايلاشتۇردۇق. خىرە - شىرە توك يورۇقىدا ئىشىمىزنى ئۆز قەرەلىدە باشلىۋالدۇق.

بىز بۇ كىچىك تاماقخانىدا كۆپ پۇل تاپالمىساقمۇ، ئەمما نۇرغۇن كۆڭۈللۈك تەۋەككۇلچىلىك قىلدۇق. جى تاماق ئەتتى، مەن كۇتكۇچىلىك قىلدىم. ئەتىسى بىز ئورنىمىزنى ئالماشتۇردۇق. پۇل تېپىپ جان باقماق ئىشنى قۇرۇق گەپ



سېتىپ يۈرمەي، ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي پۈتۈن نىيىتى بىلەن قىلىشى كېرەك. مۇبادا كۆزىمىز قورققان، تۈرلۈك تۇسالغۇلارنى ئويلىغان، جاپا - مۇشەققەتتىن باش تارتقان بولساق، ئاشخانىمىزنىڭ تىجارىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ھەرگىز بىلمەيتتۇق.

بۇلار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇلار خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى چۈشەندۈرىدۇ! مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئەمەلىي پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ!

سىز سىناپ كۆرمىسىڭىز قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز؟ ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلمىسىڭىز قانداق غەلىبە قىلىسىز؟ قۇرۇق خىيال سۈرمەسلىك، ئالا كۆڭۈللۈك قىلماسلىق، مۆجىزە يارىلىشنى كۈتۈپ تۇرماسلىق ۋە ئۇلارغا ھەرگىز پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. مۇبادا بىز بۇلارغا پۇرسەت بەرسەك تۇرمۇشىمىز نەقەدەر ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ - ھە؟! بۇ خۇددى ئۈچقۇن لاۋۇلداپ جۇلالىنىۋاتقان گۈلخانغا ئايلىنالمىغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. كۆپچىلىككە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا نورمىدىن سىرت كىرىمگە ئېرىشىش، ئۆزىنىڭ سودا - سېتىقىنى قىلىش نەقەدەر ياخشى ئىش - ھە! بۇنداق تۇرمۇشنى قانچىلىغان ئادەملەر خىيال قىلىدۇ - ھە! شۇ ۋەجىدىن ئەمۋاي شىركىتىمىزنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ روناق تاپتى.

يەنە ناھايىتى كۆپ ئوي - خىياللار بار: كىشىلەر خىيال سۈرۈشكە خۇشتار بولىدۇ - يۇ، ئەمما سۈرگەن خىياللىرىنى سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلمايدۇ. «مەن يارىمايمەن» دەپ، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق خىيالىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشتىن قاتتىق قورقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ئوي - خىيال سۇرۇشىدىن باشقا يەنە قىلىدىغان ئىشى بار — كىشىلەر سىناپ كۆرۈشى كېرەك. خوش، سىز قۇرۇق گەپ ساتماي ئىشىڭىزنى باشلاڭ! سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر پارچە نەپىس رەسىمنى سىزالايدىغان - سىزالمايدىغانلىقىڭىزنى، كۆڭۈلدىكىدەك بىر سودىنى قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقىڭىزنى، بىر دانە چاڭ - توزان سۇمۇرگۇچنى ساتالايدىغان - ساتالمايدىغانلىقىڭىزنى، بىر ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشەلەيدىغان - ئېرىشەلمەيدىغانلىقىڭىزنى، سايلامدا ئۇتۇپ چىقالايدىغان - چىقالمايدىغانلىقىڭىزنى، تەسىرلىك بىر مەيدان نۇتۇق سۆزلىيەلەيدىغان - سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىڭىزنى، مۇسابىقىدە ئۇتالايدىغان - ئۇتالمايدىغانلىقىڭىزنى، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدىغان - ئالالمايدىغانلىقىڭىزنى، ياخشى بىر كىتاب يازالايدىغان - يازالمايدىغانلىقىڭىزنى، تورت - پېچىنلەرنى تەملىك پىشۇرالايدىغان - پىشۇرالمايدىغانلىقىڭىزنى، كۆركەم بىر ئىمارەت سالالايدىغان - سالالمايدىغانلىقىڭىزنى قانداق بىلىسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىز سىناپ كۆرۈشىڭىز كېرەك!

جى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئەينى چاغلاردىكى كەچۈرمىشلىرىمىز مۇشۇنداق كىشىلىك هايات پوزىتسىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان. مەن ئاشۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى ئويلىسام، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماي قارىسىغا ئىش قىلغانلىقىمنى هېس قىلىمەن. ئەمما بىز ھەقىقەتەن يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتۇق، جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىمىزغا قاتتىق ئىشىنەتتۇق. بىز «مەن يارايمەن» دېگەن خىيالىي ئالەمدە پەرۋاز قىلاتتۇق، ئادەتتە ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازىناتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزنىڭ يارايدىغان - يارىمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سىناپ كۆرۈڭ.



بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىر كىتاب ئوقۇغانىدۇق. ئاپتور كىتابىدا كارىب دېڭىزىنى ئايلىنىپ چىققانلىقىنى يازغانىدى. كىتابتا دېڭىز قاتنىشىدىكى تۇرلۇك خېيىمخەتەر ناهايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەنىدى. بىز بۇ كىتابنىڭ ئىلھامى بىلەن دېڭىز سەپىرىگە چىقىشقا، خېيىمخەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا تەرەددۇتلەندۇق. بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېرىلىپ، جاپالىق ئىشلىدۇق. ئەمدى دەم ئالايلى دەپ ئويلاپ كونتېكوت شتاتىدىن ئۇزۇنلۇقى 38 چى كېلىدىغان بىر كونا يەلكەنلىك پاراخوت سېتىۋېلىپ، خەتەرلىك دېڭىز سەپىرىگە چىقىش ئۈچۈن تەييارلاندۇق. بىز ئامېرىكىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ فىلورىدا شتاتىغا بېرىپ، ئاندىن كۇبا بىلەن كارىب دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئارال دۆلەتلىرىنىڭ مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلىپ، ئاخىر جەنۇبىي ئامېرىكىغا بارماقچى بولدۇق. بىز قانغۇدەك تاماشا قىلماقچى بولدۇق، ئەمما ھېچقايسىمىز دېڭىز سەپىرى قىلىپ باقمىغاچقا بۇ جەھەتتە تەجرىبىمىز يوق ئىدى. بۇ بىز ئۈچۈن بىر قىيىن مەسىلە ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز مىچىگان شتاتىنىڭ ھېلاندى دېگەن يېرىدىن پاراخوت ھەيدەشنى بىلىدىغان بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلدۇق.

— نېمىدەپ مېنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭغا جەنۇبىي ئامېرىكىغا بارىدىغانلىقىمىزنى دېۋىدىم ئۇ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئەمما بىزنىڭ پاراخوت ھەيدىيەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز بار ئىدى.

بىز پاراخوتنى ئالغاندىن كېيىن بىر قانچە سائەت دەرس ئاڭلاپلا، بىر قولىمىزدا كىتاب، بىر قولىمىزدا پاراخوتنىڭ رولىنى تۇتۇپ يولغا چىقتۇق. ئەمما ئۇزۇن يۈرمەيلا يولدىن ئادىشىپ قالدۇق، يېڭى جېرسى شتاتىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېزىپ

قىلىپ، نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق، ھەتتا دېڭىز قىرغىقىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرمۇ بىزنى تاپالمىدى. ئەسلىدە بىز كېچىدە ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىزدىن خاتا ئۆتۈپ، بىر سازلىققا كېلىپ قاپتىمىز. مۇھاپىزەتچىلەر بىزنى بىر كۈن ئىزدەپ تاپتى. ئۇلار بىزنىڭ بۇنداق تېيىز ھەم تار سۇ ساھىلىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزغا ئىشەنمەيلا قالدى.

— بۇرۇن بۇنچە چوڭ پاراخوت بۇ يەرگە ھەرگىز كېلىپ باققان ئەمەس، — دېدى ئۇلار.

ئۇلار ئارغامچا بىلەن پاراخوتنى سازلىقتىن سۆرەپ دېڭىزغا ئەكىردى.

پاراخوتىمىز بەك كونا بولغاچقا، پات - پاتلا پاراخوت ئىچىگە سۇ كىرىپ كېتەتتى. شۇڭا بىز يول بويى سۇ پومپىسىنى ئىشلىتىپ، ئاخىرى فلورىداغا يېتىپ كەلدۇق. سائەتنى ئەتىگەن سائەت ئۈچكە توغرىلاپ قويدۇق، سائەت جىرىڭلىشى بىلەنلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سۇ پومپىسىنى ئىشلىتەتتۇق. مۇبادا بىز سائەت بەشكىچە ئورنىمىزدىن تۇرمىساق، ئىشلىتىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. بىز ھاۋايىغا كەلگەندىن كېيىن ئەھۋال ياخشىلاندى، ئاۋارىگەرچىلىكمۇ بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە كۇبانىڭ شىمالىي دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ يۈردۇق. ئەمما كەچ كىرىشى بىلەنلا يەلكەنلىك پاراخوت بىردىنلا 1500 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دېڭىزغا چۆكۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا بىزنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا ئون نەچچە دېڭىز مىلىلا قالغانىدى!

كۆزىمىزگە تۇنجى بولۇپ گوللاندىيىنىڭ چوڭ بىر پاراخوتى كۆرۈندى. بىز ئەسلىدە بۇ يەردە ھېكايىمىزنى كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇرساق بولاتتى، چۈنكى جى بىلەن ئىككىمىز گوللاندىيىلىكنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدۇق. ئەمما پاراخوتتىكىلەرنىڭ بىزنى ئېلىپ كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇلار كۇبانىڭ كونا، ۋەيرانە



بىر پاراخوتنىڭ خەتەرگە ئۇچرىغانلىقىنى سىمسىز تېلېگرامما ئارقىلىق تېلېگراما يوللىغاندىن كېيىن يۈرۈپ كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش پاراخوتى يېڭى ئورلېئاندىن كېلىپ بىزنى پاراخوتقا ئېلىپ چىقتى. پاراخوت پوئېرتو - رىكو ئارىلىغا كەلگەندە ئۇلار بىزنى پاراخوتتىن چۈشۈرۈۋەتتى.

خوش، بىز دېڭىز سەپىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆيىمىزگە قايتىپ كەتتۇقمۇ؟

توغرا، بىزنىڭ پوئېرتو - رىكوغا بېرىش پىلانىمىز يوق ئىدى. مىچىگان شتاتىدىكى ئاتا - ئانىمىز: «ھەي، ئۇ ئىككى بالىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى!» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما بىزنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېتىشىمىز خىيالىمىزغىمۇ كەلمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر سوغۇرتا شىركىتىگە پۇلنى ئەۋەتىپ بېرىدىغان جاينىڭ ئادرېسىنى دەپ بېرىپ، سەپىرىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. بىز كارىب دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ھەممە دۆلەتكە باردۇق، ئاخىر پىلانىمىز بويىچە مىچىگان شتاتىغا قايتىپ كەلدۇق.

بىزنىڭ ئۇ قېتىمقى سەپىرىمىز جاھان كۆرۈپ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتەيلى دەپلا قىلغان بىر قېتىملىق سەپەر ئىدى. ئەمما بۇ مېنىڭ ئېتىقادىمنى چىڭىتتى: مەن سودا ساھەسىدە 30 يىل چېنىققان بولسامۇ، ھېچ نەرسە ئېتىقادىمنى تەۋرىتەلمىدى.

نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ خىيال ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب باشقىلارنىڭ سەلبىي پوزىتسىيىسىدىن بولسا كېرەك. ئۇلار دۈشمەن ئەمەس، دوستلار بولۇشى ھەتتا بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇشى مۇمكىن. مۇبادا ئۇلار راستتىنلا دۈشمەن بولسا، كۆپ رول ئوينىيالمايدۇ. چۈنكى بىز «ئۇلارنى

تىنچلاندۇرۇش» ئۇچۇن ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايمىز. ئەمما ئۇلار دوستلىرىمىز بولۇپ قالسا، ھەمىشە «ياق» دېسە، بىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلسە، ئەيىبلىسە، بۇنداق پاسسىپلىق قىزغىن ئوي ـ پىكرىمىزگە سوغۇق سۇ سېپىدۇ.

دوستلار بىزنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ!

بىر ئادەم يېڭى خىزمەتكە ئېرىشكەندە قاتتىق خۇشال بولۇپ، ھارغىن يۈرىكى شوخ سوقىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ، ئۆزىنى جۇشقۇن سېزىدۇ، پۇل تېپىش پۇرسىتىنى كۆرگەندەك بولىدۇ، نۇرغۇن ئىش قىلىدۇ، خىرىسقا يۈزلىنىدۇ، ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مەنزىرىلەرنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەمما ئۇ مەسخىرە، كۈلكىگە قالىدۇ. كىشىلەر ئۇنى: «سەن يارىمايسەن!» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «سېنىڭ قانچىلىك قىيىنچىلىقىڭ بار ئىدى؟» دەپ سوراۋېرىدۇ. يەنە ئۇنىڭغا: «سەن ھازىرقى كۈنۈڭگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياشا» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخى بىرەر ئىشنى سەزمەي تۇرۇپلا قىزغىنلىقى سوۋۇپ كېتىدۇ. خۇددى چېقىلغاندىن قورققاندەك ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، تاياق يېگەن كۈچۈكتەك بېشىنى قاشلايدۇ، بارچە ئىشەنچىسى بەربات بولىدۇ، بىكار تەلەپ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ مەسخىرىلىرى، گۇمانلىرى سىزنىڭ ئەمدىلەتىن قوزغالغان قۇدرىتىڭىزنى يوقىتىدۇ. بۇنداق دوستلارنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن خەتىرى دۈشمەن كەلتۈرگەن خەتەردىن كۆپ بولىدۇ.

ياش ئائىلە ئايالى پوپايكا توقۇش دەرسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ پوپايكا توقۇيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ پوپايكا توقۇشقا ئائىت كىتابتىن بىرنى تېپىپ، زىخ بىلەن يۇڭ يىپ تەييارلاپ، ئاددىي گۈل نۇسخىسىنى توقۇشنى باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلب قەسرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ، ھەر خىل چىرايلىق پەلەي، پوپايكىلارنى كۆرگەندەك بولىدۇ. ئەمما



ئېرى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن: «خوتۇن، توقۇغان بۇ نەرسەڭلار تولىمۇ سەت توقۇلۇپ قاپتۇ، بىر قانچە يىل ئۆگەنسەڭلارمۇ ياخشى توقۇيالماسلىقىڭلار مۇمكىن» دەيدۇ. دېمەك، نۇرغۇن ئادەملەر ئىشنى مۇشۇنداق باشلاپ، يەنە ئىشتىن مۇشۇنداق ۋاز كېچىدۇ. ئېرى كۈلۈپ تۇرۇپ: «سەن ئۆزۈڭنى پوپايكا توقۇيالايمەن دەمسەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس سۆيۈملۈكۈم» دەيدۇ. تېخى ئېرى ئۆيدىن چىقىپ كەتمەستە ئايالى: «سىلىنىڭ دېگەنلىرى يوللۇق» دەيدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ.

شۇنى ئەستە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، تەڭرى ياراتقان بۇ بوستانلىقتا ئاسان ئاڭلىغىلى بولىدىغان گەپ كىشىلەرنىڭ سىزگە: سەن ھېچنېمىگە يارىمايسەن، دېگەن گېپىدۇر. نۇرغۇن ئادەملەر ھامان سىزگە: سەن نېمە ئىش قىل، قانچىلىك تىرىش، يېڭى شەيئىنى قانچىلىك سىناپ كۆر، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي ئاخىر مەغلۇپ بولىسەن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز راستىتىنلا «مەن يارىمايدىكەنمەن» دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز. ئەمما سىز ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ! ئالىي مەكتەپلەردە ھەمىشە دەرستىن قاچىدىغان، ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار سىزنىڭ ئىلمىي ئۇنۋان ئالالمىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. سودىغا ماھىر بولمىغان ئادەملەر سىزنىڭ سودا ـ سېتىق قىلالمايدىغانلىقىڭىزنى ئەڭ ياخشى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتى يوق ئادەملەر مۇسابىقىدە ئۇتالمايدىغانلىقىڭىزغا قايىل قىلدۇرىدۇ. شۇڭا سىز ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ! ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئوي ـ خىيالىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىڭ! سىز ئېرىڭىزنىڭ، دوستلىرىڭىزنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ گېپى بىلەن ئىشەنچىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، كۈن بويى ئۆزىنى تۆشەككە تاشلاپ ياتىدىغان، ھەر كۈنى

ئاخشىمى تېلېۋىزوردىن كۆز ئۈزمەيدىغان ئادەملەرگە تۇرمۇشىڭىز توغرىلىق گەپ قىلىشقا پۇرسەت بەرمەڭ. مۇبادا كۆڭۈل ئالىمىڭىزدە خىيال گۈلخانلىرى جۇلالانسا تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىڭ. كىشىلەر جۇلالىنىۋاتقان بۇ يالقۇننى ئۆچۈرۈۋەتمىسۇن!

ئاتام ئادەمنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. مەن كىچىك چاغلاردا: «مەن ھېچنېمىگە يارىمايمەن!» دېسەم، ئاتام: «مەن يارىمايمەن» دەيتتى. ئۇ ئەزەلدىن مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن: «مەن يارىمايمەن» دېگەن گەپنى ئىككىنچى تىلغا ئالمايدىغان بولدۇم.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ يارايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ راستىنلا يارايدىغانلىقىڭىزنى بايقاڭ! سىناپ كۆرۈڭ! شۇنداق قىلسىڭىز، نۇرغۇن كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلارنىڭ ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقايسىز.



بەلكىم سىز مۇكەممەل بولمىغان بىر دۇنيادا ياشاۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما دۇنيا سىزگە تامامەن ئىشىكنى تاقىۋالمايدۇ.

— دوكتور ماسكېۋېل مارتىس

# 8 ـ دەرس

## سىز پۇرسەتنى قانداق تۇتىسىز

ئارىمىزدا نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرمىگەن كىم بار؟ ئىقتىدارى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئادەملەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەجەبا سىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان چاغلاردا كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا پۇرسەتنى ئېنىق كۆرەلمىگەنىدىم دەپ قارامسىز ياكى پۇرسەتنى ئېنىق كۆرگەن بولساممۇ، ئەمما ئۇنى تۇتۇۋالغۇدەك قۇدرىتىم يوق ئىدى، دەپ قارامسىز؟ سىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسىڭىز ئەھۋالنىڭ سەل ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقايسىز، شۇنداقمۇ؟ پاكىت شۇكى، سىز چۈشەمەكچى بولغان ئايروپىلان ئۇچۇش يولىدىن كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما سىز ھېلىھەم ئايروپىلان كۈتۈش ئېغىزىدا ھاڭۋېقىپ تۇرغان گەپ! ئەھۋال خۇددى جورجى ئېلىلوتنىڭ: «ھايات دەرياسىدىكى پارلاق چاغلار يېنىمىزدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغىنى شېغىل بىلەن قۇم بولىدۇ؛ پەرىشتىلەرمۇ زېمىنىمىزغا چۈشۈپ بىزنى زىيارەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن ئېسىمىز ئەسلىگە كېلىدۇ» دەپ يازغىنىدەك بولىدۇ.

ئەمدى سىز ئۆگىنىش ھاياتىڭىزدا ئۆگىنىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئەمەس، بەلكى ئۆگىنىشكە قانداق تەييارلىق قىلىشنى، پۇرسەتنى ئەڭ زور چەك بىلەن تۇتۇشنى ياكى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە پۇرسەت يارىتىشنى تەمكىنلىك بىلەن ئويلىنىڭ. سىز پەقەت ئۆزىڭىزگە ئىشەنسىڭىز، ئاكتۇئال پىسخىك ھالەتنى ساقلىسىڭىز، پۇرسەت سىزنى جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت ئۈستىدە توختالغاندا دوختۇر ماسكېۋېل مارتىستەك دەرىجىگە يېتىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئۇنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى، يازغان ماقالىلىرىنىڭ تەسىر كۈچى ئۇنىڭ پۈتكۈل تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيە جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئۇنىڭ لاتاپەتلىك، تەملىك خىسلىتى «ئۆزلۈك ئوبرازى» دىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ، چىگىش تېمىنى جانلىق، قىزىقارلىق تېمىغا ئايلاندۇرغان، كىشىلەرنى تۇرمۇشتا ئىپتىخار ۋە شادلىققا تولغان دەملەر بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرگەن.

بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ «ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىزدەش» دېگەن كىتابىدىكى بەش سىردىن ئورتاق بەھرىمەن بولايلى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ھەر قانداق پۇرسەتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرايلى.

پۇرسەت دېگەن نېمە؟ ئۇ ئىشىكىمىزنى قاچان چېكىدۇ؟

مۇبادا سىز پۇرسەتنى ئىشىكىمنى چېكىدۇ دەپ بىر ئۆمۈر كۈتسىڭىزمۇ، ئۇ ئىشىكىڭىزنى چەكمەيدۇ. چۈنكى سىز دەل پۇرسەتنىڭ ئۆزى، سىز ئۆزىڭىزنى تەقدىر دەرۋازىسىغا باشلاپ بېرىپ، تەقدىر دەرۋازىسىنى چېكىڭ؛ ياخشى تەييارلىق قىلىپ، پۇرسەتنى تۇتۇڭ، خاسلىقىڭىزنى يېتىلدۈرۈپ، جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇڭ؛ ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزنى يارىتىپ، تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچىڭىز بىلەن توختاۋسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان «ئىززەت -



غۇرۇرىڭىز» غا ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەڭ.

پۇرسەتنىڭ قاپلاش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. بەزىلەر پۇرسەتنىڭ تەبىرىنى پەقەت بايلىق جەھەتتىلا چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتىكى پۇرسەت بايلىق جەھەتتىكى پۇرسەتتىن كۆپ بولىدۇ. بەلكىم پۇرسەت ئادەمنى پاسسىپ ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ئازاد قىلىشى، ئادەمگە بېسىم ئاستىدىمۇ نورمال ياشاش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى، ئادەمنى قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىككە، شەخسىيەتچىلىككە، ئەسەبىيلىككە ئېلىپ بېرىشى، سىزنى «ئارخېئولوگ» قا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن. سىز ئارخېئولوگ بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن جىددىيچىلىك ئىچىدە زىددىيەت بىلەن تولغان خارابىلەرنى توختىماي قېزىپ، ئۆزىڭىزنىڭ «ئوبرازى» نى قايتا يورۇقلۇققا چىقىرىسىز. شۇنداق بولغاندا ھامىنى بىر كۈنى ئىچكى دۇنيارىڭىز تىنچلىنىپ تەسكىن تېپىپ، ئۆزگىرىشچان سان - سىپىرلار بىلەن تولغان، مۇقىم بولمىغان، ئاۋارىگەرچىلىكلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بۇ دۇنيادىن غەم يەپ يۈرمەيسىز.

مۇبادا سىز پۇرسەتكە نائىل بولالىسىڭىز، ئۇ سىزگە ئىلھام بېرىدۇ، پائال نىشانىنى تېپىشىڭىز ئۈچۈن قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. بىز ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزىمىزنى تونۇش، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشىنىش، ئەقىل - پاراسىتىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. شۇڭا بىز پۇرسەتنى ئىگىلىشىمىز، تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئىدىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىپ، مول تەسەۋۋۇر كۈچىمىز بىلەن تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە ئۆرلەپ، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ھېسسىيات گۈلخانىنى يالقۇنجىتىپ، بەخت - ئىقبال نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىشىمىز كېرەك.

— سىز پۇرسەت يارىتىڭ. ئىقتىدارىڭىزنى يېتىلدۈرۈپ، پۇرسەتنى تۇتۇڭ؛ كىرىزىسنى پۇرسەتكە، مەغلۇبىيەتنى

مۇۋەپپەقىيەتكە، غەم - ئەندىشىنى ئۆزلۈكنى تىكلەشكە ئايلاندۇرۇڭ.

بۇنىڭ ئۈچۈن سىز نېمىگە تايىنىسىز؟ سىز كۆرگىلى بولمايدىغان، ئەمما سېھرىي قۇدرىتى غايەت زور قورالغا، ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى تۇيغۇسىغا ۋە بەختلىك تۇرمۇشنى يارىتىدىغان ئىرادىڭىزگە تايىنىڭ. ئۆزىڭىزنى قەدىرلىك، ئىقتىدارلىق ئادەم دەپ سېزىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما بۇنداق تۇيغۇنى پەقەت ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىزلا ئاتا قىلغان بولىسىز.

ئەمما سىز كۈرەش قىلغاندىلا، جان تىكىپ ئېلىشقاندىلا ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئېرىشەلەيسىز، تەڭرى ئاتا قىلغان پۇرسەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشقا نائىل بولىسىز. سىز راستىنىلا مۇشۇنداق قىلىۋاتقان دەملىرىڭىزدە ئۆزىڭىزنى تۆۋەن چاغلىماي، ئۆزىڭىزگە ئىلھام، مەدەت بېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئىجادىيەت ئىقتىدارىڭىز بىلەن تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرالايسىز. ھەرگىزمۇ كىشىلەر نېمىدەر دەپ ئەنسىرىمەڭ، بېشىمغا ئويلىمىغان بالا - قازا چۈشەرمۇ دەپمۇ ۋايىم يېمەڭ.

ئېكسپېدىتسىيىچىلەر قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار پۇرسەتكە يۈزلىنىدىغان، تەۋەككۇل قىلىشنى راۋا كۆرىدىغان، خىرىستىن قورقمايدىغان، يېڭى ئېقىمنى ئىزدەيدىغان، تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچى بىلەن يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەملەردۇر. مۇبادا 1492 - يىلى كولومبو ئۆزىگە: «دېڭىز قاتنىشىدا بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىشىم مۇمكىن» ياكى «ئەڭ ياخشىسى دېڭىز سەپىرىگە چىقماي، بەلكىم قان زەھەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن» دېگەن بولسا، ئۇ يېڭى قۇرۇقلۇقنى بايقىيالارمىدى؟

قانداق ئادەم كەشپىياتچى بولىدۇ؟ باشقىلار كۆرەلمىگەن پۇرسەتنى كۆرەلەيدىغان، ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن روھنى



يارىتالايدىغان ئادەملەر كەشپىياتچىدۇر. مۇبادا توماس ئېدىسون باشقىلار كۆرەلمىگەن پۇرسەتنى كۆرەلمىگەن، تۇتالمىغان بولسا، بىز بۈگۈن ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى؟

سىز بەخت - تەلىيىم ئوڭ كەلمىدى دەپ قاقشاپ يۈرمەي كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ، سىز ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇۋاتقان نۇرغۇن پۇرسەتلەرگە قاراڭ! سىزدە يېتەرسىزلىكنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. مەيلى سىز كىم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر پات - پات زەخمىگە ئۇچراپ تۇرىسىز! ئەمما سىزنىڭ پۇرسىتىڭىزمۇ بار، شۇڭا سىز ئۆزىڭىزنىڭ چەكسىز ئىجادىيەت ئىقتىدارىڭىزنى قېزىپ، توختاۋسىز ئىلگىرىلەڭ. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا سىز كولومبو، ئېدىسون بولالايسىز. سىز ئىزدىنىڭ، ئىقرار قىلىڭ، ئىجاد قىلىڭ، ماسلىشىڭ.

سىزگە بۇ ھوقۇق - مەنپەئەتنى كىم بېرىدۇ؟ ئۆزىڭىز بېرىسىز، چۈنكى سىز ئۆزىڭىزنى ھۆرمەتلەيسىز.

## پۇرسەت پەقەت باشقىلارنىڭلا بولمايدۇ

مەن نيۇ يورك بىلەن كالىفورنىيە ئارىلىقىدا قاتناپ ئون نەچچە يىل نۇتۇق سۆزلىدىم، نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن سۆھبەتلەشتىم، سىرداشتىم، ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىگە قۇلاق سالدىم. شۇڭا مەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بۇ كىتابنى كۆرگەندە قانداق ئويدا بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلالايمەن.

— ئۇ ئاداشقا پۇرسەت كەلدى. ئەمما مېنىڭ تەلىيىم ئوڭدىن كەلمىدى.

— مېنىڭ بۇ جەھەتتە كەمچىلىكىم بولغاچقا، ئىش تېخى باشلانمايلا ئاياغلاشتى.

— مېنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى قىلىش كارامىتىم يوق، مەن كىم؟ مەن ھېچنېمە ئەمەس!

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاشنىڭ ئىپادىسىدۇر. سىز بۇنداق پاسسىپ خىياللاردىن غالىب كېلىشىڭىز كېرەك، بولمىسا بۇنداق پاسسىپ خىيال كۆز ئالدىڭىزنى توسىۋالىدۇ ــ دە، نىشاننى ئېنىق كۆرەلمەيسىز.

سىز پۇرسەتنىڭ پەقەت باشقىلارغىلا نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىڭىزگىمۇ نېسىپ بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز، ئۇنى قولدا قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. مۇبادا ئۆسۈملۈك سۇغىرىلمىسا، قۇياش نۇرىدىن قورقسا قۇرۇپ ئۆلۈشى مۇمكىن. پۇرسەتمۇ دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر!

سىز پۇرسەتنى «تەشۋىشىڭىز» گە ئايلاندۇرۇۋالماڭ! پاسسىپ پوزىتسىيە بىلەن ئۇلارنى تېخىمۇ بوغۇپ قويماڭ.

بۈگۈنكى كۈندە مائارىپ ساھەسىنىڭ دىققەت ــ ئېتىبارىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى زېھنى ئاجىز بالىلارغا بۇرالدى. مەكتەپلەر، نۇرغۇن ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپ، ئوقۇغۇچى ۋە ئاتا ــ ئانىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ياخشىلاشقا ياردەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن زېھنى ئاجىز بالىلارغا بېرىلگەن پۇرسەت تېخىمۇ كۆپ بولدى. ئۇلار تېخىمۇ ياخشى تەربىيىگە، تېخنىكىغا ئىگە بولدى.

ئەمما چوڭ ئادەملەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاجىزلىقى بولىدۇ. مۇبادا بىز كىچىك بالىلاردەك ياردەمگە مۇيەسسەر بولغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە! بىزگە بۇنداق ياردەم بولمىغانىكەن، رېئاللىقنى تونۇشىمىز، مەيلى قانداق پۇرسەت بولۇشتىن قەتئىينەزەر قولدىن بەرمەي ئۇ پۇرسەتنى تۇتۇشىمىز كېرەك.

نۇرغۇن ئادەملەر تەڭرىدىن، ئۆزىدىن ئاغرىنىپ يۈرۈشىدۇ؛ كىشىلەرگە ھەسەت ئوقلىرىنى ياغدۇرىدۇ. جىمى نەرسىگە ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. مۇبادا ئۇلار ھېلىنىنا كېللىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان بولسا: «ھېلىنىنا كېللى



مەجرۇھلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، پارلاق نەتىجە يارىتىپتۇ، ئەمما بۇ بىر ئالاھىدە مىسال، خالاس» دېيىشى مۇمكىن.

ئەمما سىزگە شۇنى دېگۈم كېلىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر پۇرسەتنى تۇتۇپ غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى ھەرگىزمۇ ئوڭۇشلۇق بولغان ئەمەس.

تەتقىقاتچىلار مۇشۇ ئەسىردىكى 400 نەپەر زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقارغان: ئۇلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ئەينى چاغلاردا ئىزتىراپقا، زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشكۈل، قىيىن شارائىتتا جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشۇپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇلار قارا قىسمەت بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان. بۇ نېمىدېگەن قايىل قىلارلىق سان ــ ھە؟! ئۇلارنىڭ ئىچىدە زېھنىنى يوقاتقان ئېدىسون بىلەن ئېلونا لوسوفلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار مەجرۇھ بولسىمۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىققان.

## پۇرسەتكە ئىشىكىڭىزنى ئۇلۇغ ئېچىڭ

پۇرسەت ئىشىك ئالدىڭىزغا ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ. ئەمما سىز پۇرسەتكە ئىشىكىڭىزنى تاقىۋالماڭ.

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلمەي سىرتتا قالدۇرۇپ قويىدىغان ئىشلار ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز بۇنداق خاھىشقا نىسبەتەن ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. خوش، بىز بۇنى ھېكايە بىلەن چۈشەندۈرسەك تېخىمۇ ئېنىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىر دوختۇر ئىشىكنى تاقىۋېلىپ پۇرسەتنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى توسۇپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆسۈش، ئىلگىرىلەش ئىشىكىنىمۇ تاقاپ قويغان.

ئۇ بىر كەسىپىي دوختۇر ئىدى، ئەمما ئۇ تېخىمۇ ئۆرلەش ئۈچۈن ھۆسن تۈزەش دوختۇرى بولۇشنى نىيەت قىلغان.

— مەن سىزنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— ئەتە، — دېدىم مەن، — ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە كۆرسىڭىز بولامدۇ؟

مەن ئەتە «ئەتىگەن سائەت سەككىز» دە ئۇنى خۇشال قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىمنى جەزملەشتۈرەلمىسەممۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئازراق خۇش بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. ئۇ يەنىلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مەن جەزمەن كېلىمەن، — دېدى ئۇ، — ئەتىگەن سائەت سەككىزدە چوقۇم كېلىمەن.

ئۇ دېگەندەك لەۋزىدە تۇرۇپ ئەتىگەن سائەت سەككىزدە كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىش تېخنىكامنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئېسىل تۇيغۇدا بولغانلىقىنى، ھەقىقەتەن كۆزى ئېچىلغانلىقىنى دېدى. ئۇ ماڭا شاگىرت بولۇش ئويى بارلىقىنى بىلدۈردى، مەنمۇ ئۇنى شاگىرتلىققا ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئۇ بىر قانچە قېتىم كېلىپ مېنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ ـ تەرىپلىدى. چىراي ئوپېراتسىيىسى ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خۇددى گۆھەرگە ئېرىشكەندەك بولغانلىقىنى، بۇ پۇرسەتنىڭ ئاجايىپ غەنىيمەت پۇرسەت ئىكەنلىكىنى، بۇ كەسىپنى ئۆگىنىۋالالىسا ئۆزىنىڭمۇ چىراي ئوپېراتسىيىسى دوختۇرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

مەن ئۇنىڭ بۇنداق كۈچلۈك قىزغىنلىقىدىن قاتتىق خۇش



بولدۇم.

ئەمما ئۇ بىر كۈنى ئەتىگىنى كەلمىدى، ئىككىنچى كۈنى يەنە كەلمىدى، ئۇنىڭ ئورنى بوش قالدى. مەن بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇنى ئىشخانىدا ئۇچرىتىپ قالدىم.

— بىر قانچە كۈن بولدى، يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— بىر قانچە قېتىم ئۇخلاپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ جاۋابەن خامۇش ھالدا، — ئويغىنىپ قارىسام ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىشقا كېچىكىپ بېرىشنى خالىمىدىم.

— سىز بۇنداق ئۆگىنىشىڭىز بولمايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئىللىق تەلەپپۇزدا.

— بىلىمەن، توغرا، سىزنىڭ چۈشتىن كېيىن ئوپېراتسىيىڭىز يوق. مەن راستىنلا ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم، چۈشتىن كېيىن ماڭا قولايلىقراق بولسىكەن دەيمەن.

— كەچۈرۈڭ، مەن ھامان چۈشتىن بۇرۇن ئوپېراتسىيە قىلىمەن. بىمارنىڭ ئەمدى ئويغانغان ۋاقتى ئەڭ ياخشى چاغ، مەن بىمارنى شۇ چاغدا ئىزدەيمەن.

— ھە ... — دېدى ئۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇم.

ئۇ ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسىگە قىزىققاندىن كېيىن بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ئىدى. مېنىڭچە ئۇ بۇ جەھەتتىن ساختىلىق قىلمايتتى. ئەمما ئۇ ئۆگىنىشنى داۋملاشتۇرالمىدى، ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرالماي ئۆزى كەلگەن پۇرسەتكە ئىشىكنى تاقىۋالدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سالاھىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى رەت قىلىۋەتكەنىدى.

سىز بۇ ھېكايىدىن نېمىنى ئۆگىنىۋالدىڭىز؟ سىز سەزمىگەن ھالدا ئۆزىڭىزنى پۇرسەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا قويامسىز؟ بىز

ھاياتنىڭ مۇشۇنداق شەپقەت - ئىنايەتلىرىدىن جەزمەن ئوبدان پايدىلىنىشىمىز كېرەك. سىزنىڭ مەغلۇپ بولىدىغان چاغلىرىڭىز بولىدۇ. شۇنداقكەن، جىمى كۈچ - قۇدرىتىڭىزنى سەرپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە مەغلۇبىيەتكە يول قويۇڭ. ئەمما شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، مەغلۇبىيەتنى ھۇرۇنلۇقنىڭ ئاقىۋىتى دەپ قارىماڭ.

مەن ئەمدى بىر تازىلىق ئىشچىسىنىڭ قانداق پۇرسەت تاپقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي.

## بەخت ناخشىسى

بىر كۈنى ئاخشىمى مەن لىفىتتا بۇ تازىلىقچى ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن سائەت سەككىزلەرگە يېقىن ئەتراپتىكى تاماقخانىدا غىزالىنىپ بولۇپ، ئوپچا تۇرالغۇغا قايتىپ كېلىپ، لىفت بىلەن 18 - قەۋەتكە چىقىپ ئۆيۈمگە كىردىم. مەن لىفىتتا ئۇنىڭ پول سۈرتكۈچ بىلەن چېلەك كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى، تازىلىق قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ پاكار، 40 ياشلاردا بار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ بۇ بىنادا تازىلىقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا 20 نەچچە يىل بولغانىدى. بىر - بىرى بىلەن ناتونۇش بولغان ئادەملەر ئەڭ كۆپ بولغاندا باش لىڭشىتىپ قويۇشىدۇ ياكى «ياخشىمۇسىز» دېيىشىدۇ. بىزمۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر - بىرىمىزگە «ياخشىمۇسىز» دېيىشتۇق.

بىز بىناغا چىقتۇق. ئۇ مەن بىلەن بىللە مەن ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ پول سۈرتكۈچ بىلەن چېلەك كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئۇ ئالدى تەرەپتىكى ئۆيدىن باشلاپ تازىلىدى. مەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتىم.

مەن ساپادا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر تال سىگارت چەكتىم ۋە پۈتۈمنى ئالماشتۇرغىنىمچە بىر دراما ئەسىرىنى كۆرۈشكە



باشلىدىم. مەن ئەسەرگە بېرىلىپ كەتكەچكە ھېلىقى تازىلىقچىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدىم. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز يان تەرەپتىكى ئۆيدىن ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. كىمدۇر بىرسى ئەللەي ناخشىسىغا ئىڭىشىۋاتاتتى. ئۇ ناخشا شۇنچىلىك لەرزان، لەزىز، شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى. ئۇ بىر بەخت ناخشىسىغا ئىڭىشىۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇ ئۆيگە كىردىم. تازىلىقچى ئايال پول سۈرتكەچ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ مەن بىلەن يەنە سالاملاشتى.

— بۈگۈن سىز بەك ئالدىراشمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— ھەئە. ئۆزىڭىزچۇ؟

— ئادەتتىكىدەك.

— ئەمما بۈگۈن باشقىچە تۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— چىرايلىرىڭىزدا لەزىز كۈلكە جىلۋىلىنىۋاتىدۇ، ئېغىزىڭىزدا لەرزان ناخشا ياڭراۋاتىدۇ.

— ھەي، مەن ھەمىشە مۇشۇنداق ئىش قىلىمەن. مۇشۇنداق ئىش قىلسام ئۆزۈم خۇش بولۇپ قالىمەن. تازىلىق قىلغاچ ناخشا ئېيتسام چارچىغانلىقىمنى سەزمەيدىكەنمەن.

— مەن بۇرۇن بۇنى زادى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدىم مەن.

— شۇنداقمۇ؟

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز گەپ قىلىشىپ باقماپتىكەنمىز.

— شۇنداق.

مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىكەن — ئۇ ئادەم چىداپ بولالمايدىغان دەرد - ئەلەملىرىگە چىداپ، باتۇرلارچە ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى

هۆكۈمەت ئورگىنىدا شوپۇر ئىكەن. ئېرى 12 يىل ئىلگىرى ماشىنا ۋەقەسى بىلەن تۈگەپ كېتىپتۇ. ماشىنا ۋەقەسى يۈز بەرگەن يىلى قىزى توققۇز ياشتا ئىكەن، هازىر ئۇ قىز 21 ياشقا كىرىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ. قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە بىر ئائىلىلىك ئۈچ ئادەم شۇ ماشىنىدا ئىكەن. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئامان قاپتۇ.

بۇ ئايال ئېرى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق تۇرمۇش بېسىمى ئالدىدا بەل قويۇۋەتمەي، ئاجىز قىزىغا تەسەللى بېرىپ، ئىچكى دۇنياسىدا داۋاملىق ياشاش جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ، قىزىنىڭ تۇرمۇشىنى شۇ يوسۇندا قامداپ كەپتۇ. هازىر ئۇنىڭ قىزى ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا ئىكەن.

— قىزىڭىز ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلاي دەيدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— ئۇ پىسخولوگىيە كەسپىنى ئۆگەنگەن. ئۇ ماگىستىرلىقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خىزمەت تاپىمەن، زېهنى ئاجىز بالىلارنى تەربىيلەيمەن دەيدۇ.

— مەن سىزنى تەبرىكلىسەم بولارمۇ؟

— سىز راستىنلا مېنى تەبرىكلەشنى خالامسىز؟

— خالايمەن. سىز شۇنداق قىلىشقا ئەرزىيسىز، سىز ئۆزىڭىزدىن جەزمەن پەخىرلەنسىڭىز كېرەك.

— شۇنداق، مەن ئۆزۈمدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن.

— سىز شۇنداق قىلىشقا هەقلىق.

— مەنمۇ ناهايىتى خۇش.

— بەك ياخشى.

— مەن قىزىم ئۈچۈن خۇش بولۇۋاتىمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدىم مەن، —



مېنىڭچىمۇ سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن خۇشاللىنىشىڭىز كېرەك. قارىڭ قىزىڭىز شۇنچە كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇ چاغدا قىزىڭىز كىچىك ئىكەن. سىزمۇ بەل قويۇۋەتمەپسىز، قىزىڭىزنىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرمەپسىز.

— رەهمەت، دوختۇر.

— قارىڭ، بىز ئەزەلدىن بۇنچە كۆپ پاراڭلىشىپ باقمىغان ـ هە! مەن مۇشۇ يىللاردىن بېرى سىزنى كۆرسەملا سىزنى باشقىچىرەك، ئالاهىدىرەك سېزەتتىم. بۇ نېمە ئىشتۇ؟

— يالغان چېچىمنى دەمسىز؟

— ئوهوي ··· — مەن ئۇنىڭغا چېچىغا قارىدىم، — توغرا، توغرا، دەل مۇشۇ يالغان چېچىڭىز.

— سىز بۇ چېچىمنى ياقتۇرامسىز؟ — ئۇ شۇ زامان خىجىل بولدى ۋە سەگەكلەشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالتۇن كىرپىكلىك يۇلتۇزلاردەك چاقناپ كەتكەندى. ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ياقتۇرىمەن.

— قارىماققا مەن تەربىيە كۆرگەن ئايالغا ئوخشىمدىكەنمەن؟

— سىز ئەسلىدىنلا تەربىيە كۆرگەن ئايالكەنسىز، — مەن خۇشامەتچىلىكتىن بىزار ئىدىم. ئەمما ئۇ چاغدا مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن هەقىقىي هۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى، مەن ئىختىيارسىز هالدا ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم.

ئۇ ئۆرە تۇراتتى، قولىدا پول سۈرتكۈچ بىلەن چېلەك بار ئىدى، كۆزلىرىدىن شادلىق نۇرلىرى چاقنايتتى. هەر قانداق مەلىكە ـ خانىشلارنىڭ چىرايىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدەك نۇرلۇق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەلب قەسرىدە ئىپتىخارلىق نۇرلىرى چاقنايتتى. «مەن قىزىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تېخىمۇ جازىبىدار كۆرسەتمەكچى بولدۇم، قىزىمنىڭ ئۆگىنىشى، پىلانى ئۈچۈن پەخىرلەندىم. قىزىم دۇنيادىكى باشقا بالىلار ئۈچۈن ئازراق ئىش

قىلىپ بېرىشنى ئويلىدى، ئۇنىڭ راستتىنلا مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئويى بار ئىدى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بالىسى بولۇشنى، ئۇلارغا ئەھمىيەتلىك ياشاشنى، ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىتىشنى ئويلايتتى.»

مەن مېھمانخانىغا قايتىپ چىقىپ يەنە ھېلىقى دراما ئەسىرىنى كۆرۈشكە باشلىدىم. قىزىق، شۇنچە يىللاردىن بېرى خۇددى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بىر قاتلامدىكى تۇرمۇش ئەمەستەك بىرىمىز ئۇياققا ئۆتسەك، بىرىمىز بۇياققا ئۆتۈشۈپ، باش لىڭشىتىپ يۈرۈشۈپتۇق. مەن بىردىنلا ماڭا پول سۇرتۇپ ئۆيلىرىمنى تازىلاپ بېرىۋاتقان بۇ ئايالنى قايتىدىن تونۇغاندەك بولدۇم. بەلكىم بەزىلەر ئۇنى پەس خىزمەت قىلىدۇ، دەپ كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئۇنىڭ ناچار ئەھۋالدىن غەلىبە قىلىش جاسارىتىگە، ئۆزىنى قەدىرلەش غەيرىتىگە تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى ۋاك دېگۈزىدىغان پاجىئە ئالدىدا قىلچىمۇ باش ئەگمەي، ئۆزىنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى ساقلىغان ئىدى.

ئۇ يەنە شۇنداق يېقىملىق، لەزىز، شېرىن كۈيگە — بىر تازىلىقچىنىڭ بەخت ناخشىسىغا غىڭشىشقا باشلىدى. يالغان چاچ ئۇنىڭ چاچلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچ مۇجەسسەملەشكەن ئىپتىخارىنى ھەرقانداق سۈنئىي بېزەك يوشۇرالمايتتى.

ئېرى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىش باشقىچە بولدى. ئەمما ئۇ دەرد - ئەلەمدىن غالىب كېلىپ، يەنە بىر قېتىم پۇرسەتنى بايقىدى. قىزىغا ياردەم قىلىش، تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاش جەريانىدا يەنە پۇرسەت تاپتى. جاپالىق، مۇشكۈل، پۇلى ئاز خىزمەت ئۇنىڭغا بەخت ناخشىسىنى ئېيتىش، شادلىق كۈيىنى ياڭرىتىش پۇرسىتى بەردى.



## پۇرسەتنى قانداق تۇتۇش كېرەك

بۇ دۇنيا مۇكەممەل ئەمەس، بىز بۇنى ھېچقانچىلىك ئەقىل سەرپ قىلمايلا بىلەلەيمىز. ئەمما بۇ دۇنيادا يەنە نۇرغۇن پۇرسەت بار، مۇبادا سىز بۇ پۇرسەتنى تۇتالىسىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

بەزىلەر بىزار بولغىنىچە ئامېرىكا مەدەنىيىتىنى تەنقىدلەيدۇ. توغرا، بەزى تەنقىدلەر دەل جايىغا تەگكەن؛ ئەمما بىزنىڭ پراگماتىست ئىكەنلىكىمىزنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. بەلكىم بۇنداق بولۇشىدا مۇنداق بىر مەسىلە بولۇشى مۇمكىن: قەيەردە مەدەنىيەت بولىدىكەن، بىز شۇ يەرگە جەم بولىمىز، بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇ يەردىن قېچىپ كېتەلمەيمىز. مۇتلەق ھەققانىيەتنى، مۇتلەق ئاكتىپلىقنى، مۇتلەق دوستلۇقنى ۋە مۇتلەق تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىزنىڭ مەقسىتىمىزغۇ؟ ھەتتا قەدىمكى ئافىنادەك نۇرغۇن پەيلاسوپ، ھەكىملەر چىققان دىياردىكى مەدەنىيەتتىمۇ كەمتۈكلۈك، چەكلىمىلىك بولغان ئەمەسمۇ؟ ئەڭ چاتىقى سەھىيە سىستېمىسى، ۋابانىڭ يامراپ كېتىشى ئاخىرى قەدىمكى ئافىنانى ۋەيران قىلىۋەتتى.

شۇنداق، بىز ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق مۇكەممەل بولمىغان بىر دۇنيادا ياشاپ كېلىۋاتىمىز، مۇكەممەل بولمىغان مەدەنىيەت قوينىدا تۇرۇۋاتىمىز.

ئەمما بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ھېلىھەم پۇرسەت بىلەن تولغان دۇنيا، ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئىشىك تاقىۋېتىلمىگەن. بىز ھېلىھەم ئىلگىرىلىسەك — ئادەمنىڭ قەلبىنى روھلاندۇرىدىغان، روھنى ئۇرغۇتىدىغان پۇرسەتكە قاراپ يۈزلەنسەك بولىدۇ.

## خوش، پۇرسەتنى قانداق تۇتۇش كېرەك

1. قىزىل چىراغقا دىققەت قىلىش. مەن كاللىڭىزدىكى پاسسىپ ئامىلنى كۆرستىۋاتىمەن. سىز «قىزىل چىراغ» نى كۆرۈشىڭىز بىلەنلا پۇرسەت ماكانىغا قاراپ كېتىۋاتقان قەدىمىڭىزنى توختىتىسىز. تۆت كوچىدىكى قىزىل چىراغ بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئەمما سىز توختىغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزدىن مەن نېمە ئۈچۈن توختىدىم دەپ سوراڭ. خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمەن دەپ ئەنسىرەمسىز ياكى ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ قىلالماسىز، توخۇ يۈرەكلىك قىلامسىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايمەن دەپ ئويلامسىز؟ ئۆزىڭىزنى ئۈپراتماي، ئۆزىڭىزدىن ئەنسىرىمەي، ئۆزىڭىزگە ئىلھام ـ مەدەت بېرىپ سىناپ كۆرۈڭ، تولۇپ ـ تاشقان هاياتىي كۈچىڭىز بىلەن نىشانىڭىزغا قاراپ ئاتلىنىڭ.

ئادەم خىيالىدا قىزىل چىراغ يانغاندا ئىلگىرىلەش يولىدىن توختاش مۇقەررەر ئەھۋال. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قېلىشقا بولمايدۇ، مۇبادا سىز يېشىل چىراغ يانغاندىمۇ ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالسىڭىز پۇرسەتنى تېز تاپالمايسىز، هەتتا شۇ توختىغىنىڭىزچە توختاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇش نىشانغا يېتىش ئۈچۈندۇر. بىز بىر تەرەپتىن نىشانىمىزنى تۈزگۈزۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن نىشانىمىزغا قاراپ يۈرۈشىمىز، بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ئەستە تۇتۇپ، كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە نەزەر سېلىشىمىز، مۇۋەپپەقىيەت كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇشىمىز، تەسەۋۋۇردىكى مۇۋەپپەقىيەتنى رېئاللىققا ئېلىپ كىرىشىمىز كېرەك. توختاشنىڭ كارايىتى چاغلىق، قايتا ماڭسىڭىز بولىۋېرىدۇ.



2. رېئاللىقتا ياشاش. ئۆتمۈش ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ كەلگۈسى نامەلۇم بولىدۇ، پەقەت هازىرلا چىن بولىدۇ. پۇرسەت هازىرغا تالىق بولىدۇ. پۇرسەتنى بايقىغاندىلا ئاندىن ئۇ چىنلىققا ئايلىنىدۇ. مۇهىمى، سىز خىيالىڭىزدا تۈنۈگۈنكى مەغلۇبىيەتنى تۈگەتمىسىڭىز پۇرسەتنىڭ چىنلىقىنى هېس قىلالمايسىز؛ مۇبادا بۇرۇنقى خاتالىق، خىجىللىق تۈگىمىسە، پاجىئە خىيالىڭىزدىن چىقمىسا، پۇرسەتنى قانداق كۆرەلەيسىز؟

سىز ئۆتمۈشنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۆزلۈكىڭىز بىلەن كۈرەش قىلىڭ! ئۆتمۈشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، رېئال پۇرسەتكە قاراپ ئاتلىنىڭ. رېئاللىق گۈڭگا ئۇقۇم ئەمەس، بەلكىم ئۇ ئەتە ياكى كېلەر ئايدا بولۇشى مۇمكىن. ياق، مەن بۈگۈنكى، هازىرنى، مۇشۇ پەيتنى كۆرستىۋاتىمەن.

«ئۆتمۈش» سىزنىڭ بىردىنبىر توسالغۇڭىز ئەمەس، «ئەتە ـ ئۆگۈن» گە ئىنتىلىش ئويىڭىزمۇ ئوخشاشلا نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا توسالغۇ بولىدۇ. يېڭى بىر ئەتىگە تەشنا بولۇش رېئاللىق ئەمەس، ئەكسىچە پاسسىپ ئەھۋال. بولۇپمۇ پەرىشتە ئاسماندىن چۈشۈپ، مۆجىزىلىك كۈنۈپكىسىنى بېسىپ مېنى قۇتقۇلدۇرىدۇ، دەپ خىيال قىلىش تېخىمۇ رېئال ئەمەس. ئەمما مۆجىزىلىك كۇنۇپكا بولمىغانىكەن، ئۆزىڭىزنىڭ تالانتى، ئىرادىسى، هېسسىياتى سىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. شۇڭا سىز ئەسلىدىنلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىڭىزغا قەتئىي ئىشىنىشىڭىز كېرەك.

3. ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش پسىخىكىسىنى يوقىتىش. نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق قىلىشى مۇمكىن. سىز چولپان بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، مىليونېرمۇ بولماسلىقىڭىز مۇمكىن. پەقەت پىركازچىك، ئائىلە ئايالى، ماشىنا يۇيۇش ئىشچىسى، ئاشخانا، رېستورانلاردا قاچا يۇغۇچى، تازىلىقچى، پۇل ئالغۇچى بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما سىزمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغ ئادەم

بولالايسىز. مەن سىزنىڭ تازىلىقچى ئايالنىڭ ھېكايىسىدىن ئۆز پەخرىڭىزنى، جاسارىتىڭىزنى بىلىپ يېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىز بىر تازىلىقچى ئايالغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئادەم بولالايسىز.

بىز ئۆزىمىزنى تۆۋەن چاغلىماسلىقىمىز كېرەك. مۇبادا ھەممىمىز كىنو چولپىنى بولۇپ كەتسەك، داستىخانغا تائام چىقمايدۇ؛ زاۋۇتلار ئىشىدىن توختايدۇ، كىنو كۆرىدىغان ئادەممۇ قالمايدۇ.

سىز قانداق ئادەم بولسىڭىز ئۆزىڭىزنى شۇنداق قوبۇل قىلىڭ. بولمىسا پۇرسەتنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىڭىزنى، مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز.

4. ئاكتىپ نىشان تۇرغۇزۇش. بىز پاسسىپ ئامىلنىڭ تەسىرىگە، مەسخىرىلەرگە يەتكۈچە ئۇچرىدۇق. ئاۋستىرالىيىدىكى بىر تۇرلۇك تەجرىبىنىڭ ئىپادىلىشىچە، ھەتتا كېنگۇرۇمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ياقتۇرمايدىكەن. مەنچۇ؟ قارىغاندا مەنمۇ كېنگۇرۇغا ئوخشاش يولدا. مەن تەمكىن، مەقسەتچانلىقى كۈچلۈك، پائال ئىلگىرىلەيدىغان ئادەمنى ياقتۇرىمەن. بەزىدە ئۇلار نىشانغا قاراپ يۈزلەنگەن دەملەردە، تاماشا كۆرۈپ يۈرگەن ئادەملەر ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن توختىماي ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىدۇ.

مەن بىر جۈپ ئەر - خوتۇنلارنى تونۇيمەن، ئۇلار بىر بالىنى بېقىۋالغانىدى. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بالا ھىماتقا، بىر ئائىلىگە موھتاج ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەر - خوتۇنلار ئۇ بالىغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ئەمما بۇ ئىش داۋراڭسىز ئېلىپ بېرىلغان، ئەر - ئايال ئىككىيلەنمۇ ئۇرۇشمىغان، بۇ ئىشتىن باشقىلارمۇ خەۋەر تاپقان. ئاشۇنداق بالىلارنى خالىس بېقىپ تەربىيىلەش ياخشى ئىش. ئۇ ئەر - خوتۇنلار نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئادەملەر - ھە! مەن ئۇلارنىڭ



ئۇسۇلىغا، قىلغان ئىشىغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

مەنمۇ ئوخشاشلا ئۆزۈمنىڭ جىيەنىمىدىن پەخىرلەندىم، ئىپتىخارلاندىم. ئۇ تولىمۇ سالماق، كەمتەر، ئىنتىلىشچان، پۇرسەتكە ئېرىشىشكە تەشنا ئادەم بولدى. راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا ياردەم بېرىشنى ئويلايتتى.

جىيەنىم خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزدى، مەن خوتۇنۇم بىلەن ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى كامبرىجغا بېرىپ جىيەنىمنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق. بۇ ئەنجۈمەنگە نۇرغۇن ئادەملەر قاتناشقانىدى. بىز پەخىرلىك ئاتا - ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئارقا تەرەپتىكى بىر تۈپ دەرەخ تەكتىدە ئولتۇردۇق. ئۇ كۈنى جاھان تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. مەن ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىنى كۈتكەچ تۈنۈگۈن ئاخشام جىيەنىم بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى ئويلىدىم.

جىيەنىم ماڭا ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى ئېيتقانىدى. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىپتۇ، ئۇ دەسلەپتە ئورگانىك خىمىيە ئۆگەنمەكچى بوپتۇ، ئەمما كېيىن بىئو - خىمىيە ئاسپىرانتى بولۇشنى قارار قىپتۇ. ئۇ ماڭا: «سىز بۇرۇن نەشر قىلدۇرغان جاراھەتنى داۋالاش توغرىسىدىكى ئەسىرىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويغان تەتقىقات نەتىجىڭىز ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا خىمىيەنى، باكتېرىيە ھاياتلىقىنى تەتقىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن راكنى داۋالايدىغان يىپ ئۇچىنى تەتقىق قىلىپ، راكقا قارشى قان سىروتكىسىنى ئىشلەپ چىقىمەن» دېدى. بۇ گەپدانلىق قىلىپ دېيىلگەن گەپ ئەمەس، ھاپىۋازلىقمۇ ئەمەس. بىز تېخنىكا جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتۇق، پىكىر، كۆزقاراشلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشتۇق. ئۇ ئۆز نىشانىغا قاراپ باتۇرلارچە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىۋاتىدۇ.

شۇ كۈنى كۆزۈمگە ئۇيقۇ ئىلىنمىدى، جىيەنىمنىڭ قارارىدىن قاتتىق ھاياجانلاندىم، ئۇنىڭ تەمكىنلىكىدىن، جاھىللىقىدىن ۋە ئىشەنچىسىدىن ھەيران قالدىم. توغرا، ئىككىنچى كۈنىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمىدىمۇ قەلبىم لەرزىگە چۆمدى.

ئوقۇش پۈتكۈزۈش مۇراسىمى خۇددى بوران - چاپقۇنغا ئوخشايتتى. بىر ئوقۇغۇچى نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئاڭلارمەنلىرىگە ئۆگىنىش جەريانىدىن زارلىنىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن يۈز نەچچە ئوقۇغۇچى مۇراسىم مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما مۇراسىم داۋاملىشىۋەردى. جىيەنىم باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇ ئاكتۇئال ھەرىكەت، نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشنىڭ ۋە پۇرسەتنى كۈتۈۋېلىشنىڭ مۇھىم بىر قەدىمى ئىدى.

5. كرىزىسقا باتۇرلارچە يۈزلىنىڭ، كرىزىسنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىشىگە يول قويماڭ! تىرىشچانلىق سىزنى تەمكىن، ئېغىر - بېسىق قىلىدۇ. مەن باشقا كىتابلىرىمدىمۇ شۇنداق يازدىم. بىز كرىزىس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپلا قالماي ھەتتا كرىزىسنى ئىجادىيەت پۇرسىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

«ئۆزلۈك ئوبرازى» نى ۋەيران قىلماسلىق كېرەك. مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ئۆزىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزدا تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز لازىم. بىز نېمە بولۇشتىن، نېمىدىن مەھرۇم قېلىشىمىزدىن، قانداق مەغلۇپ بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر ئىشەنچ - ئېتىقادىمىزنى چىڭ تۇتىدىغانلا بولساق، كرىزىس ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز، تەمكىنلىك، باتۇرلۇق بىلەن مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىمىز، قەددىمىزنى رۇس تۇتالايمىز، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالمايمىز.

ئەينەككە قارىسىڭىز ئەينەكتە ئۆزىڭىزنىڭ ئەكسىنى كۆرىسىز. سىز جەزمەن ئۆزىڭىزنى ياقتۇرىسىز. قوبۇل



قىلىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ دوستى قىلىسىز. بولۇپمۇ كرىزىس جەريانىدا ئۆزىڭىزگە مەدەت بېرىڭ. ئۇ دەل ئەينەكتىكى ئۆزىڭىزدۇر. ئەمما ئۆزىڭىزگە مەجنۇنلارچە مەپتۇن بولۇپ كەتمەڭ. ئۆز - ئۆزىڭىزگە: «ھەممىدىن مۇكەممەل، ھەممىدىن سۆيۈملۈك، ھەممىدىن خىسلەتلىك ئادەم» دېمەڭ. بەلكى ئەمەلىي يوسۇنىڭىز ئارقىلىق ئۆزىڭىزدىن زوقلىنىڭ. سىز بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەن كرىزىسنى ئويلاڭ، ئاشۇ كرىزىستىن قانداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىڭىزنى، ئۇ كرىزىسنى قانداق تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئايلاندۇرغانلىقىڭىزنى، پايدىسىز ئامىلنى پايدىلىق ئامىلغا ئۆزگەرتكەنلىكىڭىزنى ئەسلەڭ. شۇنى ئەستە تۇتۇڭكى، ئۆزىڭىزنى ھەرگىز ئۈمىدسىزلەندۇرمەڭ.

## پۇرسەت ۋە ئىززەت

مەن پۇرسەتنى تۇتۇشتىكى بۇ بەش تەكلىپىنىڭ سىزگە ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە ياردىمى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. پۇرسەت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. پەقەت تاشقى مۇھىتتا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئىچكى دۇنيارىمىزدىمۇ پۇرسەت يولىنى توسۇپ قويىدىغان پاسىل يوق.

بىز مائارىپ ساھەسىدە بەزىلەرنىڭ سۆزلىگەندە ماشىنىكا ئىشلىتىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگەياردەم بەرمەكچى ۋە بالىلارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بىر توپ بالىلار ماشىنىكا سىستېمىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىرىنچى يىللىقنىڭ مەۋسۇم ئاخىرىغا كەلگەندە ئالتىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىدەك كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. مانا بۇ بالىلارنىڭ پۇرسىتىدۇر.

ئۇنداقتا چوڭلارچۇ؟ چوڭلارغىمۇ پۇرسەت ناھايىتى كۆپ. بىز پەقەت دىلىغۇللۇق كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرمەي، ئەقلى -

هوشىمىز بىلەن ئىزدىنىپ، جاسارىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، نەزىرىمىزنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىسەكلا پۇرسەتنى تۇتالايمىز.

بىز پۇرسەتپەرەس ئادەملەر ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەتنى دەپ ئىجتىمائىي ئەخلاققا مۇخالىپ ئىش قىلمايمىز، باشقىلارنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتمەيمىز. مۇبادا بىز باشقىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئالمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىززىتىنى يوقاتقان بولىمىز.

تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق كەڭ دۇنيادا ئۆتىدۇ. ھاياتتا داڭلىق ئادەملەرمۇ پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك ماكانغا نائىل بولالايمەنمۇ - يوق، دەپ ۋايىم يەيدۇ. بىز ھەممىگە قادىر بولمىغاچقا بەزىدە ماسلىشىشقا، يول قويۇشقا موھتاج بولىمىز.

ئەي، ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ ئادەم، سەندە ئازاب تۇيغۇسى بىلەن ئىشەنچ تۇيغۇسى، پاسسىپ ئامىل بىلەن ئاكتىپ ئامىل، مەغلۇبىيەت خاھىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت خاھىشى بولىدۇ. شۇڭا سەن ئۆزلۈكۈڭنى قۇدرەت تاپقۇز، ئىشنى ۋاقتىنى تەتۈر ساناشتىن باشلا، بۈگۈنكى نىشانغا قاراپ ئوقۇقۇڭنى ئات.



شۇنچە كۆپ ئادەملەر چەكلىك ئىقتىدار بىلەن قانداقمۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۇلۇغ كەسپلەرنى يارىتالايدۇ؟

ــ كېننس خېد بوراند

# 9 ـ دەرس

## ئادەم قانداق قىلغاندا ئەڭ زور چەكتە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىشلىتەلەيدۇ

سەھرادا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز سېلىش ئەمەس، بەلكى كېرەكسىز نەرسىنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇش.»

بەزىلەر مەغلۇپ بولۇشى بىلەنلا ئاسان بەل قويۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن، تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن زارلىنىدۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەغلۇبىيەت ئۈچۈن ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن يارىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئەمما كۆڭۈلسىز يېرى شۇكى، نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق پاسسىپ ئىدىيىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن: «مەن يارىمايمەن، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمەن» دەپ ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايات سەيناسىدا نىشانسىز ئەگىشىپ يۈرۈيدۇ. ھاياتتا نىشان بولمىغانىكەن، ئۇنداق ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىمۇ بولمايدۇ.

مۇبادا ئۆزىڭىزنىڭ نەزەر دائىرىڭىزدىن ھالقىپ چىقالمىسىڭىز، ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىندىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالىسىز. بۇنداق ئادەم: «مەن پەقەت مۇشۇ ئىشنىلا قىلالايمەن» دەپ قارىسا، ئۇ ئۆمۈر بويى كوچا - كويلاردا ھارۋا

سۆرەپ، ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەرنى يىغىشى مۇمكىن.

كېيىنىس جېد بوراند ئاجايىپ تالانتلىق ئادەم، ئۇنداق ئادەم ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ نامرات - پېقىرلەرنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدىنى ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەرگەن. مەيلى مۇنبەردە ياكى رادىئو - تېلېۋىزىيىدە بولسۇن، ئۇنىڭ نەزەرىيىلىرى، نۇتۇقلىرى خۇددى نۇرلۇق چىراغدەك كىشىلەرنىڭ قەلب قەسرىنى يورۇتىدۇ.

سىز ئۇنىڭ «ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىش» دېگەن كىتابىدىن ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۆزەتكەن بۇ كۆزەتكۈچىنىڭ ئاددىي بىر پىلان بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىداردىن تولۇق پايدىلىنالايسىز.

خوش، ئەمدى بۇ دەرسكە تەپسىلىي قۇلاق سېلىڭ ...

بۇرۇن بىر ئادەم ئۆزى چوقۇنىدىغان بىر ئادەمگە خەت يېزىپ، ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئاجايىپ مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى تەرىپلىگەن. ئۇ تاپشۇرۇپ ئالغان جاۋاب خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «دوستۇم، سىز خاتالاشتىڭىز، مەن بىر ئاددىي ئادەم، كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك ئالاھىدە ئىقتىدارىم يوق. كۆپىنچە ئىشلاردا ئادەتتىكى سەۋىيىدىن يوقىرى تۇرىمەن، بەزى جەھەتلەردە ئادەتتىكى ئادەملەرگىمۇ يەتمەيمەن. بۇ ئەلۋەتتە سالامەتلىكىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.» «مەن يۈگۈرەلمەيمەن، پەقەت ماڭالايمەن، سۇمۇ ئۈزەلمەيمەن. ئات مىنىش تېخنىكام يامان ئەمەس. ئەمما قالتىس دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مىلتىقنىمۇ ياخشى ئاتالمايمەن. سەۋەب، كۆزۈم ياخشى كۆرمەيدۇ، شۇڭا ئارىلىق يېقىن بولسىلا ئاندىن نىشانغا تەگكۈزەلەيمەن، جىسمانىي جەھەتتە مەن ئادەتتىكى ئادەم بىلەن ئوخشاش، يېزىقچىلىق جەھەتتىمۇ نادىر ئەسەر يازغۇدەك



ئىقتىدارىم يوق. مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازدىم. ئەمما قولدەك جاپالىق ئىشلىسەملا ئاندىن ئازراق بىر نەرسە يازالايمەن.»

بۇ ئادەم زادى كىم؟ ئۇ ئۆزىنى ئاددىي ئادەم دېگىنى بىلەن ئادەم ئاپىرىن ئوقۇغۇدەك نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. تېئودور روزۋېلت ئۆزىگە بەرگەن باھاسى بويىچە دېگەندە ئۇنىڭ يۈكسەك قابىلىيىتى يوق. ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى قانداق ئىشلەتكەن؟ بىز بۇ مەسىلىنى ئاسان چۈشىنەلمەيمىز. ئادەتتىكى ئىقتىدار بىلەن مەشھۇر نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ سىرى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن ئىقتىدارى چەكلىك ئادەملەر تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ؟

مۇبادا بىز «تالانت» دېگەن سۆزنى «ئىقتىدار» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش دەپ قارىساق، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزدىن ئەڭ زور چەكتە قانداق پايدىلانغانلىقىمىزنى ئاسانلا كۆرۈۋالالايمىز. بىزنىڭ بىرىنچى تەكلىپىمىز شۇكى، بىز جىمى ئىقتىدارىمىزنى ئېچىتلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بىزنىڭ قانداق تالانتىمىز بار، قەيسەرلىكىمىز قانچىلىك، مىجەز - خاراكتېرىمىزنىڭ مايىللىقى قانداق؟ بىز ئۇلارنى ئېچىتلاش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ قانداق قابىلىيىتىمىز بارلىقىنى، تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغان قايسى يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىز بارلىقىنى بايقايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىز ئادەم رازى بولغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىمىز. بىر ئانا ئوغلىدىن: «تام، سەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەن بىلەن بىللە سودىلىق قىلغىلى چىقامسەن ياكى مارى ھەدەڭنى كۆرگىلى بارامسەن؟» دەپ سورىغان. ئۇ شا كىچىك: «مۇبادا ئۆزۈمگە ئۆزۈم خوجا بولسام، سۇ ئۈزگىلى باراتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇبادا بىز ئۆز - ئۆزىمىزگە خوجا بولساق، ئىقتىدارىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلارمىز، قانداق تاللاشتا بولارمىز؟ ئوقۇمۇشلۇق دوستلار، پوپلار، ئادۋوكاتلار، بانكىرلار

بىلەن قانداق مەسلىھەتلىشەرمىز؟ كەسپىي مەسلىھەت بېرىش ئورنى بىزگە ياردەم بېرەلەرمۇ؟ بىز سەۋىيىمىزنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىملىق كەسپىي تېخنىكا ئىمتىھانىغا قاتنىششىمىز كېرەكمۇ؟ بۇنداق مەسلىھەت بىلەن ئانالىزنىڭ نىشانىمىزنى تۇرغۇزۇشقا، ئېتىقادلىرىمىزغا ھۆكۈم قىلىشقا ناھايىتى كۆپ ياردىمى بولىدۇ.

بىز ئىقتىدارىمىزنى دەڭسەپ باقايلى، ئۆزىمىزدىن مېنىڭ ئىقتىدارىم يارامدۇ ـ يارىمامدۇ؟ دەپ سوراپ باقايلى. دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى رېچارد E . بېللىد شىمالىي قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇ شىمالىي قۇتۇپقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم يىراققا سەپەر قىلغاندا ئېكسپېدىتسىيە كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇ ئۆمرىنى شىمالىي قۇتۇپنى تەكشۈرۈشكە بېغىشلىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق تەكشۈرۈش پۇرستى ئاز ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىرادىسى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمىگەنىدى. ئۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاچقا، غەمكىن، خاپىغان بولۇپ قالغان. راستىنى دېگەندە ئۇ ھەممە ئادەم بىزار بولىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنداقتا ئۇ شىمالىي قۇتۇپنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىشتىن باشقا ئۆزىگە تەۋە بولغان ئىجتىمائىي رايوننى ئويلىمامدۇ، قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولمامدۇ. كەپسىز ئۆسمۈرلەرنىڭ چاتاق تېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى تەشكىللەپ، ئۆسمۈرلەر كۇلۇبى قۇرمامدۇ، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ بالىلارنى يېتەكلىمەمدۇ؟ ئۇ جەزمەن ئۆسۈپ ـ يېتىلىۋاتقان بۇ بالىلارغا ھەۋەس ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارغا شىمالىي قۇتۇپقا بېرىپ تەكشۈرۈش، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىرادىسىنى يېتىلدۇرۇشى ـــ ئۇلارنى باتۇر، خالىس، دۇرۇس، ھەمكارلىشىدىغان ئادەملەردىن بولۇشقا



يېتەكلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ سەۋىيە ـ ساپانى ئومۇملاشتۇرۇش دەل بالىلارنىڭ كەلگۈسى ساپاسىنى يېتىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سالغانلىق بولمامدۇ؟

مۇبادا بىزمۇ ئۆز ئىقتىدارىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلساق، بۇنى ئىمتىھان ئارقىلىق سىناپ كۆرسەك بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىرادىمىز ئەمەلىيمۇ؟ ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى دائىرىسىدىن بولامدۇ؟ مۇبادا ئۇنداق بولمىسا، بىز قىزغىنلىقىمىزنى باشقا تەرەپلەرگە قارىتىش ئارقىلىق بىزگە قويىنىنى ئېچىپ تۇرغان پۇرسەتلەرنى ئىزدىشىمىز كېرەك. بەلكىم ئىش باشلىنىشى بىلەنلا كاشىلا ـ توسالغۇلارنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئۇ توسالغۇلار بىز بويلاپ ماڭىدىغان سېپىلغا ئايلىنىدۇ.

بىر قېتىم غەربىي دىيارغا كېتىۋاتقان پويىزدا ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئالغان بىر يۈك ـ تاق توشۇغۇچى خادىم دىققىتىمنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئۇ مەندىن چىكاگودا دوراشۇناسلىق ئۆگىنىش پۇرسىتى توغرىسىدا سورىدى.

ـــ مەن ئاسانىا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ـــ دېدى ئۇ، ـــ ئەمما ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا مەن ئۆگەنمەكچى بولغان بەزى دەرسلەر تەسىس قىلىنمىغان.

ـــ نېمىدەپ دوراشۇناسلىق ئىلمىنى تاللاپ قالدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ـــ مەن ئەسلىدە مېدىتسىنا ئىلمىنى ئۆگەنمەكچى ئىدىم، ـــ دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، ـــ ئەمما بۇ كەسپىنى ئۆگەنمەك بەك قىيىنكەن، دوختۇرخانىلارمۇ ئادەملەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. دوختۇرلار بىلەن سۆزلىشەي دېۋىدىم، زادى پۇرسەت بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن چىش دوختۇرى بولاي دەپمۇ ئويلىدىم، ئەمما ئەھۋال يەنىلا ئوخشاشكەن. قارىسام، ھازىر ياخشى دورىگەر كەم

ئىكەن. مېنىڭ مۇشۇ كەسىپتە ئانچە ـ مۇنچە نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى.

بۇ يىگىت خىيال دۇلدۇلىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، نىشانىنى توغرىلىغانىدى، ئوتلۇق ئۈمىدى بىلەن پۇرسەتنى رېئال بىرلەشتۈرگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نىشانى تېخىمۇ ئەمەلىي بولغانىدى. ئۇ بىرىنچى تاللاشتىن، ھەتتا ئىككىنچى تاللاشتىنمۇ ۋاز كەچكەن. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تەسىر يەتمىگەن. ئەكسىچە ئۇ رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاخىرى ئىنسانلارغا ناھايىتى قىممەتلىك مۇلازىمەت قىلغان.

ئىنچىكە تەييارلىق — ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان جەريان. دۇنيادا تېخى ئاشكارىلانمىغان بايلىق شىلەپىمىزنىڭ تەكتىدە ياكى ئايىغىمىزنىڭ ئىچىدە — ئۇ دەل ئۆزىمىزدىدۇر. ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇش ـ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

بەزىلەر دەرىجىسى ئۆسۈپ مۇھىم خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىدۇ، زور بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا پرېزىدېنت ئىشخانىسىغا كىرىدۇ. بۇ ئاداشنىڭ تازا ئامىتى كەلدى، — دەيدۇ بەزىلەر ھەسەت قىلىپ، — ئۇ بىراقلا ئۆسۈپ كەتتى، ئۆسۈش يولىدا تەقدىر ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن باقتى. ئەمما رېئال تۇرمۇشتا تەلەي، پۇرسەت، بۆسۈپ ئۆتۈش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلىدۇ. «تەلەي» ھەمىشە «جىمى تەييارلىق» جەريانىدا «پۇرسەت» بىلەن ئۇچراشقان چاغدىلا ئاندىن نامايان بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يۇلتۇزىمىزنىڭ خاسىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقىمىزغا ئەمەس، ھەر كۈنى تىرىشىپ، جاپالىق ئىشلىشىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

«قىممەتلىك بابى» دېرىكسون فخارياس ئەڭ ئۇلۇغ،



تەڭداشسىز تەنتەربىيە ماھىرى دەپ نام ئالغان. بۇ تېكساس شتاتىدىن كەلگەن ئايال ئىدى، ئۇ مەيلى يۈگۈرۈش، ئېگىزگە سەكرەش، ۋېلىسىپىت مىنىش بولسۇن ياكى ۋاسكېتبول، بېيسبول (قورغان توپى) ئوينىسۇن، تامامەن كامالەتكە يەتكەن. ئۇ يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىدا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجايىپ نامايان قىلغان. 1932 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىكى تاللاش مۇسابىقىسىدە بەش تۈر بويىچە بىرىنچى بولغان. شۇ يىلى لوس ئانژېلىستا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاتاقلىق ئەرباب بولۇپ قالغان. ئاياللارنىڭ 80 مېتىرلىق توسۇقتىن ئاتلاش چېمپىيونى، نەيزە ئېتىش چېمپىيونى، ئېگىزگە سەكرەش چېمپىيونى بولغان. كېيىن يەنە گولف توپ ئويناپ، مەملىكەت بويىچە ئاياللار ئىشتىن سىرتقى ماھىر ۋە ئەنگلىيە ئاياللار ئىشتىن سىرتقى ماھىرى چېمپىيونى بولغان. شۇڭا بەزىلەر: «ئۇنى ھېچكىم توسۇيالمايدۇ، ئۇنىڭ تەنھەرىكەتچى بولۇشى، چېمپىيون بولۇش ئۈچۈنلا يارالغان» دېيىشىدۇ.

ئەمما رېئاللىق بىزگە بۇ «تالانتلىق چېمپىيون» نىڭ يەنە بىر ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. «قىممەتلىك بابى» گولف توپ ئويناشنى ئۆگىنىشنى باشلىغاندا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر مەشقاۋۇلنى تەكلىپ قىلغان. مەشقاۋۇل ئۇنىڭغا مۇسابىقىنى ئۆلگە كۆرسىتىپ، توپ كالتىكىنى قانداق ئويناشنى مەشىق قىلىپ بەرگەن، ھەرىكىتىنى تۈرلەرگە ئايرىپ سىناق قىلىپ بەرگەن. ئۇ ھەربىر تۈر ھەرىكەتلىرىنى تولۇق چۈشەنگەن. ئىگىلىۋالغانغا قەدەر مەشىق قىلغان. «قىممەتلىك بابى» بىر مەشىق قىلسا 12 سائەت مەشىق قىلاتتى، يېرىم كۈندە مىڭدىن ئارتۇق توپ ئۇراتتى، بىلەكلىرى تېلىپ، توپ ئۇرالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغاندىلا ئاندىن كالتەكنى تاشلايتتى ۋە قوللىرىغا پۈتۈنلەي پلاستىر يۆگىگەندىن كېيىن يەنە كالتەكنى

قولىغا ئالاتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كالتەك توپ ئويناش ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن.
قارىغاندا «قىممەتلىك بابى» مۇقەررەر چېمپىيون بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما ھەرقانداق تۆردىكى چېمپىيونلار مۇكەممەل مەشىق قىلمىسا ۋە ئىجتىھات بىلەن تىرىشمىسا بولمايدۇ. كېيىن «قىممەتلىك بابى» راك كېسەللىكى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ چەكسىز جاسارىتىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە ئېتىقادىنى نامايان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. «قىممەتلىك بابى» نىڭ ئەمەل قىلغان تۇرمۇش مىزانى: «ھەربىر ئادەم ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرماقچى بولىدىكەن، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت بولغان.

«ئېنىق نىشان ۋە بۇرچ تۇيغۇسى» مۇ ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك مۇددىئا - مەقسەت ئاتا قىلىدۇ. مۇبادا دېرىكسون زاخارىياس ئوتلۇق ئارمان بىلەن گولف توپ مۇسابىقىسىدە ئۇتۇپ چىقمىغان بولسا ئۇنىڭ بۇنداق ئەستايىدىل مەشىق قىلىشى، گولف توپ ئويناش تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە نىشان بىزنى روھلاندۇرىدۇ، بولمىسا بىز يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى بايقىيالمايمىز، جارى قىلدۇرالمايمىز. كۆپچىلىك «نىشان خاراكتېرى» نىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. «بىز زادى قانداق نەتىجە قازانماقچى بولىمىز، قانداق ئىرادە بىلەن نىشاننى قوبۇل قىلىمىز؟» دېگەن ئېنىق ئوي بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈن بىزگە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. «نىشان خاراكتېرى» يەنە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش بىلەن مەغلۇپ بولۇشنى، ئۇڭۇشسىز بولغانلىقىنى ياكى تۇرمۇشنىڭ قىزغىن ئۈمىدى بىلەن ئوتلۇق ھېسسىياتىنى تەن ئېلىشنى، مۇۋەپپەقىيەت



قازىنىشنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.
جانلىق، قۇدرەتلىك ھايات مۇكەممەل نىشاننىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئۇچرايدۇ؛ پەقەت ئاز بىر قىسمىلا ئۈمىد بىلەن خاھىشچانلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، پارلاق مۇۋەپپەقىيەت دەل ئادەمنىڭ قەلبىدە جۇلالىنىۋاتقان گۈلخاننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

كيۇرى خانىمنىڭ قىزى ئايىسىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ، ئايىسىنىڭ رادىي ئېلېمېنتىنى بايقاش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن. كيۇرى خانىم بىلەن ئېرى رادىينىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. ئۇلار تارغىنە تەجرىبىخانىسىدا ئۇزاق ھەم جاپالىق تىرىشقان، ئۇلار دېلىغۇللۇق، ئۈمىدسىزلىك كۈنلەردە بارلىقىنى رادىينى چەككىلەپ چىقىشقا بېغىشلىغانىدى. ئۇ ئىككىيلەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سەۋرچانلىق بىلەن تونىنا - تونىنا ئاسفالىت بىرىكمىسى قالدۇقىدىن كىلو - كىلولاپ ئەۋرىشكە ئالغان. ئۇلار بۇ ئەۋرىشكىلەردىن جەزمەن رادىي چەككىلەپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما قانچىلىغان تەجرىبىلەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. بىز بۇ تەرجىمىھالغا ئاساسەن ئىشلەنگەن كىنودىن ئۇلارنىڭ 48 - قېتىملىق تەجرىبىسىنىڭمۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. كيۇرى ئەپەندى تەجرىبىسى ئاخىرى بىتچىت بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان.

— نېمە ئامال! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بۇ ئىشنى ھەرگىز باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىكەن! بەلكىم بىر ئەسىردىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولار. بىز بۇ ئۆمرىمىزدە رادىينى كۆرەلمەيدىكەنمىز!

ئەمما كيۇرى خانىمنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىغان ئىدى.

— يەنە بىر ئەسىر سەرپ قىلىش نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ھە! — دېدى كيۇرى خانىم جاۋابەن، —

ئەمما بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، زىنھار بوشاشماسلىقىمىز كېرەك.

دەل مۇشۇنداق بۇرچ تۇيغۇسى ئاخىرى بىر ئاخشىمى رادىيىنى ئوراپ تۇرغان تۇماننى تارقىتىۋەتكەن. شۇ ئاخشىمى كيۇرى خانىم بىتاب بولۇپ قالغان بالىسى بىلەن بىللە تۇرغانىدى، بالىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن ئۇ ئېرىگە:

— بىز بېرىپ ئۇنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ باقايلىچۇ؟ — دېدى.

ئۇ ئېرىگە يېلىنىۋاتقاندەك قىلاتتىيۇ، ئەمما بۇ ئەمدى ئارتۇقچە ئىش ئىدى. چۈنكى پيېرمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش جىددىيلەشكەنىدى. ئۇلار رەستىدىن ئۆتۈپ، تەجرىبىخانا ئالدىغا كەلدى. پيېر تەجرىبىخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچماقچى بولدى.

— چىراغنى ياندۇرماڭ، — دېدى كيۇرى خانىم پيېرغا، كېيىن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە قوشۇپ قويدى، — ھېلىقى كۈنى سىز ماڭا: «رادىينىڭ چىرايلىق رەڭگى بولسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

ئۇلار شۇنداق دېيىشكىنىچە تەجرىبىخانىغا كىردى، قاراڭغۇ تەجرىبىخانىدا تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان كۆك نۇر چاقنايتتى. ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە بىر - بىرىگە قاراشتى، ھاياجاندىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇلار چاقناپ تۇرىدىغان نۇر چاچىدىغان سىرلىق مەنبە — رادىيغا قاراپ تۇرۇشتى. توغرا، ئۇلار تەشنا بولغان رادىي، بۇ ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكىگە، سەۋرچانلىقىغا بېرىلگەن مۇكاپات ئىدى.

ئەمما قانچىلىغان ئادەملەر ئالدىراشلىق بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگەندۇ - ھە؟ ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ مەجبۇرىيىتى ۋە نىشانى بولمىغاچقا ۋاقىتنى لاغايلاپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن، ئىقتىدارىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۆزلۈكىنى تىكلەشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلۈكىنى تىكلەشكە بولغان زارىمەنلىكى بىلەن شادلىقىنى



يوقاتقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناچار ئادەملەرمۇ؟ ياق، ئۇلار پەقەت يەڭگىلتەك ئادەملەر. ئۇلار خەسىس، رەزىل ئادەملەرمۇ؟ ياق، ئۇلار پەقەت ۋاقىتنى مەنىسىز ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر. ئۇلار ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلار كالىلىسى قاپاقتەك قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى چۈشىنىش قۇربىتى، ئېڭى يېتەرسىز، ئېتىقادى ئاجىز. ئۇلارنىڭ نىشانى بولمىغاچقا، كۆڭۈلسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان، قىلغان ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان.

بىز ئىقتىدارىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئېنىق، مۇستەھكەم، ساغلام نىشان تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدىغانلا بولساق، جەزمەن ئېسىل جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز. بۇرچ تۇيغۇسى تۇرمۇشىمىزنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ، ئىقتىدارىمىزنى چىڭىتىدۇ، چىڭىتىلغان بۇنداق ئىقتىدار كۈچ - قۇدرىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. ئېدۋارد II بىر قېتىم گېنېرال ۋىليامدىن: «سىز قانداق قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن مۇشۇنداق زېرىكىشلىك، مۇرەككەپ، قىيىن ئىشقا ئۆزىڭىزنى بېغىشلاپ، بىراۋغا خۇشامەتمۇ قىلماي كۆچىنىپ ئىشلەيسىز؟» دەپ سورىغاندا، گېنېرال ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان مۇنداق جاۋابنى بەرگەن:

بەزىلەرنىڭ قىزغىنلىقى ئالتۇن،
بەزىلەرنىڭ قىزغىنلىقى تاج - ئاتاق.

مېنىڭ قىزغىنلىقىم ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇش. بۇنداق بۇرچ تۇيغۇسى ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە نامايان قىلغان.

جون ئادامىس چىكاگو خوۋلېس فوندىنى ياراتقان ئايال. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ھايات بۇرچىنى تاپقان. ئۇ ئالتە ياش چاغلىرىدىلا ئىللىنويس شتاتى ئەركىن پورتىنىڭ ئارقا

كوچىسىدىكى ياردەمچىسىز، تاشلاندۇق، تۇرمۇشى قىيىن كىشىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، ئۇ چوڭ بولغىنىمدا ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان جايغا چوڭ ئۆي سالىمەن؛ ئەمما بۇ ئۆي جەزمەن ئۆزۈم كۆرگەن نامراتلارنىڭ ماكانىغا سېلىنىدۇ، دېگەن. ئۇ ئىزچىل تۇردە شۇنداق بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ھېسسىياتتا بولغان. بۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارنى ئىشلىتىشتىكى بىر تەۋرەنمەس نۇقتا بولغان. كېيىن خولۇپىسىنىڭ ئۆيى نامراتلار ماكانىدىكى كاتتا ئۆي بولۇپ قالغان. ئۇ مۇھەببەت، دوستلۇق بىلەن تولغان ئۆي ئىدى. جون ئادامسمۇ بالىلىق چاغلىرىدىكى خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئەمما ئۇنىڭدا مۇشۇنداق بۇرچ تۇيغۇسى بولمىغان بولسا ئۇ جون ئادامس بولالارمىدى، خولۇپىسىنىڭ ئۆيى بولارمىدى؟ ئوخشاشلا، بىزدە مۇشۇنداق بۇرچ تۇيغۇسى بولمىسا، ئىقتىدارىمىز بىلەن ئەمەلىي كۈچىمىز يېتىدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادىگە، يۇقىرى سەۋىيىگە يېتەلەيمىزمۇ، مۇشۇنداق بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ ئىلھامى بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، توسالغۇلارنى تۈگىتەلمەيمىزمۇ؟ سىز بۇنىڭ جاۋابىنى كىشىلىك ھايات كەچۈرمىشلىرىڭىز ئەڭ قىيىن بولغان باب - پاراگرافلاردىن ئىزدەڭ. بەلكىم سىز ئوقۇش، ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ھەرەج تارتىشىڭىز مۇمكىن. ھەتتا ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما سىز پۇل جۆندەشنىڭ ئېپىنى، چارىسىنى قىلىشىڭىز كېرەك. جىمى ئىش مۇشكۇل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا سىز ئېرىشىدىغان ياردەممۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ، پەقەت ئىككى بىلىكىڭىزلا سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ، ئىرادىڭىز سىزگە سىزنىڭ جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىڭىزنى دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز جاپالىق تىرىشىسىز، ئاددىي - ساددا ياشايسىز. ئەمما نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئەركىن - ئازادە، ئارامخۇدا يۈرۈشىدۇ، كىيىم - كېچەكتىن، ئاش - تاماقتىن غەم - ئەندىشە قىلمايدۇ.



ھەتتا سىز ئىشنى بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشتۇرالمايدىغاندەك ھېسسىياتتا بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما قانداق بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئىشىڭىزنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭ. سىز پەخىرلىنىدىغان كۈن ھامان يېتىپ كېلىدۇ، سىز شۇ كۈنى ئۇستىبېشىڭىزغا ئىلمىي ئۇنۋان بۆك - تونىنى كىيىپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىپلومىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، غالىبلارچە قىياپەتتە پەخىرلىنىك بىلەن: «مەن ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم!» دەپ خىتاب قىلىسىز.

ئەلۋەتتە سىز ئىرادىڭىزنى تاۋلايدىغان ئاشۇ دەقىقىلەرنى قايتا ئەسلەشنى ياقتۇرمايسىز. ئەمما ئويلاپ بېقىڭ، ھاياتتىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك ھاسىلاتنىڭ قايسىبىرى جاپالىق تىرىشىش، مەشىق قىلىش، ئىنتىزار بولۇشتىن كەلمىگەن؟ مۇابدا تۈز، ئاسان يول بولغان بولسا كىشىلىك ھاياتتىكى بۇ قىممەتلىك نەرسىلەر سىزگە مەنسۇپ بولمايتتى. مەشىق قىلىش جەريانىدا زېھنىڭىز ئاشىدۇ، سەۋر - تاقەتلىك بولۇشنى ئۆگىنىۋالىسىز — ئەلۋەتتە پۇلنىڭ قىممىتىنىمۇ چۈشىنىسىز، ئاخىرقى ھېسابتا تۆلىگەن بەدەللىرىڭىز تامامەن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، جاپا - مۇشەققەتلىك كەچۈرمىشلىرىڭىزدىن پۇشايمان قىلمايسىز. بۇنداق تەربىيىنىڭ مەنپەئەتى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ: مەيلى قايسى ساھەدە بولسۇن، بىز ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشنى ئارمان قىلساق، بەخت - ئىقبالىمىزنى، شەخسىي نەتىجىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشساق، ئازراق بەدەل تۆلىسەك زېھنىمىزنى ئاشۇرالايمىز.

بىز ئىقتىدارىمىزنى تەكشۈرۈپ، ئېدىتلاپ كۆرسەك، جىددىي جەڭ تەرەددۇتىنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىمىز، بۇرچ تۇيغۇمىزنى قوزغايدىغان شەرق شاملىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتىمىز. ئاندىن زېھنىمىز بىلەن تالانتىمىزنى ئىشلىتىمىز ۋە

ئۇلارنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز. بەلكىم بىزنىڭ ئىقتىدارىمىز تېخى ئاجىز، ئىقتىدارىمىزنى ئىشلىتىدىغان پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئالدىنقى چۆچەكتىن ئۈچىنچى خىزمەتكارنىڭ تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇ ئىقتىدارنى توغرا نىيەت بىلەن ئىشلەتمىگەن ياكى زادى ئىشلەتمىگەن. بۇ دەل ئۇنىڭ كەمچىلىكىدۇر (ئۇ تەڭرى بەرگەن بىر تىللانى يەرگە كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن).

بۇنداق ئىلھامنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بىزگە تولۇق نامايان بولىدۇ. بەزى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ زېھنى ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نەتىجىسى روھىيەت - جىسمانىيەت جەھەتتە ساغلام ئادەملەر ياراتقان نەتىجىدىن زور بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئاددىي ئادەملەر بارلىقى بىلەن، تىرىشىپ ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ. تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى دېگەن مەسىلىدە توشقان تاشپاقىدىن تېز يۈگۈرگىنى بىلەن ئاخىرى تاشپاقا ئۇتۇپ چىقىدۇ. چۈنكى تاشپاقا پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىشقا سالىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب، جىم خۇددى ئالتۇن قېزىش جەريانىدا بايلىق يىغالماي مەغلۇپ بولغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بىر توپ باي - زەردارلار ئىچىدە جىم «ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان» ئادەم ھېسابلىناتتى. بىر دوستىمىز ئانالىز قىلىپ: «جىم ئەسەبىيلەرچە ئالتۇن قازماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالتۇن قېزىش ئىقتىدارى ئاجىز» دېدى. بىزگە نىسبەتەن مەغلۇبىيەتنى ئاسان قوبۇل قىلغىلى، كۆڭلىمىزدە قوشۇلغان پىلاندىن ئاسان ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئويلىشىمىز، ھەتتا يېقىن، قولايلىق يولنى، ئاسان چارىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقىمىزنى ئەيىبلىشىمىز كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇشىمىز



كېرەككى، «چوڭقۇر قېزىش پرىنسىپى» ئىنتايىن مۇھىم! ھەر كۈنى ئىقتىدارىمىز، قىيىنچىلىقلىرىمىزنى سىناپ باقساق ھەتتا ئىقتىدارىمىزدىن ئېشىپ چۈشىدىغان قىيىن ۋەزىپىلەر بىلەن ئېلىشىپ باقساق بولىدۇ، بۇ دەل بىزنىڭ ئىرادىمىزنى تاۋلىغانلىق، چوڭ مېڭىمىز بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى چېنىقتۇرغانلىق بولىدۇ، بۇلار بىز ئۈچۈن پايدىلىق! بىز قىيىنچىلىقنىڭ تومۇرىنى تەدرىجىي ئىگىلىۋالساق، ئىقتىدارىمىزمۇ تەدرىجىي ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ زور، تېخىمۇ قىيىن ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىمىز ۋە تېخىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز، قاتتىق ئېلىشىش جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز. پادلېۋسكىي (1961 - 1860) پولشالىق مۇزىكانت، دىرىژور، پىئانىنوچى، ۋەتەنپەرۋەر ۋە سىياسىئون. ئۇ ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيەنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن يېقىملىق كۈينى ئورۇنلىغاندا ئايال پادىشاھ قىزغىن چاۋاك چېلىپ بارىكاللا ئېيتقىنىچە: «پالېۋسكىي ئەپەندىم، سىز ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنسىز!» دېگەن. «ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بەرگەن پادلېۋسكىي، — دېگەنلىرىڭىز بەلكىم توغرىدۇر، ئەمما تالانتلىق بولۇش ئالدىدا جاپالىق مەشىق قىلدىم.»

بىز ئىقتىدارنى زور دەرىجىدە ئىشلەتسەك تەسەۋۋۇر بىزگە «قىزىقىش» قانىتى ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىقتىدار قوشىمىزنى تەسەۋۋۇر ئالەمىمىزدە پەرۋاز قىلدۇرالايمىز. نەتىجىدە، مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى چېكەلەيمىز، ئەمما بىز بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتنى ئالدىن پەرەز قىلماي، ئەقىل - پاراستىمىزدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئارتۇقچە ئۈمىدتە بولساق، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولىدۇ، شۇڭا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى شەخسلەرنىڭ ئەڭ زور مۈلكى ۋە بايلىقى بولىدۇ، ھەمدە مۇشۇ ۋەجىدىن شەخس ئۆزگىچە خىسلەت - جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، چىڭگىتمۇاتقان گايكىنى قول بىلەن بوشىتىش مۇمكىنمۇ؟ نۇرغۇن ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا پىشاڭ بىلەن چاق كەشىپ قىلىنغان. ئەمما تەسەۋۋۇر كۈچى كۈچلۈك بولغان بەزى ئادەملەر باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى پەردازلاپ تىخىمۇ ئۇزارتقان، شۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۈلۈچ مەيدانغا كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق ئالاھىدە قوراللار خۇددى كۈچتۈڭگۈر قولغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىش - خىزمەتلەرنى قىلماقتا. سىز يەنە ئويلىنىپ بېقىڭ، سىز مۇشتۇمىڭىز بىلەن مىخ قاقالامسىز؟ بۇرۇن ئىجادىيەت قارىشىغا ئىگە نۇرغۇن ئادەملەر تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغان. ئۇلار ئالدى بىلەن يېنىدىكى تاشنى ئېلىپ مىخنى قاققان، كېيىن ئۇلار ئىپتىدائىي بولقىنى ئىجاد قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قۇدرىتى ھەسسىلەپ ئاشقان. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ئوتتىن ئىلھاملانغان، دۋىگاتېل كەشىپ قىلىنغان. تەسەۋۋۇر كۈچى پارنى كۆرگەن، شۇنىڭ بىلەن پار ئىنسانلارنىڭ قولىغا ئايلانغان. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى مېخانىك قولنىڭ پاختا چولىيالايدىغانلىقىنى كۆرگەن، خىيال قىلىنغان ماشىنا خەت يازالىغان، تەقلىدىي نەرسىلەرنى ئىشلىيەلىگەن. مېخانىك سايمانىنىڭ ئۇرۇق چاچالايدىغانلىقىنى، خامان ئالالايدىغانلىقىغا نەزەر سېلىنغان، كىشىلەر ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولغان ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئىشلىتىپ، ئېغىر نەرسىلەرنى مۇئەللەققە ئېلىپ چىققان. ئاخىرى تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى يەنى ئاتومنى مەنبە قىلىپ ئايرىلىپ چىققان، ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى كۆرگەن. قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى يېڭىدىن - يېڭى مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن بىز ئىبھتىياجلىق بولغان ھەر بىر نەرسە ئىشلەپچىقىرىلدى، مۇھىم نەزەرىيە ۋە پرىنسىپلار بايقالدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ



تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ راھەتلىك بولدى. تۇرلۇك مەدەنىيلىك تەرەققىياتىغا ۋە قىيىن پائالىيەتلەرگە مەدەت - ياردەم بېرىلدى. ئۇ ئىجتىمائىي ئەندىزىنىڭ، لوگىكىنىڭ ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ بىباھا گۆھىرى بولۇپ، بىزگە تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشنى ئاتا قىلىدۇ.

ئادەم ئۆز ئىقتىدارىنى ئىشقا سالغاندا ئەقىل - پاراسىتىنى نامايان قىلالايدۇ. مۇبادا بىز تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىشلەتمىسەك، تۇرمۇشىمىز ئادەتتىكىدە، ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ. مەغرۇرلاندۇرىدۇ، قانائەتلەندۇرىدۇ. مەغرۇرلۇق بىزنىڭ ئىجادىي خاراكتېرلىك ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشقا نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە بولىدۇ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئۇ تامامەن ئۆز بولۇشى مۇمكىن. تېخى ئۇ بىزنىڭ تولۇق كۆرۈپ بولالمىغانلىقىمىزنى بايقىشىمۇ مۇمكىن. فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە كىچىك بىر قىز بار ئىدى. قىزنىڭ ئائىلىسى تولىمۇ نامرات ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى تەگرىدىن پۇل ئاتا قىلىشنى تىلەيتتى. قىز بىر مودېل قىزنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ تەقلىدىي سۈرىتىنى سىزغان، بۇ — قىزنىڭ بىردىنبىر ئارمىنى ئىدى. ئەمما قىزنىڭ ھويلىسىغا ئاسماندىن پۇل ياغمىغان، ئۇنىڭ نالىلىرىمۇ تەگرىنىڭ قۇلىقىغا يەتمىگەن. لېكىن بىر كۈنى توساتتىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئۇنىڭغا مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ چارە ئۇ قىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى، قىزنىڭ ئارمان قىلغان سۈرىتىنى سىزىشنى ساقلاۋاتاتتى! ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ مودېل — دېھقان ئېتىنى تاپتى! قىز شۇ زامان ئۆيىگە كېلىپ رەسىم جاھازىسى بىلەن پەلكۈچنى ئېلىپ، يەنە بازارغا كەلدى. سىز بۈگۈنكى كۈندە نيۇيورك خەلقئارا سەنئەت يۇرتىدا روسا باۋېل ئىمزاسىدىكى تېمىسى «ئات بازىرى» دېگەن بىر مەشھۇر رەسىمنى كۆرىسىز.

تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما

ھېسسىيات كەم بولسىمۇ بولمايدۇ. ھېلىقى مەسىلىدىكى پۇلنى يەرگە كۆمۈپ قويغان بايقۇشتا تەسەۋۋۇر بىلەن ھېسسىيات كەم بولغان. بىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنى خالىغانچە تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى بىلەن ھاياتىي كۈچكە تولغان ئۇيى بارلىقىنى بايقايمىز. ئۇلار ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشىدىن ھاياجانلىنىدۇ، روھلىنىدۇ، ئۇلار بۇنداق ھاياجاننى باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇشنى، ئىقتىدارىنى تولۇق نامايان قىلىشنى خالايدۇ. مۇبادا مۇشۇنداق ئالماشتۇرۇش، جارى قىلدۇرۇش بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ئاشمايدۇ.

قىزغىنلىق ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرىدۇ. خۇددى قەلب قەسرىمىزدە بىر نۇرلۇق چىراغ كۆپەيگەندەك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىدارىمىز ئىللىقلىقىمىزنى، ھاياتىي كۈچىمىزنى نامايان قىلىدۇ. قىزغىنلىق دېگەن بۇ سۆزنىڭ سۆز يىلتىزى «تەڭرى ئاتا قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. بىز بۇ نۇقتىدىن قىزغىنلىقنىڭ مەنبەسى بىلەن مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايمىز. مۇبادا قەدىمكى دەۋردىكى كىشىلەر بۇنداق قىزغىنلىقنى سەۋىيە ـ ساپا ئاتا قىلغان دېيىلسە، بىزنىڭ بۇ قىزغىنلىق مەسىلىلىرىگە قايتىدىن قاراپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قىزغىنلىق گۈلخانلىرى ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرىدۇ، ۋۇجۇدىمىزغا شادلىق ئاتا قىلىدۇ، چىرايلىرىمىزدىن نۇر ـ زىيا ياغدۇرىدۇ، جەلپكارلىقىمىزنى بېيىتىدۇ.

ئەمما قىزغىنلىق، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ھەتتا نىشان ئاخىرقى ھېسابتا ئادەمنى قانائەتلەندۈرگۈدەك نەتىجە بەرمەيدۇ. پەقەت سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۈچلۈك ئىرادىڭىز بىلەن بەل قويۇۋەتمەي ئېتىزىڭىزنى تېرىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىر ئادەم ئىرلاندىيىلىك بىر بوۋاينىڭ پاراخوتقا چىقىپ بايلىق ئىزدىمەكچى بولغان بىر يىگىتكە ئۈچ تۈرلۈك سەممىي نەسىھەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان:



— بولدى قىل، ئوغلۇم مايكىل، — دېدى بوۋاي، — سەن ئۈچ تال سۆڭەكنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتساڭ ھەممە ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەم قىزىقسىنغىنىچە ئۇ بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، بوۋايدىن ئۈچ تال سۆڭەكنىڭ مەنىسىنى سورىغان.

— قارا ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي يېشى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغان يىگىتكە كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ، — ئەجەبا سەن تېخىچە چۈشەنمىدىڭمۇ؟ خوش، چۈشەنمىسەڭ چۈشەندۈرۈپ قوياي. بىرىنچىسى كۆكرەك سۆڭىكى، بۇ ئۈمىد سۆڭىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى تۆۋەنكى ئېڭەك سۆڭىكى؛ ئۈچىنچىسى ئومۇرتقا سۆڭىكى، تۆۋەنكى ئېڭەك سۆڭىكى سېنى توختاۋسىز سوئال سوراتقۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن بىلمەكچى بولغان نەرسىلەرنى بىلەلەيسەن؛ ئومۇرتقا سۆڭىكى سەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغىچە ساڭا غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلىدۇ.

بىز ئىقتىدارىمىزنى ئىشلىتىش جەريانىدا بەخت ـ سائادەتنى بايقىماقچى بولىدىكەنمىز، ئىقتىدارىمىزنى تەۋرەنمەي ئىشلىتىشىمىز، چاقىرىقىمىزغا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. بوشاشماي تىرىشىش ھامان مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىسىدىكى پاسىل بولۇپ، خۇددى يېرىلغان ئوتۇنغا ئوخشايدۇ. مۇبادا بىز ئاخىرىغىچە تىرىشمىساق، ئوتۇننى يېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىز بىكار كېتىدۇ. شۇڭا بىز قىيىنچىلىق يوپۇرۇلۇپ كەلگەن، قىستۇرۇلغان ئىقتىدارىمىز خىرىس بىلەن بېسىمغا دۇچ كەلگەن چاغلاردا قۇۋۋىتىمىزنى ئىسراپ قىلماي، تېخىمۇ قەيسەر، سەۋرچان بولۇشىمىز كېرەك. توغرا، مۇبادا ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان قىيىنچىلىق جەريانىدا بىز باتۇرلۇق ئىزچىللىقىنى يوقاتساق، بەزى نەتىجىلەرمۇ ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. دەل ھەربىر ئادەمنىڭ

ئىچكى ئىقتىدارى بىلەن غەيرىتى ئۆزلىرى يولۇققان خىرىستىن ئېشىپ چۈشكەندىلا ئاندىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

ئاخىرقى تەكلىپىم شۇكى، بىز ھازىرقى ئورنىمىزنى قولدىن بەرمەي، قولىمىزدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. بىز قانداق خىزمەت ئورنىدا بولايلى، بىز خىزمىتىمىزنى باشتىن ـ ئاخىر مۇكەممەل ئىشلىيەلەيمىز. بەزىلەر ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن بۇ خىزمەتكە زايە كەتتىم. بۇ يەردىكى خىزمەت بەك كۆڭۈلسىز، بۇ خىزمەت تالانتىمغا قاتتىق ئەلەم قىلدى، بۇ يەردە ئەقىل ـ پاراسىتىمنى ئىشلىتىدىغان پۇرسەت يوق» دەپ، ۋايساپ، ئىش ھەققى ئاز خىزمەتكە كۆڭۈل قويۇپ ئىقتىدارىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاخىرى ئىرادىسىنى يوقىتىدۇ، خاتىرجەم بولالمايدۇ، غەمكىن، بەختسىز يۈرۈيدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئەڭ چاتاق يېرى شۇكى، ئۇ ئۆزىمۇ ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىدىن چىقالمايدۇ.

پاراسەت، تالانت خۇددى مۇسكۇلغا ئوخشاش مەشىق قىلغانسېرى كۈچىيىدۇ. مۇبادا بىز ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرماي، كۈن بويى خىيالىغا بېرىلىپ، ماڭا ھېچقانداق پۇرسەت كەلمەيدۇ، دەپ يۈرسەك ئازابتىن قۇتۇلالمايمىز. بەلكىم بىز يۈكسەك پەللىگە يەتكەندىلا جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش باشلىنىدۇ دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما يۈكسەك پەللىگە يەتكەندىمۇ يەنە توختىماي تىرىشىشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

بىز قەيەردە بولايلى ـــ دېھقانچىلىق مەيدانىدا، ئىشخانىدا، سودا پۇكىيىدە، ئوقۇتقۇچىلىق مۇنبىرىدە، ئاشخانىدا بولايلى ياكى فورما كىيىپ مۇلازىمەت قىلايلى، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى، ئۆزىمىز مۇكەممەل بولغان خىزمەتتە ئىقتىدارىمىزنى ياخشى جارى قىلدۇرساقلا، ئىلگىرىلىشىمىزمۇ



جەزمەن نامايان بولىدۇ. شۇڭا بىز ئەدناسى ئۈچ ئىشنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. بىرىنچى، بىز قانداق ئىش قىلايلى، قىلغان ئىشىمىزنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشىمىز؛ ئىككىنچى، پاراسىتىمىزنى ئىزچىل ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاشۇرۇشىمىز؛ ئۈچىنچى، ئۆزىمىزنى زور مەسئۇلىيەت، كۆپ پۇرسەت قوينىغا ئېتىشقا ھەر ۋاقىت دەرقەمتە تۇرۇشىمىز كېرەك.

نۇرغۇنلىرىمىز ئۆمۈر بويى مۇۋەپپەقىيەت ئىزدەيمىز. ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت بىزگە ناھايىتى يېقىن، قولىمىزنى سۇنساقلا ئۇنى تۇتالايمىز.

— لوس H. كانۋېل

# 10 ـ دەرس

## سىز ئالماس كېنىڭىزنى قانداق روناق تاپقۇزالايسىز

بۇ دەرسنى سىز ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، كلاسسىك مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق توغرىسىدىكى دەستۇر لوس H. كانۋېل بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقان سەپداشلار يىغىنىشىدا تۇنجى بولۇپ «ئالماس كېنى» دېگەن دەرسنى سۆزلىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 5000 قېتىمدىن ئارتۇق دەرس سۆزلىدى. ئۇنىڭ دەرسىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى كىشىلەر ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەچچە مىليون دوللار پۇلغا ئېرىشتى. ئۇ مۇشۇ ئاساستا تانپۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق دەرس سۆزلەش سالاھىيىتىگە ھېچكىم ئىگە بولۇپ باقمىدى.

مەن ھەر قېتىم دەرس سۆزلىگىنىمدە ھامان تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتىمەن: مەن زىيارەت قىلماقچى بولغان شەھەر ـ بازارلارغا ئىمكانقەدەر بالدۇر بېرىپ، پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى، ساتىراش، رېستوران خوجايىنىنى، مەكتەپ مۇدىرىنى، دىنىي جەمئىيەتتىكى پوپ قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلىمەن. كېيىن يەنە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، شەھەر ـ بازارلارنىڭ تارىخى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ



پۇرسىتى، مەغلۇبىيىتى، ھەربىر شەھەر ـ يېزىنىڭ مەغلۇپ بولۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى بىلەن چۈشىنىش ئۈچۈن زاۋۇتلارغا بېرىپ، دۇكان ـ ماگىزىنلارغا كىرىپ، كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىمەن، سىردىشىمەن. ئاخىرى ئۇلاردىن ئىگىلىگەن مەزمۇنلارنى سۆزلىمەكچى بولغان دەرسىمگە سىڭدۈرۈۋېتىمەن.

«ئالماس كېنى» توغرىسىدىكى ئۇي بىلەن دەرس مەزمۇنى ئۆزگەرتىلمىگەن. بۇ ئۇي ھەربىر ئادەمنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىتتا ئۆزىنى كۆچەيتىپ، بارچە ماھارىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش، ئۆزى ۋە دوستلىرى بىلەن بىللە تىرىشىپ ئىلگىرىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بەلكىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى نامى ئۆچمەيدىغان ئۇلۇغ ئادەملەردىن ئۆگىنىۋالغىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت كۆز ئالدىڭىزدىلا بولۇشىمۇ مۇمكىن…

مەن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئەنگلىيىلىك بىر توپ ساياھەتچىلەرگە قوشۇلۇپ تىگرىس دەرياسى بىلەن ئىفرات دەرياسىنى بويلاپ ساياھەت قىلدىم. بىز باغداتتا بىر يول باشلىغۇچى ياللىۋالغانىدۇق. مەن پات ـ پات ئۇنى خىيالىمدىكى ساتىراشنىڭ ئوبرازى بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئەمما ئۇ ئۆز بۇرچىنى دەريا بويلاپ يول باشلاش ئەمەس، بەرگەن ھەققە تۇشلۇق ئىش قىلىشىم كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ يول بويى بىزگە ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى زاماندا، بەزىلىرى ھازىرقى زاماندا يۈز بەرگەن. بىز بۇ ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئاڭلىغان، بەزىلىرىنى ئاڭلىمىغانىدۇق. مەن ھازىر ئۇ ھېكايىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسامىمۇ (بۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايمەن)، ئەمما بىر ھېكايە ھېلىھەم ئېسىمدە.

پېشقەدەم يول باشلىغۇچى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى يېتىلەپ دەريا بويلىغىنىچە كېتىۋاتاتتى. مەن تۆگە ئۈستىدە ئىدىم. ئۇ

بىر ھېكايىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن يەنە بىر ھېكايىنى باشلايتتى. ئۇ مېنىڭ ھېكايە ئاڭلاشتىن بىزار بولغانلىقىمنى بىلىپ سەل خاپا بولۇپ قالاتتى. ئەمما مەن كۆڭلۈمگە ئالمايتتىم. ئۇ مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغاش ئۈچۈن بېشىدىكى تۈركچە بۆكىنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق مۇغەمبەرلىكىگە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتىم - يۇ، تىكىلىپ قارىمايتتىم. ئۇ يەنە ھېكايە ئېيتارمۇ دەپ بەك ئەنسىرەيتتىم. ناھايەت، ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويدى - دە، يەنە بىر ھېكايىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدۇم.

— بۇ ھېكايىنى «كۆڭۈلدىكى دوستلار» غا ئېيتىپ بېرەرمەن، دەپ كۆڭلۈمدە ساقلاپ كەلگەنىدىم، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىگە ئىختىيارسىز قۇلاق سالدىم، كېيىن مەپتۇن بولۇپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتتىم، مۇشۇ ھېكايىنىڭ ياردىمى بىلەن 1647 نەپەر يىگىت ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزدى. ئۇلارمۇ بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەۋەت خۇش بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇ: «يىراق تاماندا، ھىندى دەريا بويىدا ئەلى ھەيفى دېگەن بىر پارس بار ئىكەن» دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، باغۋارانلىرى، گۈللۈكلىرى بار ئىكەن، پۇلىمۇ كۆپ ئىكەن، نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايدىكەن. مۇھىمى ئۇ باي ھەم قانائەتچان ئادەمكەن، ئۇ پۇلى بولغاچقا قانائەتچان ئىكەن، قانائەتچان بولغاچقا باي ئىكەن. بىر كۈنى مەشرىقلىق بىر پازىل كىشى — بۇددا شەيخى ئەلى ھەيفىنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ. شەيخ ئوچاق يېنىدا ئولتۇرۇپ، بۇ دۇنيانىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپتۇ: دەسلەپتە بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا يۇملاق تۇمان ئىكەن. تەڭرى تۇمان ئىچىگە بارمىقىنى تىقىپ



تۇماننى ئاستا - ئاستا قوچۇپتۇ. كېيىن بارغانسېرى تېز قوچۇپتىكەن، تۇمان ئوت شارىغا ئايلىنىپتۇ، بۇ ئوت شارى ئالەمنى كېزىپ يۈرۈپتۇ، بارغانسېرى تېز ئايلىنىپتۇ، بارماق نۇرغۇن تۇمانلارغا ئۇرۇلۇپ ئۆتۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن نەملىك ئاستا - ئاستا تۈگەپتۇ، ئوت شارىنىڭ قىزىق سىرتقى يۈزىنى تۇمان بېسىپتۇ. ئوت شارىنىڭ سىرتى سوۋۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ئوت شارىنىڭ مەركىزىدىكى ئوت سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ، تاغ تىزمىلىرى — تاغ چوققىلىرى، ئېدىر، جىرالار، تۈزلەڭلىكلەر، ئوتلاقلار ھاسىل بوپتۇ. بۇ بىز ياشاۋاتقان دۇنيادۇر. ئوت شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماگمىلار ئېتىلىپ چىققاندىن كېيىن تېز سوۋۇپ، مەمەر تاشلار ھاسىل بوپتۇ، كېيىن مىس ھاسىل بوپتۇ، مىستىن كېيىن كۈمۈش، كۈمۈشتىن كېيىن ئالتۇن، ئالتۇندىن كېيىن ئالماس ھاسىل بوپتۇ، جىمى نەرسە شۇنداق ھاسىل بوپتۇ.

— ئالماس بىر تال قېتىپ قالغان قۇياش، — دەپتۇ شەيخ. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شەيخ ئىلمىي نۇقتىدا تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىكەن. بۇ گەپنىڭ ناھايىتى ئاساسى بار. ئالماس قۇياشتىن تىندۇرما بولۇپ قالغان ياغاچ كۆمۈردۇر. شەيخ ھەيفىگە: «سىلىنىڭ باش بارماق چوڭلۇقىدا ئالماسلىرى بولسا پۈتۈن دۆلەتنى سېتىۋالايلا، مۇبادا بىر ئالماس كانلىرى بولسا ئەۋلادلىرىنى خانلىق ئورنىغا چىقىرالايلا» دەپتۇ.

ھەيفى ئالماسنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالماسنىڭ پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ، ئەمما ئاقىۋىتى چاتاق بوپتۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدا قاقسەنەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر نەرسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن ئەمەس، قانائەتچانلىقىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن يالاڭ تۆش بولۇپ قاپتۇ. ئۇ نامراتلىشىپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئەنسىرىگەچكە قانائەتچانلىقىنى يوقىتىپتۇ ۋە: «ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئالماس كېنى

كىرەك» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ كېچىسى ئۇيقۇدىن بىدار بوپتۇ.

ئۇ تاڭ ئېتىشى بىلەنلا شەيخنى ئىزدەپ بېرىپتۇ ۋە شەيخنى ئويغىتىپ:

— ئېيتىسىلا شەيخىم، مەن ئالماس كېنىمنى قەيەردىن تاپىمەن؟ — دەپتۇ.

— ئالماس؟ ئالماسنى نېمە قىلىدىلا؟

— نېمە قىلىدىلا دەملا؟ مېنىڭ پۇلدار بولغۇم بار.

— ئەمىسە ئالماس كېنىنى تېز ئىزدىسىلە، سىلى ئالماس كېنىنى جەزمەن تاپالايلا.

— ئالماس كېنىنى قەيەردىن تاپىمەن؟

— سىلى ئالماسنى ئېگىز تاغ ئوتتۇرىسىدا ئېقىۋاتقان قۇم دەرياسىدىن ئىزدىسىلە، قۇم دەرياسىدىن جەزمەن ئالماس تاپالايلا.

— مەن بۇنداق دەريا بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— ئەلۋەتتە بار، بۇنداق دەريالار كۆپ. سىلى ئۇنى جەزمەن تاپالايلا.

— خوپ، ئەمىسە مەن ئالماس ئىزدەش ئۈچۈن كەتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىپ پۇل جايلاپ، قوشنىسىغا ئۆيۈمگە قاراپ قويۇڭلار دەپ جېكىلەپ، ئالماس ئىزدەش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ قەمەر تاغدىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ. كېيىن پەلەستىنگە بېرىپتۇ، ئاخىرى پەرەڭلەر دىيارىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ. پۇللىرىمۇ تۈگەپ، غېرىب ـ مۇساپىر بولۇپ قاپتۇ، نامراتلىق، كېسەللىك ئازابلاپتۇ. ئاخىرى ئاندىلوزىيە قولتۇقىغا بېرىپ قاپتۇ، دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇرۇپ ـ سوقۇپتۇ، خالىغانچە ئېقىپتۇ، خېلىل قەسرىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇ بىچارە ئىزتىراپ چېكىپتۇ، غەم ـ ئەندىشىگە پېتىپتۇ، جېنى ھەلقۇمىغا



كەپقاپتۇ. ئۇ قورقۇنچلۇق ۋەسۋەسىگە چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى ئۆزىنى ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇن قوينىغا ئېتىپتۇ، دولقۇن ئۇنى يۇتۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ يۈزىدە ھاياتلىق ئىزناسى نامايان بولماپتۇ.

مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىگە مەپتۇن بولۇپ كەتتىم، ئۇ بىردىنلا مەن مىنگەن تۆگىنى توختىتىپ، باشقا بىر تۆگىدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغان يۈكنى تۈزەشتۈردى. مەن بىردەم تەخىر قىلىپ تۇردۇم ۋە ئۇنىڭ ھېكايىسى ئۈستىدە ئويلاندىم. ھېلىھەم ئېسىمدە، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ھېكايىنى (كۆڭۈلدىكى دوستلارغا ئېيتىپ بېرىمەن) دەپ كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەندۇ؟» دېدىم. بۇ ھېكايىنىڭ نە باشلىنىشى، نە ئوتتۇرىسى، نە ئاخىرى يوق ئىدى. شۇڭا بۇ ھېكايىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. مەن بۇ ھېكايىنى تۈنجى بولۇپ ئاڭلىغاندىم. ھېكايىدىكى باش قەھرىمان بىرىنچى بابتىلا «باتۇرلارچە قۇربان بولۇپ» كەتكەندى، ھېكايىنىڭ بىرىنچى بابى تۈگىشى بىلەنلا قەھرىمان ئۆلۈپ كەتكەندى.

ئۇ قايتىپ كېلىپ تۆگىنى يېتىلىدى ۋە ھېكايىنىڭ ئىككىنچى بابىنى سۆزلەشكە باشلىدى. بىر كۈنى ھەيفىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋالغان ئادەم تۆگىسىنى گۈللۈكتىكى ئېرىقتا سۇغارغىلى ئېلىپ بېرىپتۇ. تۆگە بۇرنىنى ئېرىقتا تىقىپ سۇنى چايقاپتىكەن، ئۇ ئادەم قۇم ئىچىدە ئادەم ھەيران قالغۇدەك نۇر چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ سۇ ئىچىدىن بىر قارا تاشنى ئاپتۇ ۋە بىر كۆزىنى قىسىپ، تاشنى قۇياشقا تۇتۇپ قاراپتۇ. تاشقا مۇجەسسەملەشكەن ھەممە نۇر قۇياش نۇرىدا چاقناپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم تاشنى ئۆيگە ئەكېلىپ ئوچاق يېنىدىكى جاھازىغا قويۇپ قويۇپتۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئادەم بۇ تاشنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى شەيخ بۇ ئادەمنى زىيارەت

قىلىپ كەپتۇ. شەيخ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشى بىلەنلا ئوچاق يېنىدىكى جاھازىدىن ئاجايىپ يارقىن نۇر چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەيخ ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپتۇ ـ دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئالماس، ھەيفى قايتىپ كەلدىلىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ياق، ئۇ قايتىپ كەلمىدى. بۇ ئالماس ئەمەس، تاش. مەن بۇ تاشنى گۈللۈكتىكى ئېرىقتىن تېپىۋالدىم.

— توختاپ تۇرسىلا، — دەپتۇ شەيخ؟ — سىلىگە دېسەم، مەن بىر قاراپلا بۇنىڭ ئالماس ئىكەنلىكىنى بىلدىم. جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، بۇ راستىلا ئالماس ئىكەن.

ئۇلار يەنە گۈللۈككە كىرىپ، قۇمنى ئاختۇرۇپتۇ. قۇمدا ئالدىنقى ئالماستىنمۇ چىرايلىق گۆھەرلەر نامايان بوپتۇ.

— مەن سىزگە راستىنى دېسەم، — دېدى يول باشلىغۇچى ماڭا ۋە بۇرادەرلىرىمگە، — بۇ راست ئىش ئىدى. تارىخنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ. مانا بۇ ئالماس كېنى ئىدى. بۇ كان ئەنە شۇنداق بايقالغان. بۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ كەم ئۇچرايدىغان ئالماس كېنى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى ئالتۇن كېنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن. بۇ ئالماس كېنى خۇددى ئەنگلىيىلىك كېشنور ئالماس كېنى بىلەن رۇسىيىنىڭ ئورلوف ئالماس كېنىدەك دۇنياغا مەشھۇر ئىدى.

ئۇ ھېكايىسىنىڭ ئىككىنچى بابىنى سۆزلەپ بولدى. ئۇ دىققىتىمنى قوزغاش ئۈچۈن تۈركچە بۆكىنى پۇرلاپ قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى ماڭا چۈشەندۈرۈش ئىدى. ئەرەب يول باشلىغۇچىلىرى ئەخلاق ۋە تەربىيە نۇقتىسىدا تۇرۇپ ھېكايە سۆزلەيتتى، ئەمما ئۆزلىرى ئەخلاققا ئانچە رىئايە قىلمايتتى. ئۇ بۆكىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ماڭا:

— مۇبادا ھەيفى ئۆيىدىن ئايرىلماي، ئۆز بوغدايلىقىنى



قازغان بولسا، ياقا يۇرتلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرمەيتتى، ئىگە ـ چاقىسىز قالمايتتى، ئاچ ـ زارلىقتىن قاقشىمايتتى، ئۆزگە ئەلدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمايتتى. ئەكسىچە «تۈگىمەس ئالماس كېنى» غا ئىگە بولاتتى. ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەربىر مويەردىن پادىشاھنىڭ تاجىغا كۆز بولغۇدەك قىممەتلىك گۆھەرنى قازالايتتى، — دېدى.

ئۇ بۇ ھېكايىنىڭ مەنىسىنى ئېنىق دېگەندىن كېيىن، بۇ «ھېكايە» نىڭ مەنىسى — بۇ ھېكايىنى «كۆڭلىدىكى دوستلىرى» غا سۆزلەپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ گەپنى ئۇدۇل دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئەگىتىپ دېگەندى. ئەسلىدە ئۇ ماڭا: «سىز تىگرىس دەرياسىنى بويلاپ سەپەر قىلماي، ئامېرىكىدا تۇرۇۋەرگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى» دېمەكچى ئىكەن. ئەمما مەن ئۇنىڭغا بۇ ھېكايىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنلىكىمنى دېمىدىم. مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ باشقا بىر ھېكايىنى ئويلاپ قالدىم ۋە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرمەكچى بولدۇم. خوش، دوستلار، بىز بۇ ھېكايىنى بىرگە ئاڭلايلى.

1847 ـ يىل، كالىفورنىيە شتاتىدا بىر ئادەمنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىدى. ئۇ جەنۇبىي كالىفورنىيە شتاتىدا ئالتۇن بايقالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئالدىراپلا كاپىتان ساتېرغا سېتىۋېتىپ، ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن ئاتلاندى، ئۇ شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى، كاپىتان ساتېر دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىققا بىر تۈگمەن قۇردى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كىچىك قىزى بىر سىقىم قۇمنى ئېلىپ ئۆيگە كىردى، ئۇ ئوچاق يېنىدا ئولتۇرۇپ بارماقلىرى بىلەن قۇمنى تاسقىدى، كاپىتان ساتېرنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئادەم تاسقىلىپ بولغان قۇمدىن چاقنىغان جىق ئالتۇننى كۆردى. بۇ كالىفورنىيە شتاتىدا تۇنجى بولۇپ بايقالغان ئالتۇن كېنى ئىدى، بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋەتكەن ھېلىقى

ئادەم ئېرىشمەكچى بولغان ئالتۇن ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ئادەم شۇكۇر قىلىپ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇۋەرگەن بولسا، قانچىلىك ئالتۇن يىغىمەن دېسە، شۇنچىلىك ئالتۇن يىغالايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر گېكتار يەردىن يىغقان ئالتۇن 38 مىليون دوللارغا تەڭ كېلەتتى. سەككىز يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، مەن ئاشۇ دېھقانچىلىق مەيدانى جايلاشقان شەھەردە دەرس سۆزلىگەنىدىم. شۇ يەردىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇچتىن بىر ئادەم ھەر 15 مىنۇتتا يانچۇقىغا 120 دوللار سالىدىكەن. مەيلى سىز ئويغاق بولۇڭ ياكى ئۇخلاڭ، ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن. كىشىلەر بىر قانچە يىل شۇنداق كىرىم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تاپاۋىتىدىن باج تاپشۇرمايدىكەن. مۇبادا بىز تاپاۋىتىمىزدىن باج تاپشۇرمىساق، جەزمەن ئاشۇنداق كىرىمگە ئېرىشىمىز.

ئەمما پېنسىلۋانىيەنىڭ مىسالى بۇ ھېكايىدىن كۆپ ياخشى، بۇ مىسال مەسىلىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرىدۇ.

مۇبادا مەن دەرس سۆزلەش جەريانىدا خۇش بولدۇم دېسەم، ئۇ پېنسىلۋانىيىدىكى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەرسىمگە قاتنىششى بولۇشى مۇمكىن. خوش، مەن ئەمدى ئۇلارغا ئوت ئاچىمەن. بۈگۈن ئاخشام دەل شۇنداق قىلىش پۇرستى كەلدى. پېنسىلۋانىيە شتاتىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ بىز ئادەتتە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان پېنسىلۋانىيىلىك ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىدى، ئەمما دېھقانچىلىق مەيدانىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىزنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىمىزغا ئوخشىمايتتى. مۇبادا بىزنىڭمۇ پېنسىلۋانىيە شتاتىدا بىر دېھقانچىلىق مەيدانىمىز بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى - ھە! ئەمما ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋەتكەنىدى. دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە بىر يول قالدۇرغانىدى. ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسىغا: «مەن ساڭا ئىمكار ئىشلەپ، تاشكۆمۈر يېغى



چەككىلەپ بېرەي» دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى كانادادا تاشكۆمۈر يېغى سودىسى قىلاتتى. تاشكۆمۈر يېغى چەككىلەنگەن دەسلەپكى باسقۇچتا كىشىلەر تاشكۆمۈر يېغىنى سۇدا ئاقتۇرۇپ چىقارغانىدى. شۇنداق قىلىپ پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى بۇ دېھقان بىر نەۋرە ئاكىسىغا خەت يېزىپ، ئىمكار ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. قاراڭلار دوستلار، ئۇ دېھقاننىڭ زېرەكلىكىنى! ئۇ ئىش تاپقاندىن كېيىن دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلمايتتى. يېڭى خىزمەت تېپىشتىن ئاۋۋال قىلىۋاتقان خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشتىنمۇ ئەخمىقانە ئىش بولمىسا كېرەك دەيمەن. بۇ نۇقتىنى مېنىڭ كەسپىمگە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما ئىكاھەتتىن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغان ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. ئۇ ئادەم بىر نەۋرە ئاكىسىغا ئۇ يەردە ئىشلەش توغرىسىدا خەت يازغان بولسىمۇ، ئەمما بىر نەۋرە ئاكىسى ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ياللىيالمايمەن، چۈنكى سېنىڭ بۇ كەسپتىن قىلچىمۇ خەۋىرىڭ يوق» دەپ جاۋاب خەت يازغان.

ئەمما دېھقان: «مەن ئۆگىنىسەم بولىدىغۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشتى، ھەتتا دۇنيا يارالغان ئىككىنچى كۈنىگىچە، تەڭرى زېمىندا ياراتقان قويۇق ئۆسۈملۈكلەرگىچە، شۇ چاغدىن باشلاپ كۆمۈرگە ئايلانغان ئىپتىدائىي قاتلامغىچە ئىزدەندى، ئۇ بۇ تېمىنى ھارماي - تالماي تەتقىق قىلدى. ئۇ يەنە مول كۆمۈرنى ئۆزئىچىگە ئالغان سۇ چىقىرىش قاتلىمىدا ئېچىشقا ئەرزىيدىغان تاشكۆمۈر يېغى بارلىقىنى بايقىدى. كېيىن ئۇ يەنە تاشكۆمۈر يېغىنىڭ بۇلاق سۈيىگە قوشۇلۇپ قانداق ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ بايقىدى. ئۇ تاشكۆمۈر يېغىنىڭ قانداق ئەرسىلىكىنى، ھىدىنىڭ، تەمىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇنى قانداق چەككىلەيدىغانلىقىنى ئىگىلىۋالغانغا قەدەر توختاسىز

تەتقىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر نەۋرە ئاكىسىغا: «مەن تاشكۆمۈر يېغىنى ئېلىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن» دەپ خەت يازدى. بىر نەۋرە ئاكىسى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ: «ئەمىسە كېلىپ ئىشلىسەڭ بولىدۇ» دەپ جاۋاب خەت يازدى. ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى سېتىۋەتكەن ئادەم ئىدى. ناھىيە تەزكىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئادەم دېھقانچىلىق مەيدانىنى 833 دوللارغا سېتىۋەتكەن.

مەن گېزىتكە بېسىلغان بىر خەۋەرگە قىزىقىپ قالدىم. خەۋەردە: «بىر يىگىت شىمالىي كارولىنا شتاتىدا ئالماس بايقىدى. بۇ ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ ساپ ئالماس» دېيىلگەن. ئەمما بۇ ئالماس بايقىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىن ئالماس ئىزدىگەن. مەن بىر مىنېرالوگىيە ئالىمىدىن: «بۇ ئالماسلار زادى قەيەردىن كەلگەن» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا بىزنىڭ بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقىمىزنى كۆرسەتتى ۋە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ، ياغاچ كۆمۈرنىڭ كۆمۈرگە ئايلانغان قاتلىمىدىكى گېئولوگىيىلىك قۇرۇلما شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ياغاچ كۆمۈرنىڭ كۆمۈرگە ئايلانغان قاتلىمىدىن ئۆزگىرىپ ھاسىل بولغان. ئۇ غەربتە ئوھىئو شتاتى بىلەن مىسسىسىپىغىچە سوزۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ياغ غەربتىكى ۋىرگىنىيە، ھەتتا ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىغا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن. بەلكىم ئۇ لەيلىمە دەۋرلەردە شىمالدىن لەيلەپ كەلگەنمۇ، بۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇ يەردىن ئالماس تېپىلدى، قېزىلدى ۋە سېتىلدى، بۇ ئەمەلىيەت. ھازىر قوللىرىدا ئالماس قازىدىغان بولقا - جوتۇلارنى تۇتۇۋالغان ئادەملەردىن باشقا يەنە كىممۇ فىلادېلفىيە شەھىرىدىن، ئالماس شەھىرىدىن ئالماس كېنى تاپقىلى بولمايدۇ، دېيىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ. دوستۇم، سىز دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئالماس كېنىنى كۆرمىدىم دېمەڭ. چۈنكى يەر



شارىدا ئەڭ مول ئالماس كېنى بولغاندىلا ئاندىن ئاشۇنداق ئەڭ چوڭ، ئەڭ ساپ ئالماس چىقىدۇ.

ئەمما مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ راستتىنلا ئالماس كېنىڭىز بولمىسىمۇ، ئەمما قولىڭىزدا ئالماسىڭىز بولسا، ئۇ سىزگە پايدا - مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھازىر ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئامېرىكا ئاياللىرىغا بولغان ھۆرمىتىنى زىبۇ زىننەتلىرى بىلەن ئىپادىلىمەكتە. ئەنگلىيە يېقىندا ئۆتكۈزگەن بىر قىممەتلىك كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۇ ھېچقانداق زىبۇ زىننەت تاقىمىغان. شۇنداق ئىكەن، ئالماسىڭىزمۇ ھېچقانداق ئىشلىتىش ئورنى يوقتەك قىلاتتى. ھۆرمەت - ئېھتىرامىڭىزنى نامايان قىلماقچى بولسىڭىز، بىر قانچە تال ئالماس - برىلىيانت زىننەت بۇيۇمىنى تاقىۋېلىڭ. قالغانلىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدىغۇ؟ (ھەممە يەردىن ئالماس كېنى ئىزدەشمۇ ھاجەتسىز)

ماسساچۇستىس شتاتىنىڭ سىنھام شەھىرىدە بىر نامرات ئادەم بار ئىدى. ئۇ خىزمىتىنى تاشلاپ ئۆيىدە كۈن بويى بىكار يۈرەتتى. بىر كۈنى ئايالى خىزمەت تېپىڭ دەپ ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆيدىن چىقىپ، دېڭىز بويىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىچە سۇدا يۇمشاپ كەتكەن بىر ياغاچتىن بىر دانە ياغاچ زەنجىر ياسىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى بالىلار ئۇ ياغاچ زەنجىرنى تالىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ياغاچ زەنجىردىن يەنە بىرنى ياساپ، بالىلارنىڭ غەلۋىسىنى بېسىقتۇردى. ئۇ ئىككىنچى ياغاچ زەنجىرنى ياساۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۆيىگە قوشنىسى كىردى ۋە: «سىز نېمىشقا بۇنى ئويۇنچۇق ئورنىدا ساتمايسىز؟ شۇنداق قىلسىڭىز پۇل تاپالايسىز» دەپ مەسلىھەت بەردى.

— نېمە ياسىسام بولار؟ — دېدى ئۇ.

— نېمىشقا بالىلىرىڭىزدىن سوراپ باقمايسىز؟

— ئۇلاردىن سورىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى ياغاچچى، — مېنىڭ بالىلىرىم باشقىلارنىڭ بالىلىرىغا ئوخشىمايدۇ.

شۇنىڭ بىلە ئۇ قوشنىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەتىسى مارىدىن:

— قىزىم، سىزنىڭ قانداق ئويۇنچۇق ئوينىغىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى. مارى:

— مېنىڭ ئويۇنچۇق كارىۋات، ئويۇنچۇق داس، ئويۇنچۇق هارۋا، ئويۇنچۇق يامغۇرلۇق ئوينىغۇم بار، — دېدى. ياغاچچى قىزى دېگەن بۇ ئويۇنچۇقلارنى بىر ئۆمۈر ئىشلىسىمۇ ياساپ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ بالىلىرىنىڭ تەلىپىنى سورىدى، كېيىن ئوتۇننى خام ماتېرىيال قىلىپ، پۇختا، ئەمما رەڭ بېرىلمىگەن سىنھام ئويۇنچۇقلىرىنى ياسىدى، چۈنكى ياغاچ سېتىۋالغىلى پۇلى بولمىغاچقا ئۇ ئويۇنچۇقلارنى ئوتۇندىن ياسىغانىدى. كېيىن بۇ ئويۇنچۇقلار دۇنيادا ياخشى بازار تاپتى. ئۇ ئادەم دەسلەپتە بالىلىرىغا ئويۇنچۇق ياساپ بەرگەن بولسا، كېيىنچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ ياسىغان ئويۇنچۇقلارنى ئاياغ دۇكىنىدا ساتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم پۇل تېپىشقا باشلىدى. كېيىن لاۋسېن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئەسەبىي بايلىق» دېگەن كىتابىدا ئۇ ئادەمنىڭ ماساچۇستىس شتاتىدىكى ئەڭ پۇللۇق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى قەيت قىلدى. مەن بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن. هازىر ئۇ ئادەمنىڭ 100 مىليون دوللاردىن كۆپ پۇلى بار، ئۇ 34 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىگىلىك تىكلىدى. ئۇنىڭ پرىنسىپى: ئۇ بالىلىرىنىڭ ياقتۇرۇشى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا هۆكۈم قىلدى؛ ئوخشاشلا ئۇ ئۆزىنىڭ نىيىتى ئارقىلىق خوتۇنىنىڭ، بالىلىرىنىڭ نىيىتى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نىيىتىگە، باشقىلارنىڭ خوتۇنى بىلەن بالىلىرىنىڭ قانداق ئوي - تەلەپلىرى بارلىقىغا هۆكۈم قىلدى. بۇ ئىشلەپچىقىرىشتا ۋە ياساشتا بىر داغدام يول ئىدى.



مەن بىر قېتىم بۇ هېكايىنى سۆزلىگەنىدىم. بىر خانىم ئارقىدىن تۆتىنچى رەتتە ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن چاپىنىدىن ياقىلىقىنى ئېلىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئەمما ياقىلىق تۈگمىسىنىڭ ئىزمىسىغا ئىلىنىپ قالغاچقا ئۇ چاپاننى يەرگە چۆرۈپ تاشلاپتۇ:

— مەن ياقىنى تېخىمۇ ئاسان جايلاشتۇرغىلى بولىدىغان بىر نەرسە ياساپ چىقىمەن، — دەپتۇ.

— سەن بۈگۈن كانۋىلنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ، ياقا تۈگمىسىنى ئۆزگەرتىش ئاسان ئىكەن دەپ قالدىڭمۇ؟ ياخشى، پەقەت ئېھتىياج بولغاندىلا بايلىق بولىدۇ. ئەمىسە هازىرلا ياقا تۈگمىسىنى ياسا، مۇشۇ ئىش بىلەن بېيىپ كېتەمسەن تېخى؟! — دەپتۇ ئېرى.

ئۇ ئايالىغا چاقچاق قىلغان، مېنى ئازراق مەسخىرىمۇ قىلغانىدى. ئەمما بۇ مەن ئۈچۈن ئازابلىق ئىش ئىدى. بۇ ماڭا خۇددى تۈن نىسپىدە پەيدا بولغان قارا بۇلۇتتەك تۇيۇلدى. مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ 50 نەچچە يىل جاپالىق ئىشلىگەنلىكىمنى، ئەمما قىلغان ئىشلىرىمنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يەتتىم. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، سىلەر بۈگۈن ئاخشام ماڭا تۇزۇت قىلغان، مېنى تەرىپلىگەن بولساڭلارمۇ، مەن شۇنى دەيمەنكى، ئۇنىڭلاردىن بىرىڭلار مىليونېر بولالىساڭلار كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ئەمما بۇ مېنىڭ ئەمەس، سىلەرنىڭ سەۋەنلىكىڭلار. مەن بۇ گەپنى سەمىمىيلىك بىلەن دەۋاتىمەن. مۇبادا كۆپچىلىك مەن دېگەندەك قىلمىسا، دېگەنلىرىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ گەرچە بۇ ئەر ئايالىنى مەسخىرە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئايال تېخىمۇ قۇلايلىق ياقا تۈگمىسى ياساپ چىقىش نىيىتىدىن يانمىدى. مۇبادا بىر ئادەم چىن دىلىدىن: «مەن بۇ ئىشنى جەزمەن قىلىمەن» دەپ نىيەت قىلسىلا ئۇ نىيەت قىلغان ئىشنى جەزمەن قىلالايدۇ. مانا بۇ ئەنگلىيىلىك ئايال ئىجاد

قىلغان تۇغمىدۇر. ھازىر تۇغمىنىڭ سىرتىدىكى پۇرژىنىلىق ياقىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھازىر كىشىلەر مودا قىلىپ كىيىشىۋالغان يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ تۇغمىسىنى بىلىسىلا بولدى، چاپاننى سېلىپ سىلكىۋەتسىلا بولىدۇ. مانا بۇ مەن دېمەكچى بولغان، ئۇ ئايال ئىجاد قىلغان تۇغمە. ئۇ ئايال كېيىن تېخىمۇ كۆپ تۇغمىلەرنى ۋە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئىجاد قىلدى. ئاخىرى زاۋۇتىنىڭ زور كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتى. ئۇ ئايال ھازىر ھەر يىلى يازدا چەت ئەللەرگە سەيلە ـ ساياھەت قىلغىلى، دەم ئالغىلى بارىدۇ. شۇنداق، ئۇ ئۆزىنىڭ كېمىسىگە، كاتېرىغا ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىدۇ، تېخى ئېرىنىمۇ ئېلىۋالىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلار چەت ئەللەردىن گراف، بارون دېگەندەك نام ـ ئاتاقلارنى سېتىۋالالايدۇ.

مەن ئۇ ئىشتىن قانداق تەربىيىگە ئىگە بولدۇم؟ مەن ئەينى چاغدا ئۇنى تونۇمايتتىم. شۇ تاپتا سىزگە شۇنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ. «بايلىق يېنىڭىزدا بولسىمۇ، سىز ئۇنى كەتكۈزۈپ قويۇشىڭىز مۇمكىن.» ئەمما ئۇ ئايال بايلىقنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ئىنچىكە كۆزەتكەنىدى.

ئەمدى بىز «دۇنيادا زادى كىم ئىختىراچى؟» دېگەن بۇ دەرسكە كەلدۇق. ئۇلۇغ ئىختىراچىلار يېنىڭىزدا، بەلكىم ئۆزىڭىز بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. «ھەي، مەن ئۆمۈر بويى ھېچقانداق نەرسىنى ئىجاد قىلالمايمەن» دېيىشىڭىزمۇ مۇمكىن. ئۇلۇغ كەشپىياتچىلار زور سىرلارنى بايقاشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق نەرسىنى كەشىپ قىلغان ئەمەس. سىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئون بېشى بار، خاسىيەتلىك ئادەملەر دەپ قارامسىز؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق ئاددىي، سەمىمىي، دۇرۇس بولىدۇ. بۇنداق ئادەتتىكى ساۋاتى بار ئادەملەرنى ھەر كۈنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مۇبادا سىز



ئۇنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى ياكى ئۇلۇغ تۆھپىسىنى كۆرمىسىڭىز، ئالدىڭىزدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز ئويلاپ يېتەلمەيسىز، ئۇنىڭ قوشنىسى ئۇنى ئۇلۇغ ئادەم دەپ قارىمايدۇ. سىز ئارقا ھويلىڭىزدا تۇرغان چاغلىرىڭىزدا ئۆزىڭىزنى قالتىس سەزمەسلىكىڭىز، قوشنىڭىزنىمۇ ئاجايىپ ئادەم دېمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئۇلۇغلۇق ھامان باشقا يەردە بولىدۇ، ئەمما بۇ ئۇلۇغلۇق ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك، سەمىمىي ھەم ئەمەلىي بولىدۇ. بۇنى قولۇم ـ قوشنىلار، دوست ـ بۇرادەرلەر تونۇپ يېتەلمەيدۇ.

مۇبادا سىز ئۇلۇغ ئادەم بولاي دېسىڭىز، ھازىردىن باشلاڭ. كىم شۇنداق قىلالىسا، شۇ ئادەم ئۇلۇغ بولىدۇ. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، مۇبادا كېيىن يەنە دەرسىمنى ئاڭلاش پۇرسىتى بولمىسا، ئۇلۇغ ئادەم بولاي دەپ نىيەت قىلغان بولسىڭىز ئىشنى ھازىردىن، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن، فىلادېلفىيە شەھىرىدىن باشلاڭ. ئۆز شەھىرىڭىزگە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىڭ، بۇ شەھەرنىڭ ياخشى پۇقراسى بولۇڭ، بۇ شەھەرنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىڭ. سىز سودا سارايلىرىدا ئىشلەڭ ياكى يىغىشتۇرۇش ئىشلىرىنى قىلىڭ، ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا بەخت ئېلىپ كېلەلىسىڭىزلا، ھەربىر ئىشنى ياخشى ئىشلىيەلىسىڭىزلا، قەيەرگە بارسىڭىز ئۇلۇغ ئادەم بولالايسىز. ئەمما سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان فىلادېلفىيە شەھىرىدىكى ئۇلۇغ ئادەم بولۇشىڭىز كېرەك.

سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيىتىڭىز، ئىدىيىڭىزنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى.

— لوس H . كانۋېل

# 11 ـ دەرس

## سىز كۆڭلىڭىزدە ئويلىغان ئىشنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقىرىسىز

خوش، سىز ئىككى پارچە ئۇلۇغ «تېرە پۇتۇك» نى ئوقۇپ بولدىڭىز. جەزملەشتۇرەلەيمەنكى، ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىڭ هازىرقى سىياقىڭىزنى چۈشەندىڭىز. ئەمدى ئاساسىڭىزمۇ پۇختىلاندى. ئۆز ئىقتىدارىڭىزنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىڭىز. شۇنداق ئىكەن، سىزنىڭ بۇ مۇھىم قەدەمنى تاشلاشقا بولغان تەييارلىقىڭىز قانداقكىن؟

ياق، بۇ يەنە كۇپايە قىلمايدۇ. سىزنىڭ قەدىمي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قائىدىسىنى ھەقىقىي ھەزىم قىلىشىڭىز كېرەك. سىز قانداق ئادەم بولماقچى بولساڭىز، شۇنداق ئادەم بولىسىز، خاراكتېرىڭىز تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا هازىردىن، ئەتىدىن، كېلەر ئايدىن باشلاپ نېمە ئىش قىلغۇڭىز كەلسە شۇ ئىشنى قىلىڭ. بۇنداق يېقىملىق ئەسلەتمە ساداسى بىر قانچە ئەسىر ياڭرىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئەڭ ياخشى شەرھلىگەن ئادەم ئەنگلىيىنىڭ دوۋېل دېگىز بوغۇزىدىكى ئىفراكوب كەنتىدىن كەلگەن جاموس ھېللىن ۋە ئۇنىڭ «خۇددى سىز ئويلىغاندەك» دېگەن كىتابى بولسا كېرەك. ئۇ ئانچە نامى چىقمىغان ئەرباب بولسىمۇ، بۇ نۇقتىئىنەزەرنى مۇپەسسەل بايان



قىلغان. ئۇنىڭ «خۇددى سىز ئويلىغاندەك» دېگەن كىتابى يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، ئۇ تارىختا كىشىلەر ئەڭ كۆپ پايدىلانغان يازغۇچىغا، مۇتەپەككۇرغا ئايلانغان. بىز بۇ دەرسنى ئۇنىڭ كىتابىدىن تاللاپ ئالدۇق.

سىز تۇرمۇشىڭىزدا ھەقىقىي قوغلىشىدىغان نەرسە نېمە؟ بۇنى تەپسىلىي ئويلىنىشىڭىز كېرەك. «مۇۋەپپەقىيەت قازىنامسىز، مەغلۇپ بولامسىز؟» بۇنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. بىز ئىدىيىدىن ئىبارەت بۇ قورال ئىسكىلاتىدا ئۆزىمىزنى ۋەيران قىلىدىغان ھەم ئۆزىمىزنىڭ جەننىتىنى قۇرىدىغان قوراللار بار.

مۇۋەپپەقىيەت، مۇھەببەت، بەخت، قانائەت، بايلىق ··· مۇبادا سىز بۇلارغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىڭىزدىكى ئورۇقىنىڭ قانداق بىخ ئۇرۇپ ئۆسكەنلىكىنى تەتقىق قىلىڭ. شۇ تاپتا سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز بۇ ئورۇقنى ئىدىيە ئېتىزىڭىزغا چېچىپ بىخلاندۇرۇش، ئۆستۇرۇش. چۈنكى سىز بۇ دەرسنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتنى چۈشىنىسىز ۋە تەقدىرىڭىزنى ھەقىقىي ئىگىلەشكە باشلايسىز···

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن مەغلۇبىيىتى تامامەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قاتتىق قانۇنىيەتلىك ئالەمدىكى ماكان، زاماندا كىچىككىنە تەڭپۇڭسىزلىق ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا شەخسىي مەسئۇلىيەت مۇتلەق بولىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن كەمچىلىكى، پاكلىقى بىلەن ناپاكلىقى باشقىلارغا ئەمەس، تامامەن ئۆزىگە تالىق بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكىنى باشقىلار ئەمەس، ھەربىر ئادەم ئۆزى شەكىللەندۇرىدۇ، ئۆزى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا بۇلارنى باشقىلار

ئەمەس، پەقەت ئۇ ئۆزىلا ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇھىتى باشقىلارنىڭ ئەمەس، پەقەت ئۆزىگىلا تەۋە بولىدۇ، ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمى، ھەسرەت - نادامەتلىرى، شاد - خۇراملىقى، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇشۇنداق مۇھىتتا ھاسىل بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئويلايدۇ، تەپەككۇر قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتمۇ ئۇنىڭغا يار بولىدۇ. ئۇ ئىدىيە بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇزلۇكسىز تەپەككۇر قىلىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

توختاۋسىز تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەملەر: «بىر ھۆكۈمران بىزنى ئالداپ، باسىدىغان ئادەم بولغانلىقتىن نۇرغۇن ئادەملەر بىزنى ئالداپ باسقان بۇنداق ئادەملەرگە قاتتىق قۇل بولىدۇ، بىز بىزنى ئالداپ باسقان بۇنداق ئادەملەرگە قاتتىق ئۆچ بولۇشىمىز كېرەك» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا: «ئاشۇ قۇللار بولغاچقا بىر ئادەم ساھىب بولغان، شۇڭا بىز بۇنداق قۇللارغا ئۆچ بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن بىر خىل خاھىش بار. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار دېگۈدەكلا نادانلىق ئاسارىتىدە بىرلەشكەنلەر بولۇپ، قارىماققا بىر - بىرى بىلەن قارشىلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلدە ئۇلار ئۆزى بىلەن قارشىلىشىدۇ.

ھۆكۈمرانلار ئىنسانلارنىڭ چەكسىز بىلىم بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، قانۇننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا بولغان رولىنى ئەتراپلىق كۆزەتكەچكە، ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىدۇ. بىز ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرىمىز، شۇڭا بۇنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ چەكسىز ھېسداشلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنى بىرلەشتۈرۈۋېتىدۇ.



زەبۇن ئادەملەرنى بويسۇندۇرغان، شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كەچكەن ئادەملەر ھۆكۈمرانمۇ ئەمەس، قۇلمۇ ئەمەس. ئۇ ئەركىن ئادەمدۇر.

شۇڭا بىز پەقەت ئىدىيەمىزنى يۈكسەلدۈرسەكلا، ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرەلەيمىز، قىيىنچىلىقتىن غەلىبە قىلىپ، نەتىجە يارىتالايمىز.

ئىدىيەمىزنى يۈكسەلدۈرۈشنى رەت قىلساق، زەبۇن ھالغا چۈشۈپ قالىمىز، ھىمايىسىز قالىمىز، ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالمايمىز.

ئومۇمەن، ئانچە - مۇنچە تۆھپە قوشۇشنى، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە تۆھپە قوشۇشنى نىيەت قىلغان ئادەملەرمۇ ئەسلىدىكى ھايۋانىيلىقىدا، ئادەتلەندۈرۈۋالغان قۇللۇقىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيۋى مەنزىلىنى يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك. كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن جىمى ئەسلىي ماھىيىتىدىن، شەخسىي مۇددىئاسىدىن، ۋاستە تاللىماسلىقىدىن ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ.

تۇنجى ئىنكاس ئىپتىدائىي ھايۋانىي مۇددىئا بولغان ئادەمنىڭ مەسلىنى ئېنىق ئويلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس، جىمى ئىشنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن بايلىق مەنبەسىنى تاپالمايدۇ، تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. مۇبادا ئۇ ئىدىيىسىنى تىزگىنلىمىسە، ئومۇمىيەتنىمۇ تىزگىنلىيەلمەيدۇ، مۇھىم مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۈستىگە ئالالمايدۇ، مۇستەقىل ئىش قىلالمايدۇ، ئۆز - ئۆزىگە خوجايىن بولۇش ھەل قىلغۇچ تەدبىرى قوللىنالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئۇچرىغان چەكلىمىنى ئۇ ئۆزى تاللىۋالغان ئىدىيىۋى مەنزىل بەلگىلەيدۇ.

قۇربان بېرىش بولمىسا ئىلگىرىلەش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش

مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت مۇجەسسەملەشكەن مۇۋەپپەقىيىتى ئىپتىدائىي مىجەز - خاراكتېرىنى، ئوي - پىكرىنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى قانداق كونترول قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پىلانىغا قانداق ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قارارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدىغانلىقىنى ۋە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى قانداق ئورۇندايدىغانلىقىنى ئۆلچەيدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنزىلى ئۆرلىگەنسېرى ئۇ شۇنچە دۇرۇس، شۇنچە يۈكسەك، شۇنچە سەمىمىي بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى تېخىمۇ كۆپ ياخشى تىلەكلەرگە ئېرىشىدۇ، سىجىل ۋاقىت تېخىمۇ ئۇزىرايدۇ.

ئالىم ئاچ كۆز، ساختىپەز، رەزىل ئادەملەرنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ دۇنيا بەزىدە بىزنى دېلىغۇل قىلىپ قويغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلدە ساداقەتمەن، يۈكسەك، پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ھەمدەم، ياردەمدە بولىدۇ.

قەدىمدىن ھازىرغىچە جىمى ئۇلۇغ ئۇستازلار ئۆزگىچە شەكىللەر بىلەن بۇ ئىدىيىنى يەتكۈزدى. بىز ئۇ ئويىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىسپاتلىشىمىز، چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئىدىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈشىمىز، تېخىمۇ يۈكسەك، دۇرۇس ئادەم بولۇشىمىز كېرەك.

پاراسەت جەھەتتىكى نەتىجە بىلىمنىڭ نەتىجىسىگە ئىنتىلىدۇ، تۇرمۇشتا ۋە تەبىئەتتە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ نەتىجىسىنى ئىزدەيدۇ. بەلكىم بەزىدە بۇنداق نەتىجە شۆھرەتپەرەسلىك، ئالا كۆڭۈللۈك بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ شۆھرەتپەرەسلىك، ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ، تىرىشىشنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى، پاك، خالىس



مەنزىلىنىڭ مەسئۇلى بولىدۇ. روھىي جەھەتتىكى نەتىجە مۇقەددەس ئىنتىلىش ئارزۇسىنىڭ ۋە مۇقەددەس جۇغلانمىنىڭ نامايەندىسىدۇر. مۇقەددەس، پاك ئىدىيىگە ئىگە ئادەملەر، پاك، خالىس قەلب تەسىرىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر خاراكتېر جەھەتتىن تېخىمۇ پاراسەتلىك، پەزىلەتلىك بولسا، ئۇلار خۇددى قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك، ئاي تولغاندەك زور تەسىر كۈچى بار ئورۇنغا ئۆرلىيەلەيدۇ، بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

نەتىجە قانداق شەكىلدە ئىپادىلەنسۇن، ئۇ ئېرىشكىنىنىڭ خانتاجىسى، ئىدىيىسىنىڭ گۈلتاجىسىدۇر. بىز ئۆزلۈك ئىنتىزام، ئىرادە، تەرسالىق، دۇرۇسلۇق، توغرا مەقسەت - نىيەتنىڭ ياردىمى بىلەنلا يۈكسىلىمىز، ئىلگىرىلەيمىز، ئەسلىي ماھىيەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى، باشباشتاقلىقى، ھۇرۇنلۇقى، قالايمىقانچىلىقى، چېچىلاڭغۇلۇقى، چىرىك ئىدىيىنىڭ توسقۇنلۇقى بىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

كىشىلەر يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، ھەتتا روھىي جەھەتتىن يۈكسەك مەنزىلگە يېتىشى، كېيىن يەنە زەبۇنلۇق، يېگانىلىق جىرالىرىغا دومىلاپ چۈشۈشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ مەغرۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق كوچىسىغا كىرىپ قالىدۇ - دە، شەخسىيەتچىلىك سىڭىپ كەتكەن چىرىك ئىدىيە ئاخىرى ئۇنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ.

توغرا ئىدىيە ئېلىپ كەلگەن غەلىبىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغداش كېرەك، نۇرغۇن ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دەپ قالغاندا ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ - دە، ئاخىرى مەغلۇبىيەت قاينىمىغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

مەيلى سودا - تىجارەت، ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ياكى روھىي دۇنيا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت بولسۇن، ئۇ تامامەن ئېنىق نىشانلىق ئىدىيىۋى ھوسۇل بولىدۇ. ئوخشاشلا قائىدە - قانۇنلارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ، ئۇسۇلىمۇ

ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ. بىردىنبىر پەرق شۇكى، نەتىجىلەرنىڭ مەزمۇنى ئانچە ئوخشاش بولمايدۇ. نەتىجە كىچىك بولسا، قۇربان بېرىشمۇ ئاز بولىدۇ؛ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن زور قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ؛ يۈكسەك بولۇش ئۈچۈن ئەڭ زور قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

خىيالپەرەسلەر دۇنيانىڭ نىجاتكارى، كۆرگىلى بولىدىغان بۇ دۇنيانى كۆرگىلي بولمايدىغان نەرسە ئىدارە قىلىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئادەم ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، گۇناھ - جىنايەت، جەبىر - جاپالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە تۇرمۇش كەچۈرۈش خىيالى بىلەن گۈزەل، يىراق مەنزىرىگە نەزەر تاشلاش جەريانىدا ئۆزىنى يېتىلدۈرىدۇ، تولۇقلايدۇ، تەسەللى تاپىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، غايىسىنى ئۆزگەرتمەسلىكى ۋە يوقاتماسلىقى كېرەك. ئىنسان ئۆز غايىسىنى، خىيالىنى كۆرگىلى، تۇتقىلى بولغاندا ئاندىن ئۇنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

مۇزىكانتلار، ھەيكەلتىراشلار، رەسساملار، شائىرلار، بېشارەتچىلەر، پەيغەمبەرلەر، پازىللار كەلگۈسى دۇنيانى يارانقۇچىلار، جەننەتنى قۇرغۇچىلار، بۇ دۇنيا ئۇلار بولغاچقىلا گۈزەل، ئۇلارنىڭ تىنىمسىز مېھنىتى بولمىسا، بىز تەسۋىرلەپ بولمايدىغان ئازاب - ئوقۇبەت چېكىمىز.

دىلىستاندا رەڭدار خىيال گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدىغان، يۈكسەكلىكىنى چۈشىنىدىغان ئادەم ھامىنى بىر كۈنى بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. كولومبو باشقا بىر دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقىغان. كوپېرنىك بىر ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا بىلەن ئالەمنىڭ كۆپ قاتلاملىق، تېخىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى بايقىغان. فول پاك، غۇبارسىز روھىي دۇنيانىڭ



گۈزەللىك، تىنچلىق بىلەن تولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرى ئاشۇنداق دۇنياغا ئايلىنىپ كەتكەن.

سىز تەسەۋۋۇرىڭىزنى، غايىڭىزنى قەدىرلەڭ؛ يۈرەك تارلىرىڭىزنى چېكىدىغان، سىزگە گۈزەل، پاك ئىدىيە ئاتا قىلىدىغان سۆيۈملۈكنى قەدىرلەڭ. چۈنكى سىز ئۇلارنىڭ سىرتىدىن ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان مۇھىتنى، جەننەت كەبى ئېزگۈ كەيپىياتنى كۆرىسىز. ئۇلار دەل شۇنداق بولغاچقا، سىز ئۇلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۆزىڭىزگە تالىق بولغان دۇنيايىڭىزدا ئانچە - مۇنچە نەتىجە قازىنالايسىز.

ئارزۇ - ئارمان بولغاندىلا ئاندىن ھاسىلات بولىدۇ. ئەمما بۇ كىشىلەردە پەس ئارزۇ - ھەۋەس بولسىمۇ ئوخشاشلا زور نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ، ئۇنىڭ پاك ئارمانلىرى «مۇھىتنىڭ ناچارلىقى» دىن، شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكىدىن تەسىرگە ئۇچرامدۇ؟ «ئېلىش، ئېرىشىش» قانۇن ئەمەس. ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

يۈكسەك خىيال سىزگە يار بولسا، سىزمۇ يۈكسەك ئادەم بولىسىز. مېغىز ئۇچكە ئىچىدە خاتىرجەم تۇرىدۇ؛ قۇش تۇخۇم ئىچىدە تەشنالىق بىلەن يورۇق دۇنيانى كۈتۈپ تۇرىدۇ؛ غايىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە پەرىشتىلەر ئاستا - ئاستا ئويغىنىدۇ. شۇڭا غايە، خىيال رېئال ئۇرۇقى، رېئاللىق مايىسىسىدۇر.

ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت سىزنى ئانچە رازى قىلالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما بۇنداق مۇھىت ئىزچىل داۋاملاشماسلىقىمۇ مۇمكىن. مۇبادا سىز غايىنىڭ سىيماسىنى كۆرسىڭىز، ئۇنى تىرىشىپ قوغلاڭ. تىرىشسىڭىز جاۋابقا ئېرىشمەي قالمايسىز. بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇ ئارازچىلىق بىلەن ئازاب دەستىدىن پۈكۈلۈپ كەتكەنىدى، ئۇ شارائىتى ناچار سېختا بىر نەچچە سائەتكىچە ئىشلەيتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان، بىرەر جەھەتتە تېخنىكا ئىقتىدارىمۇ يوق، مەخسۇس تەربىيىلەنمىگەنىدى. ئەمما

ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى — بىلىمنى، شان - شەرەپنى، لاتاپەتلىكنى، گۈزەللىكنى خىيال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر خىل غايىۋى تۇرمۇش كەيپىياتى بىلەن مۇھىت شەكىللەنگەن. ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كۆپ تاللىشىنى، تېخىمۇ كۆپ نەرسىسى بولۇشىنى خىيال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق خىيال ۋەسۋەسىسى ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا، تىرىشىشقا ئۈندىگەن. ئۇ ئىشتىن سىرتقى بارلىق ۋاقتىدىن، ئۆزىنىڭ جىمى بايلىق مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ تىرىشقان. شارائىت ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئىشقا سالغان. ئۇنىڭ ئېڭىدا تېز بۇرۇلۇش بولغان، تار مەينەت سېخ ئۇنىڭ ئۇلۇغ غايىسى بىلەن ماسلىشالمىغان، ئۇ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى قوبۇل قىلالمىغان. ئۇ يەردىكى تۇرمۇش ئۇنىڭغا خۇددى تاشلاندۇق نەرسىدەك تۇيۇلغان. ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ۋە ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۈچ - قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، بۇرۇنقى چەكلىمىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشكەن.

ئۇ يىگىت نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن پىشىپ يېتىلگەن، ئەقىل - پاراستى ئاشقان، پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سالغان، پۈتۈن يەر شارىغا تەسىر كۆرسەتكەن، مىسلىسىز ھوقۇققا ئېرىشكەن. زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، بۇيرۇق - پەرمان چۈشۈرگەن، ھەممە يەردە دەرس - نۇتۇق سۆزلىگەن. قاراڭلار، مۇشۇ ۋەجىدىن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئەر - ئاياللار ئۇنىڭ تۇرمۇش مىزانىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇ قۇياش كەبى كىشىلەرنىڭ قەلب ئاسمىنىدا چاقنىغان، جاھان ئەھلىلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كۆرمىگىلى بولغان تەقدىر - قىسمەت، غايە - خىياللار ئوراپ تۇرغان. ناھايەت ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى



تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا ئاشۇرغان، غايىسىنى روياپقا چىقارغان ئادەمگە ئايلانغان.

خوش، ياش ئوقۇرمەنلەر، سىلەرمۇ كۆڭلۈڭلەردىكى ئوي - تەسەۋۋۇرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلىڭلار (ئەلۋەتتە، ئۇ قۇرۇق ئوي - خىيال بولماسلىقى كېرەك). مەيلى چاكىنا ياكى گۈزەل بولسۇن ياكى ھەر ئىككىلىسى تەڭ بولسۇن، بۇ تامامەن مۇھىم ئەمەس. ئەمما مۇھىم بولغىنى ئۆزىڭىزنى بىلىش — سىز چاندۇرمىغان ھالدا ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان سەممىي غايىگە مايىل بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئىدىيىڭىز نەتىجىسى قولىڭىزدا بولىدۇ، سىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىگە ئېرىشىسىز، سىز ئېرىشمەكچى بولغان ئۇ نەرسە كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس، دەل جايىدا بولىدۇ، ھازىرقى مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز مەغلۇپ بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما سىز شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئويىدا چىڭ تۇرۇڭ، ئەڭ ياخشىسى غايىڭىز بىلەن بىرگە ئۆرلەڭ، شۇنداق بولغاندا سىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز بارغانسېرى ئازىيىپ، قىزغىنلىقىڭىز بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى تەدرىجىي بايقايسىز. خۇددى ستانتون كوكهون داۋىد ئېيتقاندەك ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

بەلكىم سىز ھېساب خاتىرىلىگۈچى بولۇشىڭىز مۇمكىن، شۇتا تاپتا سىز كۆپ يىللاردىن بىرى غايىڭىزنى توسۇپ تۇرغان دەرۋازىغا قەدەم قويۇپ، ئاندىن ئاڭلارمەنلەرگە يۈزلىنىپ مەمەدانلىق قىلماقچى، كۈچلۈك ھېسسىيات دولقۇنلىرىڭىزنى قوزغىماقچى بولۇۋاتقانسىز. قاراڭ، قولىقىڭىزغا قەلەم قىستۇرۇقلۇق تۇرۇپتۇ، قولىڭىز ساپلا سىياھ بولۇپ كېتىپتۇ. سىز بۇ چاغلاردا قوي پادىلىرىنى ھەيدەۋاتقان، شەھەرلەردىكى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلارنى ئويلىغان: سەھرالىقتەك ئېغىزىڭىزنى كالچايتىپ، ھەممە نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن

قىزىقىپ قارىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. سىز ئاشۇنداق سولماس روھنىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرىغا كىرىسىز. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھۈنەرۋەن سىزگە: «مەندە سىزگە سۆزلەپ بەرگۈدەك ھېچنېمە يوق!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ھازىرقىدەك ھۈنەرۋەن بولۇپ قالىسىز، قوي پادىلىرىنى ھەيدەۋاتقان چاغلاردىكى غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرىسىز، ھەرە، رەندىلىرىڭىزنى ئېلىپ بۇ دۇنيانى قايتا يارىتىش ئۈچۈن تۇتۇنىسىز.

ئوي ـ پىكرى يوق، نادان، ھۇرۇن، ئۆز بېشىمچى ئادەملەر ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەس، پەقەت تاشقى قىسمىنىلا كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «بەخت، تەلەي، پۇرسەت» دېگەن گەپلەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ بېيىپ كەتكىنىنى كۆرگەندە: «ئۇنىڭ ئامىتى كەپتۇ!» دەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئاشقانلىقىنى كۆرگەندە ھەسرەتلەنگىنىچە: «ئۇنىڭ ئىشلىرى ئەجەب ئوڭغا تارتىپتۇ ـ ھە!» دېيىشىدۇ. پاك، پەزىلەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەندە، ئۇلار: «پۇرسەت ھەمىشە ئۇنىڭغا يار بولىدىكەن!» دېيىشىدۇ. ئەمما ئۇلار كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن جاپاغا، مەغلۇبىيەتكە باتۇرلارچە يۈزلەنگەنلىكىنى، جاپالىق كۈرەش قىلىشتىن باش تارتمىغانلىقىنى كۆرمەيدۇ؛ كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك ئېتىقادىنى ئەتەي كۆرمەيدۇ. دەل مۇشۇنداق كۈچ ـ قۇدرەت بولغاچقىلا كىشىلەر قارىماققا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇدىن غالىب كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ غايىسىنى، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. زۇلمەت بىلەن ئازابنىڭ تەمىنى بىلمەيدىغان ئادەم پەقەت نۇر بىلەن شادلىقنىلا كۆرىدۇ ۋە بۇنى «بەخت» دەپ بىلىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئازابلىق مۇساپىنى كۆرمەيدۇ، پەقەت ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان، خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنىلا كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنى «ئالەمچە ئامەت» دېيىشىدۇ؛ ئۇلار



جەرياننىڭ مۈرەككەپلىكىنى چۈشەنمىگەچكە پەقەت نەتىجىنىلا كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنى «پۇرسەت» دەپ ئاتايدۇ.

ئىنسانلار ئۆزلىرى مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشلىرىنى تىرىشىپ قىلسىلا نەتىجە قازىنالايدۇ. نەتىجىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم «پۇرسەت» ئەمەس، تىرىشىشتۇر؛ تالانت، قۇدرەت، ماددىي شارائىت، پاراسەت ۋە روھىي بايلىق تىرىشىشنىڭ نەتىجىسى؛ تاماملانغان ئىدىيە، نەتىجە قازانغان نىشان ۋە ئەمەلگە ئاشقان غايە.

يىراقنى كۆرۈش زېرەك مېڭىدە، غايە پارلاق كۆڭۈلدە بولىدۇ.

غايە نامايان بولۇپ تۇرىدۇ، قەلبىڭىزنىڭ گۈلتاجىسى بولىدۇ — بۇلار دەل سىز ياراتماقچى بولغان تۇرمۇشنىڭ ئەسۋابى - قورالىدۇر.

خىيال سىزنىڭ كەلگۈسىدىكى نەتىجىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

سز ئىقتىدارىڭىزنى ھەر كۈنى يۈز قېتىملاپ ئىشلىتىڭ، ئىقتىدارىڭىزنى ئىشلەتمىسىڭىز ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ.

— مارتىن كول

# 12 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا چەكسىز ئىقتىدارىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ

سىز ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ ئىدىيىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. شۇنداق ئىكەن جىمى ھەرىكەتنىڭ يىغىندىسى ھازىرقى سىزنى يارىتىدۇ. سىز جامۇس ئېللوننىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇ بۇددا، سوقرات، مۇھەممەت ۋە نۇرغۇن ئەللامە ـ پازىللار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان كۆزقاراشتۇر.

مۇبادا سىز بۇ كۆزقاراشنى تەن ئالسىڭىز، بۇ زور سىرنى بىشەلەرسىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەممە ئادەم بەختلىك، سالامەت، باي بولمايدۇ؟ بۇ مەسىلىگە بىر ئادەم، بىر كىتابلا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئۇ مارتىن كول ۋە ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرەت، جەڭ ـ خىرىس مۇجەسسەملەشكەن بۈيۈك ئەسىرى «سىز ئەڭ ئۇلۇغ قۇدرەت» دېگەن ئەسىرىدۇر. مارتىن كول مۇشۇ ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى 50 ـ يىللىرىدىكى ئۆزلۈكىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۆزلۈككە ھەمدەم بولىدىغان كىتابلارنى تارقاتقۇچى ۋە ساتقۇچى سودىگەر ئىدى. ئۇ نەشر قىلغان كىتابلار ئىچىدە ناپولېئون خېئولنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قائىدىسى»، «كاللىڭىزنى



ئىشلەتسىڭىزلا پۇل سىزگە ئاقىدۇ» دېگەن ئىككى كلاسسىك مەشھۇر ئەسىرىمۇ بار. مەن كۆپچىلىككە بۇ ئىككى كىتاب توغرىسىدا كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن.

كول ئەپەندىنىڭ نەزىرىدىكى مەغلۇپ بولغان ئادەملەر ئۆزىنى پەس كۆرىدىغان دەردمەن ئادەملەردۇر. ئۇلار ئۆزىگە ئىشىنەلمەسلىك سەۋەبىدىن بالايىئاپەتكە دۇچار بولۇپلا، قالماي، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ بەختسىزلىك ئوقىنى ئاتىدۇ.

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز پەقەت ئۆزىڭىزلا كاللىڭىزنى تىزگىنلىيەلەيسىز، باشقۇرالايسىز، ئوخشاشلا بۇنداق غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەتنىمۇ ئۆز ئىلكىڭىزدە تۇتۇۋالايسىز. مۇبادا سىز كۈچ ـ قۇدرەتنى پاراسەتلىك بىلەن ئىشلەتسىڭىز، بۇ كۈچ ـ قۇدرەت سىزنى تېخىمۇ ياخشى ئادەم قىلىپ چىقىدۇ، سودا ياكى شەخسىي تۇرمۇشىڭىزدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىڭىز ئۈچۈن ھەمدەمدە بولىدۇ.

ئەمما سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە بۇ دەرسكە بىر قانچە قېتىم قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى بايقايسىز، بۇ دەل ئۇشبۇ دەرسنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا سىز تەكرار ـ تەكرار ئۆگىنىسىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى ئاددىي قائىدىلەرنى سەمىڭىزگە سىڭىپ تۇرىسىز، بۇ ئەسلىدە ھەممە ئادەمگە ئېنىق بولۇش كېرەك بولغان قائىدە ئىدى. ئەپسۇس، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بۇ قائىدىدىن خەۋىرى يوق.

سىز بىر خىل ئۇلۇغ ۋە سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە. مۇبادا سىز بۇ كۈچ ـ قۇدرەتنى جايىدا ئىشلەتسىڭىز ئۇ سىزگە زەبۇنلۇق ئەمەس، ئىشەنچ؛ مالىمانچىلىق ئەمەس تىنچلىق؛ ئاۋرىگەرچىلىك ئەمەس، خاتىرجەملىك؛ ئاچچىق زەربە ئەمەس، ئاسايىشلىق ئاتا قىلىدۇ.*

نۇرغۇن ئادەملەر ئامىتى قاچقاندا تەقدىردىن ئاغرىنىپ، تۇرمۇشتىن بىزار بولىدۇ، ئەمما ئۆزىدە بىر خىل كۈچ - قۇدرەتنىڭ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىر خىل كۈچ - قۇدرەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. مۇبادا سىز بۇ كۈچ - قۇدرەتنى تونۇپ يەتسىڭىز ۋە ئىشلەتسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتەلەيسىز، ئۆزىڭىز راۋا كۆرگەن نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلالايسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل ھەسرەت بىلەن ئۆتكەن ھاياتىڭىزمۇ خۇشال ئۆتىدۇ، مەغلۇبىيەتمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلىنىدۇ؛ سىزنى بوغۇپ تۇرغان نامراتچىلىق مەمۇرچىلىققا ئايلىنىدۇ؛ زەبۇنلۇق ئىشەنچكە ئۆزگىرىدۇ؛ ئۈمىدسىز تۇرمۇش شاد - خۇراملىققا چۆمىدۇ؛ قورقۇنچلۇق تەرسالىقمۇ تەمكىن ئەركىنلىككە ئايلىنىدۇ.

تۇرمۇش توختاۋسىز داۋاملىشىدۇ. ئۇ تالاي - تالاي قېتىم زەربىگە ئۇچرايدۇ. بىر قاتار مۇشكۇلچىلىككە دۇچار بولىدۇ، ھەتتا تۈرلۈك ئاۋارىگەرچىلىك بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىزدە ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ؛ ياشاش نېمىدېگەن تەس - ھە! تۇرمۇش بىر جەڭ مەيدانى ئىكەن! بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى ··· ھەي، ياشىغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى، «سەن يارىمايسەن» دېگەن ئويلاردا بولىسىز - دە، ئارقىڭىزغا چېكىنىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ «بىرمۇ توغرا يېرىڭىز يوقلۇقىنى، بىرمۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىڭىز» نى تەن ئالىسىز، تۇرمۇشتا مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئارمانلىرى ئاخىرى غالىبىيەتچىلەرنى يەرگە ئۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەزىرىنى باللىرىغا ئاغدۇرىدۇ، باللىرىدا ئۆزگۈلۈك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ، بەزىدە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۈمىدى باللىرىدا ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. ئەمما بەزىدە باللارمۇ خۇددى ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش غەلىتە تۇرمۇش چەمبىرىكىگە كىرىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ قېتىم يۈز بەرگەندىن كېيىن سىز يەنە:



«بىردىنبىر چىقىش يولى ئۆز قولۇم بىلەن ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇش — ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىكەن» دېگەن يەكۈننى چىقىرىسىز.

ئەمما بۇنداق ئەزىم ھايات سەپىرىدە بۇ ئادەم يەنىلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىدىغان غايەت زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىيالمايدۇ. ئۇ بايقىيالمىغانىكەن، بۇنداق غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھايات بازىرىدا ئۆزىدەك تىرىشىپ، تىرمىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھايات دېگەن مۇشۇنداق ئىكەن، دەپ قارايدۇ.

لاموندو دىئورۋس مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن: ئالېكساندرىيە شەھىرىدىكى سەلتەنەتلىك قىرائەتخانا ئوت ئاپىتىگە دۇچار بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا قىرائەتخانىنى پەقەت بىر كىتابلا ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. ئەمما ئۇ كىتابنىڭ باھاسى قىممەت ئەمەس ئىدى. بىر كۆنى ئانچە - مۇنچە خەت ساۋاتى بار بىر پېقىر ئادەم بۇ كىتابنى بىرقانچە تەڭگىگە سېتىۋالغان. ئۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسى تۈجۈپىلەپ ئىشلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كىتابقا ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان مەزمۇن مۇجەسسەملەشكەن.

بۇ نېپىز تېرە پۈتۈككە «ئالماس» نىڭ سىرى پۈتۈلگەنىدى. «ئالماس» بىر تال كىچىك تاش بولغىنى بىلەن ئادەتتىكى مېتالنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدۇ. كىتابتا ئۇ تاشنىڭ قارا دېڭىز قىرغىقىدىن كەلگەنلىكى، باشقا سانسىزلىغان تاشلارغا ئوخشاش بىرىكمە تاش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەمما بۇ يەردە مۇنداق بىر سىر بار: پەقەت مۇشۇنداق تاشلا ئىسسىق تۇيۇلىدۇ، ئەمما باشقا ئادەتتىكى تاشلار سوغۇق تۇيۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم بارى - يوق نەرسىلىرىنى سېتىۋېتىپ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ، سەپەرگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ مەنزىلگاھىغا يەتكەن. ئۇ دېڭىز قىرغىقىدا ئۇخلىغان، ئويغانغاندا تاش تەرگەن. بۇ ئۇنىڭ پىلانى

ئىدى.

ئۇ: مۇبادا تەرگەن تاشلىرىم ئادەتتىكى تاش بولسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىمەن. كېيىنكى قېتىممۇ ئوخشاش تاش تېرىشىم مۇمكىن، ھەتتا بىرەر يۈز قېتىم شۇنداق ئوخشاش تاش تېرىشىم مۇمكىن! دەپ ئويلىغان. ئۇ ھەر قېتىم تەرگەن تاشنى سىناپ باققان. مۇبادا تاش ئۇنىڭغا ئىسسىق تۇيۇلمىسا، ئۇ تەرگەن تاشنى ھايالسىزلا دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن. بىر ھەپتە، بىر ئاي، بىر يىل شۇ تەرزىدە ئۆتكەن. ئۈچ يىلمۇ ئۆتكەن، ئەمما «ئالماس» نى تاپالمىغان. لېكىن ئۆز پىلانى بويىچە ئىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ بىر تال تاش تەرسە، تەرگەن تېشىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن. ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋەرگەن.

بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ بىر تال تاش تەرگەن، تاش ئۇنىڭغا «ئىسسىق» تۇيۇلغان. ئەمما ئۇ تاشنى يەنىلا دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن. چۈنكى تاشنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىش ئۇنىڭغا «ئادەت» بولۇپ قالغان. ئۇ تاش ئىتتىشقا ماھىر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بىرى ئېرىشىشكە تەشنا بولغان نەرسىگە ئېرىشكەندە، ئېرىشكەن نەرسىنى يەنىلا دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن.

ۋادەرىخا! بىز تالاي قېتىم مۇشۇنداق غايەت زور كۈچ - قۇدرەت بىلەن ئۇچرىشىمىز، ئەمما ئۇنى تونۇمايمىز. بۇنداق غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئىلكىمىزدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتمىگەچكە ئۇنى يەنىلا تاشلىۋېتىمىز. بىز شۇنداق ئىشنى ئاز قىلدۇقمۇ؟ بىز بۇنداق قۇدرەتنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نەچچە رەت نامايان بولغانلىقىنى كۆرسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بارلىق ئىمكانىيىتىنى، جىمى خاسىيەتلىك ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئۇنچە بەرىكىتىنى كۆرمەيمىز. مەن بۇ خىل غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنى، ئىنسانلار ئىگە بولغان ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرەتنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇنداق تەسۋىرلەيمەن!



مەن سىزگە بۇ خىل غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئافرىقىدا بولغان بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي. بىر ئېكسپېدىتسىيىچى ئافرىقىنىڭ ئىچكىرىسىگە بارغان. ئۇ ئۇچرىغان يەرلىك قەبىلە كىشىلىرىگە سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئەرزان بۇيۇملارنى ئېلىۋالغان. ئۇ ئېلىۋالغان ئىككى ئەينەكنى ئىككى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، ھەمراھى بىلەن بۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان. توساتتىن بىر قەبىلە ئادەمنىڭ نەيزە تۇتقىنىچە ئەينەككە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. قەبىلە ئادىمى ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرگەن، ئەينەكتىكى دۈشمەننى ۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن تەرەددۇتلەنگەن. ئەلۋەتتە ئۇ ئەينەكنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن. بۇ چاغدا ئېكسپېدىتسىيىچى قەبىلە ئادىمىگە چۈشەندۈرۈپ: «ئەينەكنى بۇنداق ئىشلەتسەك بولمايدۇ» دېگەن ۋە قەبىلە ئادىمىنى ئىككىنچى ئەينەك ئالدىغا ئەكېلىپ: «قارا، ئەينەكنى سەن ئۆزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىسەن، چېچىڭنى تارىغان - تارىمىغانلىقىڭغا، چىرايىڭنىڭ پاكىز - پاكىز ئەمەسلىكىگە، بەدەن مۇسكۇللىرىڭنىڭ يېتىلگەن - يېتىلمىگەنلىكىگە، بەدىنىڭنىڭ تۈرگۈن - تۈرگۈن ئەمەسلىكىگە قاراش ئۈچۈن ئىشلىتىسەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن قەبىلە ئادىمى بىردىنلا چۈشىنىپ: «ھە، مەن بىلمەپتىمەن، بىلمەپتىمەن!» دېگەن.

نۇرغۇن ئادەملەرمۇ ئاشۇ قەبىلە ئادىمىگە ئوخشاش ئۆمۈر بويى تۇرمۇش بىلەن ئېلىشىدۇ، ھەربىر بۇرۇلۇش ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار دۈشمەن بولسىكەن دەپ ئارمان قىلسا، دېگەندەك دۈشمەن پەيدا بولىدۇ. قىيىنچىلىق بولسىكەن دېسە، قىيىنچىلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەنە شۇنداق ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ ئاۋارىگەرچىلىك بولمىسا، ئۇ ئاۋارىگەرچىلىك يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ

ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، بۇ ئىش تۈگىمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىدىكى غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنى، دۇنيانى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بىر خىل غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن. خۇددى ئالماس دېھقاننىڭ ئارقا ھويلىسىدا تۇرسىمۇ دېھقان ئالماسنى كۆرمىگەندەك، نۇرغۇن ئادەملەر ئادەتتىكىدەك كۈن ئالىدۇ، پاجىئەلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان، ئەمما ئۇلارمۇ ئۇلۇغ جۈرئەت قىلمىغان! شۇنداق ئىكەن، سىز تۇرمۇش بىلەن كۈچ سىناشمايسىز. سىز بۇرۇن سىناپ كۆرگەنمۇ؟ بۇنى نۇرغۇن ئادەملەر سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەغلۇپ بولغان. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ خوش، بۇنىڭ جاۋابى زادى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، سىز تۇرمۇشنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. مۇبادا سىز تۇرمۇشتىن نۇرغۇن جەۋھەرلەرگە ئېرىشمەن دەيدىكەنسىز، تۇرمۇشنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

بۇ خىل ئۇلۇغ كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، مەيلى كىم بولسۇن، ھەممە ئادەم ئۇنى ئىشلەتسە ئۇ ئادەملەرگە ھېچقانداق تەربىيە كېرەك بولمايدۇ، ئۇنى ئالاھىدە ئىقتىدار بىلەن ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرۈشمۇ بىھاجەت بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە ئالاھىدە تالانت بىلەن ئېرىشىش ھاجەتسىز، نام - ئاتاق، پۇل - بايلىق بىلەن قىزىقتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز، بۇ بىر خىل تۇغۇلمىشىدىنلا مەۋجۇت بولغان قۇدرەت بولۇپ، مەيلى ئۇ باي - نامرات بولسۇن، مۇۋەپپەقىيەت قازانسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى قانداق بولسۇن، تامامەن شۇنداق بولىدۇ. مۇبادا بىز بۇ قۇدرەتنى قانچە تېز بىلىپ يەتسەك، داغدام يولغا شۇنچە تېز چىقالايمىز، قەددىمىزنى رۇسلاپ مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالايمىز. ئەمما نۇرغۇن ئادەملەر داغدام يولغا چىققانسېرى ئۆزىنى رۇسلاپ تۇتىدۇ، بارغانسېرى زور



ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يۈرىكىمىز باشقىلارنىڭ يۈرىكى بىلەن بىرگە سوقۇشى كېرەك. بىز مۇشۇنداق ساغلام تۇرمۇش يوسۇنىغا ئىنتىلەيلى.

نۇرغۇن ئادەملەر ئاياغ دۇكىنىغا كىرگەندە ئاق ئاياغ ئېلىشنى ياكى قارا ئاياغ ئېلىشنى؛ كىيىم دۇكىنىغا كىرگەندە سۇس رەڭلىك پەلتو ئېلىشنى ياكى قېنىق رەڭلىك پەلتو ئېلىشنى؛ رادىئونى ئاچقاندا بۇ ئىستانسىنىڭ پروگراممىسىنى ئاڭلاشنى ياكى ئۇ ئىستانسىنىڭ پروگراممىسىنى ئاڭلاشنى؛ ماروژنىخانىغا كىرگەندە شاكىلاتلىق ماروژنى يېيىشنى ياكى شاكىلات يېيىشنى؛ كىنو كۆرمەكچى بولغاندا يېقىن ئەتراپتىكى كىنوخانىغا بېرىشنى ياكى شەھەردىكى كىنوخانىغا بېرىشنى تاللىيالمايدۇ. شۇنداق، ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز تاللىشىڭىز كېرەك. قاچان دەم ئالغىلى بارىسىز، دېڭىز بويىغا بارامسىز ياكى تاغقا چىقامسىز، بۇنى ئۆزىڭىز تاللىشىڭىز كېرەك؛ ماشىنا سېتىۋالماقچى بولغاندا قانداق ماشىنا سېتىۋېلىشنى، قايسى زاۋۇتتا ئىشلەنگەن ماشىنىنى سېتىۋېلىشنى ئۆزىڭىز تاللاڭ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى — تاللاش قۇدرىتىدۇر.

## تاللاش قۇدرەتلىكتۇر

شۇنداق، مۇبادا سىز مۇشۇنداق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولسىڭىز، دىنىي ئېتىقادىڭىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاياغنى، ماشىنىنى، پروگراممىنى، كىنونى، دەم ئېلىشنى ھەتتا ھەمراھلىرىڭىزنى تاللىيالايسىز، سىز مۇشۇنداق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولسىڭىز، باشقا ھېچقانداق كۈچ - قۇدرەت سىزنى تاللاشقا مەجبۇرلىيالمايدۇ. سىز مۇشۇنداق تاللاشنى قارار قىلىڭ. چۈنكى سىز شۇنداق ئويلىغاچقا، مۇشۇنداق تاللايسىز،

مۇبادا خاتا قارار قىلىپ قويسىڭىز، ئىش چاتاق بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن بىز ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ قۇربانى بولغۇچىنى تاپىمىز، باشقىلارنى ئەيىبلەيمىز، تەقدىر ـ پىشانىمىزدىن زارلىنىمىز. بەزىلەر: «بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ راستىنلا شۇنداقمۇ؟ ئېسىڭىزدە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بولۇشى مۇمكىن: «ئۆزىگە ھەمدەم بولغان ئادەمگە تەڭرىمۇ ھەمدە بولۇر.» بىز تەڭرىگە قانداق قارىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تەڭرى ھەر بىر ئەر ـ ئايالغا «ئۆزىگە ھەمدەم» بولۇش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئاتا قىلغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا تاللاش ھوقۇقىنى ئاتا قىلغان.

مۇبادا بىزنىڭ قارارىمىز كۆپ كۈچ تەلەپ قىلسا، بۇنىڭغا چىداپ بولالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئەمما بىز بۇنى كىمدىن كۆرىمىز، بىز ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەشنى قارار قىلغان بولساق، ماشىنىنىڭ تورمۇزى ئىقتىدارىنى يوقاتسا، بۇنى كىمدىن كۆرىمىز، مىجەزىمىز ئوسال بولۇپ، كىشىلەر بىلەن ياخشى ئۆتەلمىسەك، بۇنى كىمدىن كۆرىمىز؟ بىز «جەسەتخانىدىكى ئەڭ باي ئادەم» بولۇش ئۈچۈن تىرىشساق، ھاياتىمىزنى ئەھمىيەتسىز، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسەك، بۇنى كىمدىن كۆرىمىز، بىز قانداق ياشاشنى ئۆگىنەلمىسەك كىمدىن ئاغرىنىمىز، تەڭرىدىن ئاغرىنىمىزمۇ؟ ياق! ھەرگىزمۇ تەڭرىدىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى تەڭرى سىزنى سۆيىدۇ. تەڭرى ھېچقانداق ئادەمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىمىز. بىز تەڭرى ئاتا قىلغان غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەتنى ـــ قارار قىلىش، تاللاش قۇدرىتىنى ياخشى ئىشلىتەلمەيمىز.



گەرچە كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇھىت سىزدە ئەكسىچە تۈيغۇ پەيدا قىلسىمۇ، ئۆزىڭىزنى قەدىرلەڭ، ئۆزىنى قەدىرلەش ھەم ئەرزىيدۇ ھەم ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ.

ـــ جامۇس W نورمان

# 13 ـ دەرس

# قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇپ ئۆز ئىشەنچىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ

پۈتكۈل دۇنيا پەقەت سىزنىلا تىزگىنلىيەلەيدۇ، پەقەت سىزنىڭ مۇشۇ چاغدىكى ئىدىيىڭىز بىلەن ھېسسىياتىڭىزنىلا تىزگىنلىيەلەيدۇ. ئەمما بۇ سىز ئۈچۈن ئاللىقاچان يېتىپ ئاشقان بولىدۇ. مانا بۇ سىز تىزگىنلەشكە ئېھتىياجلىق بولغان جىمى نەرسىدۇر.

بۇ گەپنى جامۇس W نورمان دېگەن. ئۇ «پىيادە مېڭىش» (بىر ئادەم بىلەن شىركەتنىڭ ئۈنۈمى) مۇھاكىمە گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىگەن. بۇ گۇرۇپپا نۇرغۇن دۆلەتلەر، ھەرخىل ياشتىكىلەر ئارقا كۆرۈنۈشىدىكىلەر، مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلگەن ئەر ـ ئاياللارغا ئاكتۇئال ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ دەرس جامۇس W نورماننىڭ بازارلىق كىتابى «تورمۇزنى قويۇپ بېرىڭ!» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. ئىستېداتلىق بۇ ئوقۇغۇچى بىزگە ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان بىر ئوخشىتىشنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

سىز ماشىنىنى تورمۇزلىغاچ ماشىنا ھەيدەپ باققانمۇ؟ مەن ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ ماشىنا ھەيدىگەن چاغلىرىڭىز قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ جەزمەن مۇشۇنداق ئىشقا يولۇقسىز. ھېلىھەم ئېسىمدە، مەن نەچچە قېتىم كۆزلىگەن يەرگە بارغاندا ماشىنىنى تورمۇزلاش ئۇچۇن قولۇمنى ئۇزاتقاندىلا ئاندىن تورمۇزلاپ ماشىنا ھەيدەۋاتقانلىقىمنى بايقىدىم. ئويلاپ باقسام بەك كۆلكىلىك ئىش قىلىپتىمەن.

ئەمما سىز ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق ھالدا شۇنداق قىلىسىز. كىشىلىك ھاياتىمۇ تورمۇزلاپ ماشىنا ھەيدەشكە توغرا كېلىدۇ. مادار دەل شۇ يەردە بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇنلىغان يوشۇرۇن كۈچ توسالغۇغا ئۇچراپ، بېسىلىپ قالىدۇ، چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

سىز ئۆزىڭىزگە قانداق قارايسىز، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن رازىمۇ؟ خۇددى سىز كۆرگەندەك بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدا دەل سىزنىڭ كاللىڭىز، ئىدىيىڭىز بار.

مۇبادا ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، يەنى ئۆزىڭىزگە قانداق قاراش بۇ ئۆلچەمدە يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن ئورۇندا تۇرسا، ئۇ ھالدا سىز تورمۇزلاپ ماشىنا ھەيدىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما بىز بۇ يەردە بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايمىز.

سىز بىر ئادەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىگە ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىڭىزگە قانداق قارايسىز؟ بۇنداق تۇيغۇ ـ ئۆزىڭىزنىڭ ئىززىتىنى قىلىش سەۋىيىڭىز «ئىشقا ئاشۇرۇش» سىستېمىسىدە سىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تۈپكى بولغان پوزىتسىيە رامكىسىدۇر. بارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت بىر ئورتاق مەخرەج بولىدۇ؛ بىر خىل قويۇپ بېرىش مېخانىزمى سىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى تېخىمۇ ئاسان، راۋان، ئەركىن جارى قىلدۇرىدۇ.



ئۆزلۈك قىممەتكە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ئاللىقاچان بىر خىل «ھەقىقىي» ئەندىزىنى تۇرغۇزۇپ بولغان بولۇپ، بۇ ئۆزلۈك تەسىراتىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن يەنە سىز ئاشۇ پوزىتسىيە بىلەن بىردەك بولغان ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنى تىرىشىپ ئەمەلىيەت قىلىسىز. كىچىك چاغلىرىڭىزدا ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىز بىخلىنىشقا باشلىغان دەملەردە ئاتا ـ ئانىڭىز ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلەردىن نۇرغۇن ئۇچۇرغا ئېرىشىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەملىكىڭىزنى نامايان قىلىسىز. بەزى ئۇچۇر ئىنتايىن ئاكتىپ بولىدۇ. مېھرىبانلىق بىلەن تولىدۇ. ھەم رىغبەتلەندۇرۇش ھەم كۆچەيتىش تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ: «مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن»، «سىز ھەقىقەتەن بەك ياخشى بالا»، «ئۆيىمىزدە سىزدەك بالا بولغانلىقىدىن بىز بەك خۇشال.»

ئەمما باللىق چاغلاردا «مەشھۇر ئەرباب»لاردىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلار ئانچە ئاكتىپ، ئىشەنچلىك بولماسلىقى مۇمكىن: «پۇتۇڭنى يىغ ئەبلەخ!»، «سەن زادى نېمە ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيسەن؟»

ئەمما بىر نۇقتا ناھايىتى مۇھىم: سىز قانداق ئۇچۇرغا ئېرىشىڭ، مەسىلە بۇ ئۇچۇرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىڭىزدا. سىز تەپسىلىي قاراپ، ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ، ئۇلار «مۇتەخەسسىس»لەر، بۈيۈك ئەربابلارنىڭ سىزگە نېمىلەرنى دېگەنلىكى ھەرگىز مۇھىم ئەمەس؛ مۇھىمى سىزنىڭ قانداق تۇيغۇدا بولۇشىڭىزدا، كۆڭلىڭىزدە قانداق ئويلىشىڭىزدا. مانا بۇ سىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىزنى تۇرغۇزۇشىڭىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە باشلىنىشى. سىز كىچىك چاغلىرىڭىزدىن باشلاپ ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىڭىزدىن پىلانلىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان چاغلاردا ئاشۇ خىل ئۆزگىچە شەخسىي قىممەت تۇيغۇڭىز شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ

بىلەن سىز ئىزچىل ھالدا ئۆزلۈك ئاڭ سەۋىيىڭىزنى ئىشلىتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ تۇيغۇسىنى تۇرغۇزسىز ياكى بۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىزنى تۇزىتىپ بارىسىز. ئەمما نۆۋەتتىكى ئىززەت ـ ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ سەۋىيىسى سىز تۇغۇلغاندىلا بىر ئىدىيە ۋە ھېسسىيات تارازىسىدا تاشلىنىۋەتكەن ئاكتىپ ـ پاسسىپ تاشلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدۇر.

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئىززەت ـ ھۆرمەت بىر خىل دەرىجىدۇر.

ئادەتتە سىزدە ياكى ئىززەت ـ ھۆرمەت بولىدۇ ياكى ئىززەت ـ ھۆرمەت بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئۆلچەمدە سىز ئىنتايىن پاسسىپلىقتىن ئىنتايىن ئاكتىپلىققا ئۆتۈشىڭىز، ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىدە ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلىشىڭىز مۇمكىن. ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلار، ئىپادىسى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن كىشىلەر ھەممىشە مۇشۇ ئۆلچەمنى بويلاپ يۇقىرىغا پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ: ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئىنتايىن چىنلىق، سەمىمىيلىك سېزىدۇ، ئىنتايىن توغرا پوزىتسىيىدە، قىممەت قارىشىدا ۋە ئۆزلۈك پوزىتسىيىدە بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئۆزلىرىنى ناھايىتى قەدىرلىك دەپ بىلىدۇ. ئەمما بۇ ئۆلچەمنىڭ ئاستىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى بىرمۇ توغرا يېرىم يوق، ئەھمىيەتسىز ياشاۋاتىمەن، ماڭا ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ دەپ قارايدۇ؛ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن شۈبھىلىنىدۇ، ھەممىشە ئۆيىگە بېكىنىۋېلىشقا خۇشتار بولىدۇ. ئۆزى پىششىق بىلىدىغان ياكى ئاسان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەيلى قانداق ئىش قىلمىسۇن دىگۈدەكلا پۇرسەت بولمايدىغانلىقىنى «بىلىسە»، ئەلۋەتتە ھېچقانداق ئاقىۋەتنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى بولىدۇ؛ ھەتتا باشقىلار سىزنى ھۆرمەتلىگەن ياكى ماختىغان چاغلاردا ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئوڭايسىزلانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ؛ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئانچە



زور ئىشەنچ بولمىغاندا ھامان كېيىنكى ئىشلار چاتاق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دۇنيادا ئەتەي نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق ئۆزلۈك تۇيغۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ: چىن، سەمىمىي، چوڭقۇر ھالدا ئۆزىنىڭ يارىمايدىغانلىقىنى سېزىدۇ. پاسسىپ ئىنكار قىلىشنى دېمەيلا قويايلى، تېخىمۇ چاتاق بولغىنى نۇرغۇن ئادەملەر ئەلۋەتتە «ئىش ئەسلىدە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، مانا بۇ تۇرمۇش» دەپ قارايدۇ. بىز ئاشۇ خىل «چىنلىق»نىڭ تۇرمۇشتا بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت پاراۋوزىنى قانداق «تورمۇزلايدىغانلىقى»نى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

بىز تېخىمۇ ئاكتىپ بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت سەۋىيىسىنى كۆرۈپ باقايلى. بۇ ئۆلچەمنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى كىشىلەر ئۆزىگە بولغان تۇيغۇنىڭ نېمىلىكىنى چوڭقۇر، سەمىمىي ۋە ئىستىخىيىلىك ھېس قىلالامدۇ؟ ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ئىش يەنىلا باشقىلارغا بولغان تەسىرلەندۇرۇش كۈچىدۇر. ئۆزىنى يۇكسەك چاغلايدىغان كىشىلەر يېڭى خىرىس بىلەن ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كەلگۈسىگە نەزەر تاشلايدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىش ـ ھە! شۇنىڭ بىلەن تەڭ مەندىمۇ ھەممىمىز بۇنداق يۇكسەكلىكتە ئۆزىمىزنى تاپالايدىكەنمىز دېگەن ئۈمىد پەيدا بولىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش تامامەن ئۆز ئىشەنچىسىگە باراۋەر بولغانلىق ئەمەس. بۇ ساھەدە ياكى ئالاھىدە پائالىيەتتە سىز ئۆزىڭىزگە ئىنتايىن ئىشىنىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما پۈتكۈل ئۆزلۈك ئورنىڭىزنىڭ دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بىر ئادەم ئۆزىنى ناھايىتى ئۈستۈن چاغلىشى مۇمكىن، ئەمما مەلۇم جەھەتتە يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەن

بولۇشى مۇمكىن. كۆپچىلىك ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەش، رەسىم سىزىش قاتارلىقلار. ئۆزىگە ئىشىنىش مەلۇم بىر ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى ئالاھىدە ئەھۋال بىلەن نىسبەتەن چەكلىنىدۇ، ئەمما ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدا ئۆز تۇيغۇسىغا، ئۆزىنىڭ بىر ئادەم بولۇش قىممىتىگە بېرىلگەن ھۆكۈم بولىدۇ.

مەن بۇ يەردە سىزگە بىر قانچە خىل ئۇسۇلنى بىر قانچە خىل ئىنتايىن ئاددىي، ئاسان ئىشلىتىشكە بولىدىغان ماھارەت بىلەن چارىسىنى دەپ بېرەي، سىز دەرھال بۇ ماھارەت بىلەن ئۇسۇلنى ئەمەلىيەت قىلىپ، ئاكتىئال نىشانغا قاراپ ئاتلىنىڭ.

بىرىنچى ماھارەت ناھايىتى ئاددىي، پائال تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنى ئىشلەتسىڭىزلا بولىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئوبيېكتىپ كۆرسەتكۈچنى ئىشلىتىش ھۆرمىتىڭىزنى ساقلاشنىڭ نېمىدىن دېرەك ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىزنى ساقلاشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئايلاندۇرۇڭ. مەسىلەن، «مەن ئۆزۈمنى ياقتۇرىمەن، ئۆزۈمگە ھۆرمەت قىلىمەن. مەن بىر قەدىر ـ قىممىتىم بار، كېرەكلىك ئادەم.»

سىز بىر تەرەپتىن ئۆزىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى كۈچەيتسىڭىز، يەنە بىر تەرەپتىن تەسەۋۋۇرىڭىزدا ھەقىقىي ئەھۋالىڭ ئۆزىڭىزگە قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت قىلىڭ. كېرەكلىك، قەدىر ـ قىممەتكە، مۇھىم ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. بۇنداق ھەقىقىي ئەھۋاللارمۇ بىر قېتىملىق يىغىندا، كېچىلىكلەردە، ئائىلىلىكلەر بىلەن شەھەر ئەتراپىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلغاندا ياكى يۈز تۇرا ئىمتىھانلاردا پەيدا بولۇشى مۇمكىن. سىز ئۆزىڭىزنى مۇشۇنداق مۇۋاپىق سورۇنغا قويۇپ، بۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ساقلاش تۇيغۇسىنى قىلىپ قەدرىڭىزگە يەتكۈزۈڭ.



سىز ياخشى دەپ قارىغان ئىشلارنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ، شۇنداق قىلسىڭىز ئۇ ئاكتىپچانلىق كەچۈرمىشلىرىنى كۈچەيتەلەيسىز. سىز يەنە ئۆزىڭىزنى بىئارام قىلغان ئىشلارنى، ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغان ئىشلارنى ئويلاپ بېقىڭ. تەسەۋۋۇر ئالىمىڭىزدە قايتا تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ؛ ئەمما سىز تېخىمۇ ئاكتىپ روھىي ھالىتىڭىز بىلەن تۆۋەندىكى ئەھۋالغا مۇئامىلە قىلىڭ، ئىشنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىز تېخىمۇ ياخشى تۇيغۇ سېزىسىز. ئەنە شۇنداق ئىلىنىقلىقتىن، پەخىرلىكتىن ۋە رازىمەنلىك ئېلىپ كەلگەن شادلىقتىن ھۇزۇرلىنىڭ.

يەنە بىر خىل ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش چارىسى بار. سىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىشلارغا كۆپرەك ۋاقىت بېرىڭ، كۆپ ئويلاڭ؛ خاتالىقىڭىز بىلەن مەغلۇبىيىتىڭىز ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يىغلاپ يۈرمەڭ. «بۇرۇن مەغلۇپ بولۇش» بىلەن «مەغلۇپ بولغۇچ»نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بولىدۇ. بۇ خۇددى «خاتا ئىش قىلغان ئادەم» بىلەن «ئەسكى ئادەم» ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ.

بىر گۇرۇپپا سۆز سىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ھەم پايدىلىق بولۇپ، ئۇنى «ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىك ۋە مەيۇسلەنمەسلىك»نىڭ ئەڭگۈشتىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە خىسلىتى بولمىسىمۇ، ئەمما سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ياردىمى بولىدۇ. ئۆزىڭىزنى قارغىشىڭىزنى، خاتالىق تۇپەيلىدىن يىغلاشلىرىڭىزنى ئاكتىئاللىقتا يۈزلەندۈرىدۇ.

كېيىنكى قېتىم مۇبادا ئىشتىن چاتاق چىقسا، ئىشنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىڭىزنىڭ خاتا قىلغانلىقىڭىزنى تەن ئېلىپ، ئاندىن كېيىنكى قەدەمدە ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىنىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز قايتا

خاتالىق سادىر قىلمايسىز. مەن كىشىلەرگە خاتالىقلار بىلەن مەغلۇبىيەتلەردىن ئۆزۈڭلارنى ئېلىپ قېچىڭلار، ئۇلارغا پەرۋاسىز قاراڭلار دەپ تەۋسىيە قىلماقچى ئەمەسمەن. سىز بەزىدە ئۆزىڭىزنى ھەرقانچە ئەيىبلىگىنىڭىز بىلەنمۇ، ئىشتىن ھېچقانداق ياخشى ئاقىۋەت چىقمايدۇ. سىز بەزىدە سېتىش تالونىنى ئالالماسلىقىڭىز مۇمكىن، بەزىدە خېرىدارلارنىڭ تەلىپى بويىچە زاپچاسلارنى ئىشلەپ چىقىرالماسلىقىڭىز مۇمكىن؛ بەزىدە سىز باللىرىڭىزغا، ئىشداشلىرىڭىزغا ئاچچىقلاپ سۆزلىشىڭىز، كېيىن يەنە ئۇنداق دېمىسەم بوپتىكەن، قارشى تەرەپكە بولغان پوزىتسىيەم، ئۇسۇلۇم توغرا بولماپتۇ دېيىشىڭىز مۇمكىن. مۇبادا ئىش چىقسا ئۆزىڭىزنىڭ قارارى بولىدۇ ياكى خاتالىق جەريانىدا جىمغۇر بولۇشىڭىز، مەيۇسلىنىشىڭىز مۇمكىن. ئۆزىڭىزگە: «ئاھ، تەڭرىم، مەن ھەقىقەتەن ئەخمەقكەنمەن!» ياكى «مەن نېمىدەپ ھەمىشە مۇشۇ ئىشنى قىلىمەن، زادى بىرەر چاتاق بارمىدۇ؟» دېيىشىڭىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىزنى ساقلاش سەۋىيىڭىز بىلەن دەرىجىڭىز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ياكى خاتالىقتىن ساۋاق ئالىسىز. بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ ئۈمىد قىلىسىز. «مەن ئەخمەقكەنمەن، بەك چاتاق بولدى، مەن ھەقىقەتەن دۆتكەنمەن، گالۋاڭكەنمەن، بەك ئاۋارە بولدۇم» دەپ يۈرگىنىڭىزدىن كۆرە بۇ كونكرېت ئىشقا قارىغىنىڭىز، «ئەستا بۇ چارە بولمايدىكەن، ئەسقاتمايدىكەن، شۇڭا ئىشنى ياخشى قىلالماي قالدىم، كېلەر قېتىم ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن بۇنىڭغا قاشى تۇرىمەن» دېگىنىڭىز تۈزۈك. ئىشتىن ئاۋۋال مۇشۇنداق «تەرتىپ» تۇرغۇزۇۋالسىڭىز، كېيىنكى قېتىممۇ ئوخشاش ئىش يۈز بەرسە، سىز بۇرۇن تەييارلىق قىلىپ قويغان ئۇسۇل ئارقىلىق ئىشنى تېخىمۇ ئاكتۇئال، ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلالايسىز.

سىز قىزىقتۇرۇشقا ئۇچراپ ھامان پاسسىپ، ئىنكارنىي



بەلگىلەرنى ئويلىغان دەملىرىڭىزدە مەن سىزگە يەنە بىر جۈملە كېرەكلىك گەپنى دەپ بېرىمەن: بۇ گەپ سىزگە ياردەم بېرىدۇ، سىزنى ئويغىتىپ تۇرىدۇ، ئۈزلۈكسىز ئويغىتىپ تۇرىدۇ.

«مەن نۇتۇق سۆزلىيەلمەيمەن» دېگەندىن كۆرە، بۇ گەپنى تېخىمۇ توغرا ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرتەيلى دېگەن تۈزۈك. «مەن ھازىرغا قەدەر ئاممىۋى نۇتۇق سۆزلەشتە سەل قىينىلىپ كېلىۋاتىمەن. سىز ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىسىز. بۇرۇن قىلغان ئىشىڭىزنىڭ شەكلىنى كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىشىڭىزنىڭ شەكلى دېيەلمەيسىز. شۇنداق دەپ قاراشتا زىنھار ئاساسىڭىز يوق.

ئىدىيىڭىز بىلەن تۇيغۇڭىزنى ئاكتىپ تەرەپكە يۈزلەندۈرۈڭ. بۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

تولىمۇ ئەپسۇس، نۇرغۇن كىشىلەر بىر كۈندە ئۆزلىرى قىلغان خاتا ئىشنى ئويلىشى مۇمكىن. مەن ۋەدە بېرىمەنكى، ئۇلار شۇنداق قىلسا كېيىن قايتا جەزمەن ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ.

كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرىكى بىر قانچە مىنۇت ناھايىتى مۇھىم. سىز ئىدىيىڭىزنى ئۆزلۈك تۇيغۇڭىز ئارقىلىق ياخشى ئىشلارغا يېتەكلىسىڭىز ياكى كەلگۈسىگە باقىدىغان ئىش ـ پائالىيەتلەر بىلەن ئۆزىڭىزنى يېتەكلىسىڭىز، ئۇ ھالدا بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ.

يەنە بىر خىل ئۇسۇل ئۆزىڭىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىزنى ساقلىشىڭىزغا، ئائىلىڭىزدىكىلەر، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن ئالاقىلىشىڭىزنى كۈچەيتىشكە ياردىمى بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرالايسىز، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتەلەيسىز. سىز ئائىلىڭىزنى،

خىزمەت ئورنىڭىزنى ۋە سىز قاتناشقان بەزى كۇرۇژۇكلارنى ئويلاڭ. كۇرۇژۇكتىكى ھەربىر ئەزانىڭ قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە بولغان تۇيغۇسى ئۆزئارا ئالاقىدە بولىدۇ. ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ، سىز بۇ پوزىتسىيىنى بىرلەشتۈرسىڭىز بىر گۇرۇپپا پوزىتسىيە ۋە باھا پەيدا بولىدۇ — «بىز ئۆزىمىزگە قانداق قارايمىز» دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ.

ئائىلىڭىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش دەرىجىسى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ، ئاكا ـ ئىنىڭىزنىڭ، ھەدە ـ سىڭلىڭىزنىڭ، ھەربىر ئادەمنىڭ «بىزنىڭ ئائىلە» دېگەن تۇيغۇسى ۋە ئويى بولىدۇ، ئامىتىڭىز كەلسە سىز ئەنە شۇنداق ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولىسىز. بۇنداق ئائىلىنى ئاكتۇئال كەيپىيات قاپلاپ تۇرىدۇ:«بۇ ھەقىقەتەن ياخشى جاي!» «مەن ئائىلەمدىن بەك پەخىرلىنىمەن، ئائىلىمىزدىكىلەر تەڭقىسچىلىق تارتقان ئەمەس، بىز بىر ـ بىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئىشنى مەسلىھەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىمىز، ھېسسىياتىمىزنى ئۆزئارا ئىزھار قىلىشىمىز، قاراڭ نېمىدېگەن ياخشى ئائىلە بۇ!» مەيلى قايسى ئائىلىدە قانچىلىك يوشۇرۇن كۈچ بولسۇن، ئىشىنىمەنكى ئۇ تەبىئىي ھالدا ئاسانلا نامايان بولىدۇ.

ئەمما ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئەھۋال شۇكى، بەزى ئائىلىلەرنى ناچار كەيپىيات قاپلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار «قانداق قىلساق ئۇلاردىن قۇتۇلارمىز؟» دەيدۇ. قاراڭ، بۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە بۇ كۇرۇژۇكنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە، ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ساقلاش دەرىجىسىگە ۋە سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئائىلىدىكىلەردە قانچىلىك زور يوشۇرۇن كۈچ بولسۇن، يەنىلا يوشۇرۇن پېتى تۇرىۋېرىدۇ، چۈنكى قول ئۈزلۈكسىز تورمۇزنى تارتىپ تۇرىدۇ ـ دە؟!

نۇرغۇن شىركەتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بەلكىم سىز بىر شىركەتتىنىڭ ياكى باشقا بىر تەشكىلىنىڭ بىر ئەزاسى



بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى ـ تۆۋەننى قاپلاپ تۇرغان كەيپىيات: «بۇ يەردىكى خىزمەت بەك ياخشى! شۇڭا مەن بۇ يەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن! مەن بىر توپ قابىل كىشىلەر بىلەن بىرگە خىزمەت قىلىمەن. بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز بەك مۇھىم. بىزمۇ يامان ئەمەس ئىشلەيمىز» دېگەندەك كەيپىياتلار بولىدۇ.

سىلەرنىڭ كۇرۇژۇكۇڭلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش دەرىجىسى بۇ ئۆلچەمدە تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ ماڭىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆلچەم تۆۋەن بولۇپ قالسا سىز تىرىشىپ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈڭ. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ كۇرۇژۇكنىڭ تۇيغۇسى ئوبدان بولسا، سىزگىمۇ پايدىسى باردە؟ شەخسىي مەنپەئەتنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىككى مۇھىملىقى بولىدۇ: بىرىنچىدىن سىز كۈندە گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغاچقا نىشانىڭىزغا ئاسانلا يېتەلەيسىز: ئىككىنچىدىن سىز ئۆزىڭىزنىڭ غەلىبە قازانغان، مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئوبدان ھېس قىلىسىز، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنىمۇ نامايان قىلالايسىز.

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. زەيتۇن توپ مەيدانىدا توپ ئوينىغۇچىلار بۇيرۇققا قۇلاق سېلىپ تۇرىدۇ، كېيىن رەقىبىنى يېڭىش ئۈچۈن دەرقەمتە تۇرىدۇ، بۇ چاغدا كوماندىدىكىلەرگە: «ھەي، بىز ھەممىمىز تۆمۈرنى ئۇرغاندەك توپ ئۇردۇق» دېيىلسە، بۇ قانداق ئۈنۈم بېرىدۇ؟! ئەگەر سىز ھەرقانداق بىر كوماندىنىڭ مۇسابىقىسىگە قاتناشسىڭىز «قوللىرىڭىزنى كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك ۋارقىرىسىڭىز»، بۇ سىزگە ئويلىمىغان ئاكتىپ ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن كوماندىدىكىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە، جاسارەتكە، جۇشقۇن روھىي ھالەتكە ئىگە قىلىپ ئۇلارنى غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ. كوماندىدىكى

بۇنداق ئاكتۇئال كەيپىيات، شۇبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى ئۇنۇمىنى ئاشۇرىدۇ.

تەنتەربىيە ھەرىكىتىدىكى بۇ خىل ئۇقۇم مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىنتايىن روشەن بولىدۇ. كەسپىي تەنھەرىكەتچىلەر ئارىسىدا ئاسانلا نامايان بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بىر ماھىر بىرلەشمە مۇسابىقىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر كوماندىغا كىرسە، ئۇلار قانداق قارايدۇ، ئۇ قايسى خىل توپ مۇسابىقىسىدە بولسۇن، چېمپىيون ئۇنىڭغا بولسا ئۇلار ئەلۋەتتە تەبىئىيلىك سەزمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەڭ ياخشى كوماندىدىلا ئاندىن ئەڭ ياخشى نەتىجە ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. يېڭى كوماندىدىكى توپ كىيىمى ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى ئويغىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تورمۇزنى قويۇپ بېرىدۇ.

ھەربىي قوشۇندىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئۇلار ئۇرۇش جەريانىدىمۇ ئۆزلىرىنى ئەڭ يارامىلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. سودا ساھەسىدىمۇ شۇنداق، شىركەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش كەيپىياتى بولسا ئەڭ ياخشى پىركازچىكلارنى قېزىپ چىقىشقا بولىدۇ، بۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس.

يەنە ئۆزىڭىزگە قاراپ بېقىڭ. سىز كوماندا روھىنى كۈچەيتىش جەھەتتە نەپكە ئېرىشەلەمسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى ئائىلىڭىزدە، شىركەتتە، تارماقتا، مۇلازىمەت ئورنىدا، سودا ھەمكارلىق جەمئىيىتىدە، دىنىي جەمئىيەتتە ۋە مەھەللىڭىزدە، ھەتتا دۆلىتىڭىزدە سىناپ كۆرۈڭ. ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا، دېگەندە ئەجايىپ تەرەپتىن بايان قىلىڭ، ئاكتىپ سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈڭ. شۇنداق قىلسىڭىز خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى، نىشانغا تېخىمۇ ئاسان يەتكىلى، مەنزىلگە تېخىمۇ ئاسان يەتكىلى بولىدۇ.

ھېلىھەم ئېسىڭىزدىمۇ، ئۆتكەن قېتىم داستىخان ئالدىدا



ئولتۇرۇپ: «مەن بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىمدىن بەك پەخىرلىنىمەن، بىز ھەقىقەتەن ياخشى!» دېگەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز بۇ گەپنى قاچان دېگەن؟ ئەگەر ئائىلىڭىزگە شۇنداق ھېسسىياتىڭىز بولمىغان بولسا، سىز ئۇنداق گەپلەرنى دېمەيسىز. راستىلا شۇنداق ھېسسىيات بولغاندىكىن شۇنداق دېيىشىڭىز كېرەك. بەلكىم تۇنجى قېتىم شۇنداق دېگەندە سەل قورۇنغان بولۇشىڭىز، بالىلىق چاغلىرىمغا قايتىپ كەلگەن بولۇشۇم مۇمكىن دەپ قالغانسىز. بىز بالىلىق چاغلىرىمىزدا ئىپادىلەشكە ماھىر بولمايمىز. ئەمما ئۇ بىزنىڭ تورمۇزنى قويۇپ بېرىدىغان چاغلىرىمىز بولىدۇ. سىز كۆرۈۋۆكىڭىزغا قانداق ئەجابىي باھايىڭىز بولسا دەۋېرىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز جەزمەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز.

ئەگەر كۆرۈۋۆكىڭىز ئىشنى بۇزۇپ قويسا، كېيىنكى قېتىم ئۇنىڭدىن ساقلىنىڭ، مۇۋاپىق تەڭشەڭ. «ھەمىشە مۇشۇنداق بولۇپ يۈرۈيدۇ» دەپ يۈرۈۋەرمەي: بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلغىلى، بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟ دەپ ئويلاڭ. شۇنداق قىلسىڭىز تەرتىپ ئۆگىنىشلىپ، قايتا خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ.

دۆلەتنىڭمۇ ئىززەت - ھۆرمىتى بولىدۇ، بەلكى دەرىجە جەھەتتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. تارىخىي كارتىنىلارنى ئەسلىسەك بۇ ئەھۋاللارنى كۆرەلىشىمىز قىيىن بولمايدۇ. ئەنگلىيە، روسىيە، گېرمانىيە، ئىسرائىلىيە، ياپونىيە، مېكسىكىغا قاراڭ، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى قانداق ئۆزگەرگەن؟ يەنە بۇنداق ئۆزگىرىش مىللەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئاۋام - پۇقرالارنى قىزغىن بولۇشقا، توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئويلاپ باقايلى، ھەر كۈنى خاتا ئىش قىلىپ قويغانلىق

توغرىسىدا سۆزلەپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ بىز تېخىمۇ ياخشى تۇيغۇدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلانساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ بىز مەغلۇپ بولغان ئىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى تاپساق، مەغلۇبىيەتكە ئوبدان تاقابىل تۇرالايمىز.

ئەمدى بىز باشقىلارنىڭ ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى قانداق ساقلىغانلىقىنى ئويلاپ باقايلى. بۇمۇ ئۆزلۈك قىممىتىنى تۇرغۇزۇشتا، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ھەم مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىنىڭ بىر خىل شەكلى. يەنى سىز قانچە كۆپ ئاتا قىلسىڭىز شۇنچە كۆپ ئېرىشىسىز. سىز قۇدرەت تاپقانسېرى ئىززەت - ھۆرمىتىڭىز ئاشىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ خۇشال بولىسىز. ئەكسىچە بولسا ئىشىڭىز ئوڭغا تارتماي، ئۆزىڭىزگە ئۆچ بولىسىز. كۆڭلىڭىزدە ناچار تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ.

شۇڭا ئۆزىڭىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنى ساقلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم قىلىش، ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى كۈچەيتىش. بۇ جەرياندا سىز تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىسىز. باشقىلار سىزگە ئۆزىڭىزنى تونۇش پۇرسىتى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇھىتى بىلەن كەيپىياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز.

مەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىمەنكى، سىز بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، سىز ئارىلاشقان ئادەملەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى يۇقىرى بولسا، تۇرمۇشىڭىز تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ.

سەممىي بولۇڭ، ئۆز ئارا ئىشىنىڭ. كىشىلەر بىلەن ئورتاق نىشاندا بولۇڭ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈڭ، ئۇلاردا ئىجابىي تۇيغۇ پەيدا قىلىڭ. ئۆزىڭىزگە بىر ئائىلىق ۋەزىپە تۇرغۇزۇۋېلىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇنىڭغا سەممىي ياردەم بېرىڭ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى تۇيغۇغا كەلتۈرۈڭ.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنى كۆپ ياخشى تۇيغۇغا



كەلتۈرۈپ، ئاز مەيۈسلەندۈرۈڭ.

سىز «پىيادە مېڭىش» يىغىنىدىكى بىر مەشىقنى تەجرىبە قىلغانلىقىڭىزنى ئويلاڭ. بىزنى تەسىرلەندۈرگىنى شۇكى، بۇ يىغىننى ئون نەچچە ياشلىق باللار ئاچقان. بىز بۇ يىغىن پىلانىنى ياشلارغا يۈرگۈزدۇق. ئۇ 1968 - يىلى، ياز كۈنى ئىدى، ئۇلارنىڭ بىر قاتناشقۇچىسى بىر پىلاننى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ پىلان «مەڭگۈ بەل قويۇۋەتمەي سۇ ئۈزۈش» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى ئاددىي ئىدى، پەقەت ئون بەش مىنۇت ياكى بىر سائەتلا چىداپ قاراپ تۇرسىڭىز بولاتتى. بەلكىم ئۇنداقمۇ ئاسان ئەمەستۇ؟!

قائىدە شۇكى، ھەرقانداق ئادەمنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ، جۈملىدىن ئۆزىنىمۇ تۆۋەن چالاشقا بولمايدۇ.

چاقچاق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. چاقچاققا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسخىرىگىمۇ يول قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق چاقچاق بىلەن ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش ھامان ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە بىز كىشىلەرگە سەممىي، قىزغىن چاقچاق قىلىشىمىز كېرەك. ئويۇن ئويناۋاتقان چاغلاردىكى چاقچاقلىشىش باشقا ئىش، بەزى قاملاشمىغان چاقچاقلارنى ئويۇنىمىزغا ئېلىپ كىرمەسلىكىمىز كېرەك. يەنە كېلىپ بۇ شەخسىي، مۇستەقىل، سىرلىق تۇردۇر. باشقىلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، بۇنى سۆزلەپ يۈرۈش ھاجەتسىز. ئەڭ ياخشىسى ئۆز ئىشىڭىزنى بىلگىنىڭىز ياخشى. سىز باشقىلارنى تۆۋەن كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزنى تۆۋەن كۆرگەن بولىسىز.

مۇبادا سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ رېكورت يارىتالايدىغانلىقىڭىزغا، كېلەر قېتىم قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىڭىزغا قاراپ بېقىڭ.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈپ، باشقىلارغا

مەدەت بېرىڭ، ئۇلارنى تەقدىرلەڭ، ھەرگىز تۆۋەن كۆرمەڭ. باشقىلارنى ۋەيران قىلماي، سىزگە نىسبەتەن ئۇلاردا ياخشى تەسىر پەيدا قىلىڭ. بۇنىڭ ئۈنۈمى جەزمەن ياخشى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ پائال تۇيغۇسىنى كۆزىتىڭ. سىزمۇ قەلبىڭىزدە باشقىلارغا بولغان تۇيغۇڭىزنى تەكشۈرۈڭ. سىز باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزگە ياخشى تەسىردە بولغانلىقىنى بىلسىڭىز، ئۆزىڭىزمۇ خۇش بولىسىز. باشقىلار سىزنى قانچە كۆپ ھۆرمەتلىگەنسېرى، سىز ئۆزىڭىزنى شۇنچە ئۆزگەرتەلەيسىز. ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىسىز. سىز بۇلارنى تونۇش جەريانىدا ئۆزىڭىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى تۇرغۇزالايسىز.

سىز باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا سىزنى ماختاپ - تەرىپلەشلەرنىڭ سىزگە نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقايسىز، بۇ سىزنى تەنقىدلىگەنلىكتىن، سىزگە تەنبىھ بەرگەندىن ياخشى. نۇرغۇن ئادەملەر باشقىلار خاتا ئىش قىلغاندا ئۇلارنى تەنقىدلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىز دېگەن ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلمايدۇ. ئەگەر بىز باشقىلارغا ھۆرمەت قىلساق، ئۇلار بىز ئۈمىد قىلغاندەك خاراكتېر ياراتسا، نەتىجە قازانسا، پوزىتسىيىدە بولسا ھەرىكەت قىلسا، ئۇلارغا مەدەت بېرىش ئۇلارنى تەنقىدلىگەندىن كۆپ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن رېستورانغا كىرسە، ئۇلاردىن بىرسى: «سىز راستىنىلا مايدا پىشۇرۇلغان بانان يەمسىز؟» دەپ سورايدۇ. بۇ مەسىلە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سوئال سورىغان ئادەم ئەسلىدە ئېرىشمەكچى بولغان ئۈنۈم ئەمەس. بەلكى پەتنۇستا تاتلىق تائام ئەكېلىدىغاندىن كېيىن، بىر خىل مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن تەلەپپۇز بىلەن: «سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنىڭ تاتلىق تائامغا ئامراقلىقىڭىزنى بىلىمەن، ئەمما سىزنىڭ ئۇنى يېمەسلىك نىيىتىڭىزگە كەلگەنلىكىڭىزگە راستىنىلا قايىل بولدۇم» دەيدۇ.



ئەگەر سىز باشقۇرغۇچى، ئاتا - ئانا بولسىڭىز قول ئاستىڭىزدىكىلەر، بالىڭىز ھەمىشە ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ. بالىلار پىچىنە - پىرەنىك ئالىمەن دەپ جاھازدىكى تەخسە - پەتنۇسنى چېقىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا سىز ئۇنىڭغا سۆزلىمەي قالمايسىز، شۇنىڭ بىلەن بالا ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىدىن ئازابلىنىدۇ. پىچىنە - پىرەنىكنىمۇ ئوبدان يېيەلمەيدۇ. ئۇ يەتكۈچە ئازابلانغاچقا باشقىلارنىڭ ئۇنى يەنە ئازابلىشى ھاجەت بولمايدۇ

ئۇ پەقەت كېلەر قېتىم ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلسىلا بولىدۇ. ئاتا - ئانا ئۇنىڭغا: كېلەر قېتىم پېچىنە ئالغاندا تەخسىنى چېقىۋەتمە دېسىلا بولىدۇ ياكى تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن: كېلەر قېتىم ئېگىزراق ئۇستەل تاپ، بويۇڭ يەتمىسە، مەن ئېلىپ بەرسەممۇ بولىدۇ، دېسە بولىدۇ. بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئوبدان ياردىمى بولۇشى مۇمكىن: «ھەي، ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، شۇنداقمۇ، كېلەر قېتىم پېچىنە يېمەكچى بولساڭ قانداق قىلىسەن؟»

سېتىش باش نازارەتچىسى پىركازچىكقا:

«سىز ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن گەپنى ئۈنتۈپ قېلىپ، قايتا ھالىتىڭىزگە كېلەلمىدىڭىز، كېلەر قېتىم تېلېفون جىرىڭلاپ كەتسە قانداق قىلىسىز، ئاساسىي تېمىغا قانداق قايتىپ كېلىسىز، زاكازنى ئالالامسىز؟» دېيىشى مۇمكىن. نۇرغۇن ئەھۋاللاردا سىز كېلەر قېتىم قانداق قىلارمەن دېيىشىڭىز مۇمكىن، بۇ بىر يامان ئەمەس چارە بولۇشى مۇمكىن. مۇھىمى شەخسىي ئەمەس، پائالىيەت بىلەن ھەرىكەتنى ئويلاش كېرەك. بۇنداق خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن دېرىكتور «كېلەر قېتىم» دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ، تەكلىپ بەرگۈچى ئەمەس، ياردەم بەرگۈچىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىدۇ.

بىز ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش دېگەن تېمىدىن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال يەنە بىر دېلىغۇللۇقنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مۇبادا سىز ئۇچراتقان ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى كۆپ بولسا، سىز ئۇنى قوبۇل قىلالامسىز، قانداق قىلىسىز؟ پەرەز قىلىپ بېقىڭ، سىز ئۇ ئادەمنى ھەقىقىي ئويلىسىڭىز، ئۇ ئادەم ئۆزىنى ماختاپ، ئۇچۇرماي، بۇرۇنقى شان - شەرىپىنى كۆز - كۆز قىلسا، ئالدىڭىزدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى يوق ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۇ بەلكىم تەرسا، ئۇرۇشقاق، ئىززەت - ھۆرمەت جەھەتتە ئۆلچەمدە تۆۋەن ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر خىل كىشىلەر بار. ئۇلار مۇنداق دەپ قارايدۇ: «مېنىڭ بىرمۇ توغرا يېرىم يوق، كىشىلەر مېنى تونۇسا، چۈشەنسە مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە بولمايدۇ.» ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپادىسى، بىر ساختا ئىپادىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ھەممە ئىشنى توغرا قىلدىم دەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى بار ئادەم ئىكەنلىكىگە باھا بېرىشىگە تەقەززا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇ ئۆزىنى توغرا دەپ بىلىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىگە، ئالدامچىلىقىغا ھۆرمەت قىلمىغانسېرى ئۇ كىشىلەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ئۆزىنى تېخىمۇ قەدىر - قىممەتلىك، كېرەكلىك ئادەم قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

سىزنىڭ دۇنيارىڭىزدا كىم ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئىززەت - ھۆرمىتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ساختىپەزلىك قىلسا، سىز يىلىكىڭىز بىلەن ئۇنىڭ يەل شارچىسىنى تېشىپ بېقىڭ. بەزىلەر ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغاندا سىز ئۇنى ئەسلىدىكى ئۆلچەمگە قويۇپ قويىسىز. ئەگەر ئەكسىچە ئويلىسىڭىز ئۇنى تەربىيە كۆرگەن ئادەمكەن دەپ قالىسىز.

ئەگەر سىز ئازراق ۋاقىت زېھنىي قۇۋۋەت سەرپ قىلىپ —



ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە بولغان ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ باقسىڭىز، ئۇنىڭ ساختا تەركىبلىرىنىڭ ئاستا - ئاستا ئازىيىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز.

بەلكىم سىزنىڭ بىرىنچى ۋاقىتتىكى ئىنكاسىڭىزدا پەرق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما يەنە سىناپ كۆرۈڭ. بۇنداق ئادەمگە يولۇققاندا، ئۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشىگە، باشقىلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تەشنا بولىدۇ. شۇڭا سىز ئۇ ئادەمدىكى ياخشى تۇيغۇلارنى بايقاش ئۈچۈن تىرىشىڭ.

شۇڭا سىز ئۇنى سەممىيلىك بىلەن تەرىپلەڭ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىڭ. ئۇنىڭ ماختانچاقلىقىدىن قورقماڭ. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىنى ماختاڭ - ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنىدا ئۇنىڭ ئاياغىنىڭ تۈرلىرىنى كۆرگەزمە قىلغانلىقىنى تەرىپلەڭ — ئومۇمەن ئۇنى توغرا، ئاكتىۋال ئۇسۇل بىلەن ئۇنى تەرىپلەڭ، ئۇنىڭغا تەھسىن، ئاپىرىن ئوقۇڭ، سىز ئۇنى پاسسىپ، ئىنكار ئۇسۇل بىلەن ماختىماڭ، سىزنىڭ بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىڭىز ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى جەھەتتىكى ئىش - ھەرىكىتىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن قىممىتىنى تەن ئېلىڭ.

يەنە بىر خىل ئۇسۇل بىر ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ دەرىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ باشقىلارغا بولغان ماختاش - تەرىپلەشلىرى پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ھالەت دائىم كۆرۈلۈپ تۇرماي، بەلكى يەنە بىزنى يەنە بىر ناھايىتى ئەھمىيەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سىز كىمدۇر بىرسىنىڭ كىيىمىنى ياقتۇرۇپ قالغان دەملىرىڭىزدە: «سىزنىڭ بۇ تۇجۇركىڭىز بەك يارىشىپتۇ!» دەيسىز. ئەمما سىز: «نېمە،

سىز بۇ كونا كىيىمنى دەمسىز؟» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىسىز. سىز بۇنىڭدىن ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىسىز. بىر ئادەم ئۆزىنى تەرىپلەشتىن بىئارام بولسا، ئۇ ئادەم: «مەن ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى بىسەرەمجانلىقىمنى بىلىمەن. ئەمما ئۇ مېنىڭ كىيىمىمنى ياخشىكەن دەۋاتىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «رېئاللىق» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆزىتىدۇ ـ دە، بىئاراملىق سېزىدۇ.

بەزى كىشىلەر بەزى ھاللاردا كىشىلەر تېخى ئۇنى تەرىپلىمەستىنلا ئۆزىنىڭ ھودۇقۇشىنى ئالدىن ئاشكارىلايدۇ. «تازا سەت بولدى، بۇگۈن مەن راستىنلا خۇنۈكلىشىپ كېتىپتىمەن» ياكى «كەچۈرۈڭلار، ئۆيى قالايمىقان» دەيدۇ. ئەگەر ئۇلار شۇنداق دېمىگەن بولسا، بەلكىم ئۇلارغا دىققەت قىلمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

شۇڭا سىز باشقىلارغا ئىززەت ـ ھۆرمەت دەرىجىڭىزنىڭ ئۆچۈرىنى دەپ بەرسىڭىز ئۇ سىزگە ماختاش ـ تەرىپلەش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەت دەرىجىڭىز يۇقىرى بولسا، سىز! «سىلەر، سىلەر ئۇ تۈرنى ناھايىتى چىرايلىق ئىشلەپسىلەر!» دەيسىز. ئۇ سىزگە قانداق جاۋاب بېرەر؟ بەلكىم ئۇ ئاددىيلا «رەھمەت سىزگە» ياكى «رەھمەت، شۇنداق دېگەنلىكىڭىزدىن بەك خۇش بولدۇم، مەنمۇ يامان ئەمەس ئىشلىدىم دەپ سەزدىم!» دېيىشى مۇمكىن. ئۆزىگە نىسبەتەن توغرا، قەتئىي قارايدىغان ئادەم ماختاش ـ تەرىپلەشلەرنى ئىچىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ماختاش ـ تەرىپلەشكە ئۇنىڭ ئۆزىنى قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئەھمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشى مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ.



تۇرمۇشىڭىزدا ھەممە ئىشىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولسا، سىز ئۆزىڭىزنى كىشەنلەپ قويىسىز، مەڭگە قاملىپ قالىسىز.

— دوكتور ماكسۋېل مارزى

## 14 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا پاسسىپ روھىي كەيپىيات ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ؟

«تېرەك پۇتۇك» تە ئىككىنچى قېتىم مەيدانغا چىقىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ناھايىتى ئاز. دوكتور ماكسۋېل شۇلارنىڭ بىرىدۇر. سىز بۇ دەرستە ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرالايسىز.

دوكتور ماكسۋېل ئۇزۇن يىل ھۆسن تۈزەش تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولغان. ئۇ بىمارلارنىڭ ھۆسنىنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ، بىمارلارنىڭ چىرايىدىكى تاتۇق ۋە كەمتۈكلۈكى تۈگىگەندىن كېيىنكى خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇنۈكلۈكىدىن قەدىرىنى ۋە ئىشەنچىسىنى يوقاتقان. ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولغان. ئەمما يەنە بەزىلەر ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۆزىنى پەس چاغلىغان، مەيۈسلەنگەن، ھەتتا ئۆزىگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغان.

— ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ئۆزگىرىش بولدى، — دەيدۇ دوكتور ماكسۋېل، — ئەمما بۇنىڭ ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ پايدىسى بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىنى تىكلەش ئىقتىدارى كەم بولغاچقا

ئىدىيۋى قىممەت قارشى تامامەن ئاجىز.

دوكتور ماكسۋېل كۆزەتكەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىر قانچە پارچە بازارلىق كىتاب يازغان. ماكسۋېل بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى «بۈگۈن ئۈچۈن تۇرمۇش يارىتىش» دېگەن كىتابىنى ئەڭ قىممەتلىك كىتاب دەپ قارايدۇ. سىز بۇ دەرستىن ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، ئىرادىڭىزنى قۇرتتەك يەپ ئاجىزلىتىدىغان بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويماسلىقنى ئۆگىنىۋالىسىز.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پاسسىپ پوزىتسىيە بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە چىڭ ئورناپ كەتتى. سىز بىلەن تونۇشقان ئادەم سىزنى بۇ چەمبەر ئىچىگە سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەمما سىز ئادەمگە خورلۇق ئېلىپ كېلىدىغان بۇ چەمبەردىن قېچىپ چىقىشىڭىز لازىم…»

سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىز، ئېتىقادىڭىز، ئوبرازىڭىز ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىڭىزدۇر. قېنى ئەمدى سىز مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن قانداق ساۋاق بېرىدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىڭ…

مۇبادا ئۆزىڭىزنى پەس چاغلاش تۇيغۇسىغا جەڭ ئېلان قىلالىسىڭىز، ئۆزلۈكىڭىزنى يارىتىش سىزنى بىر خىل ئىجادىي تۇرمۇش قويىنىغا يېتەكلەپ كىرىدۇ، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرىدىغان جەڭگاھ دەل ئۆز قەلبىڭىز بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، سىزنىڭ قەلبىڭىز مىسلى بىر جەڭگاھ. مۇبادا سىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىۋاتقان كۈنلەردە بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسىڭىز، كۆڭلىڭىز ئارام تاپىدۇ، قەلب قەسرىڭىزدە ئاسايىشلىق نۇرلىرى چاقنايدۇ.

سىزنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىڭىز ئورمانلىقتا ئاستا ئىلگىرىلەپ دۈشمەننى ئىزدەيدۇ، قاراڭغۇدا دۈشمەن ئارقىسىغا چۈشۈپ، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى بايقايدۇ، بۇنداق ئۇرۇش



ئىرادىڭىز بىلەن ئىقتىدارىڭىزنى قانداق تونۇشىڭىزغا باغلىق بولىدۇ.

ھاۋا ئارمىيىڭىزنى ئەڭ يېڭى تىپتىكى كۆرەشچى ئايروپىلان بىلەن قوراللاندۇرۇش سىزنىڭ نىشانىڭىز بولسۇن. شۇندىلا سىز ھاۋا بوشلۇقىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئىلكىڭىزدە چىڭ تۇتالايسىز، ئۆزلۈكىڭىزنى تىكلەش ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرالايسىز، قىممەت قارىشىڭىزنى يارىتالايسىز.

دېڭىز ئارمىيىڭىز غەلىبە قىلىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئەڭ چوڭ دۈشمەننى — مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنى ئېنىقلاش كېرەك. دېڭىز ئارمىيىسى شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن قوشۇننى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. سىز جەڭگە كىرىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل ئۆزلۈكنى يوقىتىش ئوت كۈچىنى بايقىشىڭىز ھەمدە ئۇنى كۆڭلىڭىزدىن تامامەن چىقىرىۋېتىشىڭىز كېرەك.

ئۇرۇشنى ئىدىيىگە تەققاسلاش كۈلكىلىك تۇيۇلامدىكەن؟ ياق، ھەرگىز كۈلكىلىك تۇيۇلمايدۇ. ئاۋارىگەرچىلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرىكى زەرداب بىلەن تولدى. مۇشۇ دەرد ـ ئەلەملەرنى تۈگىتىش، زۇلمەت قاپلاپ تۇرغان ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كېسەلمەن ئۇقۇملارنى ئېزىپ تاشلاش، خۇشال ئېتىقاد بىلەن گۈزەل ئوبرازنى قايتا يارىتىش جەريانىنىڭ ئۆزى بىر مەيدان ئۇرۇشتۇر. يەنە كېلىپ، بۇ ئۇرۇش ھايات ـ ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇشتۇر. بۇ ئادنو ۋېرسون (1856 ـ 1924 ـ يىللار، ئامېرىكىنىڭ 28 ـ پرېزىدېنتى، 1919 ـ يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) نىڭ: «بەخت ئۈچۈن روھىي ئامانلىق بولۇشى كېرەك» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ئېدۋار بۇۋف لىرتون (1803 ـ 1873 ـ يىللار، ئەنگلىيىلىك گراف، پروزىچى، دراماتورگ، سىياسىئون): «قەلەم قىلىچتىن قۇدرەتلىك» دېگەنىدى. بۇ گەپ ھازىر بىزنىڭ مەدەنىيەت دۇردانىمىز بولۇپ قالدى، بۇنى كىشىلەر ئورتاق

ئېتىراپ قىلىشتى.

بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ روھىغا بولغان تەتقىقاتىمىز يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى جىمى نەتىجىلەردىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئادەمنىڭ روھى، ئادەمنىڭ ئوبرازى ھەرقانداق قورالدىن كۈچلۈك.

شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى بىلەن مەغلۇبىيەت مېخانىزمىغا جەڭ ئېلان قىلايلى! بىزنىڭ يوقىتىدىغىنىمىز ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى بولۇشى، ئېرىشىدىغىنىمىز ئەمىنلىك بىلەن بەخت بولۇشى كېرەك.

بىز نىشان تۇرغۇزۇپ، تۇرمۇشىمىزنى بېيىتايلى، قاباھەتنى تۈگىتىپ، تۇرمۇشىمىزدا يېڭىلىق يارىتايلى.

## مەغلۇبىيەت ئۇقۇمىنى تۈگىتىش

سىزنى مەغلۇبىيەت ئۇقۇمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق. چۈنكى مەغلۇبىيەت ئۇقۇمى سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مېخانىزمىڭىزنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سىز مەيلى ئەر ياكى ئايال بولۇڭ، تەڭرى بولالمايسىز.

قانداق نىشاننىڭ مەنىسى چوڭقۇر بولىدۇ؟ مۇبادا نىشانىڭىز سىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارسا قانداق قىلىسىز؟ سىز بۇرۇقتۇرمىلىققا پاتقان، نىشانىڭىزدىن ۋاز كەچكەن، قۇياش نۇرى تۇرمۇشىڭىزدا خىرەلەشكەن، باشقىلار قۇياش نۇرىغا قاراپ يۈزلەنگەن، سىز ھېلىھەم زۇلمەت قوينىدا مەيۇسلۇك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئازابلىنىۋاتقان چاغلاردا قانداق قىلىسىز؟

سىز ئىجادىي تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن مەغلۇبىيەتكە بوزەك بولماي، ئۆزىڭىزنى سەگەك تۇتۇشىڭىز كېرەك.



سىز مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆگدەكلىرىدىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلالامسىز - يوق؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، چۈنكى كىشىلەرنىڭ قارىشىنى بۇراش بەسى مۇشكۇل. ئۇدۇم بولۇپ قالغان تەپەككۇر شەكلىنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك قۇدرەت بولۇش كېرەك. كىشىلەرنىڭ قارىشى ھەمىشە بەختسىز كەچۈرمىش ۋە مۇرەككەپ ئۇچۇر ئاساسىدا ھاسىل بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرۇۋاتقاندا ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك ئىش قىلمىسىڭىز ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىشنى خالىمىسىڭىز، تۇرمۇشىڭىز مەنىسىز ئۆتمەمدۇ؟ سىز، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئازابلىنىشىم كېرەك، دەپ ئويلامسىز؟ سىز سۆيگىنىم تۈگەپ كەتتى، ئەمدى تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى، دەپ ئويلامسىز؟ سىز، ئاتوم دەۋرىدىكى بىردىنبىر تۇرمۇش ئۇسۇلى — ھەر كۈنى ئاتوم پارتلاتقاچقا دەككە - دۈككىچىلىكتە ياشاش كېرەك دەپ، ئويلامسىز؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىسىڭىز، جەزمەن مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلالمايسىز. بۇ خىل پاجىئەنى، ئۆزىڭىزدىكى سەۋەنلىكنى تونۇپ يەتكەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن سىزنى ھېلىھەم مەغلۇبىيەت بىلەن پاسسىپ ئىدىيىنىڭ ئۆگدەكلىرى بېسىپ ياتىدۇ. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى شۇكى، سىز مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆزىڭىزنى ئازابلايسىز، قاتتىق ئىزتىراپ چېكىسىز. مەن سىزگە شۇنى دەيكى، ھەرقانداق دۇشمەنمۇ بۇنداق رەھىمسىز بولمايدۇ.

مەن 65 يىللىق ھاياتىمدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇن ھادىسىلەرنى بايقىدىم. بۇ ھادىسىلەرنىڭ بىرى شۇكى، سىياسىي خاھىشقا، داۋالاش ئەھۋالىغا، پاي چېكى بازىرىغا ۋە مېخانىك ئىقتىدارغا ھەتتا باشقىلارغا ئوبيېكتىپ باھا بېرىدىغان كىشىلەر ئۆزىگە نىسبەتەن قىلچىمۇ ئىدراكىي كۆز قاراشتا بولمايدۇ، بەزى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ.

شۇنداق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلار باشقىلارغا كۆيۈندۈم، ئۆزۈمگە رەھىمسىزلىك قىلدىم، دەپ قارايدۇ.

مەن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكىنى تۈگەتكەن بولساممۇ ، ئەمما ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ئۇلاردا فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈك پەيدا بولغانلىقىنى بايقىدىم. بۇنداق كەمتۈكلۈك ئۇلاردا ئۆزىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ۋە ئۇلارنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. گەرچە پاسسىپ ئۇقۇم ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىش مېخانىزمى ئوخشاش بولىدۇ.

خوش، سىزدە ئۆزىڭىزنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى بارمۇ؟ ئەمىسە، مەن سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

## «ئافرىقا بۆرگىسى» دىن غالىب كېلىش

كۆپ يىللار ئىلگىرى مەن بىر ھۆسن تۈزەش شىپاخانىسى ئاچقانىدىم. گىروي كەلگەن بىر نېگىر كېلىپ دورداي كالپۇكىدىن زارلاندى. مەن ئۇنىڭ لېۋىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا تۆۋەنكى لېۋىڭىز سەل چوڭكەن، باشقا ئالامەت يوقكەن، دېدىم. ئۇنىڭ ئىسمى جوش ئىدى.

جوش ئەپەندى ئەسلىدە لېۋىنى ئوپېراتسىيە قىلغۇسى يوقلۇقىنى، قىز دوستىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇڭ دېگەنلىكىنى، قىز دوستى سورۇنلاردا ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرۇشتىن نومۇس قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

مەن جوشنىڭ ئەدەپلىك، سۆيۈملۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭغا: «سۆيگەن قىزىڭىز شۇنىڭ ئۈچۈنلا لېۋىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇڭ دەپ تۇرۇۋالمىغاندۇ» دېدىم. ئەمما ئۇ لېۋىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن: ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشتىن ۋاز كېچەر، دەپ ئويلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ پۇلنى تۆلىيەلمىگۈدەكمەن دەپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە كىچىك سومكىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە كەلدى، سومكىدىكى پۇلنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، 1200 دوللار ئۇنىڭ ھاياتىدا يىغقان پۇلى ئىدى.

ئۇ: «بۇ پۇلنى ئېلىپ، لېۋىمنى ئوپېراتسىيە قىلىپ قويسىڭىز» دەپ ئۆتۈندى.

مەن ھەيران بولدۇم ۋە سەل تەڭقىسلىقتا قالغاندەك بولدۇم. چۈنكى ئۇنىڭ پۇلىنى يۇتۇۋالغۇم يوق ئىدى. بۇ پۇل ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى نىيىتىدىن يانامدىكىن دەپ ئويلىدىم، ئەمما ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش نىيىتىدىن يانمىدى. مەن ئوپېراتسىيە قىلمىسام، ئۇ بەربىر باشقا دوختۇرنى ئىزدەپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولدۇم ۋە ئوپېراتسىيە ھەققىنى ئادەتتىكى ئۆلچەمدىن ئازراق ئالماقچى بولدۇم. ئەمما ئۇنىڭغا قىز دوستىڭىزغا ئوپېراتسىيە ھەققى 1200 دوللار ئىكەن دەڭ، دېدىم.

ئوپېراتسىيە ئىنتايىن ئاددىي بولدى. مەن ئۇنىڭ لېۋىنى ناركوز قىلىپ، لېۋىنىڭ ئىچىدىكى ئارتۇق گۆشنى ئېلىۋەتتىم. يارا ئېغىزى ئەتراپىدىكى تېرىلەرمۇ بۇزۇلمىغانىدى. لەۋنىڭ سىرتىنى ئوبدان تىكىپ قويدۇم. ئوپېراتسىيە يېرىم سائەت ئىچىدە تۈگىدى. مەن بىر قانچە قېتىم دىئاگنوز قويۇپ، داكىسىنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرتكۈزدى. ئۇنىڭ لېۋى تامامەن ساقايغانىدى. ئازراقمۇ تاتۇق قالمىغانىدى.

جوش ئەپەندى لېۋىدىن تولىمۇ رازى بولدى. ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئىشخانىدىن چىقىپ

كەتتى.

بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ يەنە كەلدى. مەن ئۇنى تونۇمىغىلى تاس قاپتىمەن. ئۇنىڭ بەستى ۋىجىكلەپ كەتكەنىدى، قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغانىدى، ئاۋازىمۇ چىرقىراپ چىقاتتى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولدى، دەپ سورىدىم.

— بۆرگە، دوختۇر ··· بۆرگە!

— قانداق بۆرگىكەن ئۇ؟

— ئافرىقا بۆرگىسى، دوختۇر، — دېدى ئۇ، — مېنى ئافرىقا بۆرگىسى چېقىۋالدى، ئازابتىن ئۆلەيلا دەپ قالدىم.

جوش ئەپەندى ماڭا دەردىنى تۆكتى. ئۇ لېۋىدىكى داكىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قىز دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. قىز دوستى ئۇنىڭدىن نەچچە پۇل كەتتى دەپ سوراپتۇ، ئۇ 1200 دوللار كەتتى دەپتىكەن، قىز دوستى قاتتىق غەزەپلىنىپ، مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ 1200 دوللار خەجلىگەن بارمۇ، دەپ ئۇنى ئەيىبلەپتۇ. چۈنكى بۇ پۇل قىزنىڭ پۇلى ئىكەن. ئۇ قىز، مەن سېنى ئەسلا ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، ئىلاھىم قارغىشلىرىم تۇتۇپ ئۆلەرسەن، دەپ ئۇنى تىللاپ قارغاپتۇ.

جوش ئەپەندى قاتتىق ئازابلىنىپ، ئۈمىدسىزلەنگىنىچە تۆت كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيىنىڭ ئايال خوجايىنى بىر «دوختۇر» نى باشلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. چۈنكى ئۇ غىزامۇ يېمەي ئۆيدە يېتىپ قالغانىدى. جوش ئەپەندى ئېغىزىدا قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «دوختۇر» ئۇنىڭ ئېغىزىدىن تەكشۈرۈپ، ئېغىزىدىكى نەرسىنى ئېلىۋېتىپتۇ.

— ئۇ سىزنىڭ جېنىڭىزنى ئېلىشى مۇمكىن! — دەپتۇ دوختۇر، — پېشقاق ئافرىقا بۆرگىسى ئېغىزىڭىزنى چېقىپتۇ، سىزگە قىلىنغان ئەپسۇن كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ! — بۇ گىرۋي ئادەم قورقۇپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە قوللىرى



بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى.

— ئۇ راستىنلا ئېغىزىڭىزدىمىكەن؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— شۇنداق، دوختۇر، — دېدى ئۇ ھېلىقى «دوختۇر» نىڭ قانداق داۋا قىلىپ ئېغىزىدىكى بۆرگىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئەمما ئەپسۇننىڭ يامان ئىكەنلىكىنى، ھەرقانچە قىلسىمۇ «ئافرىقا بۆرگىسى» نى يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھازىر جوشنىڭ خىيالىغا «ئافرىقا بۆرگىسى» لا كىرىۋالغانىدى. توغرا، «ئافرىقا بۆرگىسى» بەك قاباھەتلىك بولغاچقا، ئۇنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلغانىدى.

— ئۇ لېۋىمنى كېرەكتىن چىقاردى.

— لېۋىڭىزنى؟

— شۇنداق دوختۇر، لېۋىمنى···

— بۇرۇن لېۋىڭىزنىڭ گېپىنى قىلمىغانىدىڭىزغۇ؟

مەن تەكشۈرۈپ كۆردۈم.

— ئۇمۇ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن سىزنىڭ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشىڭىزغا ياردەملىشەي.

— خوپ، دوختۇر. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

مەن شپىرىسقا توشقۇچە ناركوز سۇيۇقلۇقىنى قاچىلاپ، ئۇنىڭ لېۋىگە ئۇردۇم ئۇنىڭ لېۋى ناركوزلانغاندىن كېيىن ئوپېراتسىيە پىچىقى ۋە موچىن بىلەن «ئافرىقا بۆرگىسى» نى ئېلىۋەتتىم. بۇنىڭغا بىر سېكۇنت ۋاقىت كەتتى.

مەن داكا ئۈستىدىكى «ئافرىقا بۆرگىسى» نى جوش ئەپەندىگە كۆرسەتتىم. ئۇ تېرىقتىن چوڭراق ئىدى.

— بۇ بۆرگىمۇ ئەپەندى؟ — ئۇ بۇنىڭ بۆرگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇ تاتۇق توقۇلمىسىنىڭ بىر قىسمى، ئوپېراتسىيە يېپىدىن قالغان يارا تاتۇقى.

— ئەمىسە «ئافرىقا بۇرگىسى» يوق ئىكەندە؟

مەن كۈلۈپ قويدۇم.

جوش ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى. شۇ زامان چىرايلىرىدا كۈلكە پەيدا بولدى. ئاۋازىمۇ ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە خۇشال يۈرۈپ كەتتى.

كېيىن جوش ئەپەندى ماڭا خەت يېزىپتۇ. جوش ئەپەندى ئۇ خەت بىلەن بىرگە ئايالى بىلەن چۈشكەن بىر پارچە سۈرەتنىمۇ ئەۋەتىپتۇ. مەندىن ئەھۋال سوراپتۇ ۋە «ئافرىقا بۇرگىسى» نى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىپتۇ. ئۇ سۈرەتتە كۈلۈپ تۇراتتى، گىرۋي كۆرۈنەتتى. ئۇ يېنىدىكى قىز بىلەن كىچىككىنىلا تونۇشىدىكەن، تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناپ چوڭ بولغانىكەن.

## سىزدىكى «ئافرىقا بۇرگىسى» قانداق نەرسە؟

بۇ ھېكايە مۇھىم بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يىگىت ئەدەپلىك، زېرەك، ئىشچان بولسىمۇ، ئەمما غەلىتە بىر كۆز قاراش ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاس قالغان.

ئۇنىڭ «ئافرىقا بۇرگىسى» گە بولغان قورقۇنچىسى نېمىدېگەن كۈلكىلىك، نېمىدېگەن بىمەنىلىك - ھە! ئۇنى مەسخىرە قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما سىز ئۆزىڭىزدىن: «مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگەندىم؟» دەپ سوراپ بېقىڭ.

ھەممىمىزدە «ئافرىقا بۇرگىسى» بار. سىز 15 يىلدىن بىرى كۆرۈلمىگەن قاتتىق ئاپەتتىن ئەندىشە قىلدىڭىزمۇ - يوق؟ مانا بۇ سىزدىكى «ئافرىقا بۇرگىسى» دۇر.

ئۆزىڭىزگە كۆپ تەنبىھ بەرگەنلىكىڭىز، ئەندىشىلىك گەپ



قىلغانلىقىڭىز ياكى قاتمال، ئۆلۈمتۈك بولۇپ قالغانلىقىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر «ئافرىقا يۇرگىسى» دۇر.

پۇلدىن غەم قىلىشىڭىز، پىخسىقلىق قىلىشىڭىز، باشقىدىن پۇل ئالسام ئىسراپ بولۇپ كېتەرمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشىڭىزمۇ بىر «ئافرىقا بۇرگىسى» دۇر.

بىز بۇ «ئافرىقا بۇرگىسى» نىڭ قانداق نەرسىلىكىنى ئاشكارىلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۇلار — پاسسىپ كەيپىيات بىلەن ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاشتۇر. ئۇلار بىزنىڭ ئادىمىيلىك سەۋىيىمىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، بىزارلىق تۇيغۇسى ئوبرازىمىزنى يوقىتىدۇ، بەخت - ئىقبالىمىزنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ.

جوش ئەپەندىدىكى بىزارلىق تۇيغۇسى، پاسسىپ روھىي ھالەت بىر خىل مۇگدەكلىك رولىنى ئوينىغان. بۇنداق بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن پاسسىپ روھىي ھالەت تۈگىتىلمىسە ئادەمنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىز ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىشىمىز كېرەك.

## مەغلۇبىيەت مېخانىزمىدىن غالىب كېلىش

توغرا، بىز «مەغلۇبىيەت مېخانىزمى» نىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. مەن دەۋاتقان «مەغلۇبىيەت مېخانىزمى» پاسسىپ روھىي ھالەتنى تۈگىتىش سىستېمىسى بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئاكتىپئال ئۈمىدۋارلىقىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدۇ.

خۇددى ئاكتىپئال ئۈمىدۋارلىق ئىقتىدارى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مېخانىزمىنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىش ئارقىلىق شادلىق بىلەن بەخت پەيدا قىلغاندەك، پاسسىپ ئامىللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ بىر قاتار پاسسىپ ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىپ، مەغلۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مەن مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنىڭ زاپچاسلىرىنى مىسال كەلتۈرۈشكە ئامراق. چۈنكى بۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەستە تۇتۇشىغا ياردىمى بولىدۇ. مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى، ھۇجۇم تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، تەنھالىق تۇيغۇسى، بىقارارلىق تۇيغۇسى، نەپرەت تۇيغۇسى، بىمەنىلىك تۇيغۇسى مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنىڭ تەركىبلىرىدۇر.

بۇلار بىز ئۈچۈن ئەشەددىي دۈشمەن. شۇڭا بىز ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، تەسىرىنى تۈگىتىشىمىز كېرەك.

1. مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى. بىزنىڭ مۇھىم مەقسىتىمىزگە يېتەلمىگەن ياكى تەلپىمىز ئەڭ تۆۋەن چەكتە قانائەتلەنگەندە بىزدە مەغلۇبىيەتلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، ھەربىرىمىزدە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. چۈنكى بىزدە مۇكەممەل خاراكتېر يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۇنيا تولىمۇ مۇرەككەپ، ئادەتتىكى مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى مەغلۇبىيەت كېسىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەمدە ھەمىشە مۇشۇنداق مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى پەيدا بولسا، ئۇ جەزمەن ئۆزىدىن مەندە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ دەپ سوراپ بېقىشى لازىم. نىشان يۇقىرى بولغانلىقتىن شۇنداق بولدىمۇ، ئۆز - ئۆزىنى بوغۇپ قويغانلىقتىن ئۆزىنى ئەيىبلىدىمۇ، بوۋاقلىق دەۋرىگە قايتىپ، يىغلاپ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدىمۇ؟ مەغلۇبىيەت ئۈچۈن تەشۋىشلىنىش بوۋاقلار ئۈچۈن پايدىسى بولسىمۇ، چوڭلار ئۈچۈن پايدىسى يوق. مۇبادا بىز پۈتۈن زېھنىي قۇدرىتىمىزنى تۇرمۇشتىن ئاغرىنىدىغان بەختسىزلىككە يىغىپ قويساق، ئەھۋال تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. مۇبادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن كۆپرەك كۆڭۈل بۆلسەك، بىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدا ئىشەنچكە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىز پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىيەلەيمىز، ئۈزلۈكسىز



مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز.

2. ھۇجۇم تۇيغۇسى. مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى ھۇجۇمچانلىقتا ئىگە بولىدۇ. سەۋەنلىك ئەمەس، بىز ئۇنى توغرا يېتەكلىيەلىسەك مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز ۋە ئىنتىلىشچانلىقىمىزنى ئاشۇرالايمىز. ئەمما قارىغۇلارچە ھۇجۇم قىلىش مەغلۇبىيەتنى تېزلىتىۋېتىدۇ. مەغلۇبىيەتچانلىق ھەمىشە ناتوغرا نىشان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق نىشانغا كىشىلەر مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر نىشانغا يېتەلمەي قاقشاپ يۈرۈشىدۇ. بىگۇناھ ئادەملەر ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بالا - چاقىلىرىغا سەۋەبسىز قايناپدۇ. دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئاغرىنىدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئىشداشلىرىنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتى تېخىمۇ ناچارلىشىدۇ. تېخىمۇ كۆپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، قارىغۇلارچە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇنداق قورقۇنچلۇق، يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش قاچان توختايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ھۇجۇم قىلىشتا ئەمەس، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىشانىغا يېتەكلەشتە. بۇنداق ھۇجۇم قىلىش قانائەتچانلىق تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىپ، مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنى ئازايتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىنى ھۇجۇم قىلىش تۇيغۇسىغا ئايلاندۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا يېقىنلاشقانلىقىنى بايقايدۇ.

3. خەتەر تۇيغۇسى. بۇمۇ بىر خىل كۆڭۈلسىز تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مەنىسىز تۇيغۇدىن پەيدا بولىدۇ. سىز، بىئەپ چاغدا جەڭ ئېلان قىلىپ قالدىم، دەپ ھېس قىلغان چاغلىرىڭىزدا خەتەر ھېس قىلىسىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئىقتىدارىمىز ئاجىز ئەمەس، ئەمما يۈكسەك نىشان تۇيەيلىدىن ئۇ ھامان ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ، خەتەر تۇيغۇسى ئۇنى ئالغا ئىنتىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ

بىلەن بىرگە يەنە ئۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، ئىزتىراپ ئىلكىدە پۇچىلىنىدۇ.

4. تەنھالىق تۇيغۇسى. بىز ھەمىشە تەنھالىق ھېس قىلىمىز. مېنىڭ كۆرستىۋاتقىنىم باشقىلاردىن، ئۆزىدىن، تۇرمۇشتىن تامامەن ئايرىلغان تۇيغۇ، بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. توغرا، بۇ ھازىرقى مەدەنىيلىكتە مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئادەتتىكى تەنھالىق تۇيغۇسى كىشىلەرنى چەكسىز دەرد ـ ئەلەمگە پاتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، تەڭرى ياراتقان نادىر ئەسەر كىشىلەردىن ئەنە شۇنداق يىراقلاشسا، تەنھا بولۇپ قالسا، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە!

5. بىقارارلىق تۇيغۇسى. بۇ مەغلۇبىيەت تىپىدىكى كېسەللىك ھالىتى لىڭتاسىمىلىقتۇر. چۈنكى كىشىلەر قارار قىلماسلىقنىڭ ئەڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ (چۈنكى قارار چىقارسا تەنقىدكە ئۇچرايدۇ، مۇبادا قارارنىڭ نەتىجىسى خاتا چىقىرىلىپ قالسا، تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ)، شۇنىڭ بىلەن بىقارارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر، مەن جەزمەن مۇكەممەل ئىش قىلىمەن، شۇڭا خاتالىقنى ئۇستۇمگە ئالالمايمەن، دەپ قارايدۇ. ئۇ ھەر قېتىم قارار چىقارغاندا ھايات ـ ماماتنى تاللاش ئالدىدا تۇرغاندەك، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا كىشىلىك ھايات غايىسى ۋەيران بولۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەرزىمەس قارار ئۈچۈن دېلىغۇل بولۇپ يۈرىدۇ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. ئاخىرى ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، باتۇرلارچە قارار چىقىرىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ زور سەۋەنلىك پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىقارارلىق تۇيغۇسىنى تۈگىتىش تولىمۇ تەس. چۈنكى ئۇ قارار چىقارسام، خاتا ئىش قىلىپ قالارمەنمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ.

6. غەزەپلىنىش تۇيغۇسى. غەزەپلىنىش تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پەيدا بولغان بىر خىل ئۇسۇل.



ئۇ مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بەرمىگەندە ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. تۇرمۇشتا ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى بايقاپ غەزەپلىنىدۇ، ئەمما ئۆزىدە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى بايقىيالمايدۇ. غەزەپلىنىش تۇيغۇسى ئۇنى مەغلۇبىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. يامان سۇپەتلىك ئايلىنىش مەغلۇبىيەتنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. تېخىمۇ كۆپ مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى بىلەن قارىغۇلارچە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن، رازى بولمىغان ۋە غەزەپلەنگەن ئادەملەر باشقا ئادەملەر بىلەن قارىمۇقارشى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر يۈرۈش غەزەپلىك تۇيغۇ، ھەرىكەت ئىنكاسى پەيدا بولىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىكىگە قايتۇرۇپ زەربە بېرىدۇ. ئۇنى نەزەرگە ئالمايدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك غەزەپلىنىش تۇيغۇسى ئۇنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. غەزەپلىنىش تۇيغۇسى كىشىلەرگە، ئۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ھەسرەتلەنگەنسېرى كېسەلمەن ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۆزىگە گۇمانىي نەزەردە قارايدۇ، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئىچكى دۇنيادىكى غەزەپلىنىشنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتمەيدۇ. ئۇ پەقەت تۇرمۇشتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تىكلەپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى تەڭشەپ، مەقسىتىگە يەتكەندىلا ئاندىن مەغلۇبىيەتنىڭ يامان سۇپەتلىك ئايلىنىشىنى توسۇيالايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئوبرازىنى ياراتقاندىلا ئاندىن غەزەپلىنىش تەپەككۇر ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنىڭ ئاساسىي زاپچاسلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل چىقىپ تاشلىيالايدۇ.

7. بىمەنىلىك تۇيغۇسى. سىز «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلار» دىمۇ مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى، غەزەپلىنىش تۇيغۇسى،

بىقارارلىق تۇيغۇسى، خاتىرجەمسىزلىك تۇيغۇسى، بىمەنىلىك تۇيغۇسى ۋە قارىغۇلارچە ھۇجۇم قىلىش تۇيغۇسى بولىدۇ دەپ قارامسىز؟ ئەمما ئۇلار تامامەن قۇرۇق قول مۇۋەپپەقىيەت قازانغان! سىز ئۇلارنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان» لىقىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەڭ. چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت ھازىرلايدىغان جىمى تاشقى ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئۇلار بىزارلىق ھېس قىلىدۇ ـ دە، مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالىدۇ. يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئىقتىدارى كەمچىل. ئۇلار پۇل تاپقىنى بىلەن تاپقان پۇلىنى قانداق خەجلەشنى بىلمەيدۇ؛ تۇرمۇشتىن بىزار بولىدۇ، سەيلە ـ ساياھەتكە بارمىسىمۇ، يەنىلا بىزارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. نىشاندىن ۋاز كېچىدۇ. مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ قۇياشقا باقىدۇ، سەھەرنى كۈتۈۋالىدۇ، ئەمما بۇ گۈزەل مەنزىرىدىن ھۇزۇرلانماي، غەمكىنلىك بىلەن ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بىمەنىلىك تۇيغۇسىغا ئىگە ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازانسىمۇ، ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە نېسىپ بولمىغان نەرسىنى ئوغرىلاپ كەلدىم دەپ قارىغاچقا ئۇنىڭدا گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە غەلىبىنىمۇ مەغلۇبىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بىمەنىلىك تۇيغۇسى مەغلۇبىيەت مېخانىزم ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىلىنىش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.

چوققىدىكىلەر مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. مەن بۇنى سىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئېسىڭىزدە ئاسان تۇتۇۋېلىشىڭىز ئۈچۈن يېزىپ چىقتىم.

ئەمدى سىز ئۇلاغا قانداق قارشى تۇرىسىز، بۇ ئۇلۇغ ئۇرۇشتا





## مەغلۇبىيەتنى يېڭىش

سىز دۈشمىنىڭىزنى ـــ مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ساختا نىقابىنى بىتچىت قىلىشىڭىز كېرەك. ئەقىلگە ئۇيغۇندەك كۆرۈنىدىغان تەپەككۇر دېگۈدەكلا سىزنى دېلىغۇل قىلىپ قويىدىغان نىقابتۇر. ئۆزىڭىزنى كولدۇرلىتىپ يۈرمەڭ. بولمىسا ياشاش، قانائەت تېپىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ جەڭدە ئۇتتۇرۇپ قويىسىز.

سىز بارلىق ئوت كۈچىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خاتا نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ نۇقتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىڭ. سىز ھۇجۇم ۋە نەپرەت ئوقلىرى بەتلەنگەن مىلتىقنىڭ ئۇچىنى تەنھالىق تۇيغۇسى بىلەن بىمەنىلىك تۇيغۇسىنى تۈگىتىدىغان قانلىق يولغا توغرىلاڭ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇنداق بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەغلۇبىيەت ھەرىكىتى مەغلۇبىيەت مېخانىزمىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، مەلۇم پائالىيەت ياكى پىلاندىكى مەغلۇبىيەت بىر ئادەم ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

مەن مۇنداق بىر نۇقتىغا ئىشىنىمەن: مۇبادا سىز ئەسلا مەغلۇپ بولۇپ باقمىغان، مەغلۇبىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ئەسلا تېتىپ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. خۇددى قەدىمكى رىم پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى روشيوس ئانسيوس سېناكا (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ يىلىدىن مىلادىيە 65 ـ يىل) ئېيتقاندەك: «مۇبادا سەن ئادەم بولساڭ، سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلغان ئادەملەرگە تەھسىن ئوقۇ. ئۇلار مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ،

مەغلۇبىيەتنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ.»

ئەجەبا توماس ئېدىسون مەغلۇبىيەتچىمۇ؟ ياق ئۇ مەغلۇبىيەتچى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇنداق ئوي كۈلكىلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. كۆپ ساندىكى بايقاشلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇ سانسىز قېتىم مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئېدىسون مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۇل تېشىغا ئايلاندۇرغان.

مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى، بايقاش تەجرىبە ئارقىلىق مەغلۇپ بولىدۇ، مەغلۇبىيەتسىز تەجرىبە بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بايقاش بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن تۇرمۇشتا مۇنداق بىر مۇھىم تەجرىبە – ساۋاقنى يەكۈنلىدىم: ھۆكۈم جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت بىلەن مەشغۇلات جەريانىدىكى خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. سىز پەقەت تۇرمۇشتىن ۋاز كەچسىڭىز، ھېچقانداق ھاياتىي كۈچ مەۋجۇت بولمىغان دۇنياغا مۆكۈنىۋالسىڭىز، بۇ باشقا گەپ بولىدۇ. ئەمما ئىش شۇنداق بولسىمۇ، سىز ئادەت تۇپەيلىدىن يەنىلا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈۋېرىسىز. مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ سىرى — مەغلۇبىيەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش. كىشىلىك ھاياتنىڭ شانلىق نۇرىنى يارىتىش — ئىنتايىن مۇھىم ئېتىقاد. خاتالىقنى ئۇنتۇڭ، خاتالىقىڭىز ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەڭ. ئاجىزلىقىڭىزنى چۈشىنىڭ. گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى غۇلىتالىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەن ھالدا پۈتكۈل دۇنياغا يۈزلىنەلەيسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى تونۇپ يېتىسىز؛ سىز نىشاننى ياخشى توغرىلاپ، رىقابەت جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىقتىدارىڭىزنى نامايان قىلىڭ.

بۇ پرىنسىپ سىزنىڭ يېڭى شەيئىلەرنى سىناپ كۆرۈشىڭىزگە تولىمۇ باب كېلىدۇ. چۈنكى سىز سىناپ كۆرۈۋاتقاندا خاتالىقنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايسىز، خاتالىقنى رەت



قىلماي، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن تونۇڭ، ئەمما مەنسىتمەڭ. ئۆزىڭىزگە دوستىڭىزغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىڭ. شۇندىلا ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئاچالايسىز. خاسلىقىڭىزنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتەلەيسىز، قوغدىيالايسىز. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىي قىياپىتىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ.

سىز ھەر كۈنى روھىي ھالىتىڭىزنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدىغان پاسسىپ كۆزقاراشلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. سىز ئۆزىڭىزنى ئەخمەق چاغلامسىز، سىز ئۆزىڭىزنىڭ خۇنۈكلۈكىڭىزدىن ئەنسىرەمسىز، بىرسى سىزنى يارىماس دېسە، ئۆزىڭىزنى تامامەن ئىنكار قىلىۋېتەمسىز، سىز ئۆزىڭىزدە ئايالлىق خىسلەت يوق دەپ قارامسىز، سىز ئۆزىڭىزنى ھەرقانداق ياخشى نەرسىگە ئېرىشىشكە لايىق كەلمەيمەن دەپ قارامسىز؟

## بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكنى ئاسانلا چىرىتىپ تاشلايدىغان ساھە

مەن سىزدە ئۆزىڭىزنى چىرىتىپ تاشلايدىغان پاسسىپ ئىدىيە بارمۇ، يوق، بىلمەيمەن. ئەمما سىز ئۇنى تونۇشىڭىز ۋە ئۇنى ئىدىيىڭىزدىن تۈگىتىشىڭىز كېرەك.

سىز مۇنداق قىلىڭ: بىر ئىش قىلغان چاغلىرىمىزدا ئۆزلۈكىمىزنى ۋەيران قىلىدىغان ئوينىڭ بار - يوقلۇقىنى ئويلاپ، ئاندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىگە قاراش كېرەك (سىز ئۆزىڭىزگە قاتتىق ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا ئامالسىز قېلىشىڭىز مۇمكىن). مەن سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزدا ئىدراكنىڭ كەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئىدراكسىز تەپەككۇر پۈتكۈل تارىخقا سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن، پېرىخون، ئالتۇن تاۋلىغۇچى، ئەسەبىيلەرچە ئالتۇن قېزىش دولقۇنى، ئالۋاستى ماكانى، «ئابى ھايات» ئىزدەش قاتارلىقلار. تارىختىكى قان ھىدىغا

تولغان بىر سەھىپە — ياۋايىلىق ئۇرۇشنى تىلغا ئېلىشقا تېخىمۇ ئەرزىمەيدۇ. كۆپ يىللاردىن بىرى كىشىلەرنىڭ «ئايال داخان» غا بولغان پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قەبىھ بولدى. ياۋروپادا ئايال داخانغا ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلدى. مۇقەددەس ئايال جوندى ئايال داخان دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلدى. بىزنىڭ ئامېرىكىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شەرمەندىچىلىك خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، سىلدىھىم قاتارلىق بەزى «ئايال داخان» لارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئۆزىگە ئاشۇ «ئايال داخان» لارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ.

سىز ئۆزىڭىزگە بولغان پوزىتسىيىڭىزنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ. ئۆزىڭىزگە ئادىل مۇئامىلە قىلغان ـ قىلمىغانلىقىڭىزغا قاراپ بېقىڭ.

مۇبادا سىز ئۆزىڭىزگە «ئەخمەق» دەپ باھا بەرسىڭىز، بۇنداق باھانىڭ ئاساسى نېمە بولىدۇ؟ مۇبادا سىز كۆپ قېتىم دېۋەڭلىك قىلىپ قويسىڭىز، ئەجەبا مەن ئەسلىي ئەقىللىق بولۇپ باقمىغان دەمسىز؟ مۇبادا راستىنلا شۇنداق بولسا، ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى تەنقىد قىلىش ئاساسىڭىز بولۇپ سىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئاخىرى مېنىڭ ھوقۇقۇم يوقكەن دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالىسىز، ئۆزىڭىزنى كەمسىندۈرىسىز.

سىز ئۆزىڭىزنى ئازابلىغان «ئافرىقا بۆرگىسى» نى تەكشۈرۈپ بېقىڭ. تېرىقچىلىقىمۇ كەلمەيدىغان بىر نەرسە جوش ئەپەندىدەك بەستىلىك ئادەمنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاس قالغان. «ئافرىقا بۆرگىسى» قانداق بولىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ دەل ئىدراكىي ئىدىيىنىڭ كەملىكىدۇر.

ئادەم ھامان ئادەم، كۈچلۈكلۈك ئاجىزلىقىقا، ئاجىزلىق كۈچلۈكلۈككە ئايلىنىدۇ. ئاشۇ سودا ـ سېتىققا ئانچە ئېپى يوق



كىشىلەر ئادەتتىكى ساۋاتلارغا ئىنتايىن باي بولغان بولىدۇ. ئاددىي ـ ساددا ئاياللار ھەممە ئىشتا قىزغىن بولسا تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. روھىي جەھەتتە «مۇقىم بولمىغان» ئادەملەر ئەسلىدە تولىمۇ تالانتلىق ئادەملەردۇر. پسىخولوگلار نۇرغۇن كېكەچ ئادەملەرنىڭ باللارغا گەپ قىلغاندا راۋان سۆزلەيدىغانلىقىنى بايقىغان.

مۇبادا ياردەم بېرىلسە، گۇناھكارمۇ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا باي جەمئىيەت ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. سىز پاسسىپ ئىدىيىڭىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىسىز؟ ئۆزىڭىزنى تامامەن ئىنكار قىلامسىز، يىرگىنچلىك ئادەم دەپ قارامسىز، ئەخمەق دەپ بىلەمسىز، بىرمۇ توغرا يېرىم يوق دەپ ھېس قىلامسىز؟

ھەممە ئادەم مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. جورجى لۇيىس ئۇدا بىر قانچە يىل ئېغىرلىق كۆتۈرۈش بويىچە چېمپىيون بولۇپ كەلدى. ياش چاغلىرىدا ئۇنى يېڭىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. ئۇ كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئەمما ئۇ تۇنجى قېتىم بوكسلىق مۇسابىقىسىگە چۈشكەندە پۇت ـ قولى قولاشمىغان، نامىمۇ چىقمىغان، ئىشتىن سىرتقى بىر ھەۋەسكار ئۇنى يىقىتىۋەتكەن. ئۇ ئىشتىن سىرتقى بۇ مۇسابىقىدە توققۇز قېتىم ئۇتتۇرۇۋەتكەن.

ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنىڭ پاسسىپ ئىدىيىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆردىڭىز. سىز ئەمدى يەنە ئۇلاردىن قۇتۇلغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. مۇبادا تامامەن قۇتۇلغىلى بولمىسا، ھېچبولمىغاندا مۇۋاپىق ئۆلچەمنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق مەۋجۇت بولىسىز، سىز كېيىنكى قەدىمىڭىزنى باشلاڭ، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنى ئەسلەڭ. سىزنى ھەققىي پەخىرلەندۈرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنى تەسۋىرلەڭ. مېڭىڭىز مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇلىرى بىلەن تويۇنسۇن. خىيالىڭىز

مۇۋەپپەقىيەتتىن يىراق بولمىسۇن، ئۇنى ئويلاڭ. ئۇنىڭغا قاراڭ، ئۇنى ئابىدە قىلىڭ، مۇۋەپپەقىيەت كارتىنىلىرىنى يۈرىكىڭىزگە نەقىش قىلىڭ.

سىز تەنقىدىي ئىدىيىنىڭ ھۇجۇمىنى ئېيىبلىگەن چاغلىرىڭىزدا ئۇنداق ئىدىيىلەرنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، گۈزەل ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزغا قايتا قاراڭ.

سىز بىر خىل ئىجادىي تۇرمۇش ئارقىلىق ئىچكى دۇنيارىڭىزدا ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈڭ. ۋاز كەچمەڭ. داۋاملىق كۆرەش قىلسىڭىز پۇرسەتنى تۇتۇۋالالايسىز.

ئۆزىڭىزگە: «مەن دىققەت ـ ئېتىبارىمنى ئۆتمۈشتىكى مەغلۇبىيەتكە ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان ئىشەنچىمگە مەركەزلەشتۈرۈشۈم، ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ياخشى نەرسىگە ئېرىشىشىم كېرەك. مەن ئۆز پاراخوتۇمنىڭ كاپىتانى، مەن مېڭەمنى ئىجادىي نىشانغا باشلاپ بارىمەن» دەڭ.

## سىزنىڭ يۈرەك قوزغاتقۇچىڭىز

سىز ئۆلۈك ئوبرازىڭىزنى يۈرەك قوزغاتقۇچىڭىزغا، مېڭىڭىزنى تېزلەتكۈچىگە، روھىڭىزنىڭ كاتالىزاتورىغا ئايلاندۇرۇڭ. ھەر كۈنى مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغاندا ئۇ سىزگە مۆگدەك ئوقلىرىنى ئاتقاندا، بۇنداق ئادەت ئۆزلۈكنى ۋەيران قىلىدىغان بىر خىل شەكىل بولىدۇ.

تەدرىجىي تىرىشىپ پاسسىپ ئىدىيىنى، تەنھالىق تۇيغۇسىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش كېرەك. تىرىشىڭ، بۇ ئاسانغا چۈشمىسىمۇ، ئەمما تىرىشسىڭىز بۇنى ئورۇندىيالايسىز.

ئۇرۇش خەتەرلىك بولىدۇ. مۇبادا سىزنىڭ قەلبىڭىز پاسسىپ



ئىدىيىنىڭ قەلئەسىگە كىرىپ قالسا، سىز قاتتىق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىقلا غەلىبىگە ئېرىشىسىز. بۇنداق ئۇرۇش قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئىجادىي تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىز ۋە شادلىققا ئېرىشىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىز قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان رەستە ـ كوچىلاردا ناخشا ـ ناۋالارنى ياڭرىتىپ ماڭالايسىز، ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزمۇ زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. ئۆزلۈك ئوبرازىڭىزنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇڭ، تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچ بار ھايات يولىدا مېڭىڭ.

ئېتىقاد، ئۆزىڭىزنىڭ ئېتىقادىلا ئەڭ ياخشى يۈرەك قوزغاتقۇچىدۇر.

مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت بولسۇن، سىرلىق قاناتلىرىنى قاققىنىچە بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىدۇ

— دوكتور ماركۇس باخ

# 15 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا ئىنتىزار بولۇۋاتقان سەنئەتتىن مەنپەئەتلەنگىلى بولىدۇ

ئەجەبا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاشمۇ؟ كىشىلەر ئەسىر بويى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئورتاقلىقى ئۈستىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى مەشھۇر ئادەملەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى بىر ئوقۇسىڭىزلا ھېس قىلىسىزكى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، خىزمىتى، شەخسىي تۇرمۇشىدىمۇ ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەرنىڭ بىر ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇلاردا ھارماي ئۆگىنىش روھىي ۋە ئەمەلىيەت قىلىش جاسارىتى بار. ئۇلار ھەمىشە نىشانىنى ئېنىقلا ئاشۇرۇش پىلانىنى تۈزىدۇ، «مەن جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن» دېگەن خىيالدىن نېرى بولمايدۇ.

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى تولىمۇ سىرلىق ۋە غەلىتە بىر دۇنيا، بىز چوڭ مېڭىنى كۆپ چۈشەنمەيمىز.

دوكتور ماركۇس باخنىڭ چوڭ مېڭە تەتقىقاتى بىلەن



شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىل بولدى. ئۇ ھازىرقى زاماندىكى دىنىي خاھىش تەتقىقات ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، 17 پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان يازغۇچى، ناتىق، شۇنداقلا يەنە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە دىنىي مۇناسىۋەت ساھەسىدىكى نوپۇز ئىگىسى. ئەمدى بىز دوكتور ماركۇس باخ بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى. ئىشىنىمەنكى، بۇ دەرس سىزنى ھاياتقا، كەلگۈسىگە نىسبەتەن تامامەن يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ.

خوش بىز ماركۇسنىڭ «بىلىش ۋە چۈشىنىشنىڭ قۇدرىتى» دېگەن كىتابىنى ۋاراقلاپ كۆرەيلى:

مەن سەھەرلىقتەك چوڭ بولغان بولسامۇ، بۈگۈنكى نەتىجىگە ئېرىشكىنىمنى ئويلىسام ھەيران قالىمەن! 12 ياش چاغلىرىم ئىدى. بىر قېتىم مۇزىكا مۇسابىقىسىدە ئاپام مېنى ماختاپ كەتتى ۋە: «سەندىن پەخىرلىنىمەن ئوغلۇم، بىلەمسەن، ئەسلىدە سېنى تۇغماي دېگەنىدىم» دەپ قوشۇپ قويدى.

شۇ گەپلەرنى ھازىر ئاڭلىسام، بەلكىم ئاپام بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشىم، پىسخىك داۋالاشقا توغرا كېلىشىم مۇمكىن ئىدى. مەن ئۆزۈم بىر «يېتەكچى» بولسام، ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولار ئىدىم، دەپ ئويلايمەن، مەن بۇ دۇنياغا چىللانمىغان ھالدا يارالغان بولسامۇ، ئۆزۈمچە يامان ئەمەس ئىشلارنى قىلدىم دەپ ئويلايمەن! مەن بۇ يەردە پۈت دەسسەپ تۇرىمەن. بۇ بىر كىچىككىنە تاسادىپىيلىق بولسىمۇ، ئەمما تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك. ئاھ، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە! ھېلىھەم ئېسىمدە، ئاپام كۈلگىنىچە مېنى باغرىغا باسقانىدى. مەن ھەر قېتىم بۇلارنى ئويلىسام، ئاپامنىڭ «سېنى تۇغماي دېگەنىدىم» دېگەن گېپىنى خىيال قىلسام، ئاجايىپ تۇيغۇدا بولۇپ قالىمەن.

ئوقۇغۇچىلارغا مەسلىھەت بېرىۋاتقان چېغىمدا مۇشۇ گەپ

ھەمىشە خىيالىمغا كىرىۋالاتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ ئاسراندى بالا ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا قانداق ماسلىشىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۆزلىرىنى ھارامزادە ھېس قىلىدىغانلىقىنى، «ھېچكىم كېرەك قىلمايدىغان ئادەم» دېگەن تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ھاڭ بار دەپ ئاغرىنىدۇ، ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىنى چۈشەنمەيدۇ، پەرزەنتلىرىمۇ ئاتا - ئانىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭدىن ئۆتۈش تولىمۇ تەس. شۇ ۋەجىدىن بىز ھەمىشە: «تۇرمۇشقا قانداق يۈزلىنىشنى بىلمەيۋاتىمەن، ئۆيدە ماڭا تەسەللى بېرىدىغان، مېنى يېتەكلەيدىغان ئادەم يوق» دەپ ئاغرىنغان، زارلانغان گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

ئاتا - ئانامنىڭ ماڭا تەسەللى بەرگەن - بەرمىگىنى، مېنى يېتەكلىگەن - يېتەكلىمىگەنلىكى ئېسىمدە يوق. دادامنىڭ قاچان مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ «ئەرلەر قىلىشىدىغان گەپلەر» نى قىلىشقانلىقىنى تېخىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. بىز ھاياتنىڭ پاكىتلىرى بىلەن تېمىلىرى توغرىسىدا ئەزەلدىن توختىلىپ باقمىدۇق؛ جىنسىيەت توغرىسىدا تېخىمۇ توختالمىدۇق. مەن قەيەردە، قاچان ئۆگەنگەنلىكىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. بۇ ھەربىر ياش ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسە. كەسپىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا ئاتا - ئانامغا ئەمەس، ئۆز كۈچۈمگە تاياندىم دېسەممۇ بولىدۇ. مەيلى نېمىلا بولسۇن، دىنىي ھېسابقا ئالمىغاندا مەن بىر ئەركىن سەپەر قىلىدىغان ئادەم، ئەمما يەنىلا تەلىيىم بار ئىكەن. دادامنىڭ: «ئوغلۇم، سېنىڭ ھاياتىڭدا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن سۆزى يۈرىكىمگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغان. شۇڭا مەن بۇ گەپنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن.



ئاپام دادامنىڭ ھەرقانداق گېپىگە قارشى تۇراتتى، كەلگۈسۈمگە ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل بۆلەتتى، ماڭا يېتەكچىلىك قىلاتتى، بۇ تەرىپى دادام بىلەن تامامەن ئوخشايتتى. ئاپام: «بىز سەندىن ھاياتىڭدا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز» دەيتتى.

بەلكىم ئۇلارنىڭ گەپ قىلىش ئۇسۇلى شۇنداق بولسا كېرەك، ھەتتا بۇ مېنىڭ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىم بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدە بىر خىل ئۈمىد پەيدا بولغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ ئۈمىد ھاياتىمنى ئەھمىيەتلىك قىلىدۇ، ھاياتىمنى بېيىتىدۇ، ئەدناسى، مەن بۇ خىل ئۈمىدنىڭ ھېسسىي نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مەن تەبىئىي ھالدا «ئۇلۇغ غايە» نىڭ نىشانى بولۇپ قالدىم. ئىنجىلدا: «ئاتا قىلغىنىڭ كۆپ بولسا، ئېرىشكىنىڭمۇ كۆپ بولىدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا بۇنداق ئۇلۇغ غايە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان. مەن ئېرىشكەن ياردەم كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئېرىشكەن ئۇسۇلى مەسلىھەتچى بولۇش، تەكلىپ بېرىش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئەمەس، بەلكى بىر خىل دوستانە، يولداشلارچە ئۇسۇل ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئاتا - ئانام ماڭا كۆرۈنۈشتە ئەمەس، ھەقىقىي ياردەم بەرگەن. مانا بۇ ئادەمنى قايىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان تۇيغۇدۇر. ئەمما مەندە بىرلا نىشان بار، ئۇ بولسىمۇ ھاياتىمدا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىش.

ئائىلىمىزدە بەزى قاملاشمىغان قائىدىلەر بار ئىدى، ئەمما بۇ قائىدە ئۈستىدە توختىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. خىلاپلىق قىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ھەممەيلەن بۇ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشىمىز ھەقلىق دەپ قارايتتى. خوش، ئەمدى بىز لىپمۇ لىق شاراب قاچىلانغان ئىنچىكە بويۇنلۇق

شىشە ئۈستىدە توختىلايلى، چاقناپ تۇرىدىغان كرىستال شىشە بىلەن شىشە ئىچىدىكى شاراب شىرەدە مەڭگۈ ئورۇن ئالاتتى. ئېسىمدە قالمىسىمۇ، بىز تۆت بالا شىشە ئىچىدىكى ئۇ مەيدىن بىر يۇتۇممۇ ئوتلىمايتتۇق، شۇڭا دادام ھەر پەيشەنبە كۈنى ئاخشىمى بازاردىكى قاۋاقخانىدا بىرنەچچە قەدەھ شاراب ئىچىۋالاتتى. بىر قانچە قول قارتا ئوينايتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاپام قوشۇمىسىنى تۈرەتتى، بىزگە ساۋاق بېرىۋاتقان بىر پوپنىڭمۇ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئاپام كاتولىك دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ۋە بۇلغىنىشتىن قورقاتتى. ئەمما بىز تېخى كىچىك بولغاچقا قارتا ئويناش، پىۋا ئىچىش، قاۋاقخانا دېگەنلەرگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتۇق، چۈنكى ئەسلىدىنلا دادىمىز قىلغان ئىشنىڭ بىزگە پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتۇق. ئەمما كېيىن دادام قارتا ئويناشنى تاشلىدى. ئاپام كاتولىك دىنىغا كىرىشىپلا كەتتى، بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالمىدۇق، ئىشقىلىپ ئۇلار شۇنداق بولغاندىكىن ھەيران قالغۇدەك يېرىمۇ يوق ئىدى.

## دادام بىلەن بېلىق تۇتتۇم

بالىق چاغلىرىمدىكى مىجەز - خۇلقۇم، ھېس - تۇيغۇلىرىم ھېلىھەم ئېسىمدە. بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن، مەن دادام بىلەن بېلىق تۇتقىلى باردىم. ئەمما تەقۋادار ئاپام چېركاۋغا بارماقچى بولغاچقا، ئىككىمىزنىڭ بېلىق تۇتۇشقا بارماقچى بولغانلىقىمىزدىن خاپا بولۇپ قالدى.

ئادەت بويىچە كىشىلەر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە چېركاۋغا تىلاۋەت قىلغىلى باراتتى. بىز بېلىق تۇتۇشقا بارماقچى بولغان كۈنى دەل ئەمىنلىك كۈنى ئىدى. ئۇ چاغدا داداممۇ تەقۋادار



مۇرىت بولۇپ بولغانىدى. ئەمما دېڭىز بويىدا بىر ھەپتە ھەرەج تارتقاندىن كېيىن، يەكشەنبە كۈنى شەھەر ئەتراپىنى سەير ئېتىش ئىستىكى چېركاۋنىڭ كونا، قەدىمكى قوڭغۇراق ئاۋازىدىن غالىب كېلەتتى، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى جەلپ قىلاتتى.

ئاپام ماقۇل بولدى، ئەمما: «تەڭرى كۈنىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بارساڭلار بولىدۇ. شۇندىن قىلساڭلارمۇ گۇناھ بولىدۇ» دېدى. بىراق، دادام قالتىس ئادەم بولغاچقا، ئاپامنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن قايىل قىلدى. دەل يەكشەنبە كۈندىكى مۇقەددەس ھاياتىي كۈچلا بېلىقنى قارماققا ئىلىندۇراتتى، ئەڭ ياخشى پەيت سائەت 10 - 12 گىچە بولغان چاغ — تەڭرى كۈنى مەكتىپى بىلەن چېركاۋدا تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان چاغ ئىدى.

ئەمما ئاپامنىڭ نېمە ئۈچۈن: «بارسىڭىز ئۆزىڭىز بېرىڭ، بالا قالسۇن» دېگەنلىكىنى بىلمىدىم، بەلكىم دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل شېرىن مۇھەببەت، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز ئەقىل - ئىدراك بولسا كېرەك. نېمە دېيىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ ئاپامنىڭ، جانابىي پوپنىڭ، يەنە بىر قانچە بۇۋىمنىڭ قورقۇنچلۇق سورۇنغا يۈزلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، مەن تېخى 10 ياش چېغىمدا مېنى پوپنىڭ ئىز باسارى بولىدۇ، دېيىشكەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز ۋېلسىپىتىمىزگە مىنىپ تۆت ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى «لودى تۈگمىنى» گە — سۆگەت تاللىرى ئوراپ تۇرغان بىر كۆلچەككە يېتىپ كېلىپ بامبۇك شاخلىرى ۋېلسىپىتىمىزگە تاقىشىپ قالدى. چېركاۋدىن كەلگەن پىكاپلار يولىمىزنى ئېچىپ بەردى، بىز يەمچۈك سېلىنغان كاناپ چېلەكنى، ساندۇۋىچنى، گازلىق سۇ شىشىلىرىنى ۋېلسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىۋالغاندۇق. تېز سۈرئەتلىك تاشيولدا ئۇچقاندەك يۈردۇق، خوشلۇقىمىزدىن ناخشا ئېيتىپ ھارمايتتۇق.

# ئۇلۇغ ئارزۇ ۋە ئىستىقبال

ئۇلۇغ ئارزۇ ۋە ئىستىقبال ئۈچۈن مەيلى ۋېلىسىپىت مىنەي ياكى ئۇلۇغ خىياللارنى سۈرەي، ھەرقانداق ئىشنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ھېلىقى يەكشەنبە كۈنىدىكى ئىش كۆز ئالدىمدا ناھايىتى روشەن نامايان بولدى. ئەمەلىيەتتە روشەن بولغانسېرى شۇنچە جاھىللىق قىلدۇق. «لودى تۈگمىنى» گە بارىدىغان يول بىز تۇرۇۋاتقان ساكول شەھىرىگە يېقىن ئىدى. بىز بازاردىكى دەپىنىخانىدىن ئۆتتۇق. مەن قاتار تىزىۋاتقان ھەرىسىمان جەسەت كۆلى چېلىنىگە قارىدىم، ئەمما ئۆزۈمنى غەيرەت - شىجائەتلىك تۇتتۇم، تاغامنىڭ ۋەزلىرى قۇلىقىمدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ: «بۇ جەسەت كۆلى چېلىكى بىر بەلگە، تەڭرىنىڭ شاھانە تەمتىكى» دېگەنىدى. بىز بەلكىم ئۇنىڭ غەزەپلىرىدىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز، ھەتتا ئەتىگەنلىك ئىبادەتتىن قېچىشىمىز مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن قېچىپ چىقالماسلىقىمىز مۇمكىن. مەيلى بۇ ئادەم پاك دىن مۇخلىسى ياكى كاتولىك دىن مۇخلىسى بولسۇن ۋە مەيلى دەپىنىخانا ئىككى خىل ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئايرىلسۇن، خۇددى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئايرىلغاندەك ئادەمنىڭ جىسمانىي ئېپتىھاسى كۆمۈردەك قارا جەسەت ماشىنىسىدا ياكى جەسەت ساندۇقى ماشىنىسى ئېلىپ كىرگەن تۆمۈر دەرۋازىدا بولسۇن، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل غالىبىيەت تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. دادام ئىككىمىز ۋېلىسىپىتىمىزنى قاتار ھەيدەپ ماڭدۇق، ھايات - ماماتنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە سىر - مەخپىيەتلىكلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەندەك بولدۇق. سىرلىق پاراسەت نۇرلىرى چاقماق كەبى چاقنىغاندەك بولىدۇ. پوپ بىز بىلىدىغان سىرلارنى بىلىشى



ناتايىن ئىدى. شۇڭا مەن بۇ گۈزەل ئەتىگەندە ھەممىنى ھېس قىلغانىدىم. قەلب سىرىمنىڭ تېرەن يەرلىرىدىن بىر ئاۋاز ماڭا: «سەن بۇ نەرسىلەر بىلەن ئەخمەق بولۇپ يۈرمە!» دەپ خىتاب قىلاتتى.

ئاشۇ ئۇلۇغلۇق ئىچىدە ئاپامنى كۆردۈم. بۇ تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ كارامىتى ئىدى. مەن ئاپامنىڭ ئۈچىسىغا تىلاۋەت قىلىدىغان چاغدا كىيىدىغان مۇراسىم كىيىمى، بېشىغا شىلەپە، قولىغا بىلەيكىگە كەلگۈچە ئاق پەلەي كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئاپامنىڭ «پاتىپىنتى» بولغان خۇرۇم پەلەي قولىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى، ئاق تاشلىق ئىنجىلغا تەڭرى كۈنى مەكتىپىدىكى ساۋاقلارنى رەتلىك خاتىرىلەيتتى. ئاھ، تەڭرىم! بۇ دۇنيا نېمىدېگەن چوڭ، تاغامنى ۋە تاغامنىڭ سۈرلۈك، ئەزىلى مۇزدەك تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان چىرايىنى يېپىشقا كەڭتاشا يېتەتتى. يەنە تېخى بىر قېتىم ئۇنىڭ نەزىرى - چىراغلاردا كىيىدىغان ئۇزۇن پەرىجىسىنىڭ پېشىنى ئىشىك قىسىۋالغانىدى. رەھمەت ساڭا تەڭرىم، پەقەت سانلا مۇشۇنداق تەڭداشسىز يۇمۇرلۇق تۇيغۇغا ئىگە! رەھمەت، «لود تۈگمىنى» دەپ مۇشۇنداق جىمجىت گۈزەللىكنى ئاتا قىلغىنىڭغا. بىز ۋېلىسىپىتلىرىمىزنى ئوت - چۆپلەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، دەريا بويىغا كەلدۇق.

شۇ كۈنى ئەتىگىنى مەن بىر يىلدىن بۇيان ئەڭ كۆپ نەرسىگە ئېرىشتىم. تاڭ نۇرىغا نائىل بولدۇم، ئادەم ئۆزىنىڭ بەخت - سائادەتكە بولغان ئارمىنىدىن باشقا يەنە تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشكۈسى كېلىدىكەن. بىر دۆۋە بېلىق تۇتۇش ئەمەس، تەڭرىنىڭ دانالىقى ۋە مۇھەببىتىنى بىلىشنى ئويلايدىكەن. تەڭرى ھەرگىز قۇرۇق خىيال ئەمەس، ئۇنىڭغا يېقىنلىششىقا بولىدۇ. بەلكى ھەققانىيەت ئۈمىدى بىلەن تەڭرى ئالدىدىكى بىر خىل ئەركىنلىك ھەرقانداق بىر يەردە ھاياتقا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكنىڭ جاۋابى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مازاترانىدا تۇتقان بېلىق ياكى فولىز دەرياسىدا تۇتقان ئۈچ تال بېلىق ئۈستىدە توختالسا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ. يەنە نۇرغۇن دەريا ـ ئېقىنلاردىكى بېلىقلاردىن قەۋەت خۇشال بولىمەن، چەكسىز ھاياجانغا چۆمىمەن. ئەمما قانچىلىك خۇشال بولاي، تەرىپلەپ ماختاي، ئەقىل دەرياسى ھامان مېنى ئاشۇ يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنىدىكى «لودى تۇگمىنى» تېرەن ئەسلىمىلەر جىرالىرىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەل شۇ كۈنى كۆڭلۈمدە بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئاتا ـ بالا ئىككىمىز ئۆيگە كەلگەندە بۇ تۇيغۇ قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بىز تۇتۇپ كەلگەن رەڭگارەڭ بېلىقلارنى ئاشخانىدىكى كۆلچەككە قويۇپ بەردۇق.

— ياخشى، — دېدى ئاپام، — لېكىن باشقىلار نېمىدەپ قالار؟

— ئەلۋەتتە، بېلىق تۇتۇپ ئوبدان قىپتۇ دەيدۇ ـ دە! — دېدى دادام.

— بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى تۇرسا، — دېدى ئاپام تەشۋىشلەنگىنىچە، — يەنە كېلىپ تازا چېركاۋغا بېرىپ تىلاۋەت قىلىدىغان چاغ ئىدى ـ دە.

— نۇرغۇن بېلىق تۇتتۇق، تاغامغا ئازراق ئالغاچ بار، — دېدى دادام كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— مەن بۇنداق ئويلىمىدىم! كىشىلەر سىلەرنى بىر تالمۇ بېلىق تۇتالماپتۇ، دېگەن بولسا ياخشى بولاتتى دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئاپام.

ئاپام پەرتۇقىنى چىگىپ، بىز ئەكەلگەن بېلىقلارنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن پىچاق ئىزدىدى.

## ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە

تۇغۇلمىشىمدىنلا پېشانەمگە ئۇلۇغ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش



پۈتۈلگەن ئىكەن، مەن مۇشۇنداق ئېتىقادلارغا ئىشىنىمەن، ئۇلارنى كۈتىمەن، چىللايمەن، شۇڭا تۇرمۇشتا مۆجىزە يۈز بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھەرقانداق ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

مەن يېقىندا كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالدىم. ئەيفىل كۆكنى زىيارەت قىلىپ باردىم. ئۇ 100 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتقانىكەن. قاراڭلار، ئۇنىڭ 60 ياشلىق ئادەمدەك مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرگە زوق ـ شوق بىلەن ئەترگۈللۈكنى تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى. مەن ئۇنىڭدىن: «سىز شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپسىز، سالامەتلىكىڭىزمۇ شۇنداق ياخشىكەن، بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇنىڭدىن شۇنداق دەپ سورىماي بولمايتتى.

— سەۋەبىنى سىزگە دەپ بېرەي، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىن باشقىچە ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىمىدىم. ھەمىشە 100 ياشقا كىرىمەن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەن، مۇشۇ ھالىتىمنى ساقلاپ قالىمەن، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا مۇشۇ ھالەتتە تۇردۇم، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

ئەمما ئۇلۇغ ئارزۇدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى، بۇ مۆجىزە بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. ئۈمىد بىر خىل تۇيغۇ، ئۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئاشۇرىدۇ، يەنە بىزنى يوشۇرۇن ئاڭ ئىقتىدارى بىلەن سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىپ، ئاخىر بىر خىل ئەندىزىگە ئايلىنىدۇ. نەزەرىيىچىلەر: «ئۇلۇغ ئىشلارنى ئويلاش، خىيالىدا مۇشۇنداق ئۇلۇغلۇقنى نامايان قىلىش، ئۇلۇغلۇقنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىش ھەمدە ئۇلۇغلۇقتىن ھاياجانلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك» دەيدۇ.

دادامــۇ: «ســەندىن كــۈتــىدىغان ئــۈمــىدىــم شــۇكى، ئــۆمــرۈڭــدە ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغىن» دېگەنىدى.

بەلكىــم دادام ئۆمرىدە ئــەھمىيــەتلىك ئــىشلارنى قىلغانــدۇ، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئۇ نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغاچقا، مېنىڭ هايات سەھىپەمدىن يېڭى بىر بەت ئاچماقچى بولغاندۇ، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى مەن ئارقىلىق داۋاملاشتۇرماقچى بولغاندۇ. مەن دادامنىڭ گەپلىرىدىن بىــر ئىشنى بىلىــۋالدىم ــــ ماڭا ئەھمىيەتلىك ئىشنى قىلدۇرماقچى بولغان ئادەم تۇرمۇشتا مۇشۇنداق خىرىسنى قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ قابىل ئادەم دەل ئۆزۈم ئىكەنمەن. باشقىلار كۆرەلمەيدىغان يۇرىكىمنى كۆرەلەيدىغان، باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان سادايىمنى ئاڭلىيالايدىغان، باشقىلار ھېس قىلالمايدىغان تۇيغۇلىرىمنى ھېس قىلالايدىغان ئادەممۇ يەنىلا ئۆزۈم ئىكەنمەن. پەقەت ئۆزۈملا هاياتتىكى مۇقەددەس كۆرسەتمىگە تەشنا بولىمەن ۋە مۇشۇ كۆرسەتمىنىڭ هىدايىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن، ئۆزلۈكۈمنى تىكلەيمەن. دېلىغۇللۇق، پۇشايمان، ساختا نىقاب ۋە ئادەمنى ئىشەندۈرىدىغان پەرەزلەر قوينىدا، نىشان ۋە قىزغىن ئارمانلار قوينىدا چىن ئادەم بولۇپ يارىلىمەن. چۈنكى هامىنى بىر كۈنى ئۆزۈمنى ئۆزۈم تونۇتقۇزىمەن، ئۆزۈمنىڭ كىشىلەر ئۈمىد قىلغاندەك ئادەم بولغانلىقىمنى ئىسپاتلايمەن.

ئىپىتىلىشىچە، «لاكونىيە» ناملىق پاراخوت مادىرا تاقىم ئاراللىرى ئەتراپىدا سۇغا چۆكۈپ كەتكەندە، كېمىدىكى ئامان قالغان بىر ئادەم ئۈچىسىغا رەتلىك كاستۇم كىيىپ، سوكنا پەلتوسىنى بىلىكىگە قويۇپ، قولىدا خىزمەت سومكىسىنى تۇتۇپ تۇرغان ... ئۇ جارخا ناملىق قۇتقۇزۇش كېمىسىگە چىققاندا باشقىلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، ئەكسىچە تەمكىنلىك بىلەن باشقا هايات قالغانلارنى قۇتقۇزۇش كېمىسىگە



چىقىرىشىپ قويغان. پاراخوت خادىمى ئۇنى سالاپەتلىك، تەمكىن، مەرد ئادەم ئىكەن دەپ تەرىپلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىڭىز دەپ سورىغان. ئۇ: «ئەپەندى، مەن ئەنگلىيىلىك، كىشىلەر ئەنگلىيىلىكلەردىن مۇشۇنداق قىلىشنى كۈتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## ئۈمىد قانداق پەيدا بولىدۇ؟

ئۈمىد ــــ ئىرادىنىڭ قۇلى. ئىرادە ئۈمىدنىڭ نەتىجىسى. ئەمما ئۈمىد روھىي قۇدرەتتىن تۇغۇلىدۇ. بۇنداق دېسەك، ئۈمىدنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغاندەك قىلىمىز. بەزى ئادەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا قارىغاندا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئاسان ئىلهاملىنىدىغانلىقىغا ۋە رىغبەتلىنىدىغانلىقىغا جاۋاب بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. بەزىلىرى چوڭقۇر تۇيغۇنىڭ جاۋابى بىلەن مۇكاپاتى ئۈچۈن دەرقەم هالەتتە تۇرىدۇ ۋە ئارماننى ئىشقا ئاشۇرۇپ شادلىق ئىلكىگە چۆمىدۇ. ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن خىرىسنى ياكى ئۈمىد ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىق تەرەپلەرنى ھېس قىلىدۇ.

بەزىلەر: «مەن تۇرمۇشتىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمەيمەن» دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق دېسىمۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل ئۈمىدتۇر. شەرق ئالىملىرى ئېيتقاندەك، ئادەم ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندە، ئۇ نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق ئىرادە باغلايدۇ.

ئۈمىد پاسسىپلىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ ياردىمىدە غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. بىرسى ماڭا دېھقانلارنى تونۇشتۇرمىغان بولسا، بۇ نۇقتىنى مەڭگۈ چۈشەنمەسكەنمەن. ئەمما مەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدا بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلارنى ئوبدان چۈشەندىم، ئۇلارنى هۆرمەت

قىلدىم. ئۇلار شۇنداق كارامەت ئادەملەركى، سىزگە كۆڭلىدىكىني ۋە ئۆزلۈكىنى بىلدۇرمەيدۇ. ھېسسىياتىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە ساقلايدۇ، تەبىئەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشتىن ياكى تەن ئېلىشتىن خىجىل بولىدۇ. ئەمما ئۇلار بىلەن بىر مەزگىل بىللە تۇرسىڭىز، ئۇلارغا بولغان كۆزقارىشىڭىزنى تامامەن ئۆزگەرتىسىز، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئاكتىۋئال تەپەككۇر ئىقتىدارىغا بولغان تەسىراتىڭىز ئۆزگىرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا بولغان «پاسسىپ» لىقى سىزنى ئىشەندۇرىدۇ.

باھاردا دېھقانلارنىڭ ئۇدۇم بولۇپ كەتكەن ئاغرىنىشلىرى بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس دەل ۋاقتىدا بولىدۇ؛ يەر تاۋلاشقاندا تېرىپ ئۇرۇق چاچىدۇ؛ قوناق تېزمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس ئۆسىدۇ؛ بازار بەك مۇقىمسىزمۇ بولمايدۇ، بەك ئۆلۈكمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ؛ مول ھوسۇل پەيتى تېز بولمىسا، ئاستىراق بولىدۇ. ئىشقىلىپ، دەل ۋاقتىدا بولمايدۇ، ئەمما بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. دېھانلار شۇ ۋەجىدىن كەم ھوسۇل ئالىدۇ. ئەمما مەن ئۇ يەردە بىر قانچە يىل تۇرۇش جەريانىدا قايسىبىر دېھقاننىڭ ھەقىقىي كەم ھوسۇل ئالغان يىلىنى كۆرمىدىم. ئەكسىچە، تەڭرى ھامان ئۇلارغا دەرۋازىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلار بىرگېكتار يەردىن 90 پۇشىل (1 پۇشىل تەخمىنەن 35.238 لىتىر) ھوسۇل چىقمايدىغان يەردىن 175 پۇشىل ھوسۇل ئالىدۇ. ئۈمىد سىزنى بۇ يەردە ئاسان ئىشەندۇرمەيدۇ. ئۇ ئويۇن ئوينايدۇ، ساختىلىق ئارقىسىغا يوشۇرۇنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا ئۇلۇغ بىر ئۈمىد بولىدۇ. سىز بۇ ئويۇنغا سىنچى كۆزلىرىڭىز بىلەن قارىسىڭىز، دېھقانلارنىڭ تەبەسسۇمىنى كۆرىسىز. ئۇلار تەڭرى بىلەن زېمىنغا بولغان ئېتىقادىنى، تەڭرى بىلەن زېمىننىڭ چەكسىز قۇدرەتلىك



ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرمەيدۇ. بۇنى كۆڭلىدە بىلىدۇ، ھېس قىلىدۇ.

تەقدىرىڭىزگە ئۈمىدىڭىزنىڭ، ئارمىنىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تۇتقۇزماسلىق ئۈچۈن ئۈمىدىڭىزگە بىر نىقاب كىيدۇرۇپ قويايلى. ئاتام مەندىن زادى قانچىلىك ئۈمىد كۈتىدىغاندۇ، ساڭا قانچىلىك دىققەت قىلىدىغاندۇ، مەندىن كۈتكەن ئۈمىدى قانچىلىكتۇ، دادام زېرەك ئادەم بولغاچقا، بۇنى ماڭا ئەزىلى بىلدۈرمەيتتى. ئەمما دادام مەزگىلىنى قولدىن بەرمەي، ئۇرۇقنى دەل ۋاقتىدا، دەل جايىغا چاچاتتى. ئەلۋەتتە ئۇ دېھقانچىلىقنىڭ يولىنى بىلەتتى. شۇنداق، مەندىمۇ ئۈمىد يوق ئەمەس. مەن نۇرغۇن پۇل تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ھامان ھاياتىمنى ئۆزگەرتىدىغان ئالاقە تاپشۇرۇۋېلىشىم مۇمكىن. شۇنداق بولۇشىنى ھامان تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىمەن. ئەمما بۇنداق ھەممە ئائىلىدىن ئۆتۈشىدىغان ئويۇندىن ۋاز كەچسەم، بۇ ۋاي دەپ كەتكۈدەك چوڭ ئىش بولمىسىمۇ، بۇ تاشنى گۆھەر قىلىدىغان سېھرىي كۈچتىن مەھرۇم قېلىشىم مۇمكىن. پوچتىكەش ئەكىرىپ بېرىدۇ، دەپ تەشنا بولغان شېرىن ھېسلىرىمىمۇ يوقىلىدۇ.

بۇ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئويۇن. بەزىدە ئۇنى ئويناش ئۇنداق ئاسانغىمۇ چۈشمەيدۇ. «ئۈمىد ھامان رېئاللىقتىن زور بولىدۇ.» ئادەتتىمۇ شۇنداق. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، مەغلۇبىيەت تەكرارلىنىۋېرىدۇ. ئۈمىدنىڭ بۈيۈك بولۇشى، ئۈمىدنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى توغرا بولىدۇ. ئەمما شۇنى كۆرۈش كېرەككى، «ئۈمىد ھەمىشە رېئاللىقتىنمۇ بۈيۈك بولىدۇ.»

## پىلانمۇ بىر خىل سەنئەت

پىلان بىر تۈرلۈك ئىنتايىن نەپىس سەنئەت. پىلان بولمىسا،

بىر قەدەمنىمۇ بېسىش بەك مۇشكۇل؛ پىلان بولمىسا ئوي - خىيالنىڭ مەززىسى بولمايدۇ؛ پىلان بولمىسا ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئىلھام قۇشلىرىنى ئۇچۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز بىر ئىشتىن نەتىجە چىقىرىمىز، دادىل ئىلگىرىلەيمىز، تەرتىپلىك ياشايمىز دەيدىكەنمىز، پىلاننى ياخشى تۈزۈشىمىز، تۇرمۇشىمىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئىشىمىزدا، تۇرمۇشىمىزدا نەتىجە بولىدۇ.

يېقىندا بىر دوستىمىزنى ئۆيىمىزگە چاقىردۇق. بىز تاغ ئېچىگە جايلاشقان غېرىبانە كۆلبىمىزنى «قۇشقاچ ئۇۋىسى» دەيتتۇق. بۇ جىلغا ئىنتايىن گۈزەل، جىمجىت بولۇپ، جانغا راھەت بەخش ئېتەتتى. بۇ يەرنىڭ گۈزەل، تىنچ مەنزىرىسىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارمۇ توختاپ ھۇزۇرلىناتتى، ئۇلار ئۆيىمىزنىڭ ئايۋىنىغا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇۋا تىزىپ تۇخۇملاپ، بالىجانلىرىنى تۇغاتتى، قۇشلار ۋىچىرلاپ سايرىشاتتى. ئائىلىم ئىككىمىز بۇ مەنزىرىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىناتتۇق. بىز ھەممە ئىشلارنى تەق قىلىپ، مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن تەييارلاندۇق، چاقىرغان دوستىمىز بويتاق ئىدى. بىزنىڭ چوڭقۇر ئۈلپەتچىلىكىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كېلىشى بىزنىڭ بەختىمىز ئىدى. بىز ئۇنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىگە، بىزگە جەزمەن بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتۇق.

ئۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ياقتۇرمايتتى، كىتابنى، رەڭدار پەردىلەرنى، يورۇقلۇقنى، مېھمان كېلىپ كاشىلا قىلماسلىقنى، يېتەرلىك ئىسسىق سۇ بولۇشنى خالايتتى. بىز «قۇشقاچ ئۇۋىسى» نى بېزەش جەريانىدا كۆڭلىمىزگە ئۇلۇغ ئۈمىدنى پۈكتۇق ۋە «قۇشقاچ ئۇۋىسى» نى بارغانسېرى ياقتۇرۇپ قالدۇق.

دوستىمىز ئۆيىمىزگە كەچتە كەلدى. شۇندىلا ئۇنى كەچكە



چاقىرىپ چاتاق قىلغىنىمنى ھېس قىلدىم. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىك شەھەردىن ئادەم شالاڭ، جىنچىراغ ياقىدىغان تاغ ئېچىدىكى داچىغا كەلگەنىدى. بۇنداق سېلىشتۇرما ھەقىقەتەن روشەن، پەرقى زور، قاراڭغۇ كېچە ئادەمنى غەمكىنلەشتۈرىدۇ، جىمجىتلىق بۇرۇقتۇرمىلاشتۇرىدۇ، ئەمما مۇڭلۇق كۈي ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

كۆل سۈيى كۈندۈزى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، ئاي تولغان چاغدىمۇ يەنىلا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قاراڭغۇ كېچىدە قورقۇنچلۇق ھالدا كۆل قىرغىقىغا ئۇرۇلىدۇ. غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ نىدا قىلىدۇ. بىزنىڭ «قۇشقاچ ئۇۋىمىز» تولىمۇ جەلپكاردەك كۆرۈنەتتى. يېقىملىق چىراغ نۇرى، ئېسىل بېزەكلىرى ئادەمنى جەلپ قىلاتتى، ھەتتا مەن مېھمانلارنىڭ بۇ يەرنى تەرىپلىگەنلىكى تۇنۇگۈنكىدەك ئېسىمدە. مەن دوستۇمغا شامال ساڭا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىدۇ، دېۋىدىم، قاتتىق خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلسىز بولۇپ تۇيۇلدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ يالغۇز تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەنىدى، شامالنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىدىن مەڭدەپ قالغۇسى يوق ئىدى. ئۇ دەرىزىنى قۇلۇپلىۋېتىپ، مەندىن: «كىچىك داچىغا بارىدىغان يول قانچىلىك يىراق» دەپ سورىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم، ئۇ مۈنچىدا يۇيۇنۇۋېتىپ بىر ئۆمۈچۈكنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇندىلا كانادالىقلارنىڭ سىرتقى پائالىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ھە دېسىلا: «ئۇ نېمە؟» دەپ سورايتتى. قۇشلار دېرىزە ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ ھەيران قالاتتى. بىزنىڭ داچىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئەتىگەن سائەت ئالتىلەر بولسا كېرەك. ئۆينىڭ ئىشكى جالاقىدە ئۇرۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. دوستىمىز تەشۋىشلەنگىنىچە

تۇراتتى. سەھەردە كۆلدىن قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈش مەنزىرىسىنى كۆرۈشنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويغانىدى، بۇلبۇللارنىڭ كۆل بېشىدىن بېغىرلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاچ خەندان ئۇرۇۋاتقانلىقى قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى.

— ئاناڭنى، — دېدى ئۇ، — بۇ ئاخشام ئەجەب كۆڭۈلسىز ئۆتتىا.

ئۇ بىر ئاپقۇر قەھۋەنىڭ تەسەللىسى بىلەن دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى. يېڭىدىن ئورنىتىلغان تۇرۇبا ئىچىدىكى ئىسسىق سۇ تاڭ ئاتقۇچە شىرىلداپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلىرى قېتىشىپ قاپتۇ. ھاجەتخانىمۇ بۇزۇلۇپ قاپتۇ، ھاجەتخانىنى ئوڭشاپتۇ، قاتتىق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۆگزىدىنمۇ غەلىتە ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا بۇ ئاۋازنىڭ ئانچە كۈچلۈك ئاۋاز ئەمەسلىكىنى دېدىم. ئىشىك ئوچۇق بولغاچقا، ئۇ ياتقان ئۆيگە يەنە بىر ئۈمۈچۈك كىرىۋالغانىدى. ئۇ كېچىچە ئىڭراپ چىقىپتۇ، يولۇققان كۆلپەتلىرىدىن سولىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ: «مەن ئەسلىدە ياغاچ ئۆيگە كىرىپ، پولغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۇخلاي دېگەنىدىم» دېدى. چۈنكى ئۇ ھەمىشە شۇنداق ئۇخلايتتى. مۇبادا بىز «قۇشقاچ ئۇۋىسى» دىن يۇقىرى ئۈمىد كۈتمىگەن بولساق، بۇ يەر ئۇنىڭ تازا ئوبدان ئارام ئالىدىغان يېرى بولۇپ قالاتتى. ئۇمۇ بۇ «قۇشقاچ ئۇۋىسى» دا ئوبدان ئارام ئالارمەن دەپ كەلگەنىدى، ئەمما ئۇ بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرغان بولسىمۇ، بىرمۇ قۇشنىڭ ئىسمىنى بىلەلمىدى.

مەن كېيىن كەلگەن مېھمانلاردىن كۆپ ئۈمىد كۈتمىدىم، ئارتۇقچە تەييارلىقمۇ قىلمىدىم. ھەتتا ئۇلارغا ئۇنى ـ بۇنى دەپمۇ يۈرمىدىم. ئۇلار چىغىر يول بىلەن ئۆيىمىزگە كەلدى. ئۇلارنىڭ زىيارىتى كۆڭۈلسىز بولۇپ قالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشتۇق. ئەمما ئۇلار ئەركىن ـ ئازادە كېلىشتى، بۇ يەرگە ۋە بىزگە



شادلىق ئاتا قىلىشتى. بىز ھېچقانداق تەييارلىقمۇ قىلمىدۇق. ھەتتا ئۆينىمۇ سىرىپ، سۈپۈرمىدۇق. مېھمانىنىڭ ئالدىغىمۇ چىقمىدۇق. باشقا ئوي ـ خىياللاردىمۇ بولمىدۇق. ئەمما ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋەردى، چۈنكى بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان پۈرسىتىمىز يوق ئىدى.

توغرا، ھامان ئادەم دەپ بولالمايدىغان بىر سىرلىق ئىقىم بىزنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا ئېلىپ كىرىدۇ. مۇبادا بىز بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇيالىساق، ھەرقايسى باسقۇچلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتەلەيمىز، شۇنداق بولسا ھەممە ئىشىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. ئەمما بۇنى كىم تەن ئالىدۇ، شۇنداق بولۇشىنى كىم كۈتىدۇ، كىم چۈشىنىدۇ، كىم يىراقنى ئويلايدۇ؟ سۇ ئۈزۈشنى ئانچە خالىمىغان سۇ ئۈزگۈچى سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغاندا قانداقمۇ باشقىلارغا: «خاتىرجەم بولۇڭ، سۇ سىزنىڭ دوستىڭىزا!» دەپ ۋەدە بېرەلەيدۇ؟! سۇغا چۆكۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ھىيلە بولىدۇ، ئەكسىچە ئۇنى سۇغا تېخىمۇ چۆكتۈرۈۋېتىدۇ! ئەمما بەزى چاغلاردا باشقىلارنىڭ شەپقىتى ياكى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى بىر خىل تۇيغۇ تۇيەيلىدىن ئۆزىنى سىرلىق سۇ ئېقىمىدا ياردەمسىز قالغاندەك سېزىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ، ئادەتتە ھېس قىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ.

ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەردە ئۇلۇغ ئۈمىد بولىدۇ، ئانچە ـ مۇنچە زارلىنىپ قويسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا ئوخشاشلا ئۇلۇغۋار ئۈمىدتە بولىدۇ. باتۇر ئادەملەر بەزىلەردە قورققاندەك بولسىمۇ، ئەمما ئەزىلى ھەقىقىي قورقمايدۇ، ساغلام ئادەملەرنىڭ ئاغرىپ قالىدىغان ۋاقتى، پۇرسىتى بولمايدۇ، ئەكسىچە ساپ قەلبى بولىدۇ، بۇنداق ساپ قەلب — پاك شەيئىدەك نامايان بولىدۇ.

بىز «خاسىيەتلىك قابىلىيەت» نىڭ يېتەكلىشىگە ۋە ئىلھام بېرىشىگە قانچە قېتىم ئۇچرىغاندىمىز، ئەمما دەقىقە ئىچىدە بۇنداق «خاسىيەتلىك قابىلىيەت» نىڭ قۇدرىتى بىلەن زېھنى بىزنى ئېلىپ كېتىدۇ، قەلبىمىزنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىز، ئەركىن ئىدىيىمىز ۋە ئىچكى دۇنيارىمىز ھەيرەت تۇمانلىرى بىلەن قاپلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز «خاسىيەتلىك قابىلىيەت» نىڭ سىڭىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز، ئۆزلۈك كىمىمىز بىزنى خىيال دېڭىزىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كەچۈرمىشلەرنىڭ يەنە كېلىشىنى كۈتۈش، مەندە مۇشۇنداق كەچۈرمىش بار دەپ ھېس قىلىش ــ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر ئۇسۇلدۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇنداق كەچۈرمىشلەر راستتىنلا كېلىدۇ.

## مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى

دادام ماڭا كىشىلەرنىڭ بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كېلىدىغان سودىغا مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى ۋە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمما مەن دادامنىڭ بۇ كۆز قارىشىغا قوشۇلمىدىم، ئەكسىچە كۈنى ئېلىش تەس بولغان يەرگە بېرىپ سودا قىلىشنى خالىدىم. ئەمما بۇ تۇيغۇمنىڭ خاتالىقىنى ئاستا ـ ئاستا سەزدىم. مەن ئۆزۈمنى خاتا تۇيغۇ بىلەن باغلىغان چاغلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئەمەس، مەغلۇبىيەتنى ئويلىغاندىم. شۇڭا مېنىڭ پوزىتسىيەم چىن ئەمەس، ھاكاۋۇر، ئەدەپسىز ئىدى، ئۆزۈمنى چوڭ چاغلىغاندىم. كىشىلەرمۇ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدۇ، مەن بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ «تۇغۇلمىشىمدىنلا تەلەي كەلمىدى، شورپېشانە يارالغانمەن» دېگەندەك گەپلىرىدىن بىزار بولغاندىم. ئەمما مەغلۇپ بولۇش بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ھەقىقەتەن سەۋەبى بار. يەنە



كېلىپ مۇۋاپىق سەۋىيە ۋە توغرا باسقۇچتىكى بۇ خىل سەنئەت ناھايىتى مۇھىم بولىدۇ.

«كونا ئەھدە» دە «مەن قورقۇنچقا يۇزلىنىمەن» دېگەن بىر مەشھۇر سۆز بار. بۇ گەپنىڭ چىنلىقىنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلىدىم. مەن بىر توپ كىشىلەرنى باشلاپ شەرققە ساياھەتكە باردىم. ھامان بىر ئادەم ئايروپىلان كۈتكۈچى قىزدىن ئاغرىنىپ ماڭا قەھۋە قۇيۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالدى، دەيدۇ.

ــ ئۇ قىز يېنىمدىن سۈركىلىپ ئۆتتى، ــ دەپ غۇدۇرايدۇ ئۇ، ــ باشقىلارغا قەھۋە قۇيۇپ بېرىپ، ئەتەي ماڭا قۇيمىدى، شۇنىڭ بىلەن قەھۋە ئىچمەي قۇرۇق ئولتۇردۇم. ئەمما مەن مۇشۇنداق ئىشقا ئۇچرايدىغانلىقىمنى بىلىپ تەييارلىق قىلىپ قويغانمەن. قاراڭ، ئايروپىلان قايتىدىغان چاغدا باشقا كۈتكۈچى قىزلار ئالماشقان. بۇ قېتىم كۈتكۈچى قىزلار ئۇنىڭغا قەھۋە قۇيۇپ بېرىشنىلا ئەمەس، تېخى ئۇنىڭغا تاماق بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان! ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، مۇلازىم قوڭغۇرىقىنى باسقان.

ــ كەچۈرۈڭ! ــ دەيدۇ مۇلازىم قىز، ــ ئاپلا، سىزنى راستتىنلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن!

ــ ھەممەڭلار ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلدىڭلار! ــ دەيدۇ ئۇ.

توغرا، ئۇلار ئۇنىڭغا تامامەن شۇنداق مۇئامىلە قىلغان.

بىز جەنۇبىي كالىفورنىيىدە ئۆي ئىزدەپ يۈرگەن چاغلاردا بىرەيلەن بىزنى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇ ئۆيىنى بىر خانىم ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇ خانىم: «مەن ئەسلىدە سان باران دېگەن يەردىن بىر يۇرۇش ئۆي سېتىۋالاي دېگەنىدىم. ئەمما بىرسى ماڭا ئۇ يەرنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى تولۇق ئەمەس دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇشتىن قورقتۇم. مەندە ‹ئوت كېتىشى مۇمكىن› دېگەن

تۇيغۇ پەيدا بولغاچقا، ئۇ ئۆينى ئالمىدىم. كېيىن لوس ئانجېلېستىن تاغ ئېچىگە جايلاشقان بىر يۇرۇش ئۆي سېتىۋالدىم، ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ ئىككى ئاي ئۆتمەيلا ئۆيگە ئوت كەتتى ۋە ئۆي كۆيۈپ كۇل بولۇپ كەتتى. قاراڭ، بەلكىم مەن ئوت ئۇرۇقىنى ئۆزۈم ئېلىپ يۈرگەن بولۇشۇم مۇمكىن» دېدى.

بىز چاتاق چىقمىسىكەن دېسەكمۇ، چاتاق چىققۇسى كەلسە چىقىۋېرىدۇ، بۇنىڭغا ئامالىمىز يوق.

بىلىشىمىز كېرەككى، بىزدە قورقۇنچ بولسا ئېتىقادىمىزغا نىسبەتەن تېخىمۇ زور خاھىشقا بولۇشىمىز كېرەك. مۇبادا مەغلۇپ بولىمەن دەپ قارىغان بولساق، ئەمەلدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئالدىن كۆرەرلىك ئاكتۇئال ئىرادىدۇر. ئەمما بىز ئۆزىمىزنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن. ئۇلار ھەرگىز يوقالمايدۇ. شۇڭا مۇنۇ فورمۇلىغا قايتىپ كەلگىنىمىز تۇزۇك: كۈتۈش بىر خىل تۇيغۇ، تۇيغۇ ئىرادىنىڭ قۇلى؛ ئىرادە ئارماننىڭ نەتىجىسى، ئارمان روھىي قۇدرەت بۇلىقى. بۇنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ قانداق پىسخىك ئۇسۇلى بىلەن تەڭشەش كېرەك؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن، دادام بۇ ھەقتە ئەزەلىي بىر نەرسە دەپ بەرمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ماڭا: «سېنى ھاياتىدا ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىسكەن، دەپ ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنىدى.



ئازراق ئىقتىدارىڭىزنىڭ كەم بولۇشى تۈپەيلىدىن قانچىلىك ئەقىل - ئىقتىدارىڭىز ئىسراپ بولۇپ كەتتى؟

— دوكتور تام لوسېك، لاندى جوند

# 16 - دەرس

## قانداق قىلغاندا جاسارەتنى ئۇرغۇتۇپ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغىلى بولىدۇ

ئەمدى تەييارلىقىڭىز پۈتكەن بولسا ئالغا ئىلگىرىلەڭ!

مۇبادا سىز تالالىشىڭىزنىڭ توختاۋسىز ئىلگىرىلەش ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز، كېيىنكى ھاياتىڭىزغا مۇستەقىل يۈزلىنىڭ.

«تېرە پۈتۈك»نىڭ ئۈچ قېتىملىق خاراكتېرلەشتۈرۈش ئۆگىنىشى ئارقىلىق ئىشەنچىڭىز ئاشقان، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز ئاخىر روياپقا چىققان... ھەمدە مەقسەت - مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىڭىزنى ئىشقا سالغان، ۋۇجۇدىڭىز ئەركىنلىككە چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئەجەبا شۇنداق ئەمەسمۇ؟

خوش، ھازىر سىزنىڭ ئىلگىرىلىشىڭىزگە نېمە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە سىزنى سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلغۇزمايۋاتىدۇ؟

سىز «جونانىڭ ھېسسىيات توقۇنۇشى»[1] نى ئاڭلىغانمۇ؟ مۇبادا سىز كۈن بويى ئۆزىڭىزنىڭ راھەت - پاراغەتلىك كىچىك

[1] جونا — «ئىنجىل»دىكى بىر پېرسوناژ — ت.

خانىدانلىقىڭىزغا مۆكۈنۈۋالسىڭىز سىزدىمۇ ئاشۇنداق ھېسسىيات تۇغۇلۇشى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ھېچقانداق خىزمەت يوق خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسىڭىز ھېچكىم سىزگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكى مۇمكىن. سىز خېيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشىدىن ساقلانغانلىقىڭىز ئۈچۈن قىيىن مەسىلىگە يولۇقماسلىقىڭىز مۇمكىن، شۇنداق بولغاچقا سىز يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە پەرۋا قىلمايسىز. بۇ تۇرمۇشمۇ؟ بەلكىم شۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىندۇر. ئەمما بۇنداق تۇرمۇش يوسۇنى سىزگە قاتتىق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

«كىشىلەر ھېسسىياتى ياخشى چاغلاردا ھەرگىز ئۆزگىرىشنى خالىمايدۇ؛ بىزار بولغاندىلا ئۆزگىرىدۇ. ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولغان دەملەردە ھامان ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز سالغاندەك تۇيغۇدا بولىمىز ـ دە، ئۆزىمىزنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشنى زىنھار خىيالىمىزغا كەلتۈرمەيمىز. ئازاب بىزنى مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ئېلىپ كەلگەندە يارىلىنىمىز، ئاخىر تاللاشقا مەجبۇر بولىمىز. «ئاخىر» دېگەن بۇ سۆز ـــ سۆز تۇركۈمىدە رەۋىشكە تەۋە بولىدۇ. پەقەت ئۆزگەرتكىلى بولسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى يەكۈننى ئامېرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى تام لوسېك، لاندى جوئاند دېگەن مەشھۇر ئىككى ياش دوكتور چىقارغان. ئۇلار پسىخولوگىيە، قانۇنشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە دوتسېنت بولۇپ، سانتىياگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ناھايىتى يۇقىرى شان ـ شۆھرەتكە ئىگە، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ ئىقتىدارىغا تەھسىن ـ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.

سىز بۇ دەرستىن ئۇلارنىڭ باتۇرلارچە ئىزدىنىپ، شىپالىق دورا تاپقانلىقىنى بىلىۋالالايسىز. سىز بۇ شىپالىق دورا بىلەن



راھەت ـ پاراغەتلىك كىچىك خانىدانلىقىڭىزدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايسىز. بۇ «مەن ئۆزگىرەي دەيمەن، ئەمما قانداق ئۆزگىرىشنى بىلمەيمەن» دېگەن كىتابتۇر.

بىز ھەمىشە جىمى ئىشقا تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. ھېچقانداق نەرسىگە پەرۋا قىلماي بىخەتەرلىكنى قوغدىماقچى بولىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى ئالدىغانلىق بولىدۇ.

سىز ئەھمىيەتسىز خىزمەتنىڭ قورقۇنچلۇق يوشۇرۇنغان بىر خىل ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى كۆردىڭىز. «مەن ئادۋوكات» (ياكى دوختۇر، دىرېكتور قاتارلىقلار) دېيىشىڭىز ياكى «مەن ئادۋوكاتتىن باشقا ھېچنېمە ئەمەس» دېيىشىڭىز ۋە ياكى جورامىنىڭ نەتىجە يارىتىشى ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن. مەسىلەن، «دوختۇرنىڭ خانىمى سىندورومى كېسىلى بولۇپ قېلىش» (سىياسىيونىنىڭ خانىمى، سودىگەرنىڭ خانىمى، پرېزىدېنتنىڭ خانىمى، ئادۋوكاتنىڭ خانىمى، ئارتىسنىڭ خانىمىدا دېگۈدەكلا مۇشۇنداق كېسەللىك ئالامەتلىرى بار). ئەمەلىيەتتە مەيلى ئايال ياكى ئەرلەر بولسۇن تامامەن ئادەتتىكى قائىدىدىن، يەنى تاپتىن چىقىپ كەتكەن خىرىستىن ساقلىنىپ، ھازىرقى كۈنگىچە شۇكۇر ـ قانائەت قىلىپ ياشايدۇ. ئۇلار جورىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ھوزۇرلىنىدۇ، خۇشال بولىدۇ، تۇرمۇشۇم ئەھمىيەتلىك ئۆتىۋاتىدۇ، دەپ ئۆزىگە ئىشەنچ باغلايدۇ. بۇ نېمىدېگەن ھەسرەتلىك، پىغانلىق ئەھۋال ـ ھە!

كەلگۈسىدىكى مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆزگەرگەن ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. سىز ھامان ئىشتا ئۆزگىرىش بولسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىسىز. مەن سەل چوڭ بولغاندا بىر نېمە دەرمەن؛ قولۇمغا پۇل كىرگەندە بىر نېمە دەرمەن؛ مەن

ياخشى تەربىيلەنگەندە ئاندىن بىر نېمە دەرمەن؛ بۇ داۋالاش كۇرسى ئاياغلاشقاندا بىر نېمە دەرمەن؛ ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ... ئۇنداق بولسا سىز تۈگىمەس چۈش قوينىدا سەير ئېتىۋېرىڭ. چۈنكى بۇنداق ئوي قۇرۇق خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

بۇرۇنقى مۇھەببەت قوينىدا ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. سىز ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ چاغلارنى ئويلىغان دەملىرىڭىزدە: «مەن ياش چاغلىرىمدا»، «مەن ئىنىمدەك چاغلىرىمدا»، «جورام ھايات چاغدا»، تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، «مەن توي قىلغاندا»، «مەن نىكاھتىن ئاجراشقاندا»، «مېنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا»، «مېنىڭ يۈرەك كېسىلىم قوزغالغاندا»، ھەتتا «مەن ئىشسىز قالغاندا»، «بالام تۇغۇلغاندا»... بۇنداق خىياللارنىڭ ئايىغى چىقمايدۇ، چىقىش يولى بولمايدۇ.

چارلىس دىككىنس بىر ئوبرازنى — تراگېدىيە پېرسوناژى خارۋىسام خانىمنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئۇ كۈن بويى توي كېچىسى ئۇچۇن بېزەلگەن ھۇجرىسىدا ئولتۇرىدۇ، ئۇنى يىگىتى تاشلىۋېتىدۇ، ئۇ ئون يىلنى شۇ يوسۇندا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ قاتتىق يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچكە ئۆز تۇرمۇشىغا يۈزلىنىشتىنمۇ قورقىدۇ. مۇبادا بىز خالىساق خىيالي چۈش دۇنياسىنى ھاسىل قىلىپ، ئۆزىمىزنى خىيالىي چۈش قوينىغا ئېتىپ، رېئاللىقتىن قاچىمىز. توماس رووۋف «سىز ئەمدى ئۆيىڭىزگە قايتالمايسىز» دېگەن كىتابىدىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر قەدىمىي لەتىپىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەھۋال چۈشەندۈرۈلگەن. قاراقچى: «پۇلغا تۇرامسەن، جانغا تۇرامسەن؟» دېگەن. ئۇ ئادەم: «پۇلغا تۇرىمەن، ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈرۈۋەر، مەن قېرىغاندا ئىشلىتەرمەن دەپ پۇل يىغىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. قاراڭ، ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان بۇ قەھرىمان قاراقچىغا مۇشۇنداق جاۋاب



بەرگەن.

ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى شۇكى، ئادەت ئادەمنى ئازابلىسىمۇ، تەنھالىقتا قويسىمۇ، بىزار قىلسىمۇ، بىئارام قىلسىمۇ، خورلۇقتا، تىل ـ ئاھانەتكە قويسىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن ئادەم بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادىتى، تۇرمۇش يوسۇنى بويىچە ياشايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە... چۈنكى، ئادەت ناھايىتى ئاسانلا ھەقىقىي قىياپەتنى يېپىدىغان پاناھگاھقا ئايلىنىپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر شۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەتتا ئاياللار بىرقانچە ھاراقكەشلەرگە ئۇدا ياتلىق بولىدۇ، ئۇلار ھېلىھەم ئۆزلىرىنىڭ كۆزىدىن «ئەزىلى گۇمانلانمايدۇ».

بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتى بېيىش ئۈچۈن بولسا، ھەپتىسىگە 60 ~ 100 سائەتكىچە خىزمەت قىلسا، تىرىشسا بېيىيدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىدەك ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئەزىلى راھەت ـ پاراغەت سۈرمىگەنلىكىنى، ئۆلگۈدەك خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەچكە، بۇنداق تەقدىرگە يولۇقۇپ قېلىشىنى ئۇنداق تۇرمۇشنىڭ تەكرارلىنىشىنى خالىمايدۇ.

يەنە بەزى ئادەملەر خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياشايدۇ. ئۇلار قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى پەرەز قىلالمىسىمۇ، بىر خىل مۇۋەپپەقىيەتسىز تۇرمۇش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن (مەيلى ئۇ قانداق ئەندىزە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ھامان مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. بۇ بىر خىل ئۆلۈمتۈك تۇرمۇش بولۇپ، ھېچقانداق ھاياتىي كۈچ مەۋجۇت ئەمەس. «بىخەتەرلىك» ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئەرلەر پەقەت بىخەتەر تۇرمۇشقا تايىنىپلا ياشيالمايدۇ (ئەلۋەتتە، ئاياللارمۇ شۇنداق بولىدۇ).

تۇرمۇشتا خېيىمخەتەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھەربىر نەپىسىمىزدىمۇ خېيىمخەتەر بولىدۇ. يۈرەك كېسىلى،

ماشىنا ۋەقەسى، باج ئېلىش، سودا ئاۋارىگەرچىلىكى — تامامەن شۇم خەۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توساتتىن شۇملۇق ياغسا ئۇنى توسىقىمىز بەسى مۇشكۇل بولىدۇ. ھاياتىمىز بىلەن تەۋەككۇل قىلىش بىز ئىنسانلار ئۈچۈن بەك قىيىنغا توختايدۇ ھەمدە ئۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشمۇ ئاسان بولمايدۇ. بىز بەزىدە كېيىنكى قېتىم ئۈچۈن بەك كۆپ تىكىۋاتىمىز؛ بەزىدە ئالدىنىمىز، زىيانكەشلىككە ئۇچرايمىز ـ دە، يەنە قىمار ئويناش نىيىتىدىن ۋاز كېچىمىز.

ئەمما مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا نىشان تۇرمۇشتىكى بىر خىل ئويۇننى تېپىش قائىدىسى بولۇپ، ئۇ بىزنى بۇ ئويۇنغا قاتناشتۇرىدۇ ھەم بىزنى كۆكۈم ـ تالقان قىلالمايدۇ.

بىز ئىنتايىن چەكلىك بىخەتەردىن، پىششىق ئادەتتىن ئارتىپ چۈشۈپ، ئۆزگىچە ھەرىكەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەتتىكى ئىشلەش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتكىنىمىزدە سەل جىددىيلىشىپ كېتىمىز. كۆڭلىمىزدە ئىللىق بولىمىز، سەل جىددىيلىشىمىز، ئاۋازىمىز تىترەيدۇ، يۈرىكىمىز قاتتىق سىلىپ كېتىدۇ، كۆڭلىمىز ئىلىشىدۇ، ئىچىمىز سۇرىدۇ، بېشىمىز قايىدۇ، ھەتتا قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىمىز. مۇبادا بىز يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كېلىدىغان نەتىجىنى ئۇزۇن ئويلانساق، قورقۇنچاق چاشقانغا ئوخشاش ئىدىيىمىزنى مالىسمان قىلىپ، بىزنى قورقۇتۇۋېتىدۇ. ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئى ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ھاياتى بىلەن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش مەبلەغ سېلىپ تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش كۆپ بولغانسېرى ئېرىشىدىغان پايدىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. قانچە كۆپ دو تىككەنسېرى خېيىمخەتەر شۇنچە زور بولىدۇ.

سائەت ھېلىھەم چىكىلداپ ماڭىۋېرىدۇ، ۋاقىت ئۆتىۋېرىدۇ، ھەرقانداق بىر قۇدرەت يىللارنىڭ ئۆزگىرىشىنى توسۇپ



قالالمايدۇ. دېڭىز قىرغىقىدىكى دولقۇننىڭ ئىككى مىنۇت ۋاقتى تېتىقسىز ئېچىلغان سەككىز سائەتلىك مارافون يىغىنىدىنمۇ كۆپ ئۇتلۇق ھېسسىيات بىلەن تولغان بولىدۇ. چۈنكى ئۆزگىرىشنىڭ كۆپ خىللىقى ۋاقىت تۇيغۇسىنى ئۇزارتىدۇ، ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزى بىزنى ئويغىتىدۇ. ئۆزگىچە ئادەملەر ئۆزگىچە جايلاردا ئۆزگىچە ئىشلارنى قىلىدۇ. ۋاقىتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. بىر ھەپتە بىر كۈندەك تۇيۇلىدۇ. ئوخشاشلا روھىي كەيپىياتنىڭ يۇقىرى بولۇشى روھىي ھالەتنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا قارىغاندا ۋاقىتنى ئۇزارتىدۇ ۋە ۋاقىتنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. ۋاقىت جانلىق، ئۆزگىرىشچان، ئېلاستىكلىقتا باي بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان تۇيغۇمىز ھامان بىزنىڭ (تىزگىنلەش ئامالسىز بولغان) يېشىمىز بىلەن ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىشىمىز (تىزگىنلەشكە بولىدىغان) ئەھۋالىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى كونترول قىلغاندىلا، ئاندىن جىددىيچىلىكنى تەڭشىيەلەيمىز. ۋاقىت بولسىمۇ بىز ئۇ ۋاقىتتىن قانچىلىك پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرەلەيمىز؟

ئادەم ھەقىقەتەن ئازراق بېسىمغا موھتاج بولىدۇ.

ياخشىلىرى قېلىپ، ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلىدىغان تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بىزگە نىسبەتەن ياخشى «ئورۇنلاشتۇرۇش» بولغاچقا، بىز يېمەكلىك زەنجىرىنىڭ رىقابىتىدە ياشاش ئۈچۈن تىرىشىمىز. مۇۋاپىق بېسىم سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. ئەلۋەتتە بېسىم بەك زور بولۇپ كەتسە، مەسىلەن، تامامەن جىمجىتلىق، تۇرغۇنلۇقمۇ تەڭپۇڭلۇقىمىزنى بۇزىدۇ.

نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، كۆرۈلۈش ئىمكانىيىتى بولغان ھەربىر خەتەرگە قارشى تۇرىدۇ، زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشنى، ھەيران بولۇشنى، تەنھا قېلىشنى ھەرگىز

ئويلىمايدۇ ـ دە، ياشاش ئۇچۇن ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن تۇرمۇش يوسۇنىنى قوللىنىپ، هامان كونا ئادەت ئىچىدە يۇرىدۇ، بىپەرۋا ياشايدۇ. ئۇ «تەبىئىي» پەيدا بولغان بېسىمغا تەشنا بولسىمۇ، بېسىم پەيدا بولۇشى بىلەنلا «ئىچكى جەھەتتە پەيدا بولغان» بېسىم بىلەن ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى، غەم ـ قايغۇسىنى، قورقۇش ـ تەشۋىشىنى تۇگىتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆزىگە نىسبەتەن: «بۇنداق تۇرمۇش يوسۇنىنىڭ بىمەنە، ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا تەۋەككۈل قىلىش بىھاجەت بولغان تۇرمۇش يوسۇنىنى قوللىنىش»نى تەن ئالمايدۇ، شۇنداق تۇرمۇش يوسۇنى ئارقىلىق چوڭ بولىدۇ. ئەمما سىز ئۆزىڭىزگە: «ماڭا قانداق خېيىمخەتەر پايدىلىق، قانداق گەپ ـ سۆز هايات سەپىرىمدە ماڭا ياردەم بېرەلەيدۇ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ. بەزى ئادەملەر فىزىئولوگىيىلىك بېسىمنىڭ سالامەتلىككە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. مەسىلەن، تەنھەرىكەت، گىمناستىكا، غىزانى ئاز يېيىش، گۆشسىز تائام يېيىش، تېز مېڭىش، يۈگۈرۈش ۋە باشقىلار. بەزى ئادەملەر ئاسماندىن شار بىلەن سەكرەش، موتسىكلىت بىلەن كۈچ ئۇلاپ مۇسابىقە قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە قىزغىن بولۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. يەنە بەزىلەر جاسارىتىنى ئىچكى دۇنياسىدا تاۋلاپ، چېنىقتۇرۇش ئۇچۇن ئىبادەتخانىلارغا مۆكۈنۈۋالىدۇ. تۇرمۇشتا هەربىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئىش ـ خىزمىتىمىز بار. شۇڭا، بىز تەلەپ ـ ئېھتىياجىمىزنى قانائەتلەندۇرۇشىمىز ئۇچۇن ئۆزىمىزگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان بېسىم بىلەن تەۋەككۈلچىلىكنى تېپىشىمىز كېرەك.

## ئاۋارىگەرچىلىك قورقۇنچلۇقنىڭ مەھسۇلى

خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش داۋالاشنىڭ مۇھىم تەركىبى،



شۇڭا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشتىن قېچىپ قۇتۇلىمەن دەپ ئۇمىد قىلماڭ. ئۇزۇن مۇددەت قورقۇنچقا بويسۇنۇپ يۈرسىڭىز، ئاخىر هېچقانداق ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولالمايسىز، بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان تۇرمۇش يوسۇنى، سىزنى يېڭى شەيئىلەرنى سىناپ كۆرۈشكە، «قانداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلسام، ماڭا قانداق پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن مەسىلىنى ئويلىشىڭىزغا ئۈندەيدۇ. بۇ سەييارىدە پەقەت خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان ئادەملا ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ئەلۋەتتە، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ئەسەبىيلەرچە تەۋەككۈلچىلىك بولماسلىق كېرەك. مۇبادا تەۋەككۈلچىلىك مۇۋاپىق چەكتىن ئېشىپ كەتسە يېتەرلىك ئۆگىنىش ۋاقتىمىز بولمايدۇ ۋە يېڭى نەرسىلەرنىمۇ ئىگىلىيەلمەيمىز. خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈشتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغاندىلا، ئاندىن ئەڭ ياخشى رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، سىز ۋېلسىپىت مىنىشنى ئۆگەنگەندە قاتناش تولا يولدا ۋېلسىپىت مىنىشنى ئۆگەنمەڭ، هېچ بولمىغاندا، يىقىلىپ چۈشسىڭىزمۇ خەتەر چىقمايدىغان يەرنى تېپىشىڭىز كېرەك.

شۇڭا، سىز ئىزدىنىڭ، تەجرىبە قىلىڭ!

بىر تەرەپتىن خېيىمخەتەر بىلەن پايدا ـ مەنپەئەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن خېيىمخەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا ئۆرۈنۈپ كۆرۈش كېرەك. بىز بەزى هاللاردا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنىڭ ناهايىتى زور پايدىسى بارلىقىنى سېزىمىز، ئەمما بەزى هاللاردا بولسا بىخەتەرلىك بىرىنچى ئىكەنلىكىنى تاللايمىز. تەجرىبە قىلىش ـــ ئەڭ ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نۇقتىسىنى تېپىش، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنىڭ پايدىسى بىلەن بىخەتەرلىككە تەڭ ئېتىبار

بىرىشىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق يېڭى شەيئىگە مەلۇم بىسىم ياندىشىۋالغانلىقىنى، سىز ئۆزىڭىز بەدەل بېرىدىغان تىرىشچانلىقىڭىزنى توغرا پەرەز قىلىشىڭىز كېرەك. مەيلى سىز قانداق تىرىشىڭ، ھامان سىزدىن قابىل ئادەملەر بار بولىدۇ، ھالقىلىق مەسىلە خۇشال بولۇشىڭىزدا ۋە ھاياتىي كۈچنى ھېس قىلىشىڭىزدا. بېسىم كۈچى بىلەن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلىك ھايات پىلانىنىڭ كاتتا زىياپىتىنى ئۆزگىچە قۇرغىلى بولىدۇ.

## «ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىش» جاسارىتى

تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم مۇساپە ياشاش ئەھمىيىتىدىن ئىبىشپ چۈشكەن پائالىيەت بولسا كېرەك. بىز مەلۇم بىر خىل پائالىيەتكە قاتناشقاندا بۇرۇن ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان خىياللىرىمىز ئىشقا ئاشىدۇ، قىممەتلىك، شېرىن چاغلار تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىدۇ.

سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەر بىلەن تەقۋادار مۇرىتلار تۇرمۇشىنىڭ مۇشۇنداق «يۇكسەك» پەللىگە يېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق يۇكسەك پەللىگە ھېچقانداق ئادەم يېتەلمەيدۇ. سىزنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم سىزنى ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ تارىخىغا ئوخشاش تارىخىڭىز بولىدۇ، بەلكىم بۇنداق تارىخ تەم تېتىشىدىن، ياغاچچىلىق ئىشلىرىدىن ياكى سەيلە - ساياھەت پائالىيەتلىرىدىن كېلىشى مۇمكىن.

بۇنداق تارىخ ئۆزلۈكنى بوسۇپ ئۆتۈش، ئۆزلۈكنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تارىخى بولىدۇ.

ئۆزلۈكسىز ئۆرلەش، توسالغۇنى تۈگىتىش، ئىپلاسلىقنى تازىلاش، غەم - قايغۇنى ئۇنتۇش، ئار - نومۇسنى يۇيۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل كۈچ - قۇدرەتنى يەنە شىجائىتى زور، دولقۇن



يېرىپ ئىلگىرىلەش، ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يېتىش دەپ ئاتاشقا بولىدۇ ياكى سانسىزلىغان باشقا ناملار بىلەن ئاتاشقا بولىدۇ. خۇددى مۇھەببەتكە ئوخشاش كەچۈرۈش بولمىسا ئىشىنىش تەس بولىدۇ. مەيلى ئامبار ئىنقىلانسۇن ياكى دۆڭگاتور تەڭشەلسۇن، ھەرقانداق ئادەم كۈچلۈك ئىجادىي قۇدرەتكە ئىگە ئىشلارنى قىلالايدۇ ھەمدە قول ئۇچىدا ئىشلەپ قويىدۇ، چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ سالىدۇ.

بىز ھەمىشە كىشىلەرنىڭ «ئۇنىڭ مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەرنىڭ» كۆرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلار تۇيۇقسىز بىرەر مېدالغا ئېرىشىپ قالىدىغاندەك، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالىدىغاندەك كىشىلەرگە: «قاراڭلار، مەن كۈتۈپ توغرا قىلدىم، مەن مېدالغا ئېرىشتىم» دەپ ئۆزىنى ئاتتۇرىدۇ. ئەمما ئويۇننى تېخىمۇ ياخشى قويۇش ئۈچۈن بۇنداق كەچۈرمىش ئويۇننىڭ پەردىسى ھامان يېپىلىدۇ. مۇبادا سىز تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ سەھراغا قارىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى سەھرا مەنزىرىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، سەھرا قوينىغا سىڭىپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولىسىز. ئەمما سىز ئۇ مەنزىرىلەرنى رەسىمگە تارتىپ ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كەتسىڭىز سىز ئۇنداق ئېزگۇ تۇيغۇدىن مەھرۇم قالىسىز. چۈنكى، بۇنداق كەچۈرمىشنى پېچەتلەشكە، قاچىلاشقا بولمايدۇ. سىز ئۇنىڭدىن پەقەت ھوزۇرلىنالايسىز، ئەمما ئۇنى سېتىۋېتەلمەيسىز.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق كەچۈرمىشنىڭ خېيىمخەتىرى ئەڭ زور بولىدۇ. چۈنكى سىز ئۇنى ئىگىلىيەلمەيسىز، ئىسپاتلىيالمايسىز، پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمىغىلا ئايلىنالايسىز. سىز ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدا رولىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز ھەم بۇ جەرياندا توسالغۇغا ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن. سىز ئۆز ۋۇجۇدىڭىزغا سىڭىشقا تىرىشىڭ

ھەم خاسلىقىڭىزنى ساقلاڭ. «قاتتىق» قوللىرىڭىز بىلەن تۇرمۇشنى «بىخەتەر ئارىلىق»نىڭ سىرتىغا ئىتتىرىپ چىقىرىڭ. جىمى ئىشنى ئادەتتىكى ئىشقا، ئېنىق، ئادەم چۈشىنەلەيدىغان كەچۈرمىشكە ئايلاندۇرۇڭ، قىلغان جىمى ئىشىڭىزنىڭ تىركىشىشتىن قۇتۇلۇش، ئومۇمىيەتنى ئوڭشاش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ. شۇنداقلا سىز يەنە ئۆزىڭىزنى ماختاشنى توختىتىپ، پەرىشانلىقتىن تەرك ئېلىپ، ئۆزىڭىزنى تەبىئىي قويۇۋېتىڭ.

بۇ جەرياننىڭ ئاساسى ئۆزلۈك تىزگىنلەشتە بولىدۇ. بەزىلەر: «تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى جىمى ئۆزلۈك تىزگىنلەشتىن ۋاز كېچىشتۇر» دەپ قارايدۇ. يەنە مۇنداق قاراشلارمۇ بار: سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەرسىلىرىڭىزدىن ۋاز كېچىڭ، بولمىسا سىز مەڭگۈ بىرەر نەرسىگە ئېرىشەلمەيسىز. مۇبادا بىز يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن دەملىرىمىزدە پۈتۈن تىرىشچانلىقىمىزنى تىزگىنلىۋالساق، ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىشىمىز ئاستا بولۇپ قالىدۇ. بىز ۋېلىسىپىت مىنىشنى ئۆگەنگەندە ۋېلىسىپىتنى تورمۇزلاپ پۇت ـ قوللىرىمىزنى قاتمال تۇتۇۋالساق، بەلكىم كۆپرەك يىقىلىپ چۈشۈشىمىز مۇمكىن. ئەكسىچە قائىدىگە ئېسىلىۋالماي، سالاھىيىتىمىزدىن ۋاز كەچسەك، بىز ۋېلىسىپىتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىمىز مۇمكىن.

ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلى «ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىش»تۇر.

مۇبادا يېتەرلىك ۋاقتىمىز بولسا كاللىمىزنى ئۇماچ قىلىۋالماي، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز كېرەك؛ بىز ئۆزىمىز ئويلايدىغانلىرىمىزنى، ئېتىقاد قىلىدىغانلىرىمىزنى، كېرەك قىلماقچى بولغانلىرىمىزنى، ھەتتا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى ئۇنتۇپ كېتەلىسەك، بىز ئۆگەنگەن



نەرسىلەر خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭدار گۈللەردەك گۈزەل بولىدۇ. ئەلۋەتتە جاسارەت بولغاندىلا ئاندىن ئۆزلۈكتىن ۋاز كەچكىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆزلۈكتىن ۋاز كېچىشنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتى كۆپ بولىدۇ، تىنچلىقتا، توغرا سەزگۈگە ئىگە بولىمىز؛ ئەڭ مۇھىم بولغىنى شۇكى، بىز كۈچلۈك ئىجادىيەت، تەرەققىيات قۇدرىتىگە ئېرىشىمىز.

بۇ يەردىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك دەرس يالغاندىن ۋېلىسىپىت ئۆگىنىش ئەمەس، بەلكى «مەن خۇددى سىزدەك... قىلىمەن...» دېگەن دەرستۇر. يەنە كېلىپ سىز مەن قىلالايمەن، ئۆزلۈكۈمدىن ۋاز كېچەلەيمەن، باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمەن، دەپ قارىشىڭىز كېرەك. بىزنىڭ كۆپلىگەن مائارىپىمىز تېخنىكا ئىگىلەشنى نەتىجە قىلماي، تېخنىكىنى پىششىق ئىگىلەشنى شەرت قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، تېخنىكىنىڭ ئۆزىدە ھاياتلىق بولمايدۇ، ئۇ بىزنى پەقەت ئەركىن قىلىدۇ. قايتا نادانلىققا باش ئەگمەي، پەقەت ئۆزىمىزنى ئەركىن قويۇۋەتسەك، جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ساھەسىدە تېخنىكا سىزگە ئاتا قىلغان تەبىئىي ئىقتىدارنى ئىگىلەڭ. بولمىسا سىز ھەقىقەتەن مۇشۇنداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيسىز.

مەسىلەن، سىز قولىڭىزدا توپ ئويناماقچى بولسىڭىز، كېرەكلىك بولغان نۇرغۇن ماھارەتنى ئۆگىنىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، ئەمما ئاخىر سىز ئوينىغان «ئويۇن» ھېچبولمىغاندا ئىجادىي، ئاساسىي ماھارەتلەر ئورگانىك بىرلەشكەن بولۇشى كېرەك. مۇبادا سىز ئويۇننىڭ ئايرىم قىسمىنى كۆرسىڭىز، ئۇنداق ئويۇننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. پەقەت ماشىنا ئادەم باشقىلارنى دورىغاندەكلا بولىدۇ، خالاس.

سىز قانداق پاشاي دەيسىز، سىز قانداق جاسارەتكە ئىگە بولسام دەيسىز؟ بۇ تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ تاللىشىغا باغلىق

بولىدۇ.

ئىجادىي ئىقتىدار مەسىلىسى ھامان ئادەمنىڭ نېرۋىلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا قەيت قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەر تەتقىق قىلغان ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ سىرىدۇر. ئەقىللىق، زېرەك ئادەملەر ھامان خىيال كوچىسىدىن چىقالمايدۇ، باشقىلار بىلەن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن بەزى مۇقىم «ئەندىزە»لەرنى تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنىدۇ، ئەمما ھېچنېمىگە مەلىكە بولالمايدۇ. چۈنكى، ئىجادىي ئىقتىدار «تەدرىجىي تەرەققىيات» جەريانى بولمايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا بولغان چۈشەنچە تولىمۇ چوڭقۇر، بولۇپمۇ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا بولغان چۈشەنچىسى ئەڭ چوڭقۇر. «زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈش، ئىرادىلىك بولۇش» دېگەن بۇ سۆزنى ئۇلار دائىم ئىشلىتىدۇ ھەمدە بۇ سۆز تەنھەرىكەت پائالىيىتىدە غەلىبە قازىنىشىدىكى ئاساسىي ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. «ئېسىل مۇسابىقە» بىلەن «ناچار مۇسابىقە»نىڭ ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان پەرقى دەل دىققەت - ئېتىبارىنى مەركەزلەشتۈرۈش دەرىجىسى بولىدۇ. يەنە كېلىپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش قورقۇنچلۇقنى تۈگىتىش، ئۆز ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇش، كاللىسىدىن قالايمىقان خىياللارنى چىقىرىپ تاشلاشقا ياغلىقتەك قىلىدۇ.

بۇ خىل پىسخىك ھالەت شەرق پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ بىر خىل ئاساسىي يادروسىغا ئايلاندى. توغرا، «خالىغانچە بولۇش — ئويلانمايلا ھەرىكەت قىلىش» نەزەرىيىسى ئەڭ ئاۋۋال ياپونىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى جانبازلىق، قىلىچۋازلىق ھەرىكىتىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. دۈشمەن رەقىبكە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئويلانمايلا ھۇجۇمغا ئاتلىنىشتۇر، بۇمۇ ئاشۇ دەۋردە پەلسەپە نەزەرىيىسىگە ئايلانغان. ماھارەتنى مەشىق قىلىش



ئاساس بولسىمۇ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئويلىنىشقا ئەمەس، تامامەن سەزگۈنىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا تايىنىدۇ. جانبازلار ئەمەلىي دۈئېلدا تەكرار مەشىق قىلىش ئارقىلىق بىۋاسىتە سەزگۈسىنى تاۋلايدۇ. ئۇلار توختاۋسىز ھالدا پىسخىك ھالەتنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە ئۆرلەش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. «ئەستا، ئۇ سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان بولسا» دېگەندەك ئەبجەش خىياللارنى تۈگىتىپ، چىنارلەك مەزمۇت تۇرىدۇ، زىنھار ھەيران بولمايدۇ. جانباز رەقىبىگە ئوخشاش كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىدىغانلىقىنى، رەقىبىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

«تەننىڭ ئىنكاسى مېڭىنىڭ ئىنكاسىدىن تېز بولمايدۇ.» يەنى يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگىنىشتە مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چوڭ مېڭىمۇ ئارام ئالمايدۇ دەپ ئويلىماڭ، بولمىسا چوڭ مېڭە سىزگە رەددىيە بېرىدۇ. ئەمما، سىز خۇددى ياپونلۇق جانبازلار، شەرقلىق ئوقياچىلار ئىستىقامەت قىلغاندەك، مەشىق قىلىپ ئۆزۈن تاۋلىغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ چوڭ مېڭىنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن باشقا ئويلارنى ئويلاڭ. ئۇلار دىققىتىنى نىشانغا ئەمەس، نىشانغا ئېتىشنىڭ «ئەڭ ئېسىل» سەزگۈسىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. مۇبادا نىشانغا ئېتىش «تۇيغۇسى» ياخشى بولسا ئوق نىشاننىڭ دەل مەركىزىگە تېگىدۇ. ئوقياچى قاراڭغۇ ئۆيدىمۇ ئوقنى كاللىنىڭ كۆزىگە تەگكۈزەلەيدۇ. بۇ چاغدا كاللىنىڭ كۆزى نىشاننىڭ ئۆزى بولمايدۇ، بەلكى ئوقياچىنىڭ سەزگۈسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان بولىدۇ. بۇنداق مەشىق قىلىشتىن مەقسەت، نۇرغۇن ھالەتكە يېتىش، «ئەڭ ئېسىل» تۇيغۇنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت.

شۇڭا سىز يېڭى نەرسىنى ئۆگەنمەكچى بولغىنىڭىزدا دىققەت - ئېتىبارىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «توغرا» تۇيغۇغا مەركەزلەشتۈرۈڭ. خېيىمخەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، جاپا -

مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن قىممەتلىك تىزگىنلەش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزنى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشقا بېغىشلاڭ.

## ئەمەلىيەت قىلىش

ئەلۋەتتە، تۇغما تالانت (ياكى ئىرسىيەت گېنى)، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت، ھەتتا تەلەي - پېشانە تامامەن ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولىدۇ. ئەمما ئەڭ تۈپكى مەسىلە «ئۆزلۈك»نىڭ شەيئىلەرگە بولغان تەسىرىنى تۈگىتىش. بىز بۇ جەرياننى مۇنداق ئىككى قىسىمغا بۆلىمىز: بىرىنچىدىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ ئاندىن ئازادە ئىشلەڭ؛ ئىككىنچىدىن، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، پۈتۈن جەرياننى كۆڭۈل قويۇپ ئەسلەپ، ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئوبيېكتىپ ئۆلچەڭ. «ئۇ ئارزۇ قىلغانلىرىمغا يېقىنلاشتىمۇ؟» دېگەن بۇ گەپ خۇددى رەسسام قولىغا قەلەمنى ئېلىپ تۇنجى رەسىمنى ئالدىراپ سىزىپ، ئاندىن چېكىنىپ يېڭى كۆرۈش نۇقتىسىنى تېپىپ، نەزىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ پۈتۈن رەسىمنى سىزىپ چىققان ئىشقا ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى جەريان ئەمەلىيەتتە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم مەنە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىگە (ھالىتىگە): ئىجادىي پائالىيەت ۋە كەسكىن تەكشۈرۈشكە ئايرىشقا بولىدۇ.

كىشىلەر ھازىر بەزى تېخىمۇ ئالاھىدە نىشاننى قوغلىشىدۇ. مەسىلەن، نام - مەنپەئەت، بايلىق ۋە كىشىلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى، ھەتتا ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولىدىغان بەخت. مۇبادا سىز نەتىجىنى كۈتۈپ تۇرسىڭىز ئەركىن ئىشلىيەلمەيسىز، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزنى ھەيرەتتە قالدۇرغان جىمى



جەرياننى ئەسلىيەلمەيسىز. ئۇبدان ئۇرۇنۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئويلىنىڭ، تەكشۈرۈڭ ۋە ئەسلەڭ. شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىجادىيەتكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈش جەريانىدا تەكشۈرمەڭ، ئىجادىيەتتىن كېيىن زىننەتلەڭ. مۇبادا دىققەت - ئېتىبارىڭىزنى نەتىجىگە زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋالسىڭىز چەكلىنىپ قالىسىز.

مەسىلە ئەڭ ئاخىر قىممەت نىشانىڭىزغا «غەلىبە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرامدۇ؟» ياكى «ئۇرۇنۇپ كۆرۈش مۇۋەپپەقىيەتمۇ؟» دېگەن مەسىلىگە يىغىنچاقلىنىدۇ. ئىجادىيەتتە ئۇتتۇش - ئۇتتۇرۇش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، مەغلۇپ بولۇشنى ئۇنتۇپ، ئۇرۇنۇپ كۆرۈش ئۈچۈن تىرىشىڭ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز پەقەت غەلىبىنىڭ ئويۇنلىرىغا بېرىلىپ كەتسەك، بۇنداق ئويۇن بىزنى خالتا كوچىغا ئېلىپ كىرىدۇ. كۈللى كىشىلىك ھايات كارتىنىسىدا قانداق پائالىيەت، غەلىبە بەدەل تۆلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ؟ ھەتتا شۇمپەنلىك قىلىپ، ئوت قويۇپ، ھېچقانداق ۋاسىتە تاللىماسلىق كېرەكمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئەھمىيەتلىك كىشىلىك ھاياتقا ھەممە ئادەم ئېرىشىشنى، راھەتلىك تۇيغۇ - تەسىراتتا بولۇشنى، تىنچ - ئاسايىشلىق روھىي ھالەتتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، كۆزلىرىمىزنى خىيال پەردىلىرى قاپلىۋالسا، ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلساقلا ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلايدۇ.

كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامالسىز قالىدۇ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى مەغلۇپ بولۇشتىن، مەغلۇبىيەتچى بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ. سىز جىمى تىرىشچانلىقىڭىزنى كۆرسەتكىنىڭىزدىلا ئاندىن پۈتۈن جاسارىتىڭىز بىلەن ئىجادىي پائالىيەتكە كىرىشىپ كەتكەنلىكىڭىزنى بايقايسىز.

مۇبادا بىز «ئۇرۇنۇپ كۆرۈش مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن تۇرمۇش ئۆلچىمىنى تاللىساق، ئۇ بىزگە ئەڭ ياخشى نەتىجە ئېلىپ

كېلىدۇ. بىز ھۈنەر - تېخنىكىنى پىششىق بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى ئىمكان قالدۇرغان ھالدا ئىشلەتسەك، بىزگە تىنچلىق - ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بىزدە مۇشۇنداق پوزىتسىيە بولسىلا ئىجادىيەت بىلەن تەكشۈرۈش ھالقىسىغا ئاسانلا سىڭىپ كىرەلەيمىز. ياخشى نەتىجە بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدىغان نورمىدىن سىرت پايدا - مەنپەئەت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما جىمى قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىمىز ھېلىھەم ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

بىر دېھقان ئون بەش يىلدىن بېرى ئۆزى ئائىلىسىدىكىلەرگە گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن ئۇرۇندى، ئەزەلىي سەدىقە تىلىمىدى، ئالاھىدە تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇشنى تەمە قىلمىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئار - نومۇستىن دېرەك بېرەتتى، ئۆز ئالدىغا جاپالىق ئىشلەش ئۇنىڭ قىبلىنەماسى ئىدى، ئۇ «نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن» دېگەن ئەقىدىگە ئىشىنەتتى.

ئۇ بىر يىلى ئوبدان ئىشلەپ، مول ھوسۇل ئالىدىغان چاغدا قارا بوران ئۇنىڭ زىرائەتلىرىنى ئۇچۇرتۇپ، ۋەيران قىلىۋەتتى، ئۇ قەرزىنى تۆلىيەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، نائىلاج ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا ئىلتىماس قىلىپ، قۇتقۇزۇش ياردىمىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ «سەدىقە» گە ئېرىشكەچكە ئۆزىنى مەغلۇپ بولغاندەك سەزدى. بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟

مەن سىزنىڭ قوشۇلماسلىقىڭىزنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. مۇبادا قوشۇلسىڭىز، ئۆزگىرىشتىن، تەۋەككۇل قىلىشتىن، تەكشۈرۈشتىن قورقىدىغان ئادەملەرگە تەۋە ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. مەغلۇپ بولۇشتىن قورقسىڭىز ئامالسىز ھالغا چۈشۈپ قالىسىز، ئىززەت - ھۆرمىتىڭىز «نەتىجە»گە مەركەزلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ھەر قېتىملىق پۇرسەتنىڭ قولى بولۇپ قالىسىز. مۇبادا سىز



ئۆزىڭىزنى سۆيسىڭىز ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىڭ! سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىز ياكى كەمچىلىكىڭىز بولسۇن تامامەن سۆيۈڭ. ئەمەلىيەتتە بىز ھەمىشە: «ئويۇننىڭ مۇھىم نۇقتىسى سىزنىڭ تىرىشىشىڭىزدا، سىناپ كۆرۈشىڭىزدە بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئاخىرقى ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇشتا بولمايدۇ» دەيمىز. ئەمما بۇنداق يۈكسەك ئەنئەنە ئاستا - ئاستا تۈگىگەن. مەشقاۋۇل رامبوت دائىم: «ھەممە ئىشتا غەلىبە قازىنىمەن دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما ھەممە ئىشنى سىناپ كۆرۈشكە بولىدۇ» دەيدۇ. سىز ئۇنىڭ بۇ گېپىنى «غەلىبىگە ئېرىشىش ھەممىدىن ئەلا تۇرىدۇ» دەپ چۈشىنىپ قالسىڭىز مەشقاۋۇل رامبوتنىڭ ئەسلىي گېپىنى بۇرمىلاۋاتقان، جەمئىيەتتىكى قىممەت قارىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىسىز. رامبوت نەقەدەر ئۇلۇغ تەربىيىچى رەھبەر - ھە! ئەمما، كىشىلەر ھامان ئۆزى ياقتۇرىدىغان گەپلەرنى ئاڭلايدۇ.

ئادەم ئۆزى ئۈچۈن قەيسەر مەشقاۋۇل بولاي دېسە بوشاشماي تىرىشىش كېرەك. مۇبادا سىز نىشان تۇرغۇزماقچى بولسىڭىز، نىشانغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئالدىرىماڭ، چۈنكى سىز تاللاشقا توغرا كېلىسىز.

مۇبادا سىز: «مەن ئۆزۈمنىڭ يارىمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن. بەلكىم باشقىلار ئۆزگىرەلەيدىغاندۇ، ئەمما مەن ئۆزگىرەلمەيمەن. بالىلىق چاغلىرىم ناھايىتى ناچار ئۆتكەن، مەن ھامان ئارقا - ئارقىدىن ئوخشاشلا خاتالىق ئۆتكۈزگەن، مەن ئەزەلىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ باققان ئەمەس» دېسىڭىز ئىرادىڭىزنى يوقاتقان بولىسىز. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىڭىزگە غەيرەت - شىجائەت ئاتا قىلىڭ: «مەن ناھايىتى ياخشى تىرىشتىم، مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاتلىنىپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىمەن. ئۇرۇنۇپ كۆرۈش جەريانىدا مەغلۇپ بولساممۇ، يەنىلا ھەم مەغلۇبىيەتنى، ھەم ئازابنى قوبۇل

قىلمەن. ھېلىھەم ئۆز روھىمنىڭ جاسارىتى ئۇچۇن پەخىرلىنمەن، ئۆزۈمنىڭ جاسارىتىنى سۆيمەن» دەڭ.

مۇۋەپپەقىيەت دېگەن نېمە، سىزنىڭ قىممىتىڭىزنى كىم ئۆلچەيدۇ؟ قىممىتىڭىزنى ئۆزىڭىز ئۆلچەمسىز ياكى جامائەتمۇ، سىز كىمگە تەسىر قالدۇرىسىز، ئاتا - ئانىڭىزغىمۇ، جورىڭىزغىمۇ، قولۇم - قوشنىلىرىڭىزغىمۇ ياكى توقۇپ چىققان «ئۇلار»غىمۇ؟ ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىك ئۇچۇن ھېيت - ئايەملەردىكىدەك ئالىپتە كىينىپ يۈرەمسىز؟

مەكتەپنىڭ، ۋاستىنىڭ، چىركاۋنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە بەرگەن تەبىرى مۇنداق: بىر جايغا بېرىش، بىر ھالەتتە بولۇش، بىر ئىش، بىر قاتلامدىكى سەۋىيىدىن ئىبارەت. بۇ بىر خىل جۆيلۈش بولۇپ، ئاۋام - پۇقرالارنى ئاۋارە قىلىدۇ. سىز بىر كەسىپنى تاللىسىڭىز، سىز شۇ كەسىپتە «مۇۋەپپەقىيەت» قازانغانغا قەدەر كىشىلەر سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆزىڭىزمۇ بەختلىك بولىسىز، دېيىش ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك، كۈلكىلىك بولىدۇ!

«مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم!»، «مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم!» دەپ خىتاب قىلغاندىنمۇ تېتىقسىز ئىش بولمىسا كېرەك. بۇنداق نىدا كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان ئادەملەردە مەن يارىماس ئىكەنمەن دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. بىز دەرىجىدىن تاشقىرى چولپانلارنىڭ تىزىملىكىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بالدۇر پىشىپ يېتىلگەن چاغلاردىن باشلانغانلىقىنى، ئۆزىنى ۋەيران قىلىش بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى بايقايمىز؛ دەسلەپتە ئويۇن ئوينايدۇ، ئاخىر تاماشىبىنلارنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. مەغلۇبىيەت بىلەن ئازاب ئۇلارنى ۋەيران قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

قورقۇنچلۇق قانداشلىق مۇناسىۋەت بىز ئېرىشىشكە لايىق كەلمەيدىغان، ئەمما بىز ئىنتايىن تەشنا بولىدىغان



مۇۋەپپەقىيەتتىن كېلىدۇ. شۇڭا بىز تىرىشىش جەريانىدا ئۆزلۈكىمىزدىن ۋاز كېچىشنى، ئۆزىمىزنى ئەركىن - ئازادە تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالساقلا ئاندىن ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت مېۋىلىرىگە ئېرىشەلەيمىز.

بىز جاسارىتىمىزنى قايتا نامايان قىلايلى، ئىشەنچىمىزنى زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىتەيلى. ئەمما بۇ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويۇ دېگەنلىك ئەمەس. قانداق مەشغۇلات قىلىش تېخنىكىنىڭ يېتەرسىزلىكى بولالمايدۇ، ئەمما سىز ئاددىي ئۇسۇل، شىپالىق دورا بىلەن مەسىلەمنى ھەل قىلىمەن دەپ كۈتۈپ تۇرماڭ.

مەيلى سىز زېرەك بولۇڭ - بولماڭ، تۇرمۇشىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن - بولمىسۇن، جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇپ تۇرمۇشقا يۈزلىنىڭ، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، ۋۇجۇدىڭىزنى سۆيگۈ، روھىي قۇدرەت بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈڭ. مۇۋەپپەقىيەت قورقۇمسىز ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھەربىر مىنۇتى؛ مۇۋەپپەقىيەت بىزنىڭ زىددىيەت، خىرىس جەريانىدا باتۇرانە ئىلگىرىلەپ، كۈرەش قىلىپ، تەرەققىي قىلىپ، ئۆسكەنلىكىمىزدىن، ھەقىقىي ئۆزلۈكنى تاپقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

«خىيالپەرەس» بىلەن «ئەمەلىيەتچى» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ پەرق — «ھەرىكەت» تە.

— چارلىس «دارازا» جونىس

# 17 ـ دەرس

## ئۆزلۈكنى قانداق رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك

سىز ئۆزىڭىزنى بۈگۈن ئەتىگەندىلا سىنىپقا كەلدىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بىردەم يالغۇز تۇرۇپ، بايا ئۆگەنگەن قىممەت قارىشىڭىزنى ئوبدان ئويلانغاندىن كېيىن قەيسەرلىك ھەم سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىغا يۈزلىنىڭ.

توساتتىن بىر قازانباش ئاداش سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ دوسكىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن بور بىلەن چارلىس «دارازا» جونىس، دېگەن ئىسىمنى چوڭ ـ چوڭ قىلىپ يازدى. ئەجەبا ئۇ يېڭى كەلگەن پروفېسسورمىدۇ، پروفېسسورنىڭ مۇشۇنداق ئىسمى بارمىدۇ؟

توغرا، بۇ پروفېسسورنىڭ مۇشۇنداق ئىسمى بار ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرگە لېكسىيە سۆزلىگەندى، مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئاچقانىدى. ئۇ ئادەم سانى كۆپ بولغاچقا، لېكسىيىسىنى ئاڭلىغان، مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇپ بولالمىغانىدى. ئۇنىڭ لېكسىيىسى مىڭلىغان ئادەملەرنى ئىلھاملاندۇرغان، ئۇلارنى تولۇپ تاشقان ئاكتۇئال ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغانىدى.

پروفېسسور بۇرۇلۇۋىدى، سېنىڭ تەنھا ئولتۇرغانلىقىڭنى



كۆرۈپ، كۈلگىنىچە پارتاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سەن بىلەن كۆرۈشكىنىچە ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇق چىقاتتى. مۇبادا سەن ئۇنىڭ قەدىناس دوستى بولساڭ، ئۇ سەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويۇپلا بولدى قىلمايدۇ، بەلكى ساڭا قىسماقتەك ئېگىلىدۇ، سېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆرۈشىدۇ.

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سورايدۇ ئۇ.

— مەن تىرىشىپ ئىنتىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىسەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە كۈلۈپ قويىدۇ.

— مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بۇ دەرسنى ئوبدان ئۆگىنىڭ. مۇبادا سىز باشقىلار پايدىلىنىپ، مەنپەئەتلەنگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىمەن دەپ خىيال قىلسىڭىز، مېنىڭ نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىمنى ئېسىڭىزدە ساقلاش ھاجەتسىز. مېنىڭ كىتابىم «ھايات ئۇلۇغ!» دېگەن كىتاب. بۇ لېكسىيەمنىڭ قىممىتى شۇكى، سۆزلىگەنلىرىم ئىدىيىڭىزدە بىرەر ئۆزگىرىش پەيدا قىلسا، ئۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. مېنىڭ بىرىنچى نىشانىم ئىدىيىڭىزنى جانلاندۇرۇش جەريانىدا ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئىشلىتىدىغان سۆزلۈكىڭىز بىلەن ئەڭ مۇكەممەل ئىدىيىۋى سىستېما بەرپا قىلىشىڭىزغا، ئۇنى ئىدارە قىلىشىڭىزغا، ئىشلىتىشىڭىزگە ياردەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. قانداق، بىز بۇ ئىشتا پۈتۈشەلەيمىزمۇ؟

سىز بېشىڭىزنى لىڭشىتىپ، پۈتۈشەلەيمىز، دېگەندە، ئۇ دوسكا ئالدىغا بېرىپ بولغان بولىدۇ ۋە يەنە سىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ: «ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنچىۋالا سۇرلۇك بولۇپ كەتمەڭ! مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ناھايىتى ياخشى ئويۇن! تۇرمۇش خۇشاللىق بىلەن تولغان. ھايات ئۇلۇغ! كارامەت ئېسىل ھەم گۈزەل! گەپلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جەزمەن قاقاقلاپ كۈلۈپ

كىتىسلەر» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

بىزنى بۈگۈن نۇرغۇن ئىلھاملانغۇچىلار ئورىۋېلىشتى. قانداق ئادەم، قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزنى مەلۇم مەھسۇلاتنى سېتىۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، مەسلىھەت سوراشقا بولسىمۇ ئازراق پۇل خىراجەت قىلىدۇ ياكى ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش دەرسخانىسى ھامان كىشىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش توغرىسىدىكى كىتابلارمۇ ئالامەت تېز سېتىلىدۇ! قاراڭ، رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش بىر خىل ئۇلۇغ كەسىپكە ئايلىنىپ قالدى! ئەمما بىز باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، رىغبەتلەندۈرىدىغان بۇرادەرلەرگە سىنچى كۆزلىرىمىز بىلەن قاراپ باقايلى، ھەتتا بەزىلەر كىشىلەرنى ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرالايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن كۆۋرەپ چىقتى. ئەمما دەل مۇشۇ بۇرادەر قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئىلھام بېرىشنى، ئۆزلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ!

سىز قايسى خىل ئادەم بولۇشنى خالايسىز؟ ئازابلانغان، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان رىغبەتلەندۈرگۈچى بولامسىز ياكى خۇشاللىق بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىلھام ـ رىغبەتلىرىگە نائىل بولىدىغان «مەغلۇبىيەتچى» بولامسىز؟ ئۆزۈمنى ئالسام، خۇشاللىققا چۆمگەن، كىشىلەرنىڭ رىغبەت ـ ئىلھاملىرىنى قوبۇل قىلىدىغان «ئىرادىسىز ئادەم» بولۇشنى خالايمەن. مۇبادا مەن ھازىر باشقىلارنىڭ ئىلھام ـ رىغبەتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىدىغان ئادەم بولسام، ئاخىر باشقىلارغا ئىلھام ـ رىغبەت ئاتا قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىمەن، شۇنداق قىلىشنى چىن دىلىمدىن خالايمەن. ھەرقانداق ئادەمگە ئىلھام ـ مەدەت



بېرەلەيدىغان ئادەم ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرالمايدۇ، رىغبەتلەندۈرەلمەيدۇ، ئۇ بۇ دۇنيانى ئۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۇنيادىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنالمايدۇ.

ھېلىھەم ئېسىمدە، مەن ياش پىركازچىك بولۇشنى، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرغۇچى ئۇستاز بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدىم. ھەتتا پىركازچىك تەربىيىلەش دەرسىنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم، مەن رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش ماھارىتىنى جانلىق ئىشلىتەلەيتتىم. سېتىش كۆرگەزمىسى بىلەن تونۇشتۇرۇش يىغىنىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق زور رولى تۈپەيلىدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىمەن، شۇنىڭ بىلەن مەن خېرىدارلارنى چۆنتىكىڭىزدىكى پۇلنى چىقىرىپ، بۇ مالنى ئېلىڭ، دەپ رىغبەتلەندۈرمىسەممۇ بولىۋېرىدۇ، ھاياجاندىن يۈرەك كېسىلىم قوزغىلىپ قالمايدۇ، بىر تىنىق بىلەن ئۆلۈپمۇ قالمايمەن! مۇشۇنداق كەسكىن مەنتىقە ئاستىدىكى، ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قايمۇقتۇرىدىغان، ئادەمگە بەختەرلىك تۇيغۇ بېرىدىغان، كۆڭۈل ئاسايىشلىقى ئېلىپ كېلىدىغان مەھسۇلاتنى تونۇشتۇرۇشنى ھېچقانداق ئادەمنىڭ توسۇيالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمەن. خۇددى دۇنيادا ھېچقانداق قىيىن مەسىلە يوقتەك، مېنىڭ مەھسۇلاتلىرىمنى تونۇشتۇرۇشنى ھەل قىلغىلى بولماسمۇ؟!

ئېسىمدە، مەن خېرىدار قولۇمدىكى قەلەمنى ئېلىپ چەككە ئىسمىمنى يېزىپ، مەھسۇلاتلىرىمغا زاكاز بولسىكەن دەپ ئۈمىد قىلغانىدىم، ئەمما خېرىدار ئۇنداق قىلمىدى. مۇشۇنداق ئېزگۈ چاغلاردا خېرىدارىم ئەسنىگىنىچە مەتولۇق بىلەن: «ھەي، مەن سۇغۇرتىنى بەك چۈشەنمەيمەن. شۇڭا سۇغۇرتا بىلەن تازا خۇشۇم يوق»، «مېنىڭ بەش مىڭ دوللار پۇلۇم بار، ئەمما بۇ پۇل ئىككى ئادەمنىڭ نامىدا ئامانەت قويۇپ قويۇلغان ـ دە!» دەيدۇ.

بۇ چاغدا يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىمدىن يېرىپ چىقىپ ئۆرۈكتىن چۈشكەن پوكاندەك يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. يەنە سەللا چۈشۈپ كەتسە يەرگىلا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. سىز مەندىنمۇ ئۈمىدسىز، زەربە يېگەن ياش پىرىكازچىكنى تاپالمايسىز. مەن ئۆزۈمنىڭ مەسىلىسىنى ناھايىتى تېزلا چۈشىنىمەن — مېنىڭ ئۆز مەسىلەمنى چۈشىنىشىم ھەرقانداق ئادەمنى رىغبەتلەندۈرۈشتە بولمايدۇ، بەلكى زەربىدىن، ئازابتىن، ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشىمدا، ھەرىكەت كۈچۈمدىن مەھرۇم قېلىشىدىن ساقلىنىشىمدا بولىدۇ!

مەن بەزىدە بەك پاسسىپ بولۇپ قالىمەن، ئۆزۈمنى تۆۋەن چاغلايمەن، باشلىقىمنىڭ مۈرىسىگە بېشىمنى قويۇپ يىغلىۋالسامكەن دەپ كېتىمەن. ئەمما مەن باشلىقىمنىڭ مەندىنمۇ بەك زەربىگە، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بايقىدىم! شۇنىڭدىن بېرى خېرىدارلىرىم، باشلىقلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم كەيپىمنى ئۇچۇردى، ھەتتا خوتۇنۇممۇ بىرقانچە قېتىم كەيپىمنى ئۇچۇردى.

بىرقانچە قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بىر نەچچە بۇرادەر يېنىمغا كېلىپ مۇلايىم تەلەپپۇزدا:

— سىز مېنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ چۈنكى مېنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى زەرداب قىلىدىغان بىر پەسەندە خوتۇنۇم بولغاچقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدىم، — دېيىشتى.

مەن ھامان ئۇلارنى ئۆلگۈدەك قورقۇتۇۋاتىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا ئامراق ئىدىم:

— راستىنىلا سىزنى ئازابلايدىغان خوتۇنىڭىز بارمۇ؟ مەن سىزگە دەپ قوياي، ئامەت - پامەت دېگەنلىرىڭىزنى قويۇڭ، بىر ئەرنىڭ ئەڭ ياخشى مۈلكى شۇ ئەرنى ئازابلىيالايدىغان خوتۇن بولۇش! مۇبادا مېنىڭ شۇنداق ماڭا كۆيۈنىدىغان خوتۇنۇم بولغان



بولسا شۈكۈر دەيتتىم، قانائەتلىرىم ھاسىل بولاتتى. مېنى ئويلاپ باقمامسىز، مەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ مۇشۇنداق چاتاق بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرسەم، ئۇ: (ھەي، بىچارە ئاتا، ئۆيدە ئاپام بىلەن بىللە تۇرۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئاپام ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ) دەيدۇ. ئىش راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا بىزنىڭ ئۆي چوڭ يول ئۈستىدە بولۇشى، بىز بىر دۆۋە ئۆي سەرەمجانلىرى ئىچىدە بىر - بىرىمىزگە تەسەللى بېرىپ ياشىشىمىز مۇمكىن!

مۇبادا خانىمىڭىز سىزنى ئازابلاپ، ئاۋارە قىلسا، سىز تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەڭ. چۈنكى ئۇ سىزنى پات - پات ئويغىتىپ تۇرىدۇ. سىز بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىشىپ ئىشلەشكە باشلىغاندىلا چوڭ ئەخمەق بولۇپ قالىسىز. شۇنداق ئىكەن، بۇ خىزمەتنى ئىشلەشنى باشلاڭ. شۇنداق دېسەم، مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتىدىغان خوتۇنۇم يوق ئىدى، ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ ئۈمىدسىزلىنىپمۇ يۈرمەڭ. بەلكىم سىزنىڭ بۇنداق بايلىقىڭىز بولمىسىمۇ، قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيسىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

ئاي - ھاي، مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەمما، مەن بىر نۇقتىنى ئىزاھلاپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ، سىز پەقەت ئىلھام بېرىشنى، رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز قىيىنچىلىقنى تۈگىتىشكە ھېچقانداق توسالغۇڭىز قالمايدۇ. مەن شۇنىڭغا يەكدىللىق بىلەن ئىشىنىمەنكى، ھاياتىڭىزنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھەر بىر ئىش سىزنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرىدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز كىشىلەرنى تېخىمۇ يۈكسەك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىسىز، رىغبەتلەندۈرىسىز.

بەزىلەر مەندىن ئىلھاملىنىشنىڭ، رىغبەتلىنىشنىڭ سىرى نەدە دەپ سورىشىدۇ. راستىنى دېسەم، ئۇ سىرنى مەن ئەمەس، ئۇ سىر مېنى تاپتى. مەن دەسلەپكى بەش يىلدا ھەر ھەپتىسى

سېتىش نەتىجەم ياخشى بولدى، بىر ھەپتىمۇ بوش ئۆتۈپ كەتمىدى. ھەر ھەپتىسى بىر سوغۇرتا قەغىزى ساتتىم، سوغۇرتا ساتمىغان بىر ھەپتىمۇ بولمىدى. بۇ ئاڭلىماققا قالتىس تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇنى تامامەن راست دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئىشنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، مەن نىشانغا ئېشىنىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن كۆڭلۈمدە ھەر ھەپتىسى بىر سوغۇرتا قەغىزى ساتىمەن، ساتالمىسام ئۆزۈم ئالىمەن، دەپ قەسەم قىلدىم. مەن سىزگە دېسەم، ئۆزۈم 22 سوغۇرتا قەغىزىنى سېتىۋالغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي رىغبەتلەندىم. مەن شۇنچىلىك بىر قەسەمنىڭ خىزمىتىمگە ۋە كېيىنكى ھاياتىمغا شۇنداق زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم. چۈنكى قەسەم ھەقىقىي بولغاندىلا ئاندىن قەسەمنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىكەن، مەن شۇ چاغدىلا «قاتنىشىش» نى ۋە «ۋەدە بېرىشنى، تەرسالىق»نى ئۆگىنىۋالدىم.

بەزىلەر ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە كىرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما دېگەندەك يېتەرلىك كىرىشمەيدۇ. يەنە بەزىلەر خىزمىتىگە يېتەرلىك كىرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بەك چوڭقۇر كىرىشمەيدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ ئىككى خىل ئادەم بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەيلى قانداق ئىش قىلىشتىن قەتئىينەزەر، سىز تولۇق «قاتناشمىسىڭىز» ياكى «كىرىشمىسىڭىز» ئىلھاملانغۇچى، رىغبەتلەنگۈچى بولالمايسىز.

مەن ئەڭ ئۇلۇغ ئىلھامغا نائىل بولغان، بۇ ئىلھام يۈرىكىمنىڭ تېرەن يەرلىرىدىن ۋە ئائىلەمدىكىلەردىن كەلگەن. باشقىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن ھېكايىسى سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن ھېكايىلىرىڭىزدەك چوڭقۇر تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، ئىلھاملاندۇرالمايدۇ.

مەن بۇرۇن بىر خېرىدارغا سوغۇرتىغا قاتنىشىڭ دېسەم ئۇ مەن سوغۇرتىغا قاتنىششقا خۇشتار ئەمەس. مېنىڭ بۇ



جەھەتتىكى تونۇشۇم كەمچىل دېدى. ئەمما مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىڭىز مول دېدىم. ئائىلەمدىكى كىچىككىنە بىر ئىش ماڭا ئاجايىپ ئۇنۇم ئېلىپ كەلدى. بۇنداق كەچۈرمىشتىن مەن ھېلىقى خېرىدارنى تولۇق ئېتىراپ قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن نورمىدىن سىرتقى بۇ رىغبەتنى ئۇ خېرىدارغا يەتكۈزدۈم.

بۇ چاغدا ئوغلۇم جوش ئالتە ياشتا ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن ئاپىسىنى ئەسەبىيلەرچە چاقىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قولۇمدىكى ئىشنى تاشلاپ، ئىشخانىدىن چىقتىم (ئەمەلىيەتتە بۇ بىزنىڭ مېھمانخانىمىز ئىدى. بىز ئۆي سەرەمجانلىرىمىزنى كارىدورغا ئاچىقىپ بولالمايلا دەپ قالغانىدۇق). جوش يەنە قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «مەن مۇۋەپپەقىيەتنى ساقلاپ تۇرالماي قالدىم، بۇنداق مۇھىتتا ئىش قىلغىنىمدىن بازاردىكى ئازادە، راھەتلىك ئىشخانامغا بېرىپ ئىشلىگىنىم تۈزۈككەن، ئەمدى مەغلۇپ بولغان بولاي، مەغلۇپ بولسامۇ داغدۇغىلىق بىلەن مەغلۇپ بولاي» دېدىم.

كېيىن جوش قايتا ۋارقىرىمىدى. بۇ چاغدا خانىمىم گېرولىيە يەر ئاستى ئۆيىدىن چىققانىدى. بايا ئۇ كىرئالغۇ بىلەن كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ جوشتىن: «نېمە ئىزدەۋاتىسەن، ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. جوش: «مەن ھېچ نەرسە ئىزدىمىدىم. پەقەت سىزنىڭ قەيەردىلىكىڭىزنى ئىزدىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ 22 دانە سوغۇرتا قەغىزىنى سېتىۋېلىشنى بىلىش ئۈچۈن بۇ ھېكايىنى ئالتە مىڭ قېتىم سۆزلىدىم. مەن ئالتە ئۆي - زېمىن، پاي چېكى قالدۇرمىسام قالدۇرمايمەنكى، ئەمما بىباھا سوۋغات — تولۇق ھوقۇقلۇق ئانىسىنى قالدۇرىمەن. چۈنكى، بۇ ئالتە بالا ئۆمۈر بويى مېنىڭ بۇ

سۇغۇرتىغا تايىنىپ ئاپىسىنى چاقىرىپ ئىزدەيدۇ، گەرچە ئاپىسى جاۋاب بەرمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاپىسىنىڭ مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بارلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيدۇ.

يەنە بىر كۈنى مەن تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. سەككىز ياشلىق قىزىم پامىلا ئالتۇن چاچلىرى تاۋلىنىپ تۇرغان كىچىك بېشىنى چايقىغىنىچە كېلىپ تىزىمغا ئولتۇردى. ئەمما مەن يەنىلا گېزىتىمنى كۆرۈۋەردىم. ئۇ بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلدى، ئۇنىڭ شۇ گەپلىرى مېنىڭ بىر قانچە مىليون دوللارلىق ئۆمۈر سۇغۇرتا قەغىزىنى سېتىشىمغا ياردىمى بولدى. پامىلا چولپاندەك كۆزلىرىنى چىمىلداتقىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپ: «ئاتا، سەن مەندىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتمىسەڭ، مەنمۇ سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن» دېدى.

مەن ئۇنىڭ قانداقچە مۇشۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئەمما ئۇ چاغدا خىيالىمغا: «ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، مەن سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، ئەگەر مېنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، سېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتمەيمەن» دېگەن ئوي كەلدى.

مەن ئىككى خىل تىپتىكى ئاتىنى: «كۆرگىلى بولىدىغان تىپتىكى ئاتا» بىلەن «نائىل بولۇش تىپىدىكى ئاتا»نى چۈشىنىپ يەتتىم. «كۆرگىلى بولۇش تىپىدىكى ئاتا»لار: «ئۆيۈمدىكىلەر مەن ئاتا قىلغان جىمى نەرسىگە نائىل بولسىكەن، مەن بۇيەردە ئۇلار نائىل بولغان نەرسىنى كۆرسەمكەن دەيمەن» دېيىشىدۇ؛ «نائىل بولۇش تىپىدىكى» ئاتىلار: «مەيلى مەن بۇ يەردە كۆرەي ياكى كۆرمەي، مەن ئۇلارنىڭ جىمى نەرسىگە نائىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېيىشىدۇ.

بەلكىم سىز: «مەن سۇغۇرتا كەسپى بىلەن شۇغۇللانمايمەن» ياكى «مەن سۇغۇرتىنى كەسىپ قىلمايمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن. مەيلى سىز قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىڭ، بىز بۇ يەردە



دەۋاتقان پرىنسىپ ئوقۇغۇچىلارغا، خوتۇنىڭىزغا، مەنسەپدارلارغا، پرىكازچىكلارغا تامامەن ئوخشاش. مۇبادا سىز ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا زېھنىي قۇۋۋىتىڭىزنى سەرپ قىلسىڭىز، قان ـ تەرىڭىزنى ئاقتۇرسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى ئۇلۇغ ئىش تېخىمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇڭكى، سىز ئىمپېرىيىە قۇرمايسىز، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى قۇرىسىز. مېنىڭ بىر دوستۇم دەل مۇشۇ جەھەتتە ھەممە ئىشنى ئۇماچتەك قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشىدا زىيان تارتقىلى تاس قالدى.

مەن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ: «مەن كەسپىنى ئەلا بىلىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بەزى ئادەملەرنىڭ: «مەن ئائىلىنى ئەلا بىلىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ: «مەن چېركاۋنى، دىنىي جەمئىيەتنى ئەلا بىلىمەن» دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. (ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئەلا بىلىشى مۇمكىن). ئەمما، ماڭا پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن سودا ـ سېتىق دەرسىنىڭ ئائىلەم بىلەن دىنىي جەمئىيەتتىن كەلگەنلىكىنى؛ ئائىلىگە ئەڭ پايدىلىق دەرسنىڭ سودا بىلەن دىنىي جەمئىيەتتىن كەلگەنلىكىنى، دىنىي جەمئىيەتكە ئەڭ پايدىلىق دەرسنىڭ ئائىلە بىلەن سودىدىن كەلگەنلىكىنى بايقىدىم.

مېنىڭ يەنە بىر ئوغلۇم جېف ئۆمرۈمدە ماڭا ئەڭ قىممەتلىك رىغبەت ئاتا قىلدى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئالتە ياشتا ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئوغلۇم، سەن كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلىسەن، دەپ سورىدىم. ئەمما ئۇ ئالتە ياشلىق بالا تۇرۇپمۇ كەلگۈسىدە نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەيمەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ كەتتى.

مەن ئالتە ياش چېغىمدا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. مەن بىر كۈنى بومباردىمانچى لىيۇتچىك بولىمەن، دەپ

ئويلىدىم. يەنە بىر كۈنى چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ھەربىي پولكنىڭ بىر ئەزاسى بولىمەن، دەپ ئويلىدىم. مەن يەنە بوكسچى، ئوفىتسېر بولىمەن، دەپمۇ ئويلىدىم. ھامان بىر ئىش قىلىمەن، دەپ ئويلىدىم؛ ئەمما ئوغلۇم جېف پەقەت سۇ ئۈزۈشنىلا بىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن: «جېف، بىز ساڭا بىر قائىدە تۈرغۇزۇپ بېرەيلى. قارا، بۇ ئوغۇل بالىنىڭ تۇرمۇشى — سەن بىر خىزمەت تاپ. ھەي، ئوغلۇم، سېنىڭ بىرەر ئىش قىلىش نىيىتىڭ بارمۇ؟» دېدىم. ئەتىسى ئۇ ھەممە ئىشنى تاشلاپ، ئامېرىكا تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تىجارەت دىرېكتورلار كۇلۇبىغا قاتناشتى. ئۇ ئېتىبار بېرىش ئاكسىيىسىنى تولدۇردى، خەتلەرنىمۇ يوللىۋەتتى.

مەن بۇ بالىلارنىڭ ئۆزۈن ئېكراندا كۆرسىتىشكە، كۆرگەزمىخانىلاردا ئۆزىنى نامايان قىلىشقا تۆت كۆز بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلايتتى. ئەمما، ھېچكىممۇ ئۇلارغا پايدىلىق يول كۆرسەتمەيتتى — خاتا يول كۆرسىتىدىغان ئىشلار كۆپ ئىدى.

مەن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. جېف ئالدىمغا چىقتى: «قارا، ئاتا» دېدى ئۇ. مەن چوڭ بىر ساندۇق تەبرىكلەش كارتوچكىسىنى كۆردۈم. مەن ساندۇقنى ئېچىپ قارىۋىدىم، ساندۇق ئىچىدە گېزىت، بىر نەچچە دىپلوم، گۇۋاھنامە بارلىقىنى كۆردۈم. يەنە ئوقۇتۇرۇشمۇ بار ئىدى. ئۇ ئوقۇتۇرۇشقا: «30 كۈن ئىچىدە پۇل تۆلىنىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. جېف مەندىن:

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن:

— سەن ئاۋۋال سودا - سېتىق جەھەتتىكى سۆزلەش ماھارىتىنى ئۆگەن، — دېدىم.

مەن ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن



جېف:

— ئەي ئاتا! مەن ئەمدى تەييارلىق قىلايمۇ؟ — دەپ سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن:

— سەن سېتىش سۆھبىتىگە ئىگە بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورايمەن.

— ياق، — دەيدۇ ئۇ.

— مۇبادا سەن مېنى ئۆزۈڭگە ۋاكالىتەن پىستقا چىقىشنى ئويلىغان بولساڭ، مەن سېنى خۇشال قىلالمايمەن. ساڭا نېمە دېيىشنىڭ كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىمەن.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن جېف ماڭا:

— مەن ئۇ سېتىش سۆھبىتىنىڭ ئورىگىنالىنى ياقتۇرمىدىم، — دېدى.

— بوپتۇ، ئەمىسە ئۆزۈڭ بىر پارچە سۆھبەت ئورىگىنالىنى يېزىپ چىق، — دېدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە تېرە يېنىدا بىر ۋاراق قەغەز تۇراتتى. ئۇ قەغەزگە: «خەيرلىك ئەتىگەن سىمىت خانىم. مەن جېففول جون جونس بولىمەن، مەن ئامېرىكا سېتىش كۇلۇبىغا ۋەكىللىك قىلىمەن» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ ئىككى ھەپتىدە ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتىپ بەردىم. مەن شۇ كۈنى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن جېفقا:

— ئۇنىئالغۇنى ئەكەل، بىز بىر سۆھبەت تۈزۈپ چىقايلى، ساڭا سېتىش سۆھبەت خاتىرىسى يارىغۇچە تىرىشايلى، — دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن بىز مەشىق قىلىشقا باشلىدۇق. بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى مۇنداق يازدۇق: «خەيرلىك ئەتىگەن، سىمىت خانىم. مەن جېففول جون جونس بولىمەن، ئامېرىكا تۆۋەن دەرىجىلىك سېتىش دىرېكتورلار كۇلۇبىدىن. بۇ تەبرىكلەش كارتوچكىسىنى

كۆرۈپ باقامسىز، قانداق؟ بۇ كارتىنىڭ ئۈستىگە: (مۇنەۋۋەر ئائىلە باشقۇرغۇچى) دېگەن خەتلەر يېزىلغان. يەنە كېلىپ باھاسى ئىنتايىن مۇۋاپىق. بىر قېپىنىڭ باھاسى ئاران بىر يۈەن ئىككى مو بەش پۇڭ. بىر - ئىككى قۇتا ئېلىپ قويامسىز (تەبەسسۇم)! ئېلىپ قويۇڭە! ئېلىڭ، ئېلىڭ دەيمەن!»

بىز ئۈنئالغۇنى قويۇپ قايتا - قايتا مەشىق قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا جېنىفنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتتى - دە، ئاخىر مەندىن:

— بۇ قېتىم مەن ئوبدان تەييارلىق قىلدىممۇ؟ — دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن:

— ياق، تېخى تەييارلىقىڭ پۇختا بولمىدى. سەن ھازىر بۇ يەردە بۇنداق سۆزلىگىنىڭ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. سەن ھەقىقىي جەڭگاھنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. يۈر، بىز مېھمانخانىغا كىرەيلى، مەن سېنىڭ خېرىدارىڭ بولاي، بۇ قۇتىلارنى ئال. ئاندىن ئىشىكنى چەك. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، سەن ئەمەلىي جەڭدە قانداق ئىشلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلىۋېلىشىڭ كېرەك، — دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن جېنىف قاتتىق خۇش بولغان ۋە ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا تاقلاپ - سەكرىگىنىچە زالغا كىردى ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ماڭا نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ پۇختا تەييارلىق قىلدىم، دەپ ئىشىكنى چەكتى. مەن غەزەپ بىلەن ھۆركىرىگىنىمچە ئىشىكنى ئاچتىم ۋە قاتتىق دۇشمەنلىك نىيىتىم ۋە تاقەتسىزلىك بىلەن:

— مېنىڭ چۈشلۈك غىزالىنىشىمنى مالىمان قىلىۋەتتىڭ، نېمە قىلاي دەيسەن؟! — دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىك تىجارەتچى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بوسۇغىدىن پۇتىنى تارتىپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇنى قايتا كەل، دېدىم. مەن شۇنداق دېيىشىمگىلا ئۇ



يەنە ھۇدۇقۇپ كەتتى: ئەرزىمەيدىغان بىر كەسىپقۇ بۇ! سەن بۈگۈن «كىمنىڭ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلگۈڭ بار ئوخشىمامدۇ؟» ئۇ — ئاتا ۋە ئانا ئىدى. ئاتا - ئانا خۇدانىڭ كۈنى بالىلىرىم يۇقىرى ئۆرلىسىكەن دەپ نىيەت قىلىدۇ. ئۇلارغا پەقەت شۇنداق بۇرۇلۇش بىلەنلا بۇ دۇنيا بىزنى قۇچىدىكەن، سۆيىدىكەن دېگەن تونۇشقا كەلتۈرىدۇ. ئەمما، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. بالىلارنى رېئاللىققا يۈزلەندۈرىمەن. تولۇق تەييارلىق قىلدۇرىمەن، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەيمەن.

جېنىف ئاخىر ئۆزىنىڭ سېتىش سۆھبىتىنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىنى بىلدى ھەم مېنىڭ ئۆتكىلىمدىنمۇ ئۆتتى.

— ھىم، ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ تەييارلىقىمىز پۈتتىمۇ؟

— سېنىڭ تەييارلىقىڭ پۈتتى. ئەمدى بىز ئىشنى مۇنداق باشلايلى: سەن ئىككى قۇتا ئاتكىرىتكا ئېلىپ، پەلتولىرىڭنى كىيىپ، گالستۇكۇڭنى تاقاپ، ھەزرىتى جون كوچىسىنى بويلاپ ماڭ. مۇبادا سەن ئۇنىڭ «كېرەك ئەمەستى» دېگەن گېپىنى ئاڭلىساڭ، شۇ ھامان ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەل. (مەن ئۇندىن ئارتۇق «ياق، كېرەك ئەمەس» دەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنداق بولسا ئۇ جەزمەن ۋەيران بولاتتى). پەقەت ئىككىلا ئادەم «ماڭا كېرەك ئىدى» دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەل (ئوخشاشلا ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم «كېرەك قىلغان» تەقدىردىمۇ ئۇ يەنىلا ۋەيران بولاتتى — مەن نۇرغۇن ئەھۋاللارنى كۆرگەن. كۈچلۈك مۇۋەپپەقىيەتمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، نۇرغۇن سودىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سودىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىدىن قېلىشمايدۇ)، دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن جېنىف ھەزرىتى جون كوچىسىنى بويلاپ ئاتكىرىتكا سېتىشقا باشلىدى. ئۇ ئاتكىرىتكىنى خۇددى تېخى

ھېلىلا تونۇردىن ئالغان تونۇر كاۋپىنى ساتقاندەك ساتتى.

بىر كۈنى جېف گېپىمگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ يەتتىنچى ئاينىڭ تومۇز كۈنلىرى ئىدى. جېف ئۇدا ئون توققۇز قېتىم «كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس» دېگەن رەت قىلىشقا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىدىيالماي، پۈتۈن ئەزايى - بەدەنلىرىدىن پۇرقىراپ تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ ساپادا ئولتۇردى - دە:

— ھازىردىن باشلاپ كىمگە ئاتكىرىتكا لازىم بولسا يېنىمغا كېلىپ ئالسۇن، — دېدى.

— ھەي، جېف، ئالدىرىما، بۈگۈن ئامىتىڭ كەلمەي قاپتۇ، — دېدىم.

— ھەي، ئاتا، — دېدى ئۇ، — باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىدۇ، ئۇلارمۇ ھازىر ئاتكىرىتكا سېتىشقا باشلىدى.

— مېنىڭچە يەنە سېتىۋالىدىغان ئادەملەر چىقىدۇ، — دېدىم مەن (جەزمەن سېتىۋالىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك، بولمىسا بۇنچە كۆپ ئاتكىرىتكىنى سېتىپ بولغىلى بولمايتتى) — ئەمما بىرى سەن بىلەن بىللە بېرىشى كېرەك، سەن ئۆزۈڭگە ياخشى ھەمراھتىن بىرنى تاپ، سىڭلىڭ كەيدىنى ئېلىۋال، ئۇنىڭغا بىر موچەن بەرسەڭ ئاتكىرىتكا قۇتاڭنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ ساڭا روھىي مەدەت بېرىدۇ.

ئۇلار راستتىنلا بىللە ماڭامدۇ، مەن ئويلىغاندەك بىر - بىرىگە ئىلھام - مەدەت بېرىشەمدۇ؟ ياق، ئۇلار ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇلار ئۆيدىن بىللە چىققاندىن كېيىن بىر - بىرىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئاخىر گەپ تالىشىپ قېلىپ، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتى (بۇ مەن ئۈچۈن تازا ئوبدان تەربىيە بولدى: مۇبادا سەن زەربىگە ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىساڭ ھەرگىز دوستۇڭنىڭ مۇرىسىگە بېشىڭنى قويۇپ كۆز يېشى قىلما. دوستۇڭ ساڭا ئىچىنى ئاغرىتىشى، ھېسداشلىق قىلىشى مۇمكىن، ئەمما سەن



ئۆزۈڭگە ئاتا قىلىدىغان ھېسداشلىق دوستۇڭنىڭ ھېسداشلىقىغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندىن كۆرە، ئۆزۈڭنى خىزمەتكە ئاتىغىنىڭ، ھەسسىلەپ تىرىشقىنىڭ، ئازراق بولسىمۇ نام - ئاتىقىڭنى چىقىرىدىغان ئىشلارنى قىلغىنىڭ تۈزۈك).

ھازىر قولۇمدا توشقۇچە ئاتكىرىتكا بار، تېخى ئىككى خىزمەتكارىممۇ بار. مەن ئەمدى ئىككى ئېغىز بولسىمۇ سۆزلىمىسەم بولمىدى.

— جېف، شەنبە كۈنى مەن سەن بىلەن بىللە چىقاي، — كېيىن مەن ياردەمچىمگە تېلېفون قىلدىم، — جېك، بىز شەنبە كۈنى يېشىل كوچا دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارايلى. جېف ھازىر ئۇ يەرنى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى. بولمىسا ئۇنى ياندۇرۇپ ئەكېلەيلى. ئۇ ئاتكىرىتكىلارنى ئۆزۈم پۈتۈنلەي ھۆددە قىلمىسام بولمىدى. مەن ئۇنى ئۆيۈڭلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىككى ئۆيگە ئەۋەتىپ باقايمىكىن، مەن ئۇنىڭ ئىككى قېتىم «كېرەك ئەمەس» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر قېتىملىق «كېرەك»نىڭ ئۆيىڭىزدە ساقلاپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىز شەنبە كۈنى دېھقانچىلىق مەيدانىغا باردۇق. بىرىنچى ئائىلە «كېرەك ئەمەس» دېگەن گەپنى قىلمىدى. ئەكسىچە «كېرەك» دېگەن گەپنى قىلدى. ئىككىنچى ئائىلىمۇ «كېرەك» ئىدى دېدى؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىردى، ئۇ مىڭدە بىر (ئون ھەسسە) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتىگە كەلدى. سىز جېفنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ بېقىڭ. ئۇ قاتتىق جانلىنىپ كەتكەنىدى!

مەن ئۆتكەن يىلى جېفقا 24 دوللار قەرز بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان تازىلىق مەھسۇلاتىنى سېتىشقا مەدەت بەردىم. تومۇز بولۇۋاتقان 8 - ئاي كۈنلىرى، 38 سەككىز قېتىم «ياق»قا دۇچار بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىشتىن ۋاز كەچمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەقەت يۈكسەك كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى

ساقلاپ قالغاندىلا «ياق»قا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالغاندى. چۈنكى ئۇ بوشاشماي تىرىشقاندىلا جەزمەن «يېڭىل كوچا دېھقانچىلىق مەيدانى»نىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى.

مەن ئەڭ ئۇلۇغ بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ھېكايىدا تاشقى رىغبەت بىلەن ئىچكى رىغبەتنىڭ پەرقى سۆزلەنگەنىدى. ئۇ ھېكايىنى جول رىچاز سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ خادىغا تايىنىپ سەكرەش بويىچە دۇنيا چېمپىيونى بولغانىدى. ئۇ زەيتۇن توپ كوماندىسىدىكى گىروي كەلگەن يىگىتلەرنىڭ بىرى ئىكەن، ئەمما ئۇ بەك ھورۇن ئىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ماختاش - تەرىپلەشلىرىگە بەك خۇشتار ئىكەن، غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەشنى خالىمايدىكەن. كاستۇم - بۇرۇلكا، شىبلىت - بەتىنكە كىيىپ ياسىنىپ يۈرۈشكە ئامراق ئىكەن. مەشىق قىلىشنى خالىمايدىكەن. قىسقىسى ئۇ بەدەل تۆلەشنى زادى خالىمايدىكەن.

بىر كۈنى تەنھەرىكەتچىلەر مەيدانىنى 50 قېتىم ئايلىنىپتۇ، ئەمما ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ يۈرىدىغان بۇ بۇرادەر ئاران بەش قېتىملا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشقاۋۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي، بالا، ساڭا بىر تېلېگرامما كەپتۇ، — دەپتۇ.

— مەشقاۋۇل، بۇ تېلېگراممىنى ئوقۇپ بېرىڭە، — دەپتۇ.

ئۇ بەك ھورۇن بولغاچقا، ھەتتا تېلېگراممىنىمۇ ئوقۇشنى خالىماپتۇ.

مەشقاۋۇل تېلېگراممىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ: «سۆيۈملۈك ئوكام، ئاتاڭ تۈگەپ كەتتى. تېز ئۆيگە قايت.» مەشقاۋۇل ئېغىر تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— سەن بۇ ھەپتە ئارام ئال! — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەشقاۋۇل ئۇ بىر ھەپتە ئارام ئالدىمۇ ياكى



بىر يىلمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.

ئەمما قىزىق يېرى شۇكى، مۇسابىقە جۈمە كۈنى باشلىنىدىكەن. كوماندا ئەزالىرى كېلىپ، مۇسابىقە مەيدانىغا يولۋاستەك ئېتىلىپ كىرىپتۇ. ئاي - ھاي، قاراڭ بۇ ئىشقا، بۇ ئىشقا ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ. ئەڭ ئاخىر بۇ ھورۇن مەيدانغا چۈشۈپتۇ. مۇسابىقە پۈشتىكى چېلىنماستىنلا ئۇ بالا:

— ترېنېر، بۈگۈن مەن مەيدانغا چۈشەلەرمەنمۇ، توپ تېپەلەرمەنمۇ؟ — دەپتۇ.

ترېنېر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بالام، سەن بۈگۈن توپ ئوينىيالمايسەن. بۈگۈن مەكتەپداشلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش بايرىمى. بۈگۈنكى مۇسابىقە تولىمۇ مۇھىم. بىزگە ھەقىقىي يارامىلىق ئادەم كېرەك. سەن ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلانمايسەن، — دەپتۇ.

ئەمما ئۇ ترېنېرغا كانىدەك يېپىشىۋېلىپ:

— ترېنېر، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرسىڭىز. بۈگۈن توپ ئوينىمىسام، بولمايدۇ، — دەپتۇ.

بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقە ئاياغلاشقاندىن كېيىن نىسبەت ئانا مەكتەپ كوماندىسىغا ئاغدۇرۇلۇپتۇ.

ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدىغان چاغدا ترېنېر كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدە كوماندا ئەزالىرىغا ناھايىتى ياخشى ئىلھام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ «كۈرەش قىلىش» جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن:

— خوش، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار. چىقىپ ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇڭلار. بىز تېخى توپ ئويناشتىن يىراق؟! سىلەر جەزمەن پېشقەدەم ترېنېرىڭلار ئۈچۈن بۇ مەيدان مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىڭلار، — دەپتۇ.

كوماندا ئەزالىرى پۈتۈنلەي ئېتىلىپ چىقتى، ئەمما پۈت ئىشلىتىش جەھەتتىكى خاتالىق ھېلىھەم داۋاملىشىۋېرىپتۇ.

تىرېنېر بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇرىغىنىچە ئىستېپانامە يېزىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى بالا يەنە كېلىپ:

— تىرېنېر، ھەي تىرېنېر، ئۆتۈنۈپ قالاي، مەيدانغا مەن چۈشەي! — دەپتۇ.

تىرېنېر نومۇر خاتىرىلەش تاختىسىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— خوپ، مەيدانغا چۈش بالام، ئىش قىلىنىپ ئەمدى ھېچقانداق كارايىتى يوق، — دەپتۇ.

ئۇ مەيدانغا چۈشۈشى بىلەنلا كوماندىدىكى پۈتۈن ئەزالار خۇددى قازاندەك قايناپلا كېتىپتۇ. ئۇ مەيداندا ئۇياق - بۇياققا چېپىپتۇ، ئوڭ - سولدىن مۇداپىئە كۆرۈپتۇ. ئۇ خۇددى گىگانت يۇلتۇزغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. بۇ ھال قالغان كوماندا ئەزالىرىغىمۇ تەسىر قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە نىسبەت سانىمۇ تەڭپۇڭلىشىشقا باشلاپتۇ. مۇسابىقە ئاياغلىشىدىغان چاغدا بالا قارشى تەرەپنىڭ توپىنى توسۇپتۇ. تۆۋەن نومۇر ئالغان بولسىمۇ، بىر توپ ئۈستىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ! پاھ! تاماشىبىنلارمۇ قايناپ كېتىپتۇ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپتۇ، پاتىپاراقچىلىق پەيدا بوپتۇ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. كىشىلەر قەھرىماننى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپتۇ. ئۇنداق تەنتەنە ئىككىنچى قېتىم ئاڭلانماپتۇ. نىھايەت، ھاياجان ۋە خۇشاللىق بېسىققاندىن كېيىن تىرېنېر بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق مۇسابىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ساڭا قانداق جىن چاپلاشقاندۇ، سەن باشقىچىلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەن، ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

— تىرېنېر، ئېسىڭىزدىمۇ، ئۆتكەن ھەپتە ئاتام تۈگەپ كەتتى، — دەپتۇ ئۇ.

— ئېسىمدە، — دېدى تىرېنېر، — مەن ساڭا تېلېگراممىنى ئوقۇپ بەرگەنىدىم.

— ئەمەلىيەتتە تىرېنېر، — دەپتۇ بالا، — ئاتامنىڭ كۆزى



كۆرمەيتتى، ئەمدى ھازىر ياخشى بولدى، بۈگۈن ئۇ مېنىڭ مۇسابىقەمنى تۇنجى كۆردى.

مۇبادا تۇرمۇش بىر مەيدان ئويۇن بولسا ياكى مۇسابىقىدەك تۇرمۇش بەيگە مەيدانىنىڭ ھەربىر يۈزى دېگۈدەكلا ئادەمنى شادلاندۇرغان بولسا نېمىدېگەن قىزىق، نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى - ھە! بىز ئامال قىلالمىغان، يەڭگىلى بولمايدىغان، ماڭار يولىمىز قالمىغان، كىشىلەر بىزنى چۈشەنمىگەن دەملەردىلا ئاندىن سورۇنىمىزنى يىغىپ «مەن ۋاز كەچتىم» دەيمىز، بۇ گەپ ئادەمنىڭ قۇلىقىغا تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىدۇ؛ مۇبادا ھاياتلىق سەيناسىدىكى كىشىلەر بىزگە غەيرەت - شىجائەت تىلەپ: «چارلىس، بالام، داۋاملاشتۇر، بىز سەن بىلەن بىللە!» دېسە، بىز: «پاھ، ئەجەب ياخشى بولدى! ماڭا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى دەل مۇشۇ ئىدى. قاراڭلار، مەن ھازىرلا مەيدانغا چۈشىمەن. يەنە بىر نومۇرغا ئېرىشىمەن» دەيمىز.

ئەمما تۇرمۇش مۇسابىقە مەيدانى ياكى ئويۇن سورۇنى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر جەڭگاھ. مۇسابىقە ماھىرىغا نىسبەتەن تاماشىبىنلار بولمىسا، بىز تامامەن جەڭچىگە ئايلىنىپ قالىمىز. جۇملىدىن ئالدامچى، بىكار تەلەپ، خىزمەت ئەھدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئادەملىرىمىز جەڭچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەيلى بىز بىلەيلى ياكى بىلمەيلى مۇشۇ ئۇرۇش ئىچىدە بولىمىز. ئەمما، ئۆزلۈك ئىلھام - رىغبەتنى چۈشىنىدىغان بىر ئادەم تاشقى جەھەتتىكى ھەرقانداق ئىلھام - رىغبەت مېخانىزمىغا موھتاج بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلھام - رىغبەت مېخانىزمىنى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ قەلب قەسىرىگە قۇرۇپ بولغان بولىدۇ. ئۇ ھاسىغا، ھاسا ئىزدەشكە موھتاج ئەمەس، چۈنكى ھاسىمۇ سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن؛ ئۇ مۇكاپاتقا موھتاج ئەمەس، چۈنكى باج تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ساڭا ھېچقانچىلىك پۇل قالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن رىغبەت ۋە ئىلھام يۇلتۇزىنى قانداق تېپىشنى ئۆگىنىۋالدى.

نىشانىڭىز ۋە پىلانىڭىز بولمىسا مەنزىلسىز يۈرۈۋاتقان كېمىگە ئوخشاپ قالىسىز

— فىبراخوگ دولسىن دوكتور

# 18 ـ دەرس

## ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەرتىپىنى قانداق بېكىتىسىز

سىز ھەرقانداق ئالدىراش بىر رەستىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇپ، ئالدىڭىزدىن ئۇياق ـ بۇياققا مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ بېقىڭ. سىز بۇ ئادەملەر ئىچىدە بىرەر ئادەمنىڭ كونكرېت تۇرمۇش نىشانىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئۇ نىشانغا تىرىشىپ ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالامسىز؟

مۇبادا سىز بۇ قېتىملىق قىمارىدا ئۇتۇۋالغان بولسىڭىز، يەنە بىر قېتىملىق قىماردا چوڭ ئۇتتۇرۇۋېتىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى نەچچە يۈزلىگەن ئالدىراش ئادەملەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەتە نېمە ئىش قىلىشىنى ئويلايدىغان بىر ئادەمنىڭ بولۇشى ناتايىن.

مۇبادا سىز باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە، سوراشقا جۈرئەت قىلالىسىڭىز، سىز تۇرغۇزغان نىشان دەل «شىركەت باشلىقى كېلەر يىللىق خام چوت ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان»لىق بولىدۇ. نىشان تۇرغۇزۇش دەل زەيتۇن توپ تىرېنېرى بىلەن كالتەك توپ دىرېكتورلىرى دائىم قىلىدىغان ئىش. نىشان تۇرغۇزۇش دەل پرېزدېنت بىلەن شتات باشلىقلىرى، فوند توپلىغۇچىلار ھەمىشە



ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز، چۈنكى ئۇلارنىڭ قاتنىشىدىغىنى تامامەن چوڭ ئاپپاراتلارنىڭ ھەرىكىتىدۇر. ئەمما، بىز قانداق قىلىپ ئۆزىمىز ئۈچۈن تۈپلايمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈن نىشان تۇرغۇزىمىز، بولۇپمۇ ئاز ئىش ھەققىدە قانداق ئويلىنىمىز، قانداق نىشان تۇرغۇزىمىز؟

بەزى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا چىقىم قىلىدىغان كۈن مەڭگۈ بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۇرغۇزغان نىشانى، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن بېكىتكەن كونكرېت پىلانى، كىرىمنى ئاشۇرىدىغان خىيالى بولمايدۇ، ئۇلار ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئاشۇرمايدۇ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتمەيدۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن قىممەت ياراتمايدۇ. ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، كۆپ ساندىكى ئادەملەر مەنزىلسىز قاتناۋاتقان پاراخوتنىكى كاپىتانغا ئوخشايدۇ!

فىراخوگ دولسون دوكتورنىڭ بالىلار توغرىسىدىكى «قانداق قىلغاندا ياخشى ئاتا ـ ئانا بولغىلى بولىدۇ» دېگەن كلاسسىك ئەسىرى خەلقئارادا زور شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ «سىز مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزى» دېگەن كىتابى ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇرەككەپ نىشان سىستېمىسىغا ئوخشىمايدۇ. خوش، ئەمدى سىز ئاددىي ساۋات خاراكتېرلىك بىر پىلاندىن بەھرىلىنىڭ، بۇ پىلان سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزى بولۇشىڭىزغا، ئۆزلۈكىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا، ئىلھاملىنىشىڭىزغا، نائىل بولۇشقا تېگىشلىك تۇرمۇش يوسۇنىغا مۇيەسسەر بولۇشىڭىزغا ياردىمى بولىدۇ.

مەن سىز بىلەن نىشانىڭىز، پىلانىڭىز ۋە ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەرتىپىڭىزنى قانداق يازىدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا پاراڭلاشقۇم كېلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ «ئۆزلۈك يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىز» ئەقىل ـ ھوشىڭىز بىلەن تۇرغۇزغان نىشانىڭىز،

پىلانىڭىز ئارقىسىدا ئۆسىدۇ. رول نىشان ئەكس ئەتتۇرگەن نەرسە سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولىدۇ.

نىشان سىز مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولغان نەرسىدۇر، پىلان نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت يولى ۋە ئۇسۇلىدۇر. مەيلى نىشان ياكى پىلان بولسۇن، ئۇلار تامامەن سىزنىڭ كاللىڭىزدىن چىقىدۇ.

سىز ئەتراپىڭىزدىكى دۇنياغا قارايدىغان بولسىڭىز ھەربىر ئىشنىڭ (تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئادەمنىڭ ئويىدىن باشلانغانلىقىنى كۆرىسىز. مەسىلەن، سىز كىيگەن كاستۇم، ساراپان، سىز ھەيدىگەن ماشىنا، پىكاپ ۋە سىز ئاڭلىغان كۈي ـ ناۋالار.

سىز ھازىر كۆرۈۋاتقان بۇ خەتلەرمۇ دەل مېنىڭ مېڭەمدە بىخ ئۇرۇپ ئويلاپ چىقىلغان. مېنىڭ بۇ ئويلىرىم كېيىن نىشانىمغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىر پىلان تۈزدۈم. مەن ئۇرۇشتا ئىشلەتكەن خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنى ئەمەلىيەتتە 18 ـ ئەسىردە ياشىغان ھېنرىك مىل دېگەن بىر ئەنگلىيىلىك ئادەم ئويلاپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئادەملەر خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى، ئۆزگەرتتى ۋە بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا يېتىدىغان نىشانغا ئايلىنىپ قالدى. سىز كىيگەن ھەربىر قۇر كىيىم، تۇرالغۇ ئۆي، ئوپچا بىنادا ئىشلىتىلىۋاتقان ھەربىر نەرسە، ھەتتا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزىمۇ، شۇ ماددا بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە زاھىر بولغان بولىدۇ؛ كېيىن لايىھىلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، سېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەلۇم خېرىدارنىڭ نىشانىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، سىز ئىشلىتىۋاتقان چىش چوتكىسىنى ئالايلى، بۇمۇ دەسلەپتە مەلۇم بىر ئويدىن باشلىنىپ، كېيىن كونكرېت پىلان ئارقىلىق تاماملانغان ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان.



كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا نىشان، پىلان ياكى كىشىلەرنىڭ ئوي ـ خىيالىدىن باشلانغان. مۇبادا بۇنداق ئۇقۇم سىزنى تۇتۇۋالسا، ئۇ بىر ئىنقىلابىي خاراكتېرلىك ئۇقۇمغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ سىزگە ئەڭ تۈپكى خاراكتېرلىك نەرسىنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئەڭ مۇھىم نەرسە ــ ئىدىيىنىڭ دۇنياسىدۇر. ئەمما ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، نۇرغۇن ئادەملەر ئىدىيە دۇنياسىنىڭ مۇھىملىقىنى تۆۋەن چاغلايدۇ. بىز مەلۇم بىر ئادەمنى «رىيالىي» دەپ ئاتىغان دەملىرىمىزدە بۇ ھېچقانچىلىك ھۆرمەتلىك بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى بىز ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملەرنى «ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەر» دەپ ئاتىشىمىز يوللۇق ئىدى. ئەمما بىز ھەربىر «ئەمەلىي ئىشلىگۈچى» نىڭ ئالدى بىلەن بىر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بۇ مەسىلىگە يۈزەكى قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزنىڭ مۇنداق بىر قائىدىنى چۈشىنىشىمىز قىيىنغا چۈشۈشى مۇمكىن: بۇ دۇنيا ئەر ـ ئاياللارنىڭ خىيالىدا پەيدا بولغان تۈرلۈك پىلان ۋە نىشان سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا ئىشىنىش بەسى مۈشكۈل بولىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز ۋە مائارىپ ئاپپاراتلىرىمىز ئوقۇغۇچىلارغا قانداق نىشان تۇرغۇزۇشقا، قانداق ئىشەنچلىك پىلان بېكىتىشكە ھامان سەل قارايدۇ. سىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، قايسى ئالىي مەكتەپتە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان دەرسلەرنى تۇرغۇزغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەمما مەن ئاڭلىمىدىم.

مەن بەزىدە كىشىلەرگە نىشان ۋە پىلان توغرىسىدا سۆزلەيمەن ھەمدە ئۇلاردىن قايسى جايلارنىڭ نىشان ۋە پىلانغا چېتىلىدىغانلىقىنى سورىسام، كۆپ ساندىكى كىشىلەر: «سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق، پەن ـ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندۇق، مۇشۇنداق ھەرخىل ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمىز» دېيىشتى، ئۇلار ھەمىشە بەزى غەيرىي كەسپىي ساھە ياكى

خۇسۇسىي دۇنياسى توغرىسىدا سۆزلىمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ توي - نىكاھ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىمەسلىكى مۇمكىن.

بۇ مېنى بۇرۇنقى يۇسۇف دېگەن بىر بىمارنى ئەسلەتتى. ئۇ 43 ياشقا كىرگەن ئادەم ئىدى، سودا قىلاتتى، ئىگىلىكى بار ئىدى. ئۇ خىزمەتتە «نېرۋىنىڭ ھۇجۇمى» بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەچكە مېنى ئىزدىگەنىدى. ئۇنىڭ 2 - ئەرەنچە كېيىم - كېچەك دۇكىنى يېڭىدىن ئىش باشلىغانىدى، سودىسىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ دۇكان خوجايىنى بىلەن بولغان سۈركىلىشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ دىرېكتور بۇرۇن كىشىلەرنى ئوبدان رازى قىلىدىغان ياللانما خادىم ئىدى. ئەمما ئۇ يېڭى ۋەزىپە ئورنىغا چىققىشى بىلەنلا ھەممە ئىش ئۆزگىرىپ كەتتى. ھازىر دىرېكتور بىردىنلا نۇرغۇن پىشىپ يېتىلگەن ئۇقۇم بىلەن ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. بۇرۇن دەل مۇشۇ ئۇقۇم بىلەن ئىشلەش ئۇسۇلى يۇسۇفنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا ئېلىپ بارغانىدى. يۇسۇف ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىپ، سودا ئىشلىرىدىن پەخىرلىنىپ كەلگەنىدى. ئەمدى ھازىر ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتتى. ئۇ ئۆزىگە: «مەن سەپتىن چۈشۈپ قالدىممۇ، يوق، مەن ئەمدى 43 ياشقا كىرگەن تۇرسام، قېرىلىق دەۋرىگە بېرىپ قالدىممۇ، يوق» دېگەندەك سوئاللارنى قويدى.

يۇسۇف مەن بىلەن سودا ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەشكەچ خوتۇنى ئۆزىنىڭ كەسكىن قوللىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى دېدى. ئۇ مەندىن توي - نىكاھ ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىمىسىمۇ، ماڭا ئايالى مارىيە توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا سىلەر توي قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىكى ھوزۇر - ھالاۋەت، خۇشخۇي، شېرىن مۇناسىۋەت ھازىر سۇسلىشىپ قالغاندەك، زېرىكىشلىك تۇيۇلغاندەك قىلىدۇ، دېدىم. شۇنىڭ



بىلەن مەن ئۇنىڭغا تەكلىپ تۇرۇپ: «نىكاھقا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، سىز بەزى نىشان ۋە يولغا قويۇشقا بولىدىغان بەزى پىلانلارنى تۇرغۇزۇڭ» دېدىم. ئۇ: «پاھ، ئەجەب ياخشى گەپ قىلدىڭىز، دوختۇر! مەن نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغاندىمەن. مەن سودا ئىشلىرىغا نىشان تۇرغۇزغاندەك نىكاھ ئىشىغىمۇ نىشان تۇرغۇزسام بوپتىكەن ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك بىر خىل قىياپەتتە ماڭا ئايالى بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ھەمىشە رومانتىك ئۆتكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئەمما ئۇ بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى ئايالى بىلەن ھېچقانداق مۇڭداشمىغانلىقىنى، رومانتىك چاغلىرىنىڭمۇ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

بىز ھەم ئۇزۇن، ھەم نۇرغۇن پاراڭلاشتۇق. كېيىن يۇسۇف ئىشنى نىكاھتىن باشلايدىغانلىقىنى، بەزى ئاددىي پىلانلارنى تۇرغۇزىدىغانلىقىنى، يېڭى نىشانىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، ئاشۇ رومانتىك چاغلارنى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يۇسۇف «سۆيگۈ ئەلچىسى» ئاتكىرىتكىسىنى سېتىۋېلىپ خوتۇنىغا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇ ماڭا ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن توي قىلغان خاتىرە كۈننى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ھەر ئاينىڭ «16 - كۈنى»نىمۇ بىر «خاتىرە كۈنى» سۈپىتىدە تەبرىكلەڭلار دەپ تەكلىپ بەردىم. ئاخىر مەن ئۇنىڭغا يەنە سىز پات - پات ئايالىڭىزنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ بىرەر ۋاخ غىزا يەڭ، بالىلارنى ئەگەشتۈرمەي، يالغۇز ئىككىڭلارلا چىقىڭلار دەپ تەۋسىيە قىلدىم.

بەلكىم بەزىلەر: «ھەي، بۇنداق پىلانلارنىڭ نېمە يېڭىلىقلىرى بار، ئەجەبا بۇنداق ئىشلارنى ئۇ ئۆزى ئويلاپ چىقسا بولمامدىكەن؟» دېيىشى مۇمكىن. ئۇ ئەلۋەتتە ئويلاپ چىقالايدۇ ۋە

تامامەن ئويلاپ چىقالايدۇ. ئەمما جاۋاب شۇكى، مۇبادا مەن ئۇنىڭغا ئىشقىنى ئۆزۈك خالىغانچە بىر ياقلىق قىل دېسەم، بەلكىم ئۇ بۇنداق ئىلھام ۋە يېڭىلىقنى مەڭگۈ ئويلاپ چىقالماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ يۇسۇف بۇ پىلاننى تەدرىجىي يۈرگۈزدى، ئايالى بارغانسېرى خۇش بولۇپ كەتتى، يۇسۇفكە ئامراق غىزالارنى ئېتىپ بەردى. يۇسۇفنىڭ كىچىك ئىشلىرىغىمۇ ۋايىم يەيدىغان بولدى، ئۇلار يېڭى توي قىلغان چاغلىرىدىكىدەك ئۆتۈشتى. كېيىن يۇسۇف تولىمۇ بەختىيارانە هالدا: «بىز هازىر تولىمۇ ياخشى ئۆتۈشۈۋاتىمىز، شېرىن هايات شەربەتلىرىنى ئىچىپ مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ كەتتۇق» دېدى. تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ نىكاھ ئىشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يۇسۇفنىڭ سودا - سېتىقىمۇ خوپ روناق تاپتى. قاراڭ، بىر تەرەپنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى يەنە بىر تەرەپنىڭ زەنجىرسىمان ئۇنۇم يارىتىشىنى ئېلىپ كەلدى.

نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نىشانى، پىلانى يوق. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدە بۇنداق ئۇقۇمغا تامامەن سەل قارىلىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈن هېساب دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈۋېرىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ نىشانى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نىشانى تۇتۇق، پاسسىپ، هېچقانداق قىممىتى، ئەهمىيىتى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. مەن هەمىشە بۇنداق نىشاننى «پۇل خەجلەش نىشانى»غا يىغىنچاقلايمەن. كىشىلەر يېڭى ماشىنىسى بولۇشنى، ياۋروپاغا ساياهەتكە بېرىشنى، بىر قۇر ئېسىل پەلتوسى بولۇشنى ئويلايدۇ. شۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىمايدۇ؟ سىز بۇنداق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇل خەجلىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەهۋال تۈپەيلىدىن



كىشىلەر ئىنتايىن بىسەرەمجان ئەهۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، گاڭگىراپ قالىدۇ، قەيەردىن پۇل تېپىشنى بىلەلمەي قالىدۇ.

يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ «ئازدۇر - كۆپتۇر» نىشانى بولسىمۇ، ئەمما گادىرماچ، تۇتۇق، چۈشىنىكسىز هالەتتە تۇرىدۇ، ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. بۇ ئادەملەر ئوبدان ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى كونكرېت ئىشلىرىغا قاراپ باقمايدۇ، هاياتىدىكى نىشاننى تازا ئوبدان ئايدىڭلاشتۇرمايدۇ.

يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ نىشانى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق. مەن بۇرۇن بورۇس دېگەن بىر بىمارنى داۋالىغانىدىم. ئۇنىڭ نىشانى 35 ياشقا كىرگەندە دەم ئېلىشقا چىقىش ئىدى. ئۇ بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالمىغاچقا 35 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە بىسەرەمجان هالغا چۈشۈپ قالغان. دەرۋەقە بۇ نىشان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەيلى ئۇ هەرقانچە ئەقىللىق، زېرەك، قابىل، ئىستېداتلىق يىگىت بولسىمۇ، شۇنداق ياشلاردىن قانچىسى 35 يېشىدا دەم ئېلىشقا چىقالايدۇ، ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندا نېمىگە تايىنىدۇ، ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشىدىكى سەۋەبى نېمە؟ بىز بورۇسنىڭ بۇ مىسالىدىن ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن هېچقانداق ئويىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «دەم ئېلىشقا چىقىش» ئۇنىڭ نىشانى، ئەمما «دەم ئېلىشقا چىقىش»تىن ئىبارەت بۇ نىشان ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى بىلەن قانداقتۇر بىرەر مۇناسىۋەتتە بولۇش ئەمەس. مۇبادە ئۇ راستتىنلا 35 يېشىدا دەم ئېلىشقا چىقسا ئۇنىڭغا هەممە نەرسە قۇرۇق تۇيۇلىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ نىشانى ئەمەلىي بولمايلا قالماي، بەلكى تولىمۇ كەمتۈك بولغان بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا سىز هازىر ئەهمىيەتلىك نىشان تۈزىسىز، نىشاننى قانداق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىسىز، نىشاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان كونكرېت پىلان تۈزىسىز؟

سىزنىڭ نىشانىڭىز ئالدى بىلەن خىزمەت ساھەيىڭىز بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ خىيالىڭىزدا نۇرغۇن نىشان زاھىر بولىدۇ. جۈملىدىن: «پۇل خەجلەش نىشانى» پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، سەيلە - ساياھەت قىلىش، يېڭى ئۆي - تۇرالغۇ سېتىۋېلىش، پەرزەنتلىرىڭىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ۋە باشقىلار. بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يەر دەل ئۆزىڭىزنىڭ خىزمەت ساھەيىڭىزدە بولۇشى كېرەك.

يەنە بىر ساھە نىكاھ ساھەسى بولىدۇ. بۇ ساھەدە نىشان تۇرغۇزۇشتىن مەقسەت، بۇنىڭدىن كېيىن نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ياكى ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

يەنە بىر ساھە بار. ئۇ بولسىمۇ پەرزەنتلەر ساھەسىدۇر. كۆپ ساندىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان پىلانى بىلەن نىشانى بىرقەدەر ئاز بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن خۇددى قۇتقۇزۇش ئەترىتىگە ئوخشايدۇ، ئاتا - ئانىلار ھەر كۈنى ئالدىراشلىق بىلەن ئۇ يەردىكى، بۇ يەردىكى ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇلار كۈن بويى ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە نىشان ۋە پىلان تۈزگۈدەك ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. بۇنداق ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان ھېسسىيات مۇناسىۋىتى جەھەتتە زور دەرىجىدە ئېزىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تولۇق نەزەرگە ئالمايدۇ.

مۇبادا سىز تېخى توي قىلمىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزگە نىشان ۋە پىلان تۈزۈڭ. ئۆزىڭىز بىلەن راھەت - پاراغەتتە، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان، مەڭگۈ بىللە ئۆتىدىغان جۈرىدىن بىرنى تېپىپ توي قىلىڭ. كىمدۇر بىرەيلەن: «نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جۈرا تاللاشقا سەرپ قىلغان ۋاقتى يېڭى ماشىنا تاللاشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىغا يەتمەيدۇ» دېگەنىدى.

ئاخىرىدا دوستلار ساھەسىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. بۈگۈنكى



كۈندىكى مەدەنىيەت بوشلۇقىدا «دوست»لۇق مۇناسىۋەتنىڭ قانچىلىك سۇسلاپ، ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىگە قاراپ باقايلى. بەلكىم بۇ سىزنىڭ نىشانىڭىزنى ۋە پىلانىڭىزنى تۇرغۇزىدىغان يەر بولۇشى مۇمكىن.

سىز يېرىم سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئارامخۇدا ئولتۇرۇڭ، بۇ يېرىم سائەتتە بۇرۇن ئويلىغان نىشانلىرىڭىزنى، پىلانلىرىڭىزنى يېڭىدىن ئويلىغان ئوي - خىياللىرىڭىزنى بىر ۋاراق قەغەزگە رەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقىڭ، سىز تەسەۋۋۇر قىلغان نىشانىڭىزنى، ھەتتا ئەڭ غەلىتە نىشانىڭىزنىمۇ يېزىڭ. بۇ ئوي - خىيالىم بۇ باسقۇچتا ئىشقا ئاشارمۇ يوق، دەپ ۋايىم يېمەڭ، ئىشقىلىپ يازسىڭىزلا بولىدۇ. سىز بۇ نىشانلارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان بەش نىشاننى تاللاپ چىقىڭ، سىز شۇندىلا بۇنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر جەريان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

كېيىنكى قەدەمدە سىز بۇ بەش نىشانغا قانداق يېتىشنى قارار قىلىڭ. نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ تەرەپلەردە كەتكۈزۈپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر پىلاننى يولغا قويىدۇ، ئەمما بۇ پىلاننىڭ ئالا كۆڭۈللۈكى بەك زور بولۇپ كېتىدۇ. نىشانىڭىز دەرھال ئىشقا ئاشمىسا سىز ئازاب ھېس قىلىپ قالىسىز، ھەتتا نىشانىڭىزدىن ۋاز كېچىسىز. بۇنداق ئادەملەر دەل «ئوقۇتۇش ئاپپاراتى» دېگەن دەرسنى ئۆگەنمىگەن ئادەملەردۇر.

نۇرغۇن ئادەملەر «ئوقۇتۇش ئاپپاراتى» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئايلىنىش ئۇسۇلى ياكى ئۇ ئاساس قىلغان پىسخىك پرىنسىپى بىلەن ئانچە تونۇش ئەمەس. «ئوقۇتۇش ئاپپاراتى»نىڭ «قېرىندىشى» ئەمەلىيەتتە بىر خىل تەرتىپنامە بولۇپ، ئۇ كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىنغان قورال كىتابتۇر. ئۇنىڭ ئاساس قىلغانلىرىمۇ مۇتلەق ئوخشاش

پرىنسىپ بولىدۇ). «ئوقۇتۇش ئاپپاراتى» ياكى تەرتىپنامىنىڭ بېكىتىلىشى ۋە پىلانلىنىشىدىن مەقسەت شۇكى، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاددىي سوئالغا جاۋاب بېرىشىدىن ئىبارەتتۇر. تەرتىپنامىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆگەنگۈچى ئىنتايىن قىيىن سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. بۇنداق «ئوقۇتۇش ئاپپاراتى»نى تۇرغۇزۇشتىن ياكى تەرتىپنامىنى يېزىشتىن مەقسەت ئۆگەنگۈچىلەرنى ئىشنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ئىنتايىن توغرا بولغان نۇقتىدىن باشلاشقا ئۈندەش.

سىز «ئوقۇتۇش ئاپپاراتى»نى ئۆزىڭىزگە ئۈلگە قىلىڭ. ئالدى بىلەن نىشانىڭىزنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن نىشانىڭىزنى بىر يۈرۈش كونكرېت قەدەم باسقۇچىغا بۆلۈڭ، ئىشنى ئەڭ ئاددىي قەدەم باسقۇچتىن باشلاڭ. مەن بۇ يەردە يەنە بىر مىسال ئالاي: مەن بۇرۇن مايكىس دېگەن بىر بىمارنى داۋالىغانىدىم. ئۇ 46 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى زىيادە ئېشىپ كەتكەچكە بەدەنلىرى زادىلا قولاشماي قالغانىدى. ئۇنىڭ نىشانى بەدىنىنى ئەڭ ياخشى شەكىلگە كەلتۈرۈش ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن: سىز بۇ نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق پىلان قۇردىڭىز، دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: مەن بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيىگە، تەنتەربىيە سارايلىرىغا بارىمەن، دەپ جاۋاب بەردى — ئەمما بۇ بىزنىڭ ئۇ يەردىكى ئەڭ قىممەت جاي ئىدى. ئۇ يەنە ماڭا: ئۆزىنىڭ پۈتۈن يۈرۈشلۈك بەدەن چېنىقتۇرىدىغان تور سىنىپىغا قاتنىشىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى، ئەتىگەندە ئىشقا بېرىش يولىدا كۇلۇبقا بېرىپ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە 20 قېتىم سۇ ئۈزىدىغانلىقىنى، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتار يولىدا يەنە بەدەن چېنىقتۇرۇش ماشىنىسىدا بەدەن چېنىقتۇرىدىغانلىقىنى، دېدى. مەن شۇ زامات ئۇنىڭ بۇ پىلانىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان بىر پىلان ئىكەنلىكىنى، مايكىس بۇ پىلاندا بىرقانچە ھەپتىلا تۇرۇپ، ئاندىن پىلاندىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.



شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ، سۇ ئۈزۈشنىڭ ئورنىغا «ئوقۇتۇش ئاپپاراتى»نى دەسسىتىش تەكلىپىنى بەردىم. مايكىس يورغىلاپ مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىز ئۇنىڭغا: مايكىس، سىز ھەر كۈنى ئۆيىنى ۋە ھويلىنى بويلاپ يۈگۈرۈڭ، پەقەت ئۈچ مىنۇتلا يۈگۈرسىڭىز بولىدۇ، دەپ تەكلىپ بەردۇق. ئۇ يەنە ئوڭدىسىغا يېتىپ دوۋسۇن مۇسكۇللىرىنى مەشىق قىلىشقا ئامراق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا يەنە ئىشنى مۇشۇ بىرىنچى تەرەپتىن باشلاڭ، ھەر كۈنى ئالدى بىلەن بىر قېتىم ئوڭدىڭىزغا يېتىپ، ئاندىن ئولتۇرۇڭ، دېدۇق، مايكىس بىز دېگەندەك قىلىۋېدى، ئىش ئاسانغا چۈشتى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا گەپ كەتمەيتتى. ئۇ بەش ئاي جەريانىدا ھەر كۈنى يېرىم سائەت يۈگۈردى، 50 قېتىم ئوڭدىسىغا يېتىپ ئاندىن ئولتۇردى.

تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ بارىدىغان پىلان ئارقىلىق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەيلى ئۇ قانداق نىشان بولسۇن، مەن تامامەن ئۆزۈم داۋالىغان بىمارنى، ئۇنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پىلانىنى ئويلايمەن. تۇنجى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئىشنى ئاددىي پىلاندىن باشلاڭ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا پىلانىنىڭ قىيىنلىقىنى، كۈچلۈكلۈكىنى ئاشۇرۇڭ. ئەمما ھەرگىزمۇ ئالدىراشلىق، تەنتەكلىك بىلەن ئىش كۆرمەڭ.

مايكىسنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش پىلانى مېنى يەنە باشقا بىر بىمارنى — ژېنىنېتنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇ ئىزچىل تۈردە بەدەن ئېغىرلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى بەدەن ئېغىرلىقىنى ئىزچىل چۈشۈردى. ئىلگىرى - كېيىن 12 قېتىم بەدەن ئېغىرلىقىنى چۈشۈردى — 25 قاداق ئورۇقلىدى. ئۇ مۇشۇ بەدەن ئېغىرلىقىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىز ئۇنىڭ نىشانىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن تېز ئورۇقلاش ئۈچۈن بىردىنلا

غىزادىن ئۆزىنى قىسقانلىقىنى، ئەمما ئېغىرلىقىنىڭ ئېشىپ بېرىش سۈرئىتىنىڭمۇ ئوخشاشلا تېز بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ژېنىيېت ئورۇقلاش توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئادەم ئاستا ئورۇقلىغاندا بەدەن ھالىتىنى ئاسان ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر ھەپتىدە يېرىم قاداق ئورۇقلاشنى نىيەت قىلغان. سىز ھەر ھەپتىدە يېرىم قاداق ئورۇقلاش ئۈچۈن ئادەتتىكى ھەپتىگە قارىغاندا نورمال ئىسسىقلىق مىقدارى 3500 كالورىيە بولۇشى كېرەك، شۇنداق قىلسىڭىز بۇ نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز. ژېنىيېتقا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر كۈنى 250 كالورىيە ئىسسىقلىق بولسا ھەر ھەپتىسى يېرىم قاداق ئورۇقلاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، بۇ يەتكىلى بولمايدىغان نىشان ئەمەس. ئۇ بۇ نىشانىنى تېخىمۇ ئاسان ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەنە ئۆزىگە مۇكاپات مېخانىزمىمۇ تۇرغۇزغان. ئۇ ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئىش ھەققى تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن كالېندارغا ھەر ئىش ھەققى تارقاتقان كۈنى ئۆزىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىنى خاتىرىلىگەن. ئىش ھەققى تارقاتقان بۇ كۈننى ئالتە ئايغىچە داۋاملاشتۇرغان (ئۇ ھەر قېتىم ئىش ھەققى تارقاتقان كۈنى ئىش ھەققى تارقىتىشتىن ئىلگىرىكى كۈندىن بىر قاداق يېنىكلىگەن). مۇبادا ئۇ راستتىنلا بىر قاداق يېنىكلىگەن بولسا، ئۆزىگە ئەرزان سوۋغات سېتىۋېلىپ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان (بۇ سوۋغات يېمەكلىكتىن باشقا نەرسە بولسا بولىۋېرەتتى!) باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى مۇكاپاتلاش، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئېھتىياج بولىدىغان رىغبەتنى ئاشۇرۇۋەتكەن. ژېنىيېت ھاياتىدا تۇنجى بولۇپ بەدەن ئېغىرلىقىنى يېنىكلىتىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپلا قالماي، يەنە سەمرىپ كېتىشتىن ساقلانغان.

بىز ئەمدى كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدىكى تامامەن



ئۆزگىچە بولغان بىر مىسال ئۈستىدە توختىلايلى. مەن ئېللىبون ئىسىملىك بىر بىمارنى داۋالىغانىدىم، ئۇ 32 ياشتا ئىدى. ئۇ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن قاتتىق تەنھالىق سەزگەن ۋە تاشلىنىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ھېس قىلغان. ئۇنىڭ نىشانى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قوينىغا قايتا قايتىپ كېلىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئارىغا ئالماسلىقىدىن قاتتىق قورققان. مەن ئېللىونغا بىر پىلان تۈزۈپ بەردىم ۋە بۇ پىلاننى قەدەم باسقۇچ بويىچە يۈرگۈزۈشنى يولغا قويۇشنى تاپىلىدىم. ئۇ ئالدى بىلەن بويتاق ئاتا ـ ئانىلار ئۇيۇشمىسىغا كىرىشكە ئىلتىماس قىلدى. ئەمما تۇنجى ئېيدا بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ھېچقانداق پائالىيىتىگە قاتنىششقا بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭغا ھەتتا بۇ ئايدا ئۇلارنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىمۇ كۆرمەڭ دېدىم. ئۇ ئىككىنچى ئېيدىن باشلاپ گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆردى. ئەمما ھېچقانداق پائالىيەتكە قاتناشمىدى. ئۈچىنچى ئېيدا ئۇيۇشمىنىڭ مۇھاكىمە گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتى. تۆتىنچى ئېيى ئىككى مۇھاكىمە گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئاخىرقى بەشىنچى ئېيدا بىر مەيدان تانسىغا قاتناشتى. بۇ ئۇسۇل ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر ئايدا، ھەر بىر قەدەم باسقۇچتا ئىلگىرىلەش بولدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭدا جاسارەت پەيدا بولدى، ئۇ كېيىنكى باسقۇچنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشتى.

بەلكىم دەسلەپكى قەدەم باسقۇچى تولىمۇ كىچىكتۇرۇلگەندەك، ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك، ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى يوقتەك ھېس قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز خاتا ئويلىغان بولىسىز! بەزى ئىشلار ھازىر روي بېرىۋاتىدۇ، بۇ ئىشلار دەسلەپتە ئالاھىدە روشەن ئىپادىلەنمىگەن. ھازىر بولسا ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىۋاتىدۇ.

سىزنىڭ «يوشۇرۇن ئىقتىدار ئۆزلۈكىڭىز» قەدەممۇ قەدەم ئېچىلىۋاتىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىز ئۈچۈن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال شۇكى، ئىچكى دۇنيارىڭىزدىكى بېسىم مېخانىزمى سىزگە ئۇزلۇكسىز كاشىلا تېپىپ بېرىدۇ. نىشانىڭىز ئاللىبۇرۇنلا سىزگە نېمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزنى ئۇقتۇرىدۇ. دەسلەپكى قەدەم باسقۇچى ئاستا ھەم ۋەزمىن بولىدۇ، ھەربىر قەدەم باسقۇچ دېگۈدەكلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلغاندىن باشقا ئەمەلىيەتتە نىشانىڭىزنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئارزۇ ـ ئارمانىڭىز سىزنى ھەرىكەت قوللىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

سىز دەسلەپكى بەش نىشانىنى تاللاپ بېكىتكەندىن كېيىن يەنە بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ: ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا پۇرسەت بېرىڭ. ئۇنىڭ قەدەم باسقۇچىڭىزنى بېكىتىشىڭىزگە ھەممە بۇ قەدەم باسقۇچنىڭ ئوخشۇشلۇق بولۇشىغا ياردىمى بولىدۇ. «ئاڭلىق» ۋە «ئاڭسىز» ئۇسۇلنى ئورتاق قوللىنىپ، مەسىلىنى ھەل قىلغاندىلا ئاندىن كاللىڭىزدىكى بايلىق مەنبەسىنى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ زور چەكتە ئىشلىتەلەيسىز.

مېنىڭ تەكلىپىم شۇكى، پىلان باسقۇچىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى پىلان باسقۇچىنى يېزىۋېلىش. ئاددىيغىنا بىر قانچە ئېغىز گەپنى كارتوشكىغا يېزىۋېلىش كېرەك. تاللىغان بەش نىشانىنى ۋە بۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ھەرقانداق ئۇسۇل ۋە قەدەم باسقۇچنى خاتىرىلىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كارتوشكىنى ھەركۈنى كۆرۈپ تۇرۇشىڭىز ئۈچۈن ئەينەككە چاپلاپ قويۇڭ؛ ئىككىنچى كارتوشكىنى چاپىنىڭىزنىڭ يانچۇقىغا ۋە ھەميېنىڭىزغا سېلىۋېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بۇ نىشانلارنى مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن ھەر كۈنى



ئويلايسىز. مەن سىزنى ھازىرلا ئەڭ ياخشى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ دەپ مەجبۇرلىمايمەن، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز ئادەتتە نېمە ئىش قىلىڭ، بۇ نىشانلارنى ھەمىشە «ئاڭلىق» ھالدا ئويلىسىڭىزلا بولىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سىزنىڭ ئاڭسىزلىقىڭىزمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئاڭسىزلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىزمەتلەرنى قىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئاڭسىزلىق ھەمىشە بەزى ئويلىمىغان چاغلاردا ئۈنۈم بېرىپ قالىدۇ. بەلكىم سىز غىزا يەۋاتقاندا، سېتكا توپ ئويناۋاتقاندا ئىلھامىڭىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق چاغلاردا ئىلھامىڭىز كەلسە دەرھال خاتىرىلىۋېلىڭ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەنلىرىم ئەمەلىي ئىشلار ۋە ئېرىشكىلى بولىدىغان نىشانلاردۇر. مۇبادا سىزنىڭ تاللىغىنىڭىز دەل ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر تۈر بولسا، مەسىلەن، سىز دوختۇر بولۇشنى تاللىسىڭىز، نىشانىڭىزنى بىرقانچە قەدەم باسقۇچقا بۆلۈڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئاخىر بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلالايسىز.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، نىشان جەزمەن توغرا، ئەمەلىي بولۇشى كېرەك. مۇبادا سىز 50 ياشقا كىرگەندە دوختۇر بولۇشنى تاللىسىڭىز بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، 20 ياشتا بولغان بولسىڭىز بۇ كەسىپنى تاللىسىڭىز ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. سىز ئالدى بىلەن مۇشۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان ـ چىقالمايدىغانلىقىنى، زېھنىي قۇۋۋىتىڭىزنىڭ يار بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭىز كېرەك. سىز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزگە كەسپىي جەھەتتىن باھا بېرىشىڭىز كېرەك.

بەلكىم بەزى نىشان تۇرغۇزۇلغاندا ئەمەلىي بولۇشى، ئەمما ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئەمەلىي بولماسلىقى مۇمكىن. تۇرمۇشتا

ئۆزگىرىش بولسا نىشاندىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. شۇڭا سىز ھەرقانداق ئىش تۇرغۇن ھالەتتە تۇرىدۇ، پەقەت سىز نىشاننى ئۆزگەرتمىسىڭىز نىشان ئۆز پېتى بويىچە تۇرىۋېرىدۇ دەپ قارىماڭ. بەلكىم سىزنىڭ نىشانىڭىز نىكاھ مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن، سىز تازا تىرىشىۋاتقان چاغلاردا ئايالىڭىز سىز بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇشى مۇمكىن. سىز شىركەتنىڭ باش لىدىرى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىڭىزدا بىر تۈرلۈك ئىلمىي بايقاش شىركەت قۇرۇلمىسىدا يېڭى بىر بۆلۈم تەسىس قىلىش ئېھتىياجىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا سىزگە نىسبەتەن سىز ھەقىقىي جاۋابىنىڭ پۈتكۈل شىركەتتە ئەمەس، بەلكى سىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان تارماقتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىڭىز كېرەك. شۇڭا سىز پىلانىم، نىشانىم تاشقى ئۇيۇلغاندەك مۇستەھكەم، ئۆزگەرمەيدۇ دەپ ئويلىماڭ. نىشان تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئۆزگىرىدۇ، پىلان بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۆزگىرىدۇ. مۇبادا سىز پىلان ـ نىشانىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز، مەيلى بۇنداق ئۆزگىرىشنى سىز ئويلاپ چىقىڭ ياكى چىقماڭ، سىز «مەغلۇپ بولغان» بولمايسىز.

نىشان ئالدى بىلەن بىر يۇكسەك غايە بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، سىز كونترول قىلالمايدىغان نەرسىلەر يۇكسەك پەللىگە تىكلىگەن نەزەر دائىرىڭىزنىڭ كۆرسىنى چۈشۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىي مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىز ئەسلىدە بېكىتكەن نىشانىڭىزنى 25% ئورۇندىغان بولسىڭىز، ھەر ھالدا شۈكۈر دېسىڭىز بولىدۇ. ئەمما شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، مۇبادا نىشان تۇرغۇزمىسىڭىز بۇ 25% نىشانىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرالمايسىز.

بۇ ئەھۋالنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرەيلى: سىزنىڭ نىشانىڭىز بالىلارنى ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش بولسا،



سىز ئۇلارنى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا بىر يۇرۇش پىلان تۈزۈپ چىقىڭ. ئەمما سىز ۋە بالىلىرىڭىز كۆپ كۈچ سەرپ قىلغاندىن كېيىن سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنىڭ 50% تىنى ئورۇندىغانلىقىنى بايقايسىز. سىز مەيلى قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىڭ، ئىش پەقەت شۇنداق بولىدۇ، خالاس. ئەمما سىز نېمىشقا بۇنى قوبۇل قىلمايسىز؟ 50% ئۇلارنىڭ ئەڭ زور چەكتىكى تىرىشچانلىقى ـ دە! ئىش 50% ئورۇندالسا ئۇلارنى ھەم ئۆزىڭىزنى تەبرىكلەڭ، ئۇلار ياراتقان نەتىجىدىن خۇش بولىسىز.

بەزى نىشان غايىۋىلەشتۇرۇلگەن بولىدۇ. گەرچە قىيىنچىلىق قاتمۇقات بولسىمۇ، سىز يەنىلا ئۇ نىشانغا ئېرىشىش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىلگىرىلەيسىز. ئەمما نىشان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەندە سىز ئەڭ ياخشىسى دىققىتىڭىزنى باشقا نىشانغا بۇرۇڭ. بىر نىشاننى مۇكەممەل ئادەمنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. مۇبادا نىشاننى 100% ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىسا، مەجبۇرەن ھالدا مەن «مەغلۇپ بولغۇچى» دەپ قالىسىز.

شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، كالتەك توپ ماھىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرغا ئېرىشىش نومۇرى: 0 . 3 توپ ئۇرۇش نىسبىتىگە يەتسە ئۇ مۇنەۋۋەر توپ ئۇرغۇچى ماھىر بولىدۇ؛ بۇ ھەر ئون قايتىپ كەلگەن توپنىڭ ئۈچىگە تەگكۈزدى دېگەن گەپ. شۇڭا نىشان بىلەن پىلاندىمۇ ئوخشاش دەرىجىدە ئىمكانىيەت بولىدۇ. ئۆزىنى نىشانغا قارىتا 1.0 نىسبەتكە يېتىمەن دەپ زورلىماسلىق كېرەك. بۇ ئىشقىلىپ ئادەتتىكى ئادەم ھەمىشە يېتىدىغان سەۋىيە ئەمەس.

مۇبادا يۇقىرىدىكى تەلەپ بويىچە ئىش كۆرسىڭىز مەن سىزگە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، ئەمەلىيەتتە سىز تۇرمۇشتا باشقا كۆپ ساندىكى ئادەملەردىنمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىسىز. چۈنكى سىز نىشانىڭىزنى تېخىمۇ ئېنىق تىزىملاپ

چىقالايسىز، ھەر قېتىمدا بەش نىشاننى تۈزۈپ چىقىڭ. جىمى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ھېچبولمىغاندا ھەر بىر نىشاننىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ ئىشقا ئاشىدۇ.

«ئوقۇتۇش ئاپپاراتى» مودېلىنى ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانىڭىزنى تۈزۈڭ. ئىشنى ئادەتتىكى پىلاندىن باشلاڭ، بۇ سىزگە ئىلھام بېرىپلا قالماي، ھامان باشلىنىش بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئىش ئاددىي پىلاندىن باشلانسا ئىلگىرىلەش جەريانىدا قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ، تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ، سىزمۇ داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز مۇمكىن.

شۇڭا جىمى پرىنسىپلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى جانلىق بولۇشتۇر. مەيلى نىشان ياكى يۈرگۈزۈلىدىغان پىلان بولسۇن ھەرقانداق چاغدا ئىككىلەنمەي، قورقماي پىلان، نىشانىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ. نىشان، پىلان سىزنى ئەمەس، ئەكسىچە سىز نىشان، پىلاننى تىزگىنلەڭ، ئىگىلەڭ. قىسقىسى، سىز تۇرمۇشنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋالماي، تۇرمۇشنىڭ قىزىق نۇقتىسىنى ئاشۇرۇڭ.

ئەمما سىز يەنە ئوخشاشلا شۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشىڭىز كېرەككى، ئۆزىڭىزنى مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماڭ: سىز كۆڭۈل بۆلىدىغان نىشان سودا قىلىش ياكى قىمار ئويناش نىشانى بولۇپ قالمىسۇن. سىز يەنە توي - نىكاھىڭىزنى، بالا - چاقىلىرىڭىزنى، دوست - بۇرادەرلىرىڭىزنى ئويلاڭ! بۇلارمۇ سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم تەرەپتۇر.

مەن سىزگە بەش نىشان تاللاڭ دەپ تەۋسىيە قىلغانىدىم. بۇ بىز كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەقىلگە ئۇيغۇن سان. دەرۋەقە، سىز بۇ بەش نىشاننى مەڭگۈ ساقلاپ قالالمايسىز، بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان سانمۇ ئەمەس. ھاياتىڭىزدا يەنە جەزمەن باشقا



ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. مۇبادا سىز نىشانىڭىزغا يەتسىڭىز، يەتكەن نىشانىڭىزنى دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا نىشاننى يېزىڭ. بەلكىم سىز پالانى نىشان كىشىلەر قەلبىگە ياقمايدۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ، نىشانلىرىڭىزنى تەڭشىشىڭىز، ھەتتا باشقا نىشانغا ئالماشتۇرۇۋېتىشىڭىز مۇمكىن. سىز بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولىڭىز نىشاننى ئىشقا ئاشۇرغان، نىشاننى تەڭشەش، نىشاندىن ۋاز كېچىش، يېڭى نىشاننى كونا نىشان ئورنىغا دەسسىتىش جەريانى بولۇشى مۇمكىن. كۆپ ساندىكى ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھاياتىڭىز سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۆكنىڭ يېتىشىغا ئۆتكەن ھايات ئەمەس. تۇرمۇشىڭىزنىڭ كونكرېت نىشانغا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، كونكرېت پىلان ئارقىلىق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرغان ھايات بولىدۇ. سىز تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىدە ھامان توختاۋسىز، ۋەزمىن قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيسىز. سىز تۇرمۇش مۇھىتىڭىزنى ياخشىلىسىڭىز بەخت - سائادىتىڭىز ئاشىدۇ.

سىزنىڭ پىلانىڭىز قانچىلىك ئەتراپلىق بولسۇن، سىز ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قوغلاشمىسىڭىز، نىشانىڭىز «ئۇچمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دېگەندەك شېرىن خىيال بولۇپ قالىدۇ، خالاس

— W كېلەيمونت ستون

# 19 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا ئوتلۇق مۇھەببەتنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ

مۇبادا بىرى سىزگە «ۋاز كەچكۈچى»گە تەبىر بېرىپ بېقىڭ دېسە، سىز ئىككىلەنمەيلا: «ئاسان ۋاز كېچىدىغان ئادەملەر»، «ئىدىيىدە چېچىلاڭغۇ، ھۇرۇن ئادەملەر» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

ئەجەبا سىز ئويلاپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئەھۋال ئۆزىگە ھەرقانچە پايدىسىز بولسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ ئاخىر مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرالايدۇ، ئەمما بەزىلەر ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ، بوّسۇش سىزىقىدىن ئۆتەي دېگەندە يەنە مۇسابىقىدىن ۋاز كېچىدۇ؟

ئەجەبا جاسارەت بىلەن كەسكىنلىك — تەۋرەنمەس روھ، توختاۋسىز ئىنتىلىش، نىشانغا يېتىپ بارىدىغان تەرسالىق ئادەم يارىلىشى بىلەن تەڭ ھاسىل بولغان ماھىيەتمۇ؟ ياق!

ئۇنداق بولسا ئىرادىسىدىن تەۋرەنمەيدىغان ئادەملەر بىلەن ئاسان ۋاز كېچىدىغان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ پەرقى قەيەردە، ئۇ پەرقلەر زادى نېمە؟

ئۇ ئوتلۇق مۇھەببەتتۇر!



سىز ئۆتكەن تۇرمۇشىڭىزنى ئەسلىگەن دەملىرىڭىزدە مۇنداق بىر كەلىمە سۆزگە قوشۇلۇشىڭىز مۇمكىن: سىز قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇڭ، ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىقىڭىزنى يوقىتىپ قويىدىكەنسىز، بۇ ئىشنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش ئارزۇ ـ ئارمانىڭىزنى يوقاتقان بولىسىز. ئەمما ئەمەلىيەتتە مۇشۇ چاغدا بۇ ئىش بىر چەتكە تاشلىنىپ قالغان بولۇپ، ئورۇندالمايدۇ. سىز بۇرۇن «ھۇرۇن» دېگەن گەپنى دېيەلمىسىڭىزمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ ھۇرۇن بولغان بولىدۇ. سىزنىڭ ھۇرۇنلۇقىڭىز نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلار بىلەن ئانچە كۆپ مۇناسىۋىتى بولمىسا كېرەك. ئەمما تۇرمۇشتىكى زور ھالقىلىق ئىشلاردا، مەسىلەن، نىكاھ ياكى كەسىپ جەھەتتە ھۇرۇنلۇقنىڭ نەتىجىسى ئاپەت خاراكتېرلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولسا سىز تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا قىزغىنلىقنى يوقىتىپ قويۇشتەك خەتەرلىك ئەھۋاللار بولدىمۇ؟ بۇنداق ئەھۋاللار ئەلۋەتتە بولىدۇ! ھەرقانداق ئىش سىزنى قىزغىنلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ، شۇڭا سىز قىزغىنلىقنى قايتىدىن قانداق ئۇرغۇتۇشنى، ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئارمان گۈلخانلىرىنى توختاۋسىز جۇلالاندۇرۇشنى بىلىشىڭىز كېرەك.

W كېلەيمونت ستون بۇرۇن چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يول بويىدا يۇرۇپ گېزىت ساتقان گېزىتچى بالا ئىدى. ئۇ كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سۇغۇرتا شىركىتىنى قۇرغان. ئۇ ئىچكى دۇنيادىكى ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىقنىڭ قىممەتلىك سىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، مەنزىل ـ نىشانغا يەتكەن. مۇبادا سىز ئۇنىڭ «چېكى يوق مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن ژۇرنىلىدىن بىرقانچە بەتنى ئوقۇسىڭىز، ئۇنىڭ سىرى

سىزگە ئايان بولىدۇ.

جون ئوبلاين پوپ بىزنىڭ ئۆينىڭ دائىملىق ئەزىز مېھمىنى ئىدى. ئۇ بۇۋىمەريەم ئىنستىتۇتىدا ئىلاھىيەت ئىلمىدىن دەرس بېرەتتى، بىز بىرلىكتە ئۆزئارا پىكىرلىشەتتۇق، نۇرغۇن خۇشال چاغلارنى بىللە ئۆتكۈزگەنىدۇق. بىز بىر قېتىم «ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىق» تېمىسىدا مۇنازىرىلەشتۇق. مەن ئۇنىڭغا:

— سودا - سېتىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىق مۇھىم بىر ئامىل بولىدۇ، — دېدىم.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — مەيلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، يۇقىرى ئۇنۇم ياراتقان، قابىل پىرىكازچىك بولسۇن ياكى ئۇ قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ زۆرۈر بىر ئالاھىدىلىكى ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىق دەپ قارايمەن.

— سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز بويىچە دېگەندە ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىقنىڭ مەنىسى نېمە بولىدۇ؟ — دەپ سورىۋېدىم، ئۇ:

— مېنىڭچە سىز بۇ گەپنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە قىزىقىپ قالغاندەك قىلىسىز. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي. كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك بىلىدىغىنى سۆز مەنىسىنىڭ نېمىلىكىدىن ئىبارەت. «ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىق» دېگەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى گرېكچە تاق سۆزلۈكتىن كەلگەن. بۇ ئىككى سۆز سىزگە بۇ سۆزنىڭ سۆز يىلتىزىنى، ئەڭ توپ، ئەڭ ئاساس، ئەڭ ئىپتىدائىي سۆز مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. بىرىنچى سۆز «ئىلاھ» بولۇپ، بۇ سۆز پەرۋەردىگار دېگەن مەنىنى بېرىدۇ؛ يەنە بىر سۆز «مەۋجۇت بولۇش، En–Tae » دېگەن



بولىدۇ. «ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىق قەدىمكى گرېكلەر ئەڭ دەسلەپتە ئىشلەتكەن سۆز بولۇپ، مەنىسى ‹تەڭرى ساڭا يار بولغاي...› دېگەن بولىدۇ... ئىلاھنىڭ قۇدرىتى جىمى ئاق كۆڭۈللۈكتە، راستچىللىقتا، سەمىمىيلىكتە، سۆيگۈنى ئاپىرىدە قىلغۇچىدا ۋە بۇلاق - مەنبەدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئىلاھ ئادەمنىڭ مەركىزى، ئەمما ئادەم يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلايدۇ، تۇتاشتۇرىدىغان ئوت بولسا ئىلاھ بۇنداق ئوتنى ئۆزى تۇتاشتۇرىدۇ، — پوپ مەتولۇق بىلەن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى گەپلىرىنى بايان ئەيلىدى. كېيىن ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر قېتىم كېنوت روكېن بىر تەنھەرىكەتچىنى باشلاپ دوختۇرخانىغا بارغان. ئۇ بۇۋىمەريەم ئانا تەنھەرىكەت مەيدانىدىكى ئەڭ تالانتلىق، قالتىس ماھىر ئىدى. ئەمما ھازىر ئىپلاس كېسەللىك ئالۋاستىسى ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بەرگەچكە، ئۇنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا بېرىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىسمى جورجى جىپ ئىدى، كىشىلەر ئۇنى: ‹جىبول› دەپ چاقىرىشىدۇ، «جىبول» رىۋايەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئىلھام، شادلىق ئاتا قىلىدۇ ھەمدە بۇۋىمەريەم ئانا مەكتىپىنىڭ كېيىمىنى كىيگەن ماھىرلارغا شادلىق، ئۈمىد ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ. بەزىلەر جورجى جىبول «بىرىنچى ئادەم» ئۇ رەقىبىگە ھەرگىزمۇ «بىرىنچى ئادەم» ئىكەنلىكىنى بەرمىگەن، دېيىشىدۇ.

لوكېنىل جىبولنىڭ تۆشىكى يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بىردەم سۆزلىگەندىن كېيىن قۇدرەتلىك ئاللاھقا تىلاۋەت قىلىپ، جورجىغا جاسارەت ۋە قۇدرەت ئاتا قىلغايسەن، تۇرمۇشىدىكى ئەڭ قاتتىق ئىشقا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلدۇرغايسەن، كىشىلىك ھايات بىلەن ۋىدالىششقا جۈرئەت قىلدۇرغايسەن دەپ تىلىدى. جورجى جىبول لېكېنبىلغا قاراپ تۇرۇپ: «لوك، ھازىر كەتسەك سەل قىيىن بولۇپ قالارمىكىن»

دېدى. چۈنكى بۇ چاغ دەل زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇسابىقە پەسلى ئىدى.

— هازىر كېتىش ھەقىقەتەن ناھايىتى تەس، ئەمما ھامىنى بىر كۈنى ماڭىدىغان گەپ، — دېدى جىبول، — مۇسابىقىنى ياخشى ئېلىپ بارالماي، كوماندىمىز مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن. سىز كۆپچىلىككە ئېيتىڭ، ئۇلار يەنە بىر قېتىم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانسۇن، «جىبول» ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئاتلانسۇن. بەلكىم ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەسلىكىم، يەنە تېخى جەزمەن كۆرۈنمەسلىكىممۇ مۇمكىن. ئەمما مەن شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بەش يىلدىن كېيىن بۇۋىمەريەم ئىنستىتۇتى ھېلىقى چاغدا ئۇۋال قىلىنغان رەقىبى بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ 30 يىل ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. بىز ‹غەربىي نۇقتا› ھەربىي مەكتىپى بىلەن قارشىلىشىپ قالدۇق. ئۇ چاغدا كېنوت لوكنېل بۇۋىمەريەم ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخىدىكى دەرس ئۆتكەن ئەڭ ئاجىز بىر قوشۇننى باشلاپ كەلگەنىدى. بىرىم مەيدان مۇسابىقە ئاياغلاشقاندا نىسبەت سانى 21:7 بولغانىدى. ھەربىي مەكتەپنىڭ نەتىجىسى ئالدىدا تۇردى. ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقىسىدە دەم ئېلىۋاتقاندا ماھىرلار مەيداندىن ئايرىلىپ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىگە كىردى. بۇ چاغدا لوكنېل قىزغىن ھېسسىيات بىلەن جامائەتكە «جىبول»نىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ: «بۇرادەرلەر، مېنىڭچە ئەمدى ۋاقتى كەلدى، مەن كۆپچىلىككە جىبولنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەي. مەن بۇ ھېكايىنى سىلەرگە ئەزەلدىن سۆزلەپ بەرمىدىم. ئەمدى سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى: مەن بۇگۈنكى مۇسابىقىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى، بىزدىن ئامەت قاچقانلىقىنى بىلىمەن، ئۇلار بىزنى بېسىپ چۈشىدۇ، ھەتتا ئۆزىمىزمۇ بىسەرەمجان بولۇپ كەتتۇق. ئەمما بۇۋىمەريەم ئانا



ئىنستىتۇتىنىڭ كوماندىسىنىڭ شان - شەرىپى، تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ چەكسىز شان - شەرىپى ۋە خىرىسلىرى — جىبول ئۈچۈن كوماندىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ داغدۇغا قىلىشىمىز كېرەك.» كېيىن لوكنېل كوماندا ئەزالىرىغا جورجى جىبولنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا دېگەن ۋەسىيىتىنى سۆزلەپ بەردى. توساتتىن بىر خىل بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا: «يۇرۇڭلار، ئېتىلىپ بېرىڭلار. پۈتۈن قىزغىنلىقنى نامايان قىلىپ، جىبول ئۈچۈن يەنە بىر مەيدان يېڭىڭلار» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن كوماندا ئەزالىرى ناھايىتى زور ئىلھامغا ئېرىشتى. ئۇلار كىيىم يۆتكەش ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، باشقا بىر ئادەم سىياقىدا يېڭىۋاشتىن مۇسابىقىگە ئاتلاندى. توپ ئۇردى... ھۇجۇمغا ئۆتتى... كېسىپ ئۆتتى، توستى! قىسقىسى، ئۇلار تامامەن ئۆز ئىقتىدارىدىن ئېشىپ چۈشكەنىدى. لوكنېل كېيىن يەنە: «مەن ئاشۇنداق ناچار بىر كوماندىنىڭ ئاشۇنداق بىر جاسارەت، ھاياتىي كۈچ، قىزغىنلىق، ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن مۇسابىقىلەشكەنلىكىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم» دېدى.

ئۇ 11 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئىدى. زېمىنغا تۇن پەردىسى يېيىلغانىدى. جاھاننىڭ سۈرەن - شاۋقۇنلىرى بېسىققانىدى. ئىككى كوماندىنىڭ نىسبەت سانى چىقتى: غەربىي نۇقتا ھەربىي مەكتەپنىڭ 21 نومۇر، بۇۋىمەريەم ئىنستىتۇتىنىڭ 28 نومۇر بولغانىدى.

مۇبادا سىز هازىر ئاشۇ كوماندا ئەزالىرىنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىگە كىرسىڭىز بىر تۇچ لەۋھەگە: «مۇسابىقە ئېلىپ بېرىش قىيىن بولغان، رەقىبلىرى بىزنى بېسىپ چۈشىدىغان چاغدا ئېتىلىپ بېرىپ جىبول ئۈچۈن يەنە بىر مەيدان ئۇتايلى» دېگەن خەتلەرنىڭ ئويۇلغانلىقىنى كۆرىسىز. مەن ئۇ لەۋھەگە ئويۇلغان ئۇ خەتلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد كوماندا ئەزالىرىنى تەسىرلەندۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئىپتىدائىي

قۇدرىتىنى نامايان قىلدۇرغان، ئادەتتىكىدىن ھالقىپ چۈشۈرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. بۇ گەپلەر ئۇلارغا جاسارەت، قىزغىنلىق ۋە ئوتلۇق مۇھەببەت ئاتا قىلغان، مۇبادا ئۇنداق بولمىغان بولسا ھەرقانداق مۇھىم مۇسابىقىدە ئۇتۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## سىز ئۆز ئىرادىڭىز بويىچە قىزغىنلىقىڭىزنى ئۇرغۇتۇڭ

سىز دىرېكتور، ئادۋوكات، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى، پىرىكازچىك، مۇپەتتىش، ئىش بېشى، ترېنېر، پوپ ياكى دانىشمەن، ئاقساقال بولۇڭ، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان نۇرغۇن جەڭ - ئۇرۇشقا ئۇچرايسىز. شۇڭا سىز ئارمان قىلغان نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزىڭىز ياقتۇرمايدىغان يامان ئادەتلىرىڭىزنى تۈگىتىڭ.

سىز غەلىبە قىلىشىڭىز ھەم مەغلۇپ بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇسىغا، زور دەرىجىدە بەدەل تۆلىشىڭىزگە، قەرەللىك ئويلىنىشىڭىزغا، پىلان تۈزۈشىڭىزگە، ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزغا باغلىق بولىدۇ ۋە... شۇڭا سىز ئەقلىڭىز بىلەن بىر خىل چىن، ھەقىقىي، ئاكتىۋئال پوزىتسىيە تۇرغۇزۇپ پاسسىپ پوزىتسىيىنى تۈگىتىڭ.

«ئوتلۇق مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق بولمىسا ھەرقانداق مۇھىم ئۇرۇشتا يېڭىپ چىققىلى بولمايدۇ» دېگەننى ئوگ بولايىن پوپ. «ئەمما» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. «قىزغىنلىق بىلەن ئوتلۇق مۇھەببەتنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرىسىز؟»

مەن بۇ سوئالىڭىزغا تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بېرىمەن:

● سىز غايىڭىز بىلەن نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تولۇپ تاشقان ئوتلۇق مۇھەببەتنى يېتىلدۇرۇڭ. ھەر كۈنى



نىشانىڭىزغا دىققەت قىلىڭ. نىشانىڭىز ئەھمىيەتلىك بولغانسېرى جەلپ قىلىش كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ، ئۆزۈڭلارنى بېغىشلىشىڭلار، قىزغىنلىقىڭلارمۇ كۆپىيىدۇ.

● ۋىلىيام جامۇس پروفېسسورنىڭ گېپى بويىچە ئىشلەشنى توغرا چۈشىنىڭ ۋە شۇ بويىچە ئىشلەڭ: ھېسسىيات ھەمىشە پرىنسىپنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىمايدۇ، ئەمما ھامان ھەرىكەتنىڭ سىلجىتىشىغا ئۇچرايدۇ.

● تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ: مۇبادا سىز نۇرغۇن ئادەم ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنسىڭىز ھەمدە نۇتۇق سۆزلەش جەھەتتە تەجرىبىڭىز بولمىسا جەزمەن ئەندىشە قىلىشىڭىز، قورقۇشىڭىز مۇمكىن. سىز مۇنبەر ئالدىدا تۇرۇپ جامائەتكە نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولسىڭىز ئۆزلۈك رىغبەت نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە ئىلھام بېرىڭ. مەسىلەن، مۇۋەپپەقىيەت تىرىشقان ئادەمگە مەنسۇپ بولىدۇ، شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باقىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق دەڭ. يەنە كېلىپ سىز پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۇرۇنۇڭ. مۇبادا مۇۋەپپەقىيەت قازانسىڭىز زور ئۇتۇققا ئىگە بولغان بولىسىز. سىز دەرھال ھەرىكەتكە كېلىڭ، ھازىردىن باشلاپ ئىشلەڭ! مۇنبەر ئالدىغا چىقىڭ. سىز مۇنبەر ئالدىغا چىققاندا قورقۇشىڭىز مۇمكىن. بۇنداق قورقۇش سىز ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس: ئۈنلۈك ئاۋازدا، تېز سۈرئەتتە سۆزلەڭ. مۇھىم گەپ - سۆزلەرنى تەكىتلەڭ، پەش، چېكىت بار يەرلەردە جىددەك تىنىۋېلىڭ... چىرايىڭىزغا كۈلكە يۈگۈرتۈڭ، ئاۋازىڭىزدىنمۇ تەپەككۇر ئالامەتلىرى چىقىرىڭ... ئاندىن تەلەپپۇزىڭىزنى ئوڭشىۋېلىڭ. تەلەپپۇزىڭىزنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك تەلەپپۇزدا سۆزلەڭ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئوتلۇق مۇھەببىتىڭىز بىلەن جامائەتكە يەنە بىر قېتىم سۆزلەڭ. سىز شۇ تەرزدە يۈز قېتىم سۆزلىسىڭىز يۈز قېتىم

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز.

● جامۇس پروفېسسور مۇنداق بىر ھەقىقەتنى كۆرسەتكەندى: ھېسسىيات، روھىي ھالەت ۋە كەيپىيات ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ قوزغىلىدۇ. مۇبادا سىز راستتىنلا تولۇپ تاشقان ئوتلۇق مۇھەببەتكە ۋە قىزغىنلىققا نائىل بولماقچى بولسىڭىز، ئوخشاشلا تولۇپ تاشقان ئوتلۇق مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىڭ.



سىزنىڭ دۇنياغا بولغان ساپ قىممىتىڭىز، ياخشى ئادىتىڭىز يامان ئادىتىڭىزنى ئازايتقاندىن كېيىنكى قالغان نەرسىگە باراۋەر بولىدۇ.

بېنجامىن فرانكلىن

# 20 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا ناچار ئادەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ

مۇبادا كىمدۇر بىرى يامان ئادەتكە نىسبەتەن ئېنىق بىر كۆزقاراش يوق دېسە، ئۇ راستتىنلا كەم ئۇچرايدىغان كۆزقاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جون لەيدۇن: «بىز ئالدى بىلەن ئادەت يېتىلدۈرىمىز، ئەمما بىز يېتىلدۈرگەن ئۇ ئادەت بىزنى يارىتىدۇ ھەم بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. ھىبراس مان: «ئادەت ــ ئاساسلىق يىپ بولۇپ، بىز ھەر كۈنى ئۇ يىپنى ئىشلىتىپ تور توقۇيمىز. ئاخىر بۇ تورنى بۇزۇپ تاشلاشقا قادىر بولالمايمىز!» دەپ يازىدۇ. سېلىيار جونسون دوكتورمۇ ھەسرەتلەنگىنىچە: «ئادەتنىڭ قۇلۇپى شۇنچىلىك ئەرزىمەيدۇ، ھەتتا بىز ئۇنى ھېس قىلالمايمىز. ئەمما بىز ئۇنى سەزگەن دەملىرىمىزدە بۇ قۇلۇپ تېخىمۇ پۇختا بولۇپ كېتىدۇكى، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇزۇپ تاشلىيالمايمىز» دەيدۇ.

مۇبادا سىلەر بۇ سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، زور دەرىجىدە ئارتىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان بولساڭلار ئۇلار بۇ يەرگە ئورتاق بىر مەقسەت ئۈچۈن ــ ئامېرىكىنىڭ تۇنجى ھەقىقىي تالانت ئىگىسى بېنجامىن فرانكلىننىڭ دەرسىنى ئاڭلىغىلى كەلگەنلەركەن دەپ بىلىڭلار. فرانكلىن ئۆزگە خاس ئۇسلۇب بىلەن سىلەرگە ئۆزىنى بوغۇپ

تۇرغان ئادەت ۋە قۇلۇپنى قانداق چېقىپ تاشلىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. مۇبادا ئۇ بۇنداق يامان، ناچار ئادەتنى تۈگەتمىگەن بولسا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە چىقالمىغان، يۈكسەك چوققىغا ئۆرلىيەلمىگەن ۋە پارلاق نىشانغا يېتەلمىگەن بولاتتى.

سىز ئۆمرىڭىزدە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرىسىز. بۇ ئادەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ياخشى ئادەت بولىدۇ، ھەتتا ياشاشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، سىز ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بىر قېتىم ماشىنا ھەيدىشىڭىز، ھەتتا بىر نەچچە قېتىم ھەيدىشىڭىزمۇ مۇمكىن. شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن سانسىز قېتىم ماشىنا ھەيدىشىڭىز سىزنىڭ ئادىتىڭىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۇبادا سىز ھەر قېتىم ماشىنىڭىزنى ھەيدىمەكچى بولغاندا قەدەم باسقۇچ بىلەن مۇھىم ماھارەتنى ئوبدان ئويلىنىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇزۇنغا قالمايلا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىسىز.

توغرا، ياخشى ئادەتكە ئەگىشىپ بىزدە يەنە ناچار ئادەتلەرمۇ بولىدۇ. مۇبادا سىز مېڭىڭىزنى قويۇپ ئوبدان ئويلىشىپ كۆرسىڭىز ئۇزۇن بىر تىزىملىكنى تىزىپ چىقىشىڭىز مۇمكىن. سىز تەڭقىس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭىزغا تەن ئالسىڭىزمۇ، ئەمما سىزگە شۇنىسى ئايانكى، ناچار ئادەت ھېلىھەم سىزنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، سىز ئۇنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالىسىز.

ئەمما سىز «بېنجامىن فرانكلىننىڭ ئۆز تەرجىمىھالى»نىڭ تاللانغان باب ـ پاراگرافلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن ناچار ئادەت پاتقىقىغا پېتىپ قالدىم، دەيدىغانغا ھېچقانداق باھانىڭىز قالمايدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا قۇلاق سېلىڭ، فرانكلىن نېمە دەپتۇ...



مەن ئاشكارا تىلاۋەتلەرگە ئاز قاتناشسامۇ، تىلاۋەتنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇش تولىمۇ مۇھىم، پايدىلىق دەپ قارايمەن. ئوخشاشلا ھەر يىلى ئىئانە ـ ياردەم قىلىمەن. ئەمما مەن ئاقساقاللار ئۇيۇشمىسىدىكى بىر پوپقا ماددىي ياردەم سۈپىتىدە ئىئانە قىلدىم. بىز ئۇنىڭ بىلەن فىلادېلفىيە شەھىرىدە كۆرۈشمەكچى بولدۇق. ئۇ پوپ مېنى پات ـ پات زىيارەت قىلىپ كېلەتتى، كۆپ قېتىم مېنى دىنىي جەمئىيەتكە كىرىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئەمما مەن ئۇ چاغدا ئۈچ كۈن بېلىق تۇتۇپ، ئىككى كۈن تور قۇرۇتۇپتۇ، دېگەندەك قىلغان تىلاۋىتىمنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. پەقەت بىرلا قېتىم ئۇدا بەش كۈن تىلاۋىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن بارالمىدىم. مۇبادا پوپ نەزىرىمدە ياخشى تەرغىباتچى بولغان بولسا مەن تىلاۋىتىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن بولاتتىم، يەكشەنبىدىكى ئۆگىنىش ـ تەتقىقاتىمنى تاشلاپ چېركاۋغا بارغان بولاتتىم. ئەمما، پوپنىڭ سۆزلىگەنلىرى ھېچقانداق مۇنازىرە مەسىلىلىرىگە ۋە بىر قۇتۇپ مەسىلىلىرىگە بېرىپ تاقالمايتتى، ئەكسىچە تامامەن دىنىي مەزھەپنىڭ مەلۇم ئالاھىدە دىنىي ئەقىدىلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتسىز، تېتىقسىز ئىدى، ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىن ماڭا ھېچقانداق ئىلھام ـ رىغبەت ئاتا قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇ تەكرار ـ تەكرار سۆزلەنگەن گەپلەر بولغاچقا ئادەمنى تەسىرلەندۈرگۈدەك ھېچقانداق بىر ئەخلاق ئۆلچىمى يوق ئىدى. بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلەر كىشىلەرنى ئاقساقاللار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بولۇشقا ئۈندەش ئەمەس، ئەكسىچە ياخشى شەھەر ئاھالىسى بولۇشقا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

پوپ پەقەت ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا يەنە ھېلىقى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان «فىلىپنامە»نىڭ تۆتىنچى بابىنى سۆزلەيتتى: «قېرىنداشلار، مېنىڭ گېپىم تېخى تۈگىمىدى. ئومۇمەن چىن،

ھۆرمەتلىك، ئادىل، پاك، سۆيۈملۈك، نامى گۈزەل، ئەخلاقلىق بولسا، تەربىيلەشكە ئەرزىسە سىلەر ئۇنى تامامەن ئەسلەڭلار.» مەن شەخسەن بۇ بابتىكى ئەقىدىلەردە بۇ سۈرە - ئايەتلەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى پايدا - مەنپەئىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ دەپ قارايمەن. ئەمما بۇ پوپنىڭ چۈشەنچىسى پەقەت بەش نۇقتىدىلا چەكلىنىپ قالغاندى. شۇڭا ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ پەقەت بۇ بەش نۇقتىدىن چىقىپ كەتمىگەندى: ① ئەمىنلىك كۆنىگە ئەمەل قىلىش؛ ②ئىنجىلنى ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش؛ ③ ئامىنۋى تىلاۋەتكە ئۆز ۋاقتىدا قاتنىشىش؛ ④ پەرۋەردىگار تائامىنى بۆلۈشۈش؛ ⑤ پەرۋەردىگارنىڭ پوپىغا ھۆرمەت قىلىش. ئەلۋەتتە بۇ ياخشى ئىش. ئەمما مەن بۇ سۈرە - ئايەتلەردىن مۇيەسسەر بولغان نەرسىلىرىم پەقەت بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن كېيىن ھەر قېتىم قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم ۋە بىزار بولدۇم - دە، ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەت سۆزلەش سورۇن - يىغىلىشلىرىغا قاتناشمىدىم. مەن بىرقانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ كىچىككىنە بىر تىلاۋەتنامە يېزىپ چىقتىم، مەن ئۇنى ئۆزۈم ئىشلىتىش ئۈچۈن يازدىم، «ئېتىقاد ۋە دىنىي ھەرىكەت» دەپ نام قويدۇم. مەن ئۇنى دىنىي جەمئىيەتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەمەس، پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تۈزۈپ چىقتىم. بەلكىم مېنىڭ بۇ قىلمىشىم، تەنبىھىم ئەيىبكە ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇ ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. مېنىڭ پىرىنسىپىم پاكىتتىن ئەيۇ سوراش ئەمەس، بەلكى پاكىتقا باغلاشتىن ئىبارەت.

## گۈزەل ئەخلاق پەللىسىگە يېتىشتىكى باتۇرانە پىلان...

شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ چاغدا بىر باتۇرانە پىلان تۈزدۈم،



بۇنداق پىلان تۈزۈشۈمدىن مەقسەت، گۈزەل ئەخلاق پەللىسىگە يېتىش ئىدى. مەن تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق گۇناھ - سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلمايمەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن يەنە جىمى سەۋەنلىكنى، گۇناھنى بويسۇندۇرالايمەن. مەيلى ئۆزۈمنىڭ خاھىشى، ئادىتى بولسۇن ياكى جورام مېنى گۇناھ - سەۋەنلىك كوچىسىغا باشلاپ كىرسۇن ھەممىسىنى تۈگىتەلەيمەن. مەن ئېمىنىڭ توغرا، ئېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىسەم دەيمەن، ئەمما بىلەلمەيمەن. بۇ خاتالىقنى ھەرقانچە قىلساممۇ تۈگىتەلمەيمەن، بۇنداق خاتالىقتىن ساقلىنالمايمەن. ئۇزۇن ئۆتمەي قىلماقچى بولغان ئىشىمنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن كۆپ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىر يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىدىغان چاغدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر يېتەرسىزلىكنى بايقايمەن. شۇنىڭ بىلەن ئادەت بىپەرۋالىقنىڭ پايدىسىنى كۆردى: ئادەت سەۋەبىيەت ۋە ئەقلىيەت ئالدىدا ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئورۇن ئىگىلىدى. ئاردىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەكۈن چىقاردىم، ئىش ئويلىغىنىمدەك بولسىمۇ، ئەمما مۇكەممەل گۈزەل ئەخلاق نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا تېخى يېتەرسىز ئىدى، بىزنىڭ تېخى ئۆتكۈزگەن خاتالىق - سەۋەنلىكلىرىمىزنى توسقۇدەك قۇدرىتىمىز يوق؛ شۇڭا بىز سەلبىي جەھەتتىكى ئادەت پەردىسىنى جەزمەن بۇزۇپ تاشلاپ، ئىجابىي جەھەتتىكى ئادەتنى تىكلىشىمىز كېرەك. پەقەت سولماس ئىرادىلا بولىدىكەن، بىز ھەقىقىي مەنە جەھەتتە مۇقىملىقتا، بىردەكلىكتە، ھەقىقىي ھەرىكەتكە تايىنىمىز. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مەن تۆۋەندىكىدەك چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

مەن نۇرغۇن ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ نۇرغۇن ئېنىقلىمىسىنى بايقىدىم. مەسىلەن، ئوخشاش بولمىغان يازغۇچىلار ئوخشاش بىر ئىسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوي -

پىكىرلەرنىڭمۇ ئاز - كۆپلۈكى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، پەرھىزنى ئېلىپ ئېيتايلى: بەزى يازغۇچىلار پەرھىزنى يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىنلا چەكلىسە، يەنە بەزى يازغۇچىلار ئۇنى باشقا تەرەپلەرگىچە كېڭەيتتى. مەسىلەن، كۆڭۈل ئېچىش، ئىشتىھانىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، قىزغىن بولۇش؛ بەزىلىرى جىسمانىيەت جەھەتكىچە، يەنە بەزىلىرى روھىيەت جەھەتكىچە، ھەتتا بىزنىڭ شەھۋانىي تۈيغۇمىز بىلەن ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزغىچە كېڭەيتكەن. ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن مەن تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى قوللاندىم. مەن تاللىغان ئىسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن تار، ھەربىر ئىسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرە بىلەن ئۇقۇم بەك كۆپ ئەمەس. شۇنداق قىلىپ مەن ئاخىر 13 گۈزەل ئەخلاقنى يەكۈنلەپ چىقتىم، مەن بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئاشۇ چاغدا ئويلاپ چىقتىم ۋە بۇلار زۆرۈر ھەم ئۆز ئارا ئالاقىدە بولىدۇ دەپ قارىدىم. ھەربىر گۈزەل ئەخلاق دېگۈدەكلا بىر ھېكمەتلىك سۆز بىلەن باغلانغان، مەن مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ھەربىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرسەمكەن دەپ ئۈمىد قىلدىم.

بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىسمى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك:

1. پەرھىز: تائامدىن بىزار بولماسلىق، ئىچىملىكنى ئارتۇق ئىستېمال قىلماسلىق.

2. تۈرغۇنلۇق: كىشىلەرگە پايدىلىق گەپلەرنى قىلىش، زېرىكىشلىك ئىشلاردىن ساقلىنىش.

3. تەرتىپلىك: ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئورنى بولۇش، ھەرقانداق ئىشنىڭ پەيتى بولۇش.

4. قەيسەر بولۇش: بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشقا مەۋقەنى توغرىلاش، قارار قىلغان ئىشنى دەرھال قىلىش.

5. تېجەشلىك بولۇش: ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولغان



ئىشلارغا پۇل خەجلەش، پۇل ۋە بايلىقنى ئىسراپ قىلماسلىق.

6. تىرىشىپ كۆرەش قىلىش: ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق، پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، پايدىسىز ئىشلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەسلىك.

7. ساداقەتلىك: كىشىلەرگە زىيان سالماسلىق، كىشىلەرنى ئالدىماسلىق، ئىدىيىسى ساپ، ئادىل بولۇش، گەپ - سۆزىنىڭ ئۇرانى بولۇش.

8. ئادىل بولۇش: كىشىلەرگە زىيان سالماسلىق، ئۇۋال قىلماسلىق، ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قاچماسلىق، ئۆزىگە تالىق پايدا - مەنپەئەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق.

9. مۇۋاپىق بولۇش: بىر قۇتۇپقا ئېغىشتىن ساقلىنىش، جازالاشقا تېگىشلىك ئىش قىلغان ئادەملەرگە قاتتىق نەپرەتلەنمەسلىك.

10. رەتلىك - پاكىز بولۇش: بەدىنى چىرايلىق بولۇش، كىيىم - كېچەكنى پاكىز كىيىش، ئۆزىنى ساپ، تازا تۇتۇش.

11. ئەمىنلىك: ئۇششاق ئىشلارغا چېچىلماسلىق، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇش، تاسادىپىي ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن پاراكەندە بولماسلىق.

12. پاكلىق: قەلبى پاك بولۇش، ھاۋايى - ھەۋەستىن ئۆزىنى تارتىش، جىمانى كۆپ قىلماسلىق. سالامەتلىك ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى زەبۇن ھالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ھاياتنى بىمەنە ئۆتكۈزمەسلىك، ئۆزىنىڭ، باشقىلارنىڭ ئىناق - ئېجىللىقى بىلەن شان - شەرىپىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك.

13. كەمتەرلىك: ئەيسا بىلەن سوقراتتىن ئۆگىنىش.

مېنىڭ مەقسىتىم، يۇقىرىدىكى جىمى گۈزەل ئەخلاقنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. ئەمما مەن جىمى گۈزەل ئەخلاقتا تېز سۈرئەتتە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق ئۇسۇل بىلەن

دىققەت ـ ئېتىبارىنى ۋە مەركەزنى چېچىۋەتمەسلىكىنى، بەلكى ھەربىر قېتىمدا بىر تۈرلۈك مەزمۇنغا ياكى بىر نىشانغا دىققەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئۆزۈم تامامەن گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىگە ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيمەن، شۇ تەرزدە 13 جەھەتتىكى نىشانغا يەتتىم؛ بۇرۇن ئېرىشكەن گۈزەل ئەخلاقلىرىم كېيىن ئېرىشكەن گۈزەل ئەخلاقىمغا ياردەم بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە بۇ گۈزەل ئەخلاقنى رەتكە تىزدىم. بۇلار ئىچىدە «پەرھىز» ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. چۈنكى پەرھىز ئادەمنىڭ مېڭىسىنى تەمكىن قىلىدۇ، ساپلاشتۇرىدۇ، زورۇر بولغان كۈچ ـ قۇدرەت ئادەمنى باشتىن ـ ئاخىر سەگەكلەشتۈرىدۇ، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە چىڭ تۇرغۇزىدۇ، كونا ئادەتلەرنىڭ تۈگىمەس تۇسالغۇلىرىدىن، ۋەسۋەسىنىڭ پۈتلىكاشاڭلىرىدىن ساقلايدۇ. مۇبادا پەرھىز مۇجەسسەملەشكەن گۈزەل ئەخلاق ئادەتكە ئايلانسا، «تۇرغۇنلۇق» ئاسانغا چۈشىدۇ. مەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، بىلىم ئىشقىدىمۇ كۆيۈۋاتقاندەك سېزىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە سۆھبەتتىكى ئەڭ ھالقىلىق پەيت ئېغىز ئارقىلىق بىلىم ئېلىش ئەمەس، قۇلاق ئارقىلىق بىلىمگە مۇيەسسەر بولۇش كېرەكلىكىنى بىلىمەن؛ شۇنداق ئىكەن، مەن ئىلگىرىكى ئادەتنى ئۆزگەرتىشنى راۋا كۆرىمەن، قايتا ۋاتىلداپ يۈرمەيمەن، كۈلكە ـ چاقچاق قىلمايمەن، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئەھمىيەتسىز، تېتىقسىز يىغىلىشلار ئۈچۈن ھەمراھىمنى قوبۇل قىلىمەن دەپ بىلىمەن. شۇڭا، مەن تۇرغۇنلۇقنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىمەن. بۇ ئۈچىنچى تۈرلۈك گۈزەل ئەخلاق «تەرتىپلىك بولۇش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن ئۇلارنىڭ ماڭا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىمنى ئۆگىنىشكە ۋە خىزمەت پىلانىغا قارىتىمەن. مۇبادا



«كەسكىن بولۇش» ئادەتكە ئايلانسا مەن بارلىق تىرىشىش ۋە ئۇرۇنۇپ كۆرۈش جەريانىدا قەتئىي تەۋرەنمەي، ئۆزۈمنى كەسكىن تۇتىمەن، شۇنىڭ بىلەن كېيىن يەنە جىمى گۈزەل ئەخلاققا ئېرىشىمەن. «تېجەشلىك بولۇش» بىلەن «تىرىشچان بولۇش» مېنى بۇرۇنقى قەرز ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدىن ئازاد قىلىدۇ، ماڭا بايلىق ۋە مۇستەقىللىق ئاتا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادىللىققا ئېرىشىش ۋە ئۇلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ، ئىش شۇ تەرزدە كېتىۋېرىدۇ. مەن ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىداگىراسنىڭ «مارجان سۆزلەر» دېگەن بىر تەۋسىيىسىنى خۇشاللىق بىلەن ئويلاپ قالدىم: ھەر ئايدىكى تەكشۈرۈش كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسىمدۇر. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە تەكشۈرىمەن.

مەن بىر كىچىك دەپتەر تۇتتۇم، دەپتەرنىڭ ھەربىر بېتىگە بىر تۈرلۈك گۈزەل ئەخلاقنى يازدىم. قىزىل سىياھ بىلەن ھەربىر بەتكە يەتتە قۇر تىك سىزىق سىزدىم، ھەربىر سىزىق ھەر ھەپتىدىكى بىر كۈنگە ۋەكىللىك قىلاتتى. كېيىن ھەر بىر ئىستونغا ھەرپ بىلەن ھەر كۈنلۈك قىلغان ئىشنى بەلگە قىلىپ قويىمەن. ئاندىن كېيىن يەنە ئون ئۈچ توغرا سىزىق سىزىمەن، ھەربىر سىزىق بىر گۈزەل ئەخلاققا ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە ھەربىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ باش ھەرپىنى ئىزاھلايمەن؛ مۇبادا ھەربىر توغرا سىزىق بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان ئىستوندا ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى بايقىسام، خاتالىق بايقالغان يەرگە بىر چېكىت قويۇپ قويىمەن.

مەن ھەر ھەپتىسى بىر گۈزەل ئەخلاققا قاتتىق دىققەت قىلىشنى ۋە داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىرىنچى ھەپتىسى «پەرھىز» دىن چاتاق چىقمىسۇن دەپ بەك دىققەت قىلدىم. تېرىقچىلىق كىچىك خاتالىق بولسىمۇ

كۆرۈلمىسكەن دەپ ئويلىدىم. ئەمما باشقا گۈزەل ئەخلاقتا ئادەتتىكىدەك دىققەت قىلدىم. پەقەت ئاخشاملىرىلا مەلۇم تۈردىكى خاتالىقلارنى ئىزاھلاپ قويدۇم. شۇنداق قىلىپ مەن بىرىنچى ھەپتىسى «پەرھىز»گە ۋەكىللىك قىلىدىغان تۇنجى ھەرپنىڭ بىرىنچى قۇرى بويالماي پاكىز تۇردى. مەن بۇ جەھەتتىكى ئادەتنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن سەلبىي ئادەت ماڭا كاشىلا قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغاندا مەن دىققىتىمنى كېيىنكى تەرەپكە — ئىككىنچى گۈزەل ئەخلاققا ئاغدۇرىمەن. ئىككىنچى ھەپتىسى ئىككى قۇرنىڭ بويالماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىمەن. مەن شۇ تەرزدە ئىش قىلىپ بۇ 13 تالاۋەت مۇساپىسىنى بېسىپ بولدۇم. 13 تالاۋەتنى بىر دەۋرگە بۆلۈپ، بىر يىلدا تۆت دەۋرنى تاماملاپ بولدۇم. گۈلزارلىقتا ئوت ئوتاۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش ناچار گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتاپ تاشلاشقا ئالدىرىمايمەن. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن ئارتىپ كېتىدۇ ھەمدە ھەر قېتىم پەقەت بىر خىل زەھەرلىك ئوت - چۆپكىلا قارشى تۇرالايدۇ. بىرىنچى نىشان ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن ئىككىنچى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇتۇش قىلىمەن. مەن مۇشۇنداق قىلدىم، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھەربىر بەتتىكى ئىلگىرىلەشكە قاراپ، يېڭى ئەخلاقنى يېتىلدۈرىمەن. ھەربىر قۇردىكى چېكىتنى ئۆزلۈكسىز تۈگىتىمەن. بۇ ئىش ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، شادلاندۇرىدۇ! مەن بىرقانچە دەۋر ئاياغلىنىشىدىغان چاغدا 13 ھەپتىنىڭ ھەربىر كۈنىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كىچىك دەپتىرىمنىڭ بىر تالمۇ چېكىت يوق، پاك - پاكىز تۇرغانلىقىنى خۇشال كۆرىمەن.

مەن مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشكە باشلىدىم ۋە ناگان - ناگاندا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىزچىل داۋاملاشتۇردۇم. مەن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى



ھەيرانلىق بىلەن بايقىدىم، ئەمما ئۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ ئاستا - ئاستا تۈگىگەنلىكىنى رازىمەنلىك بىلەن كۆردۈم. چۈنكى دەپتەردىكى كونا سەۋەنلىكنى تۈگەتكەندىلا ئاندىن يېڭى ماكان ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغىلى بولاتتى. شۇڭا بۇ كىچىك دەپتىرىم «ئۆتمىتۆشۈك» بولۇپ كەتتى. يېڭى دەپتىرىمگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئەسلەش خاتىرىسىنىڭ پىل چىشى بېتىگە جايلاشتۇردۇم ھەم قىزىل قەلەم بىلەن سىزىق سىزدىم، بۇنداق قىلغاندا ئۇزۇن ساقلىغىلى بولاتتى. مەن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنى قېرىنداش بىلەن ئىزاھلاپ قويىمەن. چۈنكى قېرىنداش بىلەن يازغان خەتنى ئۆچۈرگۈچ بىلەن ئاسان ئۆچۈرگىلى بولاتتى. كېيىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەر يىلى پەقەت بىر دەۋرنى تاماملاپ بولساملا بولاتتى. كېيىن بىر قانچە يىلنى بىر دەۋر قىلىپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۈزۈل - كېسىل تاشلايمەن. چۈنكى تۈگىمەس چەت ئەلگە چىقىش، كاماندىروپكىغا چىقىش ۋە بىر قاتار ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار تۈپەيلىدىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن. ئەمما مەن يەنىلا ئۇ كىچىك دەپتىرىمنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن.

مەن ئەڭ دەسلەپتە تۈزۈپ چىققان گۈزەل ئەخلاق پەقەت 12 گۈزەل ئەخلاق ئىدى. ئەمما بىر ئېسىلزادىلەر تەرەپدارىدىكى (خرىستىئان دىنىدىكى بىر مەزھەپ بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە پېنسىلۋانىيەدە قۇرۇلغان) دوستۇم بۇنى سەمىمگە سالدى.

مەن ئۆزۈمگە خېلى مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولغاچقا سۆھبەت جەريانىدا پات - پات تەكەببۇرلۇقۇمنى چاندۇرۇپ قوياتتىم: ھەر قېتىم باشقىلار بىلەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمىلەشكەندە ئۆزۈم توغرا دېگەن بولسامۇ، ئەمما يەنە ئۆزۈمدىن رازى بولمايمەن. مەسىلىگە چىڭ ئېسىلىۋالىمەن. ھاكاۋۇرلۇقتەك، ئەدەپسىزدەك كۆرۈنىمەن. بۇ دوستۇم ماڭا

نەچچە رەت بۇ كەمچىلىكىمنى سەمىمگە سىلىپ قويدى، شۇڭا، مەن بۇ كەمچىلىكىمنى تۈزىتىش.ئۈچۈن تىرىشتىم. مۇمكىن بولسا بۇ كەمچىلىكىمنى باشقا كەمچىلىكىم بىلەن بىللە تۈزەتسەم دەيمەن. شۇڭا، مەن تىزىملىككە يەنە «كەمتەر بولۇش» دېگەن بىر تۈرنى قوشۇپ قويدۇم ۋە بۇ سۆزگە خېلى كەڭ مەنە بەردىم.

مەن مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاقىقا ئېرىشىش جەريانىدا قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىمنى پەش قىلماسلىقىم كېرەك بولسىمۇ، ئەمما بۇ گۈزەل ئەخلاقلاردىن قارىغاندا ھاسىلات ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. مەن ئۆزۈمگە قائىدە تۈرغۈزۈۋالدىم، باشقىلار ئۈچۈن غەم يېدىم، ئۆزۈمنىڭ كەسكىنلىكىنى مۇجەسسەملەشتۈردۈم. ھەرقانداق قارشىلىشىشتىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم، ئۆزۈمنى چەكلەپ تۇردۇم. ئۆزۈمنىڭ كەسكىنلىكىنى، كۆزقارىشىمنى ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنى: «ئەلۋەتتە»، «شۈبھىسىزكى» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىنمۇ ساقلاندىم. ئەمما مەن «مېنىڭچە»، «مەن ئويلىنىپ باقاي» ياكى «مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمچە» دېگەندەك گەپلەرنى تاللىدىم. مەلۇم شەيئىنىڭ قانداقلىقىغا ياكى ئۇ شەيئىگە نىسبەتەن «ھازىر مېنىڭ قارىشىمچە» دېگەن گەپنى باشقىلار كېيىنچىلا دەيدۇ، ئەمما مەن بۇنداق كېيىپ ئېيتىشنى خاتا دەپ قارايمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن يۈز تۇرا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرمايمەن، توقۇنۇشۇپ قالمايمەن. باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىنىڭ بىمەنە، يولسىز ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بەزى كۆزقاراشلىرىنىڭ توغرا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بايقايمەن. پەقەت سۆزلەۋاتقان چاغدىلا ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنىڭ مېنىڭ كۆزقارىشىمغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقايمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن تېزلا پوزىتسىيەمنى ئۆزگەرتىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمەن: باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقانسېرى خۇشال



بولىمەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كەمتەرلىك بىلەن كۆزقارىشىمنى بايان قىلغان ئۇسۇلۇمنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ ۋە مەن بىلەن ئازدىن ئاز تىركىشىدۇ. مەن ھەقىقەتەن خاتا سۆزلەپ قويغان دەملىرىدىمۇ، يۈزۈم چۈشۈپ كەتتى دەپ سەزمەيمەن. باشقىلار خاتا سۆزلەپ قالغان دەملىرىدىمۇ، ئۇلارنىڭ خاتا گەپلىرىنى تۈزىتىپ بېرىمەن، ئۇلارنى خاتا كۆزقارىشىدىن ۋاز كېچىپ، مېنىڭ سېپىمگە قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇنداق ئۇسۇل باشلىنىش بىلەنلا ماڭا سەل ئېيتىپ كەتكەندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئاستا ـ ئاستا بىر خىل تەبىئىي خاھىشقا ئايلىنىدۇ، كېيىن ئىنتايىن ئاسانلىشىپ كېتىدۇ. بۇ مېنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ 50 يىلدىن بېرى ئېغىزىمدىن بىر قېتىممۇ كەسكىن، مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن گەپ ـ سۆز چىقىپ باقمىدى.

مۇشۇ ئادەت تۈپەيلىدىن (ئۆزۈمنىڭ خاراكتېر تەسىرى ئامىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) كېيىن يېڭى تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كونا تۈزۈم ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە قېرىنداشلىرىمنى تەسىرلەندۈرۈش ئىمكانىيىتى بولدى؛ مەن دۆلەت پارلامېنتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغاندىلا ئاندىن مەندە شۇنداق زور تەسىر كۈچى بولدى. مەن لاتاپەتلىك سۆزلەرنى قىلالمىساممۇ، مۇنازىرىلىشەلمىسەممۇ، ھەر ھالدا دېلىغۇللۇق ئىچىدە بولسىمۇ، مۇۋاپىق گەپلەر بىلەن ئۆزۈمنى ئىپادىلىيەلەيمەن. گەپ ـ سۆزلىرىم توغرا بولمىسىمۇ، ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسىنى ھامان ئىپادىلىيەلەيمەن.

دەخلى يەتكۈزۈش، ئارقىغا سۈرەش ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەڭ ئەجەللىك كېسەل بولۇپ، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بەختنىڭ مۇسبەت قوتۇغۇرىقىنى قاتتىق چالىدۇ.

— ۋوئېن W داۋود دوكتور

# 21 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرمىغىلى بولىدۇ

### «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما»

بېنجامىن فرانكلىنىنىڭ بۇ سۆزى كىچىك چاغلىرىمىزدىن تارتىپلا بىزگە يار بولۇپ كەلدى. ئاتا ـ ئانىلىرىمىزمۇ بۇ گەپنى ھەمىشە ئېرىنمەي ـ تېرىكمەي تەكىتلەپ تۇرىدۇ. بىز بۇرۇن ئاتا ـ ئانىلىرىمىزدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان بولساق، ئەمدى بىز بالا ـ چاقىلىرىمىزغا دەيمىز. ئەمما بىز ھېكمەتلىك سۆزدىكى ھەقىقەتنى بايقىغان بولساقمۇ، ئەمما ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا باشقىچە ئىش قىلىمىز. بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆزگەرتىۋەتكەندەك قىلىمىز: «ئەتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى بۈگۈن ھەرگىز قىلىشقا بولمايدۇ. بۈگۈن قىلىشقا بولمايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماي، ئەتە قايتا ئويلىنىش كېرەك.»

تولىمۇ ئەپسۇس، ئەتە يوق. «ئەتە»نى پەقەت ئەخمەقلەرنىڭ كالىبندارىدىنلا كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئەتە بەخت ۋە بېيىش يولىغا قەدەم قويىدىغان، ئۆزىنى يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ



باشقىدىن ئادەم بولىدىغان كۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئەتە ئۇلار تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن قايتىدىن ياخشى ـ خوپ بولىدۇ. بۇرۇنقى قەرزلىرىنى قايتۇرىدۇ، تېخىمۇ ئوبدان خىزمەتكە ئىلتىماس قىلىدۇ.

ئەمما ئەتە مەڭگۈ كەلمەيدۇ. سانسىزلىغان ھايات، ئۇلۇغ ۋەدە ۋە ئارمانلار كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سۈرەش جەريانىدا ئىسراپ بولۇپ تۈگەيدۇ.

ستېفىن لىكوك مۇنداق دەپ يازغانىدى:

— مەن چوڭ بولغاندا بىر نەرسە دەيلى دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سورىدى كىچىك بالىدىن ئۇ.

— شۇ، مەن چوڭ بولغاندا ئاندىن بىر نېمە دەيلى، دەۋاتىمەن، — دېدى بالا جاۋابەن.

ئۇ كىچىك بالا چوڭ بولدى ۋە:

— مەن توي قىلغاندىن كېيىن بىر نەرسە دەيلى، — دېدى.

ئۇنىڭ مەن توي قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بىر نېمە دەيلى دېگىنى نېمىسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئويىمۇ ئۆزگەردى ۋە:

— مەن دەم ئېلىشقا چىققاندا ئاندىن بىر نېمە دەيلى، — دېدى.

ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىگە قارىۋىدى، بىر مەھەل چىققان سالقىن شامال جىمى نەرسىنى، ھېچنەرسىنى قالدۇرماي ئۇچۇرتۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بايقىغانىدى، ئەمما بۇ چاغدا ھېچنېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايتتى.

مۇۋەپپەقىيەت دەخلى قىلىش، ئارقىغا سۈرەش بىلەن ھەرگىز چىقىشالمايدۇ. مۇبادا سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دەيدىكەنسىز، «ئەتە، ئەتە» دەيدىغان ناچار ئادىتىڭىزنى تۈگىتىڭ.

ۋوئېن W داۋود دوكتور ئۆزىنىڭ بازارلىق كىتابى «خاتا كەتكەن

ساھە» دېگەن كىتابى سىزگە چارە ـ تەدبىر ئۆگىتىپ قويىدۇ.

سىز بۇ دەرستىن مەنپەئەتلىنەي دېسىڭىز، ئىشنى ئەتىگە قالدۇرماي بۈگۈندىن باشلاڭ.

سىز ئەزمە ئادەممۇ؟ مۇبادا سىز نۇرغۇن ئەزمە ئادەمگە ئوخشاش بولسىڭىز «شۇنداق، مەن ئەزمە ئادەم» دەپ جاۋاب بېرىسىز. ئەمما سىز «ئەتە، ئەتە» دېيىشىنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىڭىز مۇمكىن. سىز ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىڭىزمۇ، ئەمما نېمە سەۋەبتىنكىن نىيەت قىلغان ئىشنى قىلماي ئارقىغا سوزىۋېرىسىز. «ئەزمىلىك قىلىش، كېچىكتۈرۈش» تۇرمۇشتىكى ئادەمنى قاتتىق بىزار قىلىدىغان بىر تەرەپ. مۇبادا سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولمىسا «مەن بۇ ئىشنى قىلىپ كېتەلەيمەن، ئەمما كېيىن بىر نېمە دەي» دېسىڭىزلا بىر كۈن ۋاقتىڭىز مەڭگۈ بوش ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. «ئەتە، ئەتە» دېگەن بۇ خاتا رايونغا نىسبەتەن كىشىلەردىن، تاشقى دۇنيادىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇنى تامامەن ئۆزىڭىز قارار قىلىسىز — مەيلى «ئەتە، ئەتە» دەپ ئىشنى ئارقىغا سوزىۋېرىڭ ياكى بۇنداق قىلىش سىزگە چىدىمىسىڭىز بولمايدىغان ئازاب ئېلىپ كەلسۇن، بۇنى تامامەن ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز.

ئارقىغا تەڭ بۇ خاتا رايون دۇنيا مىقياسىدا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئەزمە دەپ چاغلىمايدۇ، ئىشنى كېچىكتۈرمىدىم دەيدۇ. ئۇلار ئەزمىلىك قىلىشنىڭ، كېچىكتۈرۈشنىڭ ياخشى ئادەت ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتكەچكە شۇنداق دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سوزۇش مەۋجۇت ئەمەس. مۇبادا سىز بىر ئىش قىلماقچى بولسىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشنى قىلمىسىڭىز، ئۇ ئىشنى كېچىكتۈرگەنلىك، ئارقىغا سوزغانلىق بولمايدۇ. كېچىكتۈرۈش،



ئارقىغا سوزۇش ئەمەلىيەتتە پەقەت بىر خىل بىر ـ بىرىگە جورا بولىدىغان روھىي كەيپىيات، ئىنكاس ۋە نېرۋا ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل تۇرغۇن ھالەت. مۇبادا سىز ئىشنى كېچىكتۈردۈم، ئارقىغا سوزدۇم دەپ ھېس قىلسىڭىز، ئىشنى ئۆزىڭىز ھېس قىلغىنىڭىز بويىچە قىلىۋېرىڭ. ئەمما كۆپ ساندىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۇلار ئىشنى كېچىكتۈرگەن، ئارقىغا سوزغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھازىرقى ھالەتتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ.

## ئۇمىد قىلىمەن، ئارمان قىلىمەن، بەلكىم شۇنداقتۇ...

سۆرەلمە ئادەملەرگە نىسبەتەن روھىي جەھەتتىكى ئۈچ خىل ئاتالغۇ ئۇلارنىڭ ئىشنى كېچىكتۈرۈپ، ئارقىغا سوزۇپ قىلىشنىڭ تىرىكى بولىدۇ:

— مەن بىرەر ئىش قىلىشنى ئۇمىد قىلىمەن.

— مەن ئىشنى تېخىمۇ ياخشىراق قىلسام دەپ ئارمان قىلىمەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، ھەممە ئىش ياخشىلىنىپ كېتەر.

سىز دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئىشنى كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سوزۇش شادلىقىغا ئېرىشىسىز. سىز «بەلكىم شۇنداقتۇ، ئۇمىد قىلىمەن، ئارمان قىلىمەن» دېيىشىڭىز بىلەنلا بۇ گەپلەر سىزنىڭ بىر خىل دانا سەۋەبىڭىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز شۇ ئەسنادا ھېچقانداق ئىش قىلمايسىز. جىمى ئۇمىد، ئارمان تامامەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ — ئىرەمباغدا ياشاۋاتقان ئاۋام ـ پۇقرالار ئۆز ـ ئۆزىنى ئەخمەق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇمىد قىلغان ياكى ئارمان قىلغان ھەرقانداق بىر ئىش ھەقىقىي ئىشقا ئاشمىسا، نەتىجىگە ئېرىشمىسە ئارمان بىلەن ئۇمىد پەقەت ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان باھانە ـ سەۋەب

بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يەڭنى تۈرۈپ ئىشلەش، ھاياتتا قىلىشنى نىيەت قىلغان مۇھىم ئىشلارنى قىلىش ھاجەتسىز بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە سىز قىلىشنى خىيالىڭىزغا پۈككەن جىمى ئىشنى ئورۇندىماقچى بولسىڭىز، قەتئىي نىيەتكە كېلىشىڭىز، ھەرگىز يېنىۋالماسلىقىڭىز، بەل قويۇۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك. ئەمما ئىشنى سەل كېچىكتۈرسىڭىز، ئارقىغا سوزسىڭىز ئىشتىن ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچقان، ئۆزىڭىزدىن گۇمانلانغان، ئىش ئالدىدا تەسلىم بولغان بولىسىز. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۆزلۈكنى ۋەيران قىلىش، قۇرۇق خىيال سۈرۈش ۋە بەل قويۇۋېتىپ باش ئېگىشتۇر. ئىشنى كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سوزۇشتىن ئىبارەت بۇ خاتا رايون سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىكى قەيسەر ھالەتتە بۇرۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. قۇرۇق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزدىمۇ بۇرۇلۇش بولىدۇ، ئۈمىد قىلغان ئىشلىرىڭىز سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

## ھۇرۇن تۇرمۇش تاكتىكىسى

«مەن تەخىر قىلىپ تۇراي، ئىش ياخشىلىنىدۇ» دېگەن بۇ سۆز سىزنى ھۇرۇنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ گەپنىڭ نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ تۇرمۇش يوسۇنىڭىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيسىز - دە، ئىشنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈنلەپ - كۈنلەپ كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىسىز. ئەمما ھەممە ئىش ياخشىلىنىدىغان كۈن مەڭگۈ يېتىپ كەلمەيدۇ.

مايكىس مېنىڭ خېرىدارىم، ئۇ يېقىندا نىكاھ ئىشىدا كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ 50 لەردىن ئاشقان، توي قىلغىلى 30 نەچچە يىل بولغانىدى. بىز ئۇنىڭ



نىكاھ ئىشى ئۈستىدە توختالدۇق. ئۇنىڭ نىكاھ ئىشىدا كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىشى بىر - ئىككى كۈنلۈك ئىش ئەمەس ئىدى.

— نىكاھ ئىشىم ئەزەلدىن ياخشى بولۇپ باقمىدى، — دېدى مايكىس بىر قېتىم، — ئىش دەسلەپتىن باشلاپلا مۇشۇنداق بولدى.

مەن ئۇنىڭدىن:

— سىزنى نېمە ئىش مۇشۇنداق ئازابلاۋاتىدۇ، — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ جاۋابەن:

— مەن ئىزچىل تۈردە ئىشنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ كەلدىم، — دېدى.

ئەمما ئۇ 30 نەچچە يىل ئىشنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئايالى بىلەن يەنىلا ئازاب ئىچىدە ئۆتۈپ كەپتۇ.

بىز يەنە مايكىسنىڭ تۇرمۇش ۋە نىكاھ ئىشى توغرىسىدا ئەستايىدىل توختالدۇق. بۇ چاغدا ئۇ ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا جىنسىي ئىقتىداردىن قالغانلىقىنى تەن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن:

— بۇ جەھەتتە مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىزدەندىڭىزمۇ، — دەپ سورىۋىدىم، ئۇ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ جىنسىي تۇرمۇشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپتۇ، بۇ مەسىلىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەپتۇ.

— مەن جىنسىي ئىشنىڭ ياخشىلىنىشىنى مۆئەييەنلەشتۈرىمەن، — دېدى مايكىس يەنە.

مايكىس ۋە ئۇنىڭ نىكاھ ئىشى ھۇرۇنلۇقنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسىلىسىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان ۋە بۇنى ئالاھىدە سەۋەب قىلىۋالغان.

— مەن كۈتۈپ تۇرسام، ھېچقانداق چارە - تەدبىرمۇ

قوللانمىسام، مەسىلە جەزمەن ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەمما مايكىس ھازىر مەسىلىنى پەقەت ئۆزىگە تايانغاندىلا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. مەسىلىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئىشنى ئارقىغا سوزۇش مەسىلىنى ھەل قىلمىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۆزگەرمەي شۇ پېتى تۇرىۋېرىدۇ. ئەڭ ياخشى ئەھۋال ئىشىدا ئۆزگىرىش بولۇش ئىدى، ئەمما ئۇ شۇنچە كۈتكەن بولسىمۇ ئىشىدا ئۆزگىرىش بولمىغان. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىشنىڭ ئۆزىدە (مۇھىت، ئەھۋال، ۋەقە، پېرسوناژ) ياخشىلىنىش بولمايتتى؛ مۇبادا تۇرمۇشتا ئۆزگىرىش ياساي دېسىڭىز ئۆزىڭىز ئۇچۇن پايدىلىق ئىش قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز تۇرمۇشىڭىزدا، ئىشىڭىزدا ياخشىلىنىش بولىدۇ.

بىز يەنە بۇنداق سۆرەلمىلىك، ئىشنى ئارقىغا سۆرەش قىلمىشىغا ۋە بۇنداق قىلمىشنى قانداق تۈگىتىش توغرىسىدىكى ئاددىي ئۇسۇللارغا سىنچى كۆزىمىز بىلەن قاراپ باقايلى.

## ئەزمىلىك قىلىش، كېچىكتۈرۈش قانداق رول ئوينايدۇ

تاڭناس ماكس ئەزمىلىك قىلىش، كېچىكتۈرۈشنى «تۇنۇگۈننى قوغلىشىش سەنئىتى» دەپ ئاتايدۇ. مەن بۇ ئاتاش ئۇسۇلىغا يەنە بىر نۇقتىنى قوشۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: «تۇنۇگۈننى قوغلىشىش، بۈگۈندىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش» بۇ ئەزمىلىك ۋە ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ بىر ئويۇنىدۇر. سىز بەزى ئىشلارنى ئۆزىڭىز قىلىشنى بىلىسىز. مەسىلە بۇ ئىشتا باشقىلارنىڭ كىرىشىشى ئەمەس، بەلكى ئىشنى ئۆزىڭىز تاللاشتا. گەرچە سىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى نىيەت قىلغان



بولسىڭىزمۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز. سىز ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى كەلگۈسىدە قىلىمەن دەپ نىيەت قىلسىڭىز، بۇ ئىشقا ھەقىقىي تۇتۇش قىلغاندا ئىش ۋاكالەت نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، سىز ئاخىر بۇنداق ۋاكالەت نەرسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىز ئۆزىڭىزنى ئالدايسىز، خىيالىي تۇيغۇ قاينىمىغا غەرق بولىسىز: سىز قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمما قىلمىغان ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىغان دەپ ئۆزىڭىزگە ۋەدە بېرەلمەيسىز. سىز ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلالمايسىز. بۇ نېمىدېگەن قۇلايلىق خىزمەت مېخانىزمى ـ ھە!

— بىلىمەن، ئەلۋەتتە بىلىمەن، مەن ئۇ ئىشنى قىلىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما مەن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن. بەلكىم ياخشى قىلالماسلىقىممۇ مۇمكىن. ئىشلەۋېرىپ زېرىكىپ قېلىشىممۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۆزۈمگە «كېيىن بىر گەپ بولار» دەيمەن، شۇنداق بولغانىكەن، ئۆزۈمگە ئۇ ئىشنى جەزمەن قىلىشىم شەرت دېيىشىم بىھاجەت. بۇ ماڭا نىسبەتەن قوبۇل قىلىش خېلى ئاسان بىر ئىش.

مۇبادا سىز مۇنداق ئادەم بولسىڭىز: مۇبادا سىز ئىشنى بىر خىل، گەپنى يەنە بىر خىل قىلىدىغان، كەلگۈسى ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدىغان ئادەم بولسىڭىز سىز تولۇلىغان مۇقاملارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ. سىز «ۋەدە»، «تەسىرات»قا ئامراق ئادەم بولۇپ قالىسىز، بىرەر ئىشتىن مەڭگۈ نەتىجە قازىنالمايسىز.

ئەزمىلىك قىلىشنىڭ، ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئىشنى مەلۇم دەرىجىدە كېچىكتۈرگەندىن كېيىن مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولىمەن، دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما بۇ يەردە يەنە بىر خىل دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئۆزىنى ئالداش شەكلى مەۋجۇت بولىدۇ. مۇبادا سىز ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

خىزمەتنى ئورۇنداپ بولسىڭىز، خىزمەتتىن ناچار ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇڭ ياكى ئەسلىدە يەتمەكچى بولغان مۇكەممەل خىزمەت ئىپادىسىنىڭ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈڭ. سىز ئۆزىڭىزگە: «ئاخىر ۋاقىت يېتىشمىدى، ئەمەسمۇ!» دەپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئەمما سىزنىڭ يېتەرلىك ۋاقتىڭىز بار، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئالدىراش ئادەم ئىشنى ھەقىقىي ۋايىگە يەتكۈزۈپ قىلىدىغان ئادەمدۇر.

ئەمما سىز ۋاقىتنى قىلىدىغان ئىشنى بەك تولا بولۇپ كەتتى دەپ ۋايساپ ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز «ھازىرقى دەقىقىدە» تۇرۇپ قېلىشقا تېگىشلىك ئىشنى مەڭگۈ قىلىپ بولالمايسىز.

مېنىڭ بىر ئىشدىشىم بار ئىدى، ئۇ بىر ئەزمە مۇتەخەسسىس ئىدى، ھەمىشە ئەزمىلىك قىلىپ ئىشنى كېچىكتۈرەتتى. ئۇ ھامان سۇرۇك، مۇددەت، ۋاقىت قوغلىشىپ، ئاخىر ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايتتى، نېمىدېگەن تولا ئىش بۇ دەپ ۋايساپلا يۈرەتتى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ئاستا - ئاستا بىزار بولۇشقا باشلىدى ۋە بۇنداق دېيىش ئۇنىڭ تۇرمۇش رىتىمى ئوخشايدۇ، دەپ قارىدى. ئەمما تەپسىلىي قاراپ باقمىدىغان بولسىڭىز بۇ ئىشدىشىمنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئالدىراش ئەمەسلىكىنى، ھېچقانداق ئىشنى قىلمىغانلىقىنى بايقايسىز. ئۇ خىيالىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ئىشنىمۇ ھەقىقىي تۈردە قىلىپ باقمىغان. مەن ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئەتە پالانى ئىشنى قىلىمەن دەپ ئۆزىنى ئالدايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزىنى ئالدايدىغان خىيالىي تۈيغۇ مېخانىزمىنى چۈش دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىدۇ؟ بەلكىم ئۇ ئويلىغان ئىشلىرىنى قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە قىلالايمەن دەپ قەسەم قىلىشى ئۇنىڭ «رېئال پەيت»



بولسا كېرەك.

سىز دېگەنلىرىڭىزنى قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. سىزنىڭ دېگەن گەپلىرىڭىز بىلەن قىلغان ھەرىكىتىڭىزنى سېلىشتۇرغاندا ھەرىكەت سىزئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى «ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ ۋە نەملىكنى ئۆلچىگۈچ» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز «رېئال پەيت»تە قىلغان - ئەتكەنلىرىڭىز تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىدىغان بىر كۆرسەتكۈچ بولىدۇ. بۇ توغرۇلۇق ئېمېرسون مۇنداق يازغانىدى: «ئېغىزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمەڭ. گەپ - سۆزدە سىز پەقەت دەقىقىلا مەۋجۇت بولىسىز. گۈلدۈرماما ياڭراق بولغاچقا، مەن سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىيالمايمەن.»

مۇبادا سىز كېيىنكى قېتىم يەنە بۇ ئىشنى قىلىپ بولىمەن دېسىڭىز، ئەمما قىلىپ بولالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق بىلسىڭىز، دېگەن گەپلىرىڭىزنى ئاستا يىغىشتۇرۇۋېلىڭ. چۈنكى ئۇلار ئەزمىلىكنىڭ، ئىشنى ئارقىغا سۆرەشنىڭ زەھەر قايتۇرۇش دورىسىدۇر.

## تەنقىدچى بىلەن ئەمەلىي ئىشلىگۈچى

ئەزمىلىك، سۆرەلمىلىك بىر خىل تۇرمۇش يوسۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ سىزنى ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن چەتكە ئالدۇرىدۇ، بۇ ئەزمىلىكنىڭ، سۆرەلمىلىكنىڭ بىر ماھارىتىدۇر. ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان بىر ئادەم ھەمىشە بىر تەنقىدچى بولىدۇ. يەنى ئۇ ئەمەلىي ئىشلىگۈچىنىڭ قىلغان ئىشىغا شۇنداق قارايدۇ - دە، بىر يۈرۈش پەلسەپە نەزەرىيىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەمەلىي ئىشلىگۈچىگە قانداق ئىشلەش توغرىسىدا ھەدەپ باھا بېرىدۇ. تەنقىدچى بولۇش ناھايىتى ئاسان ئىش. ئەمما، ئەمەلىي ئىشلىگۈچى بولۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق

كۆرسىتىشكە، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى، ئۆزگىرىش - ئاينىشلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تەنقىدچى:

بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز تەنقىدچىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ھەتتا بىز ئۇلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى پۇل تۆلەپ ئاڭلايمىز.

بىز ئۆزىمىزنى ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنى كۆزىتىپ باقايلى، نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ تەنقىد ئارقىلىق راۋانلىشىدىغانلىقىنى خاتىرىلەپ قويغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كېرەك؟ چۈنكى باشقىلار ئۇنداق قىپتۇ، مۇنداق قىلىدۇ دەپ يۈرگەندىن كۆرە ئۆزىڭىز ئىشلىسىڭىز ئىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. چېمپىيون بولغانلارنىڭ مىسالىغا قاراپ باقايلى. چېمپىيون بولغان ئادەملەر ئەلا نەتىجە ياراتقاندا ئۇنى ساقلاپ قالىدۇ. ھېنرى ئارنوس، جون كارسېن، بېل شېفىل، كاسىرىن خوب ۋە جوش لورىس قاتارلىقلارغا ھەممە ئۇلارغا ئوخشايدىغان ئادەملەرگە قاراپ باقايلى. ئۇلار يۈكسەك پەللىگە يەتكەن ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلار بولۇپ، ھەربىر قاتلامدا، ھەربىر مەنىدە چېمپىيون بولۇپ كەلگەن. ئۇلار بۇلغار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، تومشۇقىنى سوزغىنىچە كىشىلەرگە باھا بەرگەن ئەمەس.

دۇنيادا ھەقىقىي ئىش قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كىشىلەرگە باھا بېرىدىغان زىنھار ۋاقتى بولمايدۇ. ئۇلار ئەمەلىي ئىش قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، باشقا ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ. ئۇلار پەقەت خىزمەت قىلىشنىلا بىلىدۇ، كىشىلەرگە ئۇنداق قىل، بۇنداق قىل دەپ يۈرمەيدۇ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان ئادەملەرگە ياردەم قىلىدۇ.

ئاكتۇئال كۆرسەتمە ۋە تەنقىدنىڭ ئەلۋەتتە ياردىمى بولىدۇ. مۇبادا سىز بىر ئەمەلىي ئىشلىگۈچى بولماي، بىر كۆزەتكۈچى بولسىڭىز، سىز تېخى ئۆسۈپ يېتىلمىگەن ئادەم بولۇپ



قالىسىز؛ ھەتتا سىز قوللىرىڭىزنى شىلتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىڭىزنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ۋە ھېچقانداق نەتىجە، ئۈنۈم يارىتالمىغانلىقىڭىزنى باھانە قىلىسىز، بەل قويۇۋەتمەي تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنى توختىماي تەنقىدلەيسىز. ئەمما بىز ئادەمدىن توختىماي خاتالىق، قۇسۇر تاپىدىغان، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان تەنقىدچىلەرگە پەرۋا قىلماسلىقنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىدە تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدلەش ھەرىكىتىگە ئوخشاش ھەرىكەتنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراش كېرەك، تەنقىدچىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش ھەرىكەت بولسا تامامەن تۈگىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سىز ئەزمە تەنقىدچى ئەمەس، بىر ئەمەلىي ئىشلىگۈچى بولالايسىز.

## تېتىقسىزلىق: ئەزمىلىكنىڭ باھانىسى

تۇرمۇش تېتىقسىزلىقتا ئۆتمەيدۇ، ئەمما بەزى ئادەملەر ئەتەي تېتىقسىزلىقتا ياشايدۇ. تېتىقسىزلىق بىر خىل ئىقتىدارسىزلىق بولۇپ، «رېئال دەقىقە»نى ئۆزلۈكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. تېتىقسىزلىق ئەمەلىيەتتە بىر خىل تاللاش بولىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۆزىڭىزگە بەيئەت قىلىدىغان چاغلاردا ئېلىۋالىدىغان نەرسە، ئۆزلۈكىڭىزنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى يەنە بىر تۈر، شۇنداقلا تۇرمۇشىڭىزدىن تۈپتىن تازىلاپ تۈگىتىدىغانمۇ بىر تۈر. ئەمەلىيەتتە سىز ئەزمىلىك قىلغان چاغلىرىڭىزدا «رېئال دەقىقە»نى ئىشلەتكەن چاغلىرىڭىزدىمۇ، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز، پەقەت قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاكالەتچىسى بولۇپ قالىسىز.ھېچ ئىش قىلماي بىكار يۈرۈش دەرۋەقە ئادەمنى تېتىقسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ. دائىملىق خاھىش شۇكى، سىز

مۇھەت يار بەرمەدى دەپ ئاغرىنىسىز، «بۇ شەھەر راستتىنلا بولمايدىكەن»، «نۇتۇق سۆزلىگەن ئادەم تازا تېتىقسىز نەرسىكەن.» ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەر ياكى نۇتۇق سۆزلىگەن ئادەمنىڭ تېتىقسىز بولۇشى ناتايىن؛ شۇڭا سىز تېتىقسىزلىقنى، ئەھمىيەتسىزلىكنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەندىكىن بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزنى روھلاندۇرۇشىڭىز، رىغبەتلەندۇرۇشىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى تېتىقسىزلىق، بىمەنىلىكنى تامامەن تۈگىتىشىڭىز كېرەك.

سېلىيېر باتتىل (1902 ــ 1835 ئەنگلىيىلىك پروزىچى ۋە ساتىرىك يازغۇچى): «سىز ئۆزىڭىزنى تېتىقسىز ئادەمگە سېلىشتۇرسىڭىز تېخىمۇ تېتىقسىز، يىرگىنچلىك بولۇپ چىقىسىز» دېگەنىدى. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى سىز بىر خىل يېڭى ئىجادىي ئۇسۇل بىلەن مېڭە ئىشلىتىپ، بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىڭ؛ ئەمما سىزنىڭ يەنىلا تېتىقسىز ئىشنى تاللىمايدىغانلىقىڭىزغا كاپالەتلىك قىلىش تەس. لېكىن شۇنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭكى، تاللاش ھوقۇقى ھامان ئۆزىڭىزنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

## تىپىك ئەزمىلىكنىڭ ئالامەتلىرى

تۆۋەندىكى تىپىك ئەزمىلىك ھەرىكىتىنى ھەقىقىي ھەرىكەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز تاللاش ئاسانغا چۈشىدۇ.

● سىز ھەمىشە بىر خىزمەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ پىششىپ يېتىلمىگەنلىكىڭىزنى، تەرەققىي قىلمىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپلا قالماي، بەلكى ھامان توسالغۇغا ئۇچراپ تۇرغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز.

● بىر خىل چىرىكلىشىپ كەتكەن مۇناسىۋەتكە



ئېسىلىۋېلىش. مەيلى توي قىلىڭ ياكى توي قىلماڭ ئەھۋالىڭىزنى ئانچە ــ مۇنچە ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىڭ.

● بەزى قىيىن مەسىلە ۋە مۇناسىۋەتلەرنى قول سېلىپ ھەل قىلىشنى رەت قىلىش. مەسىلەن، جىنسىي مۇناسىۋەت، خىجالەتچىلىك، غالجىرلىق كېسەللى. ئىشقىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماي، ئاكتىپلىق بىلەن تەكلىپ ـ تەۋسىيە قىلىپ قۇتقۇزۇش تەرەپدارىدا بولماي، ئىشنىڭ ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش.

● بىرخىل خۇمار بولۇپ قالغان قىلىقلارنى ھەل قىلماسلىق، تۈگەتمەسلىك. مەسىلەن، مەيخورلۇق، زەھەر چېكىش، ئارتۇق دورا ئىستېمال قىلىش، تاماكا چېكىش قاتارلىقلار. پەقەت: «مەن بۇلارنى تاشلاشقا تەييارلىنىۋاتىمەن» دېگەن بولىسىمۇ، ئەمما يەنە ئىشنى ئەزمىلىك بىلەن ئارقىغا سوزۇش. چۈنكى سىز بۇنداق كەيپىنى تاشلىيالارمەنمۇ، يوق دەپ ئۆزىڭىزدىن گۇمانلىنىسىز.

● بەزى كۆچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئارقىغا سۈرەپ قىلىش. مەسىلەن، تازىلىق قىلىش، رېمونت قىلىش، تىككۈچىلىك قىلىش، ئوت ئوتاش، ئۆي ئاقارتىش قاتارلىقلار. مۇبادا سىز ھەقىقەتەن بۇ ئىشلارنى كۆڭۈلىڭىزگە پۈككەن بولسىڭىز، كۈتۈپ تۇرسىڭىزمۇ، ئارقىغا سۈرسىڭىز، ھامان ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

● باشقىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش. مەسىلەن، نوپۇزلۇق ئادەملەر، باشلىقلار، دوستلار، مەشۇق (ئاشىق)لار، پرىكازچىكلار ياكى مۇلازىمەتچىلەر. مۇبادا سىز كۈتۈپ تۇرۇش جەريانىدا ھېچقانداق ئىش قىلماي رېئاللىققا بىۋاستە يۈزلەنسىڭىز مۇناسىۋەت، مۇلازىمەت ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

● جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قورقۇش. بىر ئۆمۈر بىر جايدا تۇرۇشنى ئويلاش.

● باللار بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغان گۈزەل چاغلارنى كېچىكتۈرۈش، هامان مەن ئالدىراش، قىلىدىغان ئىشىم كۆپ دەپ باهانە ـ سەۋەب تېپىش. ئوخشاشلا يەنە «مەن ئالدىراش» دېگەن ئۇسۇل بىلەن يەنە ئاشىقى (مەشۇقى) بىلەن كەچلىك زىياپەتكە، كىنو ـ تىياتىرلارغا، بەيگە ـ مۇسابىقىلەرگە بېرىشنى كېچىكتۈرۈش ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتىش.

● هامان ئەتىدىن ـ كەچكىچە ياكى كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ تاماقتىن پەرھىز تۇتىمەن دەپ پىلان تۈزۈش. كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سۈرۈش بەدەندىكى ئارتۇقچە گۆشنى ئېلىۋېتىشتىن ئاسان بولغاچقا، سىز: «ئەتە جەزمەن پەرھىز تۇتىمەن» دەيسىز. توغرا، سىز مەڭگۈ پەرھىز تۇتالمايسىز.

● ئۇيقۇنى ياكى هارغىنلىقنى كېچىكتۈرۈشنىڭ سەۋەبى قىلىۋېلىش. ئەجەبا سىز بەزى مۇشكۇل، قىيىن ئىشلارنى قىلغاندا ئادەمنىڭ ئاسانلا چارچاپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتمىسىڭىزمۇ، بۇ ئازراق چارچاش ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى سەۋەبى.

● سىز ئادەمنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشقا ياكى ئادەمگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىدىغان خىرىسقا يولۇققاندا: «ئاغرىپ يېتىپ قالامسىز؟»، «بىئاراملىق ھېس قىلامسىز؟» شۇنداق، مۇبادا سىز شۇنداق تۇيغۇغا كەلگەن بولسىڭىز قانداقمۇ ئىش قىلالايسىز؟

يۇقىرىدا دېگەندەك چارچاپ كېتىشكە ئوخشاش «كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىش» مۇ ئوخشاشلا ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ بىر ياخشى ماهارىتى.

«ۋاقتىم يوق» دېگەن بىر قانۇن. سىزنىڭ ۋاقتىڭىز قىس، خىزمىتىڭىز ئالدىراش بولغاچقا ئىشنى كېچىكتۈرۈپ ۋاقتىدا قىلالمايسىز.

● ھەمىشە ھېيت ـ بايرام كەلسىكەن دەپ كۈتۈپ تۇرۇش ياكى سەيلە ـ ساياھەت بولسىكەن، دەپ خىيال قىلىش. هامان



كېلەر يىلى پالانى يەردە قايتا ئۇچرىشىمىز دەپ ئارمان قىلىش.

● هارماس، ئۇمىدۋار بىر تەنقىدچى سىزنىڭ باشقىلارغا قىلغان تەنقىدىڭىزنى سىزنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلىشنى رەت قىلىش نىقابىڭىزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

● مۇۋاپىق پەيت بولمىسا بەدەن تەكشۈرتۈشنى تامامەن رەت قىلىش. سىز ئىشنى كېچىكتۈرۈش، ئارقىغا سوزۇش ئارقىلىق كېسەللىككە ھەقىقىي يۈزلىنىشىڭىز بىهاجەت.

● سىزگە يۈرەك ـ باغرىنى تۆكىدىغان ئادەمدىن قورقۇش، ئۇلارغا يەنە بىر قەدەم يېقىنلىشىشتىن قورقۇش. ئەمەلىيەتتە بۇ سىزنىڭ ئويىڭىز بولسىمۇ، ئەمما سىز كۈتۈپ تۇرۇشقا رازى بولىسىز، مۆجىزە يارىتىلسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىسىز.

● تۇرمۇشتا ھەر ۋاقىت تېتىقسىزلىق ھېس قىلىش. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ، ئارقىغا سۈرۈشنىڭ بىر ئۇسۇلى. ئەھمىيەتسىز ئىشنى ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئىش يوق ئىكەنلىكىنىڭ، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى قىلىۋېلىش.

● هامان ئۇلۇغ پىلان تۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما بەدەننى گۈزەللەشتۈرۈش مەشقى پىلانىنى يولغا قويماسلىق. «مەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلەي... كېلەر ھەپتە شۇنداق قىلاي.»

● بىر ئۆمۈر پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياشاش. هامان ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتىدىن ۋاز كېچىش ياكى بەخت ـ سائادىتىنى كېچىكتۈرۈش. بىز باللارنىڭ تەربىيىلىنىشىدىن ئەندىشە قىلساق، دەم ئېلىپ راھەت سۈرۈشتىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەكمۇ؟

## هامان ئەزمىلىك بىلەن ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ سەۋەبى

ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ سەۋەبى: «ئۆزىنى ئالداش» بىلەن

«ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش» تىن تەركىب تاپىدۇ. بىز تۆۋەندە ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىدىغان ئەڭ زور، ئەڭ مۇھىم «ياخشىلىق»لىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

- ئەڭ روشەن بولغان بىر خىل كېچىكتۈرۈش سىزنى كۆڭۈلسىز پائالىيەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بەلكىم سىز بەزى ئىشلارنى قىلىشتىن قورققان بولۇشىڭىز، قىلىشنى ئويلىغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنى قىلىشنى، يەنە بىر قىسمىنى قىلماسلىقنى ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇنى ئەستە تۇتۇڭكى، جەزمەن ئاق ـ قارىنى ئايرىش كېرەك.
- سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئالدىغاندا راھەت، ئازادىلىك ھېس قىلىسىز. سىز ئۆزىڭىزگە يالغان سۆزلىسىڭىز بۇ «رېئال دەقىقە»نى تەن ئېلىشىڭىز ھاجەتسىز، شۇڭا سىز بىر «ئەمەلىي ئىشلىگۈچى» بولىسىز.
- سىز پەقەت ئىشنى ئۈزلۈكسىز كېچىكتۈرسىڭىز ھازىرقى ھالىتىڭىزنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىسىز. شۇنداق ئىكەن، سىز بارلىق ئۆزگىرىشچان ئىمكانىيەتلەرنى ۋە ئۆزگىرىش بىللە كېلىدىغان جىمى خېيىمخەتەرنى تۈگىتىڭ.
- سىز بىمەنىلىك، تېتىقسىزلىقتىن ھامان بەزى ئىشلار توغرىسىدا كىشىلەردىن، ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى كۆڭۈلسىز ھالىتىدىن ئاغرىنىپ يۈرىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادەمنى بەزدۈرىدىغان تېتىقسىز پائالىيەتكە يۈكلەپ قويىسىز.
- مۇبادا سىز تەنقىدچى بولسىڭىز باشقىلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەڭ. ئۆزىڭىزنىڭ قەدرىنى بىلىڭ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆرلەشتىكى شوتىسى بىلسىڭىز بۇ تېخىمۇ ئۆزىڭىزنى ئالدىغانلىق بولىدۇ.
- ئىش ياخشىلانغۇچە كۈتۈپ تۇراي دەپ ئويلاش، بۇ جاھان مېنى بەختسىز قىلىپ قويدى دەپ ئاغرىنىش، ئىش نېمىشقا مەن



ئويلىغاندەك بولمايدۇ، دەپ زارلىنىش تامامەن ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق بىكار تۇرۇشتىكى بىر ئۇلۇغ تاكتىكىدۇر.

- مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى بارلىق خېيىمخەتەر مۇجەسسەملەشكەن پائالىيەتتىن ساقلىنىشتۇر. بۇنداق بولغاندا سىز «ئۆزلۈك گۇمان»غا مەڭگۈ يۈزلەنمەيسىز.
- ئىشنىڭ شۇنداق يۈز بېرىشىنى ئارمان قىلىش — «مىلاد بوۋايدەك خىيالپەرەسلىك كېسىلى» — ئۆزىنىڭ بىر خىل بەختەر، ھىماتلىق بالىلىق دەۋرىگە قايتىپ كېلىشىنى ئارمان قىلىش.
- قىلىشقا تېگىشلىك ئىش تۇرۇپ قىلماي، تەشۋىشلەنسىڭىز كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىسىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىڭىزنىڭ ھەسرىتى ئۈچۈن ياش تۆكىسىز.
- ئىشنى قىلماي كېچىكتۈرسىڭىز، ئىشنى ئارقىغا سۈرۈۋەرگەنسېرى ئۆزىڭىز ئۈچۈن قاملاشمىغان باھانە ـ سەۋەبلەرنى تاپىسىز، ئەمما ئاز ۋاقىتلا پۈت دەسسەپ تۇرالايسىز. «قاراڭ، مېنىڭ ھەقىقەتەن ۋاقتىم يوق» دەيسىز.
- ئىشنى كېچىكتۈرسىڭىز، بەلكىم باشقىلار سىزگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ باشقىلار قۇللارچە سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ.
- ئىشنى كېچىكتۈرسىڭىز ئۆزىڭىزنى ئالدىغان بولىسىز، بەلكىم سىز ئۆزىڭىزنى مەن ھەممە نەرسە بولسام بولىمەنكى، ئەمما ئۆزۈم بولمايمەن دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن.
- ۋەزىپىدىن، مۇۋەپپەقىيەتتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش. سىز مۇۋەپپەقىيەت قازانمىسىڭىز ياخشى ئۆزلۈك تۇيغۇسىدا بولماسلىقىڭىز ۋە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ياندىشىپ كېلىدىغان بەزى مەسئۇلىيەتنى قوبۇل قىلماسلىقىڭىز مۇمكىن.

ئەمدى سىز ئىشنى نېمە ئۈچۈن كېچىكتۈرۈشنى

چۈشەنگەنسىز. چۈشەنگەن بولسىڭىز ئىشنى كېچىكتۈرمەي، ئۆزلۈكنى ۋەيران قىلىدىغان خاتا رايوننى تۈپتىن تۈگىتىڭ.

## ئەزمىلىكنى تۈگىتىش ماھارەتلىرى

● سىز ھەر قېتىم پەقەت بەش مىنۇتلۇق ھاياتىڭىز ۋە مۇشۇنداق جىددىي تۈيغۇڭىز بىلەن قارار قىلىڭ، سىز ئۇزاق مۇددەتلىك قارار قىلماي، ھازىرنى ئويلىنىڭ. بەش مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە قىلماقچى بولغان ئىشىڭىز توغرۇلۇق ئويلىنىڭ. ئەزمىلىك بىلەن قىلىنىپ، سىزگە رازىمەنلىك ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى رەت قىلىڭ.

● سىز مىختەك ئولتۇرۇپ ئىزچىل ئارقىغا سۈرەپ كەلگەن ئىشنى قىلىش ئۈچۈن تۈتۈش قىلىڭ. سىز خەت يازسىڭىز ياكى كىتاب يازسىڭىز، ئىشنى ئارقىغا سۈرەپ كەلگەنلىكىڭىزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىنى سېزىسىز، ئىشنى كېچىكتۈرمەسلىكنىڭ ئادەمنى خۇشال قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىز. سىز ئىشىڭىزغا ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش قىلسىڭىز پۈتكۈل پىلانىڭىزدىكى تەشۋىشلەرنى جەزمەن تۈگىتەلەيسىز.

● سىز ئۆزىڭىزدىن: «مۇبادا مەن ھازىر ئارقىغا سۈرەپ كېلىۋاتقان ئىشنى قىلسام، ئاخىر قانداق ناچار ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟» دەپ سورىسىڭىز، بۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ ۋە سىزنى شۇ زامات ھەرىكەتكە ئاتلىنىشقا ئۈندەيدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ قورقۇنچلىرىنى يەنە ئەسلىسىڭىز، ئىشنى ئارقىغا سۈرۈشنىڭ ھېچقانداق سەۋەبى يوقلۇقىنى بايقايسىز.

● ئۆزىڭىزگە ۋاقىت بەلگىلىۋېلىڭ (مەسىلەن، چارشەنبە كۈنى سائەت 10 ~ 15:10 كىچە) سىز بۇ ۋاقىتنى ئىزچىل كېچىكتۈرۈپ كەلگەن ئىشلىرىغا سەرپ قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز بۇ 15 مىنۇتلۇق دىققىتىڭىز ۋە تىرىشچانلىقىڭىز



بىلەن ئىشنى كېچىكتۈرۈش تۇسالغۇسىدىن ھالقىپ چۈشەلەيسىز.

● سىز ئۆزۈمنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىقتىدارىم ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىم بار دەپ قارىسىڭىز بۇ ئىشنى قىلىۋەتمىسەم بولمايدۇ دېگەن بىر خىل تەشۋىشلىك روھىي ھالەتنى كۈن بويى ھەمراھ قىلىۋالماڭ. بولمىسا ئىككىنچى قېتىم ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە توغرا كەلسە بىئاراملىق ھېس قىلىپ قالىسىز. شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزگە كۆيۈنگەن ئادەمگە بۇرۇنقىدەك ئۇسۇل بىلەن زىيان يەتكۈزمەڭ.

● ئەمدى سىز ئۆزىڭىزگە سىنچى كۆزلىرىڭىز بىلەن قاراپ بېقىڭ. سىز ھازىر نېمىدىن قېچىۋاتقانلىقىڭىزغا قارىغاندىن كېيىن ئۇنۇملۇك تۇرمۇشقا بولغان تەشۋىشىڭىزنى تۈگىتىڭ. كېچىكتۈرۈش كەلگۈسىدىكى تەشۋىشنى ھازىرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ. مۇبادا ئىش ھازىرغا ئۆزگەرسە، تەشۋىش ئورۇن بوشىتىشى، تۈگىشى كېرەك.

● تاماكىدىن پەرھىز تۇتۇش كېرەك! ھازىردىن باشلاپ تاماكىدىن، تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش كېرەك! بۇنداق ئىشتىن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ۋاز كېچىش. بۇنداق ئىشنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كېچىكتۈرۈش كېرەك. بەدەن گۈزەللىكى چېنىقىشنى باشلىغاندا ئوڭدىسىغا يېتىپ ھەرىكەت قىلىش كېرەك. بۇ سىزنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭىزنىڭ ئۇسۇلى — خوش، ئىشنى ھازىرلا باشلاڭ، ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن قوزغىلىڭ. ئۆزىڭىزگە مەدەت بېرىدىغان ئادەم پەقەت ئۆزىڭىز. سىز چوڭ مېڭىڭىزنىڭ قىلغان قارارىنىڭ «ھەقىقىي ئۆزىڭىز»گە ئوخشاش قابىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيسىز. ئىش مانا شۇنداق ئاددىي، شۇڭا سىز ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىڭ!

● ئەسلىدىكى تېتىقسىزلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن مېڭىنى

يېڭىدىن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىجادچانلىقا ئىگە مېڭىگە ئايلاندۇرىدۇ. يىغىن ئاچقاندا بەزى زېرەك مەسىلىلەر تېپىقسىز يىغىن تەرتىپىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدۇ ياكى ئادەم ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە ھاياجان، ئىلھام مۇجەسسەملەشكەن بىر پۇرسەت بېرىدۇ: شېئىر يېزىش، 25 نى تەتۈر خاتىرىلەش، ئۆزىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇش، تېتىقسىز سەنەمگە قايتا دەسسىمەسلىك.

● بىرى سىزنى تەنقىدلىسە، سىز ئۆزىڭىزدىن: «مەن ھازىر تەنقىدلەشكە موھتاجمۇ؟» دەپ سوراڭ ياكى سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر تەنقىدچىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بايقاڭ. ھەمراھلىرىڭىزنىڭ تەنقىدىڭىزنى ئاڭلايدىغان - ئاڭلىمايدىغانلىقىنى سوراڭ. مۇبادا ئاڭلىغۇسى بولسا نېمە ئۈچۈن ئاڭلايدۇ؟ بۇ سىزنىڭ تەنقىدچىدىن ئەمەلىي ئىشلىگۈچى بولۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

● سىز تۇرمۇشىڭىزغا تەپسىلىي، ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ بېقىڭ. مۇبادا يەنە ئالتە ئايلىق ھاياتىڭىز بولسا قىلىشنى نىيەت قىلغان ئىشىڭىزنى قىلالامسىز؟ مۇبادا يەنە ئالتە ئاي ۋاقتىڭىز بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى ئىشنى ھازىرلا باشلاڭ. چۈنكى يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ۋاقىت ئالىلىقاچان سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بولىدۇ. بۇنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاقىت، 30 يىل ياكى ئالتە ئاي ۋاقىت بىلەن ئانچە زور پەرق بولمايدۇ. سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىز ناھايىتى شۇ قىسقا - قىسقا ۋاقىت بۆلەكلىرى بولىدۇ، خالاس. شۇنداق ئاكتىپ كېچىكتۈرگەن، ئارقىغا سوزغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

● باتۇرلارچە ھەرىكەت قىلىڭ، قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قېچىپ كەلگەن بىر ئىشنى قىلىڭ. بىر قېتىملىق جاسارىتىڭىز جىمى قورقۇنچنى تۈگىتىشى مۇمكىن. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى مۇكەممەل، كەم - كۈتىسىز قىلىڭ.



ئەمەلىي ئىشلەش ھەممىدىن مۇھىم دېگەننى ھەمىشە سەمىڭىزگە سېلىپ تۇرۇڭ.

● ھېرىش - چارچاش ھېس قىلماڭ، تاكى تۆشەككە چىقىپ ئۇخلىغۇچە ھۇزۇرلۇق، يالقاۋلىق قىلماڭ. ھېرىش - چارچاشنى ياكى ئازراق ئەنسىزلىكنى ئىشنى كېچىكتۈرۈشنىڭ، ئارقىغا سۈرۈشنىڭ باھانىسى قىلىۋالماڭ. سىز ئاغرىق - سىلاقنىڭ ياكى ھېرىش - چارچاشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېچىپ تاشلىغاندا ئەمەلىيەتتە «ۋەزىپىدىن قېچىش»تىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالغان بولىسىز. بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ «مۆجىزە»دەك بولغانلىقىنى بايقايسىز.

● «ئۈمىد قىلىش»، «ئارمان قىلىش» ياكى «بەلكىم» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىڭ. بۇ سۆزلەر ئىشنى ئارقىغا سۆرەشنىڭ قورالى. مۇبادا سىز بۇنداق سۆزلەرنى كۆرسىڭىز، دەرھال بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزلەرنى ئىشلىتىڭ.

## «مەن ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن»نى «مەن ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىمەن»گە ئۆزگەرتىش كېرەك

«مەن ئىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن»نى «مەن تۆۋەندىكىدەك تەدبىر قوللىنىپ، تۈيغۇمنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن»گە ئۆزگەرتىش كېرەك.

«بەلكىم ياخشى بولۇپ كېتەر»نى «مەن ياخشى قىلالايمەن» گە ئۆزگەرتىش كېرەك.

● ئۆزىڭىزدىن زارلىنىدىغان ياكى تەنقىدىي ھەرىكەتنى خاتىرىلەپ قويۇڭ. سىز بۇ ھەرىكەتلەرنى خاتىرىلىگەندىن كېيىن ئىككى ئىشنى قىلغان بولىسىز: بىرى، تۇرمۇشتىكى تەنقىدىي

ھەربكەتلەرنىڭ ئاستا ـ ئاستا سۇ يۇزىگە لەيلەپ چىققانلىقىنى — دولقۇن، شەكىل، ۋەقە ۋە سىز تەنقىد قىلىدىغان ئادەمنى كۆرىسىز؛ ئىككىنچى، سىز كىشىلەرنى قايتا تەنقىدلىمەيسىز، چۈنكى سىز خاتىرىڭىزگە خاتىرىلىۋالغان بۇ تەنقىدلەرنىڭ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

● مۇبادا سىز كېچىكتۈرگەن ئىش جەريانىدا باشقىلارغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەر بولسا (خىزمىتى ئۆسۈش، جىنسىيەت مەسىلىسى، يېڭى خىزمەت)، سىز بۇ مەسىلىگە چېتىشلىق جىمى ئادەملەرنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ قورقۇنچىڭىزنى باتۇرلارچە دەڭ، ئىشنى كېچىكتۈرۈش ئۆزىڭىزنىڭ سەۋەبىدىن بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. ھەمراھلىرىڭىز ئىشنى كېچىكتۈرۈش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان تەشۋىشلەرنى ئۇستىگە تەڭ ئالسا، سىزدىكى تەشۋىش ئاستا ـ ئاستا تۈگەيدۇ.

● سىز چىن دىلىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن توختام تۈزۈڭ. سىز توختامدا ئىزچىل تۈردە ئاتا قىلماقچى بولغان ۋە ئىزچىل ئارقىغا سۈرۈپ كەلگەن نەرسىنى بەرمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ئىزاھلاپ قويۇڭ. بۇ توختامنى ھەربىرىڭلار بىر نۇسخىدىن ساقلاپ قويۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن توختامدا بەلگىلەنگەن جەرىمانە سوممىسىنىمۇ ئېنىق يېزىڭلار. بۇ توختام مەيلى توپ مۇسابىقىسى، سىرتلارغا چىقىش، زىياپەتكە بېرىش، دەم ئېلىش توغرىسىدا ياكى ئويۇنخانىلارغا بېرىش توغرىسىدا بولسۇن، ۋاقتى كەلگەندە ئىنتايىن ئەسقاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەرەپلەر ئۇچۇن ناھايىتى زور جاۋاب بولىدۇ. چۈنكى سىز بايقىغان ئىشلار سىزنى شادلاندۇرۇۋېتىدۇ.

مۇبادا سىز دۇنيانى ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتەي دېسىڭىز، ھەرگىز زارلانماڭ. ئەمەلىي ئىش قىلىڭ. كېچىكتۈرۈش ۋە



كېچىكتۈرۈشتىن پەيدا بولغان ھۇرۇنلۇق، تەشۋىش جەريانىدا پەقەت «ھازىرقى مۇشۇ دەقىقە»نى ئىشلەتمەڭ. ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇپ، بۇ خاتا رايوننى تۈگىتىپ، ھەقىقىي تۈردە «جانلىنىڭ!»

پەقەت ھەممە ئىشتىن ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم ياكى تەنقىدچى بولۇپ قالماي، ھەقىقىي ئىش قىلىدىغان ئەمەلىيەتچى بولۇڭ!

سىز نائىل بولغان نەرسە دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەم ئىگە بولغان نەرسىدىنمۇ كۆپ، ئەمما سىز ئۆزىڭىزنىڭ زادى قانچىلىك باي ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيسىز.

—— ئانود بەننېت ۋە يۇسۇف بورسىبان

# 22 ـ دەرس

## ۋاقىتنى قانداق قەدىرلەش، قانداق ئىشلىتىش كېرەك

سىز يەتتە كۈننى بىر سۇرۇك قىلىپ ھەر كۈنى قىلغان جىمى ئىش ـ پائالىيەتلىرىڭىزنى تەپسىلىي خاتىرىلەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئىشنىڭ نەتىجىسىدىن قاتتىق ھەيران قېلىشىڭىز ھەم خىجىل بولۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى سىز مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ھەر ھەپتىدە بىكار تەلەپلىك قىلغانلىقىڭىزنى، قانچىلىك ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىكىڭىزنى بىلىپ يېتىسىز.

بۇ دەرس ئادەتتىكى دەرسكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى دۇنياغا داڭلىق بۇ ئىككى بۈيۈك ئۇستاز ئوخشاش بىر مەقسەت ئۈچۈن كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ، سىزگە بەزى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، سىزگە ھەربىر ئادەم ئۈچۈن سىرلىق بولغان بىر سوۋغات —— «ۋاقىت»تىن قانداق قەدىرلەشكە، ھۇزۇرلىنىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئانود بەننېت ئەنگلىيىلىك مول ھوسۇللۇق بىر يازغۇچى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ «كەمپىر ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق



كىتابىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇ كەسپىي جەھەتتىن يۈكسەك پەللىگە يەتكەن يازغۇچى بولۇپ، يىلىغا 500 نەچچە مىڭ خەتلىك ئەسەر يازغان. شۇڭا دوستلىرى ھەيران بولغىنىچە دائىم ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئىجادىي قۇدرەتنىڭ سىرى نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بىر كۈن، 24 سائەتتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟» دېگەن كىتاب بۇنىڭ ئوبدان جاۋابى دەيتتى. 70 نەچچە يىلدىن بېرى مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىشىلەر بۇ كىتابنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ كەلمەكتە. بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمىدى. بۇ دەرس بەننېتنىڭ كىتابىدىن تاللاپ ئېلىندى.

بەننېتتىن كېيىن يەنە بىر مەشھۇر يازغۇچى، گىگانت ئەدەبىيات پېشۋاسى يۇسۇف بورسىبان ھەققىدە توختىلىمىز. ئۇ بىزگە تەسرىي كۈچكە ئىگە تەكلىپ ـ تەۋسىيىلەرنى بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ ـ تەۋسىيىلەر سىز ئۈچۈن بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بورسىبان ئامېرىكىلىق بىر مۇھەررىر ۋە مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇ كەسپىي جەھەتتە ناھايىتى زور ئۇتۇق قازانغان. ھەتتا «قاتتىق كاساتچىلىق» بولغان يىللاردىمۇ ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى بىر مىليون دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ تامامەن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ سىزگە ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىشىڭىزنى دەپ بېرىدۇ.

خوش، سىز ئالدى بىلەن بەننېتنىڭ بۇ كىتابىنى ئوقۇپ، ئاندىن بورسىباننىڭ دەرسىگە —— «ئاربون خاربودنىڭ ئەدەبىي خاتىرىلىرى» دېگەن دەرسىگە قاتنىشايلى. سىز بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ سەممىي ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سېلىڭ، بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ قىسقا دوكلاتى سىزگە خاتا تۇيغۇ بېرىپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ھەرگىز سەل قارىماڭ. بەلكىم

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن سىز ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە باھا بېرىشىڭىز مۇمكىن...

— شۇنداق، ئۇ ئۆزىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولمىغان خادىملارنىڭ بىرى. ئەۋزەل خىزمەت ئورنى، ئادەتتىكى كىرىم ھەم ئېھتىياجىنى ھەم ھەشەمەتنى قاندۇراتتى. مەن بۇ يەردە ئەلۋەتتە ئىسراپخورلۇقنى ياكى ھەشەمەتخورلۇقنى ماختاپ، تەرىپلەۋاتقىنىم يوق. ئەمما بۇ ئەبلەخ ھەمىشە ئاۋارىچىلىك، مۇشكۇلچىلىك پاتقىقىغا پېتىپلا يۈرىدۇ. نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇ پۇل خەجلەيدۇ، ئەمما ھېچنېمىگە مەلىكە بولالمايدۇ. ئۇ چىرايلىق ئوپچا بىنادا تۇرسىمۇ، ئەمما تۇرغان ئۆيىنىڭ يېرىمى قۇرۇق! قارىغاندا گۆرۈخانىنىڭ خوجايىنى بۇ ئۆيگە پات - پات قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ يېڭى كىيىمگە كونا شىلەپىنى پار قىلىپ كىيىدۇ. بوينىغا ئېسىل گالستۇك تاقايدۇ، ئەمما كەڭ ئىشتان كىيىۋالىدۇ. ئۇ تەكلىپكە بىنائەن زىياپەتكە بارىدۇ، نازۇك قەدەھلەردە ئېسىل مەيلەرنى ئىچىدۇ، ئالتۇن كەبى چاقناپ تۇرغان ۋىلكا - پىچاقلار بىلەن غىزالىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن قوي گۆشىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ، يەنە تۈركىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك قەھۋەسى سۇنۇق ئىستاكانلارغا قۇيۇلىدۇ. ئەمما ئۇ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ، بۇنى چۈشەنمەيدۇ. جىمى چۈشەندۈرۈش شۇكى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن تاپقان - تەرگىنىنى ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىۋېتىش بولىدۇ. مۇبادا مېنىڭ ئۇنىڭ يېرىمچىلىك پۇلۇم بولغان بولسا تەڭرىگە رەھمەت - ھەشقاللا دەيتتىم! مەن ئەمدى ئۇنىڭغا قانداق پۇل خەجلەش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قوياي.

ئىش شۇنداق بولغاچقا كۆپىنچىلىرىمىز كىشىلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايمىز. يەنە تېخى پات - پات بىر خىل ئەركىنلىك باردەك تۇيغۇدا بولىمىز.

بىز دېگۈدەكلا «مالىيە ۋەزىرى»گە ئوخشايمىز: بۇ مۇشۇ



دەۋرنىڭ پەخرى. گېزىتلەردە قانچىلىك پۇل بولسا قانداق ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۈزۈلدۈرمەي دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ماقالىلەر كىشىلەرنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئىلھام بېرىدۇ، بۇ ئورتاق سادانىڭ زوراۋانلىق كۈچى كىشىلەردە پەيدا بولغان قىزىقىشنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان «كۈندىلىك كىچىك گېزىت» تە بىر خانىمنىڭ 85 قاداقلىق كىرىمى بىلەن سەھرادا ناھايىتى ئوبدان ياشاۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىر ماقالە بېسىلدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ توغرۇلۇق كۈچلۈك مۇنازىرىلەشتى. مەنمۇ بۇرۇن «ھەر ھەپتىسى سەككىز شىللىڭ پۇلغا تايىنىپ قانداق ياشىغانلىقى» توغرىسىدا بىر ماقالە ئوقۇغانىدىم. ئەمما مەن ھەر كۈنى 24 سائەت ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا بىرەر پارچىمۇ ماقالە ئوقۇپ باقمىدىم.

ۋەھالەنكى، كىشىلەر ئىزچىل تۈردە «ۋاقىت ئالتۇن» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھېكمەتلىك سۆز تازا تولۇق دېيىلمىگەن. ۋاقىت ھەمىشە ئالتۇندىنمۇ مۇھىم بولىدۇ. سىزنىڭ ئىش ھەققىڭىز ئالتۇن مېھمانخانىسىنىڭ كىيىم - كېچەك ساقلاش ئۆيىدە ئىشلەيدىغان خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققىچىلىك كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا سىزنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن سېتىۋالىدىغان ۋاقتىڭىز ھەرگىزمۇ مەن سېتىۋالىدىغان ۋاقىتتىن بىر مىنۇتمۇ كۆپ بولمايدۇ، ئوچاق يېنىدا ئوتسىنىپ ئولتۇرغان ئاسلاننىڭ ۋاقتىدىنمۇ بىر سېكۇنت ئارتۇق بولمايدۇ.

پەيلاسوپلار ماكاننى چۈشەندۈرگىنى بىلەن زاماننى چۈشەندۈرمىدى. زامان ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم تەركىبىي قىسىم، بىر خام ماتېرىيال. زامان بولغاندىلا ئاندىن ھەممە ئىمكانىيەت بولىدۇ؛ زامان بولمىسا جىمى نەرسە قۇرۇق، ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ تەمىناتى ھەقىقەتەن ھەر كۈندىكى بىر مۆجىزە

بولىدۇ؛ بىز زامانىنى چۈشەندۈرگەندە ھەقىقەتەن ئادەم ھەيران قالىدۇ. بىز ئەتىگەندە كۆزىمىزنى ئېچىپ ئويغىنىمىز، ئايھاي! «ھەمىيىنىمىز»غا ئاجايىپ سېھىرلىك ھالدا 24 سائەتنىڭ تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز، بۇ ھاياتىڭىزنىڭ ماكانىدىكى تېخى ئىشلىتىلمىگەن تۈرەلمە ماتېرىياللاردۇر! بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە تالىق بولىدۇ. سىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىڭىز، ئەڭ ئۆزگىچە تاۋارىڭىز، ھەتتا بۇ ۋۇجۇدىڭىزغا چېچىلغان شەكىلدە بولسىمۇ خۇددى مۇشۇ تاۋارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئۆزگىچە بولىدۇ!

شۇڭا ئۇنىڭغا نومۇر قويۇپ قويۇش كېرەك! ئۇنى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچكىممۇ سىز ئېرىشكەن ۋاقىتتىن بىر مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقىتقا ئارتۇق ئېرىشەلمەيدۇ.

بۇ نېمىدېگەن غايىۋى دېموكراتىيە ـ ھە! ۋاقىت خانىدانلىقىدا باي ئاقسۆڭەك، زېرەك شاھزادە بولمايدۇ. تالانتلىق ئادەممۇ ھەر كۈنى باشقىلاردىن بىر سائەت ۋاقىتقا ئارتۇق ئېرىشەلمەيدۇ.

ۋاقىت خانىدانلىقىدا سىزنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەس بايلىقىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋەتسىمۇ جازالاش دېگەن گەپ يوق! سىز ھەرقانچە ئىسراپخور بولسىڭىزمۇ، ئىسراپخورلۇق سىزگە بىر مىنۇت، سېكۇنت ۋاقىت بەرمەيدۇ. سىرلىق بىر كۈچ سىزگە: «بۇ ئەبلەخ ئەخمەقكەن، ساراڭكەن، ئۇ ۋاقىتقا مۇناسىپ كەلمەيدىكەن؛ ئۇ ۋاقىت جەھەتتە ئۆزىنى ئازابلاپ يۈرىدىكەن» دېمەيدۇ.

ۋاقىتنىڭ ۋەدىسى ھەرقانداق ئاكسىيەدىنمۇ ئىشەنچلىك، ۋاقتىڭىزنىڭ كىرىمى يەكشەنبە بولغاچقا ھېسابىڭىزغا كىرمەيدۇ.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، سىز ھەرگىزمۇ كەلگۈسىگە نېسى سودا قىلماڭ. شۇنداق قىلسىڭىز كەلگۈسىدە قەرزگە



بوغۇلمايسىز! سىزنىڭ ئىسراپ قىلغان ۋاقتىڭىز ئەتە ئەمەس، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىڭىز بولىدۇ، ۋاقىت سىزگە ئەتىنى ساقلاپ بېرىدۇ، شۇڭا سىز بىر سائەت ۋاقىتنىمۇ ئىسراپ قىلماڭ. ۋاقىت يەنە سىز ئۈچۈن ئۆزىنى ساقلايدۇ.

مەن بۇ بىر مۆجىزە دېگەنىدىم، ئەجەبا شۇنداق ئەمەسمۇ؟

شۇڭا سىز ھەر كۈنى 24 سائەت ۋاقىتقا تايىنىڭ. 24 سائەت ۋاقتىڭىزلا بولىدىكەن ساغلام، خۇشال ياشىيالايسىز، پۇلغا ئېرىشەلەيسىز، ئۆزىڭىزنى تولۇقلىيالايسىز، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىسىز ۋە سولماس روھىڭىزنى يۈكسەكلەشتۈرەلەيسىز. ئەڭ مۇھىمى، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ۋاقىتتىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن ۋاقىتتىن قانداق توغرا پايدىلىنىشتۇر. ئەي سۆيۈملۈك دوستۇم، سىز ھەممە ئىشتا مۇشۇ نۇقتىنى كۆرسىتىڭ. سىزنىڭ بەختىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ھۆرىگۈلگە ئوخشاش مۇكاپات ـ بەخت تامامەن ۋاقىتقا باغلىق بولىدۇ.

قىزىق، گېزىت ـ ژۇرناللار ھەر كۈنى «پۇلدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك» دېگەن مەسىلىدە ئەمەس، «ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەك» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىدۇ. دېمەك، پۇل ۋاقىتقا قارىغاندا تولىمۇ ئادەتتىكى نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

مۇبادا سىز ئۆتۈپ كەتكەن چاغلىرىڭىزنى ئەسلىسىڭىز پۇلنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ھەتتا پۈتۈن يەر شارىنى ساناپ تۈگەتكۈسىز پۇل قاپلاپ تۇرسىمۇ، سىز پۇلنىڭ يەنىلا ئەڭ ئاددىي نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

مۇبادا بىرىنىڭ مۇئەييەن پۇلى، كىرىمى بولمىسا، ئۇ كۆپرەك پۇل تېپىشنى ياكى ئوغرىلىق قىلىشنى، ئېلان چىقىرىپ ئىئانە يىغىشنى ئويلىشى مۇمكىن. كىشىلەر بىر يىلدا مىڭ فوندستېرلىڭ پۇل بولمىسا ياشىيالماي قالمايدۇ؛ پەقەت تىرىشىپ، بېلىنى مەھكەم باغلىسىلا، بىر سىنىتنى بىرقانچە

سىنت ئورنىدا خەجلىسىلا، خام چوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرسىلا تۇرمۇشنى قامداپ كېتەلەيدۇ.

ئەمما، بىز بىر كۈننى، 24 سائەت ۋاقىتنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرالمىساق، تۇرمۇشىمىزنى تامامەن ۋەيران قىلىۋېتىمىز. چۈنكى بىر كۈن 24 سائەتلىك كىرىمگە پەقەت ۋاقىتنى سەرپ قىلغاندىلا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ. گەرچە ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان ۋاقىت ئىنتايىن قانۇنىيەتلىك بولسىمۇ، ئەمما رەھىمسىز بولغىنى ۋاقىتنىڭ چەكلىك بولغىنىدۇر.

ھاياتىمىزدىكى قايسىبىر نەرسە بىر كۈندىكى 24 سائەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس؟

مەن دەۋاتقان «ھايات»، «ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى»نى ياكى «ئىسراپ قىلىش، كۈن ئۆتكۈزۈش، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش»نى كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما قايسىمىز ئاشۇنداق ئازابلىق كەچۈرمىشلەردىن ئامان قالالايمىز. ھەر كۈنلۈك ھاياتتا: «زور ئىسراپچىلىق بولىدۇ.» ھايات شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىلىشقا، نەتىجە قازىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمايمىز. ئارىمىزدىكى ئادەملەردىن كىممۇ مەن ئېسىل پەلتورۇمغا كونا شلەپىنى پار قىلىپ كىيىمەيمەن ياكى مەن زىياپەتكە تولا بارغاچقا، يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتى بىلەن تەمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېيەلەيدۇ؟ قايسىبىر ئادەم ئۆزىگە بىر ئۆمۈر: «يەنە ئازراق ۋاقىت بولغان بولسا مەن جەزمەن باشقىدىن ئادەم بولاتتىم!» دېمەيدۇ!

ئەمما بىزنىڭ مەڭگۈ يەنە كۆپرەك ۋاقتىمىز بولمايدۇ. پاكىت ئىنچىل شۇنداق بولىدۇ، بىز مەلىكە بولغان ۋاقىت ئەزەلىي ئۆزگەرمەيدۇ. بىر مىنۇت ئارتۇق، بىر سېكۇنت كەم بولمايدۇ، قانچىلىك ۋاقتىمىز بولسا شۇنچىلىك ۋاقىتقا مەلىكە بولغان بولىمىز.

بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت ئەكەلگەن



ياخشىلىق، ھەتتا ۋاقىت ئارقىلىق قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممىسى تامامەن كىچىك ئىشلارغا، بىرەر - يېرىم سائەت ۋاقىتقا، كىشىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «قوشۇمچە مەھسۇلاتلار»غا باغلىق بولىدۇ.

قوشۇمچە مەھسۇلات دېگىنىمىز ــ ئاساسلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا مەھسۇلاتنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتى بولىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي گازنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بولىدۇ: بۇ قوشۇمچە مەھسۇلاتلار كۆمۈردىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، كۆمۈردىن يەنە يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر مېيى ياسىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە مەھسۇلاتلار چەككىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغانلىرىدىن كوكس ئىشلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار چەككىلەپ ئېلىنغان كۆمۈر مېيى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان تەننەرخنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ.

جىمى چوڭ تىپتىكى كارخانىلار، سودا - سېتىقلارنىڭ تامامەن دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بولىدۇ. بۇنداق ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ ئىشلىتىش ئورۇنلىرى ھەقىقەتەن كۆپ.

خۇددى ئامور ئەپەندىنىڭ گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدا ئېسىل يېمەكلىكلەرنى، كۆركەم، چىدامىلىق ئارقان ئىشلەپچىقارغىلى بولغاندەك، مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم: «بىز بىرەر نەرسە ئىشلەپچىقارمىغان بولساقمۇ، ئەمما ھەربىرىمىز دېگۈدەكلا ۋاقىتنىڭ سودىگىرى، ۋاقىت تىجارىتىنى قىلىمىز.»

ۋاقىت بىز ئىگە بولغان بىر نەرسە ئىكەن، مۇۋەپپەقىيەتمۇ ئوخشاشلا ۋاقىتقا تايىنىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ۋە ۋاقىتتىن ئوبدان پايدىلىنىدىغان قوشۇمچە مەھسۇلات: پارچە -

پۇرات ۋاقىتتۇر.

ھەربىرىمىز ئادەتتە كۈندە ئىشلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدا ئانچە - مۇنچە مېخانىكىلىق، مۇقىم تەرتىپلىك ئىشلار بولىدۇ. مەيلى ئىش بېجىرىش، يېزىقچىلىق قىلىش، خەت ئۇرۇش ياكى باشقا ئىش بولسۇن ھەر كۈنى شۇنداق بولىدۇ، مۇشۇنداق ۋاقىت كېرەك بولىدۇ، بىر كۈن ۋاقىت شۇنداق ئاياغلىشىدۇ. ئەمما، قوشۇمچە مەھسۇلاتچۇ؟ «پارچە - پۇرات ۋاقىت»چۇ؟

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنىڭ ھەممىسى «پارچە - پۇرات ۋاقىت» تىن تولىمۇ زېرەكلىك بىلەن پايدىلىنىشنى بىلىدىغان ئادەملەردۇر. توماس ئېدىسون تېلېگرامما قوبۇل قىلىش خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىش ھەققى تولىمۇ ئاز ئىدى، خىزمىتى تېلېگرامما قوبۇل قىلىش ماشىنىسىنىڭ بارمانچۇقلىرىنى بىر خىلدا تەكرار - تەكرار بېسىش ئىدى. ئەمما ئۇ «پارچە - پۇرات ۋاقىت»قا ھەرگىز سەل قارىمايتتى. ئۇ ئويلىناتتى، پىلان تۈزەتتى، ئۇچۇر يوللاش قىسقا ۋاقىت ئارىلىقىدا سىناق قىلاتتى، ئۇرۇنۇپ كۆرەتتى. ئاخىر ئۇ ئازراق ئىش قىلدى. ئۇ تېلېگرامما يوللاش خىزمىتىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى مول ئىشلەپچىقاردى. بۇ قوشۇمچە مەھسۇلات كېيىن ئۇنىڭغا مول بايلىق ئېلىپ كېلىپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭىلىق يارىتىش مۇددىئاسى ئېلىپ كەلدى.

بېنجامىن فرانكلىن ئۆز تەرجىمىھالىدا بىزگە پۈتمەس - تۈگىمەس تىرىشچانلىقنى، ھەربىر «پارچە - پۇرات ۋاقىت»تىن قانداق مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى نامايان قىلىپ بەردى، ھەربىر سائەت ئارتۇق ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى، ئۇ بۇنداق چاغلاردا نۇرغۇن ئوي - خىياللارنى سۈرەلەيتتى.



بۇنداق ۋاقىتنىڭ مەھسۇلاتى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

«پارچە - پۇرات ۋاقىت» نى ئىشلەتكەندە بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتىنىمۇ ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ مېڭىمىز ئۆزگىرىشنى ئارمان قىلىدۇ، كۈندىلىك ئەھمىيەتسىز خىزمەتلەردە مېڭىمىز ئۆزگىچە ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.

«ھازىرقى كۈنۈمگە شۈكۈر قىلىپ، يامان ئەمەس ئىشلىسەملا بولىدى» دېيىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ نادانلىق سىڭگەن «تىلتۇمار»دۇر. ئۇ بىزنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىمىزنى توسۇپ قويىدۇ. مۇبادا سىز ياخشى ئىشلىسىڭىز «يامان ئەمەس، ھەر ھالدا بولىدۇ» دېگەندەك گەپلەر بولمايدۇ. مەيلى سىز ھازىر قانچىلىك ياخشى ئىشلەڭ، سىز ھامان تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگەن بولىسىز! ئىسپانىيىلىكلەردە مۇنداق بىر قەدىمىي ماقال بار: «ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقىنى قەدىرلە، ئەخمەقنى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئىنتىلدۇر.»

روھىي قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئامېرىكىلىقلار بۇ ماقالنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى: «ئەخمەقلەرلا ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىنى قەدىرلەيدۇ، بىز تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئىنتىلەيلى.»

تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئىنتىلىشنىڭ ئۇسۇلى «پارچە - پۇرات ۋاقىت»تىن تولۇق پايدىلىنىشتۇر.

مۇبادا سىز تېجەپ قېلىنغان ھەربىر مىنۇتتىن تولۇق پايدىلانسىڭىز كىرىمىڭىز تېخىمۇ ئاشىدۇ! ئەكسىچە ھەربىر مىنۇتىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا سەل قارىسىڭىز، «قوشۇمچە مەھسۇلات»لارغا ئوتلۇق نەزىرىڭىز بىلەن باقمىسىڭىز پۇرسەت قولىڭىزدىن كېتىدۇ، پۇرسەت كەتتىمۇ، ئۇنى قايتۇرۇۋالمىقىڭىز مۇمكىن بولمايدۇ.

ناشتىدىن ئىلگىرىكى «پارچە ـ پۇرات ۋاقىت»نى، ناشتىدىن
كېيىنكى يېرىم سائەت ۋاقىتنى ئويلاپ بېقىڭ. سىز بۇ ۋاقىتتا
گېزىت ئوقۇسىڭىز، پىلان ئۇستىدە ئويلانسىڭىز، كەسپىڭىز
توغرۇلۇق مۇھاكىمە قىلسىڭىز، بىر كۈنلۈك ئىشىڭىز توغرۇلۇق
خىيال سۈرسىڭىز نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!
شۇڭا پۇرسەت تامامەن سىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا،
مەۋجۇت بولۇۋاتقان قوشۇمچە مەھسۇلاتىڭىزدا بولىدۇ.
سىز «پارچە ـ پۇرات ۋاقىت» تىن ئوبدان پايدىلانسىڭىز
نۇرغۇن ئادەملەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر سىرنى: ۋاقىتنىڭ
قوشۇمچە مەھسۇلاتىدىن قانداق پايدىلانغاندا ئاندىن ھەقىقىي
ھاسىلاتقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئاسانلا بايقىۋالالايسىز.
نىشانسىز، چۈشكۈن، نادان ئادەملەرنىڭ «ۋاقىتنى قانداق
ئۆتكۈزگەنلىكى»نى ھەممىشە ئاڭلاپ تۇرىسىز. بۇنداق ئادەملەر
ھاياتىدىكى پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. پېشانىسىگە
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۈتۈلگەن ئادەملەر ۋاقىتنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ.



كۆز ئالدىڭىزدىكى خىزمەت ئارخىپى يىغىلغانسېرى ئېگىز بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تاماملاش تەس بولىدۇ. سىزنى قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خىزمەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان، ئازابتىن ئازاد قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل بارمىدۇ؟

— ئالۋىن رانكىن

## 23 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا ۋاقىتنى ئەڭ ياخشى تەقسىملەپ بىرىنچى ھوقۇقنى ئويلاشقا بولىدۇ

ۋاقىتنى باشقۇرۇش. بۇ دەرس توغرىسىدىكى تەربىيە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر كەسىپكە ئايلاندى. سىز قەيەرگە بارسىڭىز، شۇ يەرلەردىكى ئىشلارغا نەزەر سالسىڭىز، ھەممە يەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇھاكىمىلەرنىڭ سىزنىڭ ۋاقىتنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىڭىزنى تېخىمۇ گۈزەل ئۆتكۈزۈشىڭىزنى، خىزمىتىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىڭىزنى مەقسەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. كۆپىنچە لېكسىيىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك بىر خىل ئىنتايىن پىشقان ۋە ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قوللىنىپ، بىزنىڭ ۋاقىتنى قانداق تېجەپ قېلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل يېرىم ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، چەكسىز پايدا ـ مەنپەئەت ۋە ئۈنۈم ياراتتى.

چارلىس سىۋاربول بولغېن پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ رەئىسى. باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇ ئېرۋى لى بىلەن

تونۇشقان. لى كارخانا مەسلىھەتچىلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ ئىنتايىن ئاددىي ھەم ئۈنۈملۈك بىر پىلان بىلەن سىۋاربول ئەپەندىنىڭ شىركىتىنىڭ ۋە ھەربىر دىرېكتورلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

لى مۇنداق تەكلىپ بەرگەن:

بۈگۈن ئاخشام سىز پەقەت بىر ۋاراق قەغەزگە قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ جىددىي تۈرلەر بىلەن خىزمەتنى رەتكە تۇرغۇزۇپ يېزىپ چىقىڭ. ئاندىن كېيىن تىزىملىككە يازغان تۈرلەرنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىڭ، ھەربىر تۈر خىزمەتكە ياكى پىلانغا بەلگە قويۇڭ. ئەڭ مۇھىم خىزمەتكە 1 ـ نومۇر، قالغانلىرىغا 2 ـ، 3 ـ نومۇر دەپ شۇ تەرزدە بەلگە قويۇڭ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرغاندىن كېيىن 1 ـ نومۇرلۇق ئىشنى ئورۇنداڭ، قالغان تۈرلەرنى دەرىجىسى بويىچە ئورۇنداڭ، يەنى 2 ـ نومۇرلۇق تۈرلەر بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ ئورۇنداڭ، مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ھەربىر تۈرنى ئاياغلاشتۇرۇڭ. بىر كۈن ئاياغلاشقاندا يەنە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قەغەزگە تىزىملاڭ، قايسى مۇھىم تۈرنىڭ ئورۇندالمىغانلىقىغا قاراڭ، ئورۇندالمىغان شۇ مۇھىم تۈرگە 1 ـ نومۇر دەپ بەلگە قويۇڭ ۋە قالغان تۈرلەرنى رەت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇڭ. بۇ ئۇسۇلنى ھەر كۈنى داۋاملاشتۇرۇڭ، تىزىملىك بويىچە قانداق ئىشلىگەنلىكىڭىزگە قاراڭ، ئاندىن كېيىن دوستلىرىڭىز بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇڭ، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇڭ.

بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن لى 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق بىر پارچە چەك تاپشۇرۇۋالدى.

ئالون رانكون كۆپ يىللاردىن بېرى كارخانا ۋە چوڭ شىركەتلەر ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ۋاقىت باشقۇرۇش ئۈچۈن مەسلىھەتچى



بولغان ۋە تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى بەرگەن. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئامېرىكا قىتئەسى بانكىسى، IBM ۋە نۇرغۇن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى چولپانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ «ۋاقىتنى ۋە تۇرمۇش تەشەببۇسكارلىقىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك» دېگەن بازارلىق كىتابىدا رانكوف بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى، خىزمەت ئۇسۇلىمىزنى ئامېرىكىدىكى بەزى بىرىنچى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىغا ئوخشاش بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

قانداق قىلغاندا ھەر كۈنى تېخىمۇ ياخشى ئىش قىلغىلى بولىدۇ؟ مەن بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن بىرقانچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلدىم. مەن دەسلەپتە ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلاۋاتقىنىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن ئەربابلاردىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىنى سورىدىم. ھېلىھەم ئېسىمدە، مەن بۇرۇن كالىفورنىيە شتاتىدىكى ئۆلچەملىك نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش لىدىرى بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغانىدىم. ئۇ:

— ھەي، مېنىڭ دەرھال يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر ۋەزىپە تىزىملىكىم بار، — دېدى.

ئەمما مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە پەرۋا قىلمىدىم ۋە بۇ گەپنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم، بۇ گەپنىڭ مۇھىملىقىغىمۇ دىققەت قىلمىدىم.

ئىككىنچى كۈنى مەن بىر چوڭ شەھەرگە ۋاقىتنى باشقۇرۇش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگىلى باردىم. شۇ كۈنى چۈشتە بىر سودىگەر بىلەن ھەمداستىخان بولدۇم. ئۇ سودىگەرنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا بۇ شەھەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىكەن. ئۇ يېقىلغۇ گاز شىركىتى بىلەن يورۇتۇش شىركىتىنىڭ رەئىسى، بەش ئىشلەپچىقىرىش، ياساش شىركىتىنىڭ لىدىرى ئىكەن،

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئون نەچچە كارخانىدا ئۇنىڭ پايچېكى ۋە كۆچى بار ئىكەن. ئۇ قايسى تەرەپتە بولسۇن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەركەن.

مەن ئۇنىڭدىن يەنە كونا مەسىلىنى سورىدىم:

— بۇ ئاسان ئەمەس. مەن ھامان جىددىي ئىشلەشكە تېگىشلىك ۋەزىپە تىزىملىكىنى خاتىرىلەمدىم؟

ئەمما ئۇنىڭ بۇ تىزىملىكى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ ماڭا بۇ مېنىڭ ئويۇنۇم، دېدى.

ئۇ ئەتىگىنى بىرىنچى بولۇپ شۇ كۈنى قىلىدىغان ئىشلارنى بىر ۋاراق قەغەزگە تىزىملايدىكەن، كەچتە ئەتىگىنى تىزىملىغان ئىشلاردىن يەنە قانچىلىك ئىشنىڭ ئورۇندالمىغانلىقىنى تەھقىقلەيدىكەن، تەھقىقلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە نومۇر قويىدىكەن. ئۇنىڭ نىشانى بىرمۇ ئىشنى چالا قالدۇرماسلىق ئىكەن. دېمەك، ئۇ ھەربىر ئىشنى ئاخىر سىزىۋېتىدىكەن ـ دە، ئىش تۈگىگەنگە ھېساب بولىدىكەن.

ئۇنىڭ بۇ «ۋەزىپىنى ئورۇنداش» ئويۇنىنى ئويناشقا كەتكەن ۋاقتى سىزنىڭ جان ـ جەھلىڭىز بىلەن بىنگو ئويۇنىنى ئويناشقا كەتكەن ۋاقتىڭىز بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. سىزنىڭ بىنگو ئويۇنى ئويناشقا قانچىلىك ۋاقىت كەتسە ئۇنىڭ «بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش» ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتىمۇ شۇنچىلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھەر كۈنى پۇرسەت بولسىلا تىزىملىكتىكى ئىشنى تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن: بەلكىم باشقىلار تېلېفون بېرىدىغاندۇ، يىغىندا قارالمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇ، ئاخشاملىرى ئائىلى بىلەن بەزى تۈرلەردە يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىدىغاندۇ. ئەمما، بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ مۇھىم ئىشنى دەرھال قىلىشقا كاپالەتلىك قىلالايتتى. شۇنداق قىلىپ بىر كۈن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قانداق ئۇسۇل قوللانمىسۇن «ۋەزىپە» ئويۇنىنى تۈگىتىشى، تولۇق نومۇر



ئېلىشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەر، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبە ئالماشتۇردۇم. ئۇلار ھامان مۇشۇ «ۋەزىپە تىزىملىكى» ئۈستىدە توختالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىشنىڭ مۇھىم ـ مۇھىم ئەمەسلىكىگە، جىددىي ـ جىددىي ئەمەسلىكىگە قاراپ تىزىملىككە يېزىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھەممە ئادەمنىڭ دېگۈدەك مۇشۇنداق تىزىماتى بار ئىكەن. كېيىن مەن يەنە نۇرغۇن ئادەملەردىن سورىدىم، ئۇلار «ھەر كۈنى» دېگۈدەكلا ئاڭلىق ھالدا بۈگۈن قىلىدىغان ئىشلارنى تىزىملىككە يېزىۋېلىپ، ئىشنىڭ مۇھىملىقىغا قاراپ رەتكە تىزىدىكەن، ھەربىر ئىشنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئورۇنداپ بولغان شۇ ئىشنى ئۆچۈرۈۋېتىدىكەن. ئەمما مەن ھازىر ناھايىتى ئاز ئادەملەرنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەكلا «ۋەزىپە» تىزىملىكى بارلىقىنى بايقىدىم. گەرچە كۆپىنچە ئادەملەر ناگان ـ ناگاندا «يولغا قويۇش ۋەزىپىسى»نىڭ تىزىملىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، مۇھىم ئىشلارغا يولۇقۇپ قالىدۇ ياكى سۈرۈك ئىنتايىن قىس بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار شۇنداق چاغلارغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ.

## بىر كۈندە بىر تىزىملىك بولسا كۇپايە

يۇقىرى قاتلام ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە ئانچە مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان ئادەملەرنىڭ خىزمەت ئورنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن دېگۈدەكلا ئۇلارنىڭ «ۋەزىپە تىزىملىكى» بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىكى پەرق شۇكى، يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر بۇ «ۋەزىپە تىزىملىكى»نى ھەر كۈنى

ئىشلىتىدۇ. شۇڭا ھەقىقىي كۆپ ئىش قىلىشنىڭ سىرى ھەر كۈنى بىر «ۋەزىپە تىزىملىكى» تۈزۈپ، ئۇنى بىر كۈنلۈك ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىش ئۈچۈن كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە قويۇپ قويۇشتا.

«ۋەزىپە تىزىملىكى» شۇنداق ئاساس ھەم شۇنداق مۇھىم ۋاقىتنى پىلانلاش قورالى ئىكەن، بىز ئۇنىڭغا تەپسىلىي قاراپ باققىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق. تىزىملىكنىڭ پرىنسىپى تولىمۇ ئاددىي: ئاۋۋال بىر ۋاراق قەغەزگە ئېنىق «ۋەزىپە»نى يېزىۋېلىپ، ئاندىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنى يېزىڭ، ئورۇنداپ بولغان ئىشلارنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىپ، يەنە قىلماقچى بولغان ئىشلارنى تىزىملىككە يېزىڭ. ھەر كۈنى ئاياغلاشقاندا تىزىملىك قالايمىقان سىزىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقكەن، سىز تىزىملىكنى قايتىدىن يېزىپ چىقىڭ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سىرىنىڭ بىرى شۇكى، خالىغان بىر ۋاراق قەغەزگە ۋەزىپە ۋە خىزمەتلەرنى يېزىپلا قويماي، جىمى ۋەزىپىلەرنى بىر «يادرو تىزىملىك»كە يېزىش ياكى تىزىملىك بىلەن بىرلەشتۈرۈشتۇر. بىر دىرېكتور بار ئىدى، ئۇ ئۈستەلگە ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر كىچىك دەپتەر قويۇپ قوياتتى، بۇ دەپتەرگە خاس «ۋەزىپە» ئىشلىرى خاتىرىلىنەتتى. مەن يەنە بىر خانىمنى تونۇيتتۇم، ئۇ يانچۇقى يوق چاپاننى ھەرگىز سېتىۋالمايتتى. چۈنكى ئۇ «ۋەزىپە» تىزىملىكىنى ھەر ۋاقىت يېنىدىن ئايرىماسلىق ئۈچۈن «ۋەزىپە» تىزىملىكىنى يانچۇقىغا سېلىۋالاتتى.

يەنە بىر ئايال ئائىلىنىڭ خوجايىنى ئىدى، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ تىزىملىكىنى چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ تونۇگۈن تىزىملىكنى ئىزدىگەن ۋاقتى بۈگۈن تىزىملىكنى يازغان ۋاقتىدىن كۆپ بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا تىزىملىكنى يەنە يوقىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ھەممە تىزىملىكنى بىر خاتىرە دەپتەرگە



يېزىۋېلىڭ دەپ تەكلىپ بەردىم ۋە بۇ خاتىرە ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىنى قىلىشىغىمۇ پايدىسى بولىدۇ، تېخى قىلمىغان ئىشلىرىنى قىلىشقىمۇ مەنپەئەتى بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

بەزىلەر ھامان مەن «ۋەزىپە تىزىملىكى»نى مېڭەمگە ئېلىۋالدىم، دەيدۇ. مېنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا بۇ تازا دانا چارە ئەمەس. نېمە ئۈچۈن بىز ۋەزىپە تىزىملىكىنى خاتىرىمىزگە يېزىۋالماي، مېڭىمىزنى قالايمىقان نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىمىز. چۈنكى چوڭ مېڭە تېخىمۇ ئىجادىي ئىنتىلىش ئۈچۈن تىرىشىش ماكانى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

تىزىملىك نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك؟

سىز ھەربىر ئىشنى، بەزى كۈندىلىك پائالىيەتلەرنى خاتىرىلەمسىز ياكى بەزى ئالاھىدە ئىشلارنى خاتىرىلەمسىز؟ بۈگۈن قىلىشنى خىيال قىلغان ئىشنى خاتىرىلەمسىز ياكى بۈگۈن قەتئىي قىلىشنى قارار قىلغان ئىشنى خاتىرىلەمسىز؟ بۇنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بار. ئۆزگىچە ئادەملەرنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلى بولىدۇ. مەن جامائەتكە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، تىزىملىككە ئادەتتىكى ئىشلارنى ئەمەس، جەزمەن بۈگۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ھوقۇقلۇق ئىشنى خاتىرىلەش كېرەك. بۈگۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈنمىسە، ئۇ ئىشنى تاماملىغىلى بولمايدۇ.

«ۋەزىپە تىزىملىكى»دە يىراق نىشان ئۈچۈن A تۈردىكى بەزى ۋەزىپىلەرنى خاتىرىلەشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. «ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش» ياكى «يېڭى دوست تېپىش» دېگەندەك ئىشلارنى ياكى «سۈت سېتىۋېلىش» ياكى «تۇغۇلغان كۈن ئاتكرىتكىسى سېتىۋېلىش»نى تىزىملىككە بىللە يېزىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ئىشلار سىزگە غەلىتىرەك تۇيۇلغىنى بىلەن بۇ ئىشلارنى شۇ كۈنى قىلىسىز، شۇڭا بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماڭ. كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىش قىلىشنى قارار قىلغاندا «ۋەزىپە

تىزىملىكى»نى يېتەكچى قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ تۈرلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز، ئىشلىمەي قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك تۈر بىلەن پىلاننى ۋەكىل سۈپىتىدە ئىشلىتىڭ.

بۇ تۈر ۋە پىلاننى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى تىزىملىككە، قانچىلىك تۈرلەرنى باشقىلارغا هاۋالە قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. بەزى ئىشلارنى خوتۇنغا قىلىشقا هاۋالە قىلىشقىلا بولۇپ قالماي، ھەتتا بالا باققۇچىلارغا قىلىشقا، ئىشداشلارنىڭ ياكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنىڭ قىلىشىغا هاۋالە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەمىشە ئۇلار ئىشنى سىزدىن تېز قىلىدۇ، ئىشنىڭ رىتىممۇ تېز بولىدۇ. شۇڭا سىز ئىشنى ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان چاققان، تېتىك ئادەمگە هاۋالە قىلىڭ. ئەمما سىز ئىشنىڭ رىتىمىغا ھەمىشە سەل قارايسىز.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەسئۇلىيىتىگە قاراپ بېقىڭ. مۇبادا سىز تىرىشىدىغانلا بولسىڭىز ھەر كۈنى ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى «ۋەزىپە تىزىملىكى»دىكى ئىشلارنى ئورۇنداپ بولالايسىز. شۇڭا مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ ئورۇنداپ بولۇڭ. ئەمما قايسى ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىڭ. مۇبادا قىلىدىغان ئىش بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ئىشنى ئاخىرىغا تاللاپ قىلغان ياخشى.

مېنىڭ بىر نۇقتىنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتكۈم كېلىۋاتىدۇ:

جەزمەن بىرىنچى دەرىجىنى تۇرغۇزۇش، مۇھىم بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى، جىددىيلىرى بىلەن جىددىي ئەمەسلىرىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بەزىلەر تىزىملىككە قانچىلىك ئىشنى تىزىملىسا شۇنچىلىك ئىشنى تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، بۇنىڭ ھەمىشە ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئورۇندىغان ۋەزىپىلەرنى كۆپ ھاللاردا « C دەرىجە»گە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. يەنە بەزى ئادەملەر پەقەت تىزىملىكنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بويلاپ



يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىش ـ ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ. قايسى ئىش ـ ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىقىغا پەرۋا قىلمايدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشى چارە تىزىملىكنى ئېلىپ، ھەربىر ئىشقا ABC ئۆلچىمىگە ئاساسەن بىرىنچى دەرىجىنى بېرىشكە، قايسى ئىشنى باشقىلارنىڭ قىلىشىغا هاۋالە قىلىشقا، قايسى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەڭشەشكە بولىدىغانلىقىغا ئوبدان قاراش كېرەك.

مەن بىر ئادەمنى تونۇيتتۇم. ئۇ ئىشقا رەڭ بىلەن بەلگە قىلاتتى. ئادەتتىكى ئىشلارنى قارا رەڭ بىلەن، جىددىي ئىشلارنى قىزىل رەڭ بىلەن بەلگە قىلاتتى. كىم بىرىنچى دەرىجە بىلەن ياخشى ئۆتۈشەلمىسە، بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار: بىر ۋاراق قەغەزگە A دەرىجە بىلەن B دەرىجىدىكى ۋەزىپىلەرنى يېزىڭ. يەنە بىر ۋاراق قەغەزگە C دەرىجىگە كۆپرەك تەۋە بولغان ۋەزىپىلەرنى يېزىڭ. A دەرىجە بىلەن B دەرىجە بار قەغەزنى C دەرىجە يېزىلغان قەغەز ئۈستىگە قويۇڭ. شۇنداق بولسا سىز ھەر قېتىم A ، B دەرىجە يېزىلغان قەغەزنى ئالغاندا C دەرىجە يېزىلغان تىزىملىكتىكى ئىشنى قىلىشتىن ھالقىپ ئۆتىسىز. شۇنىڭ بىلەن سىز تېخى ئەڭ ئېسىل چاغدىن تېخى پايدىلانمىغانلىقىڭىزنى بىلىسىز.

«ۋەزىپە تىزىملىكى»دىكى ئىشلارنى بىرقانچە ئۇسۇل بىلەن ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىر خىلى ئەمەلىي ئىشلىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئۇسۇل: قاراپ بېقىش، تېلېفون ئۇرۇش، كېيىنكى قەدەمدە پىلاننى تۈزۈش، مەسىلىنى ئويلاش، قارار چىقىرىش، ئەڭ ئاخىرىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش. خىزمەت مەزمۇنىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن بۇ ئىشلارنى گۇرۇپپىغا بۆلۈش: مەسىلەن، سۇنى بۇلغاشقا ئائىت مەسىلىلەر. يەنە ئوخشاش جايغا ئاساسەن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈش: ئوخشاش بىر جايدا ئىشنى ئورۇنداش. مەسىلەن، بۇ مەھەللىدىكى بىرقانچە ئائىلىنى زىيارەت قىلىش. ئوخشاش ئادەملەرنىڭ قارارىغا

ئاساسەن گۇرۇپپىغا ئايرىش. مەسىلەن، بىرقانچە مەسىلىدە باشلىقنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا توغرا كېلىش، ۋەھاكازالار. «ۋەزىپە تىزىملىكى»دە بىر ئىشنى بىر گۇرۇپپىغا ۋەكىل قىلىش، قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ۋە ھۆججەتنى «ئورۇندىلىش ئالدىدا تۇرغان» قۇتىغا سېلىپ قويۇش.

## «ۋەزىپە تىزىملىكى»نى قانداق ئورۇنداش توغرۇلۇق غەم يېمەڭ

ئەمدى ھازىر تىزىملىككە قاراپ بېقىڭ، B تۈردىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قول سېلىشتىن ئاۋۋال A تۈردىكى جىمى ۋەزىپىنى؛ C تۈردىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قول سېلىشتىن ئىلگىرى B تۈردىكى جىمى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇڭ. بەلكىم سىز بىرقانچە كۈندىن كېيىن «ۋەزىپە تىزىملىكى»دىكى جىمى ئىشلارنى تامامەن ئورۇنداپ بولغانلىقىڭىزنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما كۆپىنچە چاغلاردا ھەممە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولىدىغان ۋاقىت بولماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم ABC دەرىجىلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە ئىشلىسىڭىز، ئاخىرقى ھېسابتا A تۈردىكى ۋەزىپىلەر تېخى تامامەن تاماملىنىپ بولمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىرقانچە قېتىم A ۋە B تۈردىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغان بولۇشىڭىز، يەنە بىرقانچە قېتىم A، B، C تۈردىكى ۋەزىپىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئورۇنداپ بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما «ۋەزىپە تىزىملىكى»دىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈرنى ئورۇنداپ بولۇش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تىزىملىكتىكى جىمى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولسىلا بولىدى دېمەي، ئەڭ زور چەكتە ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىشنى ئىگىلەش كېرەك. مۇبادا سىز تىزىملىكىڭىزدە پەقەت B ۋە C تۈردىكى ۋەزىپە ئېشىپ قالسا، ئورۇنلاشتۇرۇشقا



بولىدىغان پائالىيەتلەرگە قايتىدىن قاراپ چىقىڭ ۋە تىزىملىككە بەزى ئىشلارنى قوشۇپ يېزىڭ. مەسىلەن، ئارخىپتا ساقلاش سىستېمىسىنى تۈزىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسان تاپالايدىغان قولايلىق ئۇسۇلنى قوللىنىش، «ئۆرۈش ۋە تىنچلىق»نى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ھامىمىڭىزنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە سوۋغا ـ سالام ئېلىش ۋە باشقىلار. خىيالىڭىزنىڭ تېرەن يەرلىرىدە تېخى قىلىشقا پۇرسەت بولمىغان A تۈردىكى ئىشلار بولسا، بۈگۈن مۇشۇنداق ئارتۇق ۋاقتىڭىز بولسا، ئۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلسىڭىز بولىدۇ.

نۇرغۇن ئىشخانا خادىملىرى، ئائىلە خوجايىنى ئاياللىرى ۋە كەسپىي ئەربابلار مېنىڭ كۇرسلىرىمغا قاتناشقان، چۈنكى ئۇلار «رەتلەش ۋە تەشكىللەش» ۋاقتىغا موھتاج بولغان. بىرقانچە ئايدىن كېيىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ تەرتىپلىك، قىلغان ئىشىنىڭ تېخىمۇ پىلانلىق بولغانلىقىنى سەزگەن. ئۇلار ھەمىشە «ۋەزىپە تىزىملىكى»نى ئىشلەتكەن ھەمدە بىرىنچى دەرىجىگە بەلگە قويغان. يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن بىر ياش سېستىرا دەل مۇشۇنداق تىزىملىكنىڭ، بىرىنچى ئۇسۇلنىڭ دوختۇرخانىدا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ئۇسۇلنى ئائىلىسىگە تەتبىقلىغان. مەيلى ئىشقا بارسۇن ياكى ئىشتىن چۈشسۇن، ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلگەن. سىز ئەلۋەتتە ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتنى ئىشقا چىققان ۋاقىتتىكىدەك ئۈنۈملۈك ۋاقىتقا ئۆزگەرتىشنى خالىمايسىز. بەلكى تېخىمۇ كۆپ ئارام ئېلىشنى، ئۆزىڭىزنى يەڭگىل تۇتۇشنى ئارمان قىلىسىز. ئەمما ئالدىنقى شەرت شۇكى، سىز «ۋەزىپە تىزىملىكى»نىڭ ياردىمىدە جىمى ئىشنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرالايسىز ھەمدە تېز لا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالايسىز.

مۇبادا كىچىك ئىشنى چوڭ ئىشقا ئۆزگەرتكىلى، ئىشنى

مۇھىم ۋە مۇھىم ئەمەس، جىددىي ۋە جىددىي ئەمەس دەرىجىسى بويىچە ھەل قىلغىلى بولىدۇ دېيىلسە، بۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ سىزگە بىر خىل بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ؛ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھېچقانداق سەۋەنلىكىڭىزنىڭ يوقلىقىنى بىلىسىز، بۇ سىزگە بىر خىل ئىشەنچلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ؛ جىمى مۇھىم ئىشلارنى قىلىپ بولسىڭىز بۇمۇ سىزگە بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ؛ سىز ئۆزىڭىز قىلىش ھاجەتسىز بولغان ئىشنى چۆرۈپ تاشلىسىڭىز، ئاخىر بىر «زاپاس ئامبار»غا ئىگە بولىسىز، بۇ سىزگە بىر خىل قانائەتچانلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. سىز تۆۋەندىكى ھەرىكەتنىڭ قانداق ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تاللاپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.

مۇبادا سىز A تۈردىكى ئىشنى كۆپ قىلىپ، C تۈردىكى ئىشنى ئاز قىلسىڭىز، نەتىجە دەرىجىڭىزدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. كونا A تۈردىكى ۋەزىپىلەرنى ئايرىپ، ئۇنى يېڭى A تۈردىكى ۋە B تۈردىكى ۋەزىپىلەرگە ئۆزگەرتىڭ؛ كونا B تۈر بىلەن C تۈردىكى ۋەزىپىلەرنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئاخىر كۆپ ساندىكى كونا B تۈردىكى ۋەزىپىلەرنى تىزىملىكتىن تامامەن چىقىرىپ تاشلاڭ.

## تېخىمۇ كۆپ ھالقىلىق ۋەزىپىلەرنى قانداق ئورۇنداش كېرەك

مەسىلەن، سىز بىر يىل ئىلگىرى قىزىڭىز ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە بېرىپ ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا قاتنىششنى ۋەزىپە تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن، ھازىر قوشۇمچە خىزمەت بىلەن، مودا كىيىم لايىھىلەش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا قىزىڭىز سىزنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىڭىزنى، خىزمەتلەردە زور نەتىجە يارىتىپ، قانائەت



ھاسىل قىلماقچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەنگەچكە، سىز كۆز پەسلى كىيىم ـ كېچەك سودىسى پەسلەپ كەتكەن چاغدا مەكتەپ ئاچقان ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا جەزمەن بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى. سىز ئۆتكەن يىلى ئامباردا ساقلانغان ھەربىر تەپسىلاتنى سورىدىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئامبار قالدۇقىنى خاتىرىلىگەچ، خۇشال بولدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن يەنە زۆرۈر قەدەم باسقۇچنىمۇ خاتىرىلىدىڭىز. ئۇنداقتا بۇ يىلقىغا سېلىشتۇرغاندا ئۆتكەن يىلقى A تۈردىكى بەزى ئىشلار (قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش، قايسى پائالىيەتنى تاماملاش) بۇ يىلقى Cتۈردىكى ئىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن؛ بۇ تۈردىكى ئىشلارنى ئۆتكەن يىلقى قائىدە بويىچە بېجىرسىڭىز بولىۋېرىدۇ. ئەمدى ھازىر سىز ئامبار باشقۇرغۇچىغا ئامبارنى ئېنىقلاشقا ھاۋالە قىلسىڭىز، سىز تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ، ئۆزىڭىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىڭىزنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپ چىقىرالايسىز.

خېرىدارلار ئۈچۈن پات ـ پات دەرىجە ئۆستۈرۈلىدىغان پىرىكازچىكلارنى بايقاش كېرەك. ئۆتكەن يىلدىكى A دەرىجىلىك خېرىدار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 ئامېرىكا دوللىرى ئىستېمال قىلغان بولسا، ئۇ خېرىدار بۇ يىل C دەرىجىلىك خېرىدارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى A دەرىجىلىك خېرىدار بۇ يىل 500 ئامېرىكا دوللىرى ئىستېمال قىلىشى، B تۈردىكى خېرىدارنىڭ 250 ئامېرىكا دوللىرى ئىستېمال قىلىشى مۇمكىن. پىرىكازچىك ئۈزلۈكسىز، ئاكتىپ ھالدا دەرىجىسى ئۆرلەپ، A تۈردىكى خېرىدارلارنىڭ ھېسابىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ سودىڭىزمۇ روناق تاپىدۇ. ئۇ ھازىر تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتنى ئىستېمالنى 100 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشۇرغان خېرىدارلارغا سەرپ قىلىپ، 100 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاز ئىستېمال قىلىدىغان خېرىدارلارنى تەدرىجىي ھالدا C تۈردىكى خېرىدارلار دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ.

پىركازچىك ئۆزىنى يەنىمۇ بىر دەرىجە ئۈستۈرۈش ئۈچۈن ھەر ھەپتىسى خېرىدارلارنىڭ ئارخىپىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئەدناسى ناھايىتى ئاز ئىستېمال قىلىدىغان يوشۇرۇن خېرىدارلارنىڭ ئارخىپىنى تەكشۈرۈش كېرەك. تەجرىبە ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، كۆپ ساندىكى پىركازچىكلار مۇشۇ ۋەجىدىن نۇرغۇن كىرىمگە ئېرىشىدۇ. يەنى خېرىدارلارنىڭ ھازىرقى ۋە مۆلچەرىي مەزگىلدىكى ئىستېمال سوممىسىغا ئاساسەن 20% خېرىدارنى لاكات قىلىپ تاشلايدۇ.

ئۆگىنىش بىلەن ساز چېلىش ئوخشاش بولىدۇ. يېڭىدىن پىئانىنو چېلىشنى ئۆگەنگەندە A دەرىجىلىك نىشان مەشىق قىلىش ئاسان بولغان كۈي بولىدۇ. ئۇ كۈينى پىششىق ئۆگىنىۋالغاندا، ئۇ كۈي داۋاملىق مەشىق قىلىدىغان C دەرىجىلىك ئىش بولۇپ قالىدۇ. كېيىن سىز ئورۇندايدىغان ئەسەرلەر بارغانسېرى قىيىن بولىدۇ. ئۆگىنىش قىيىن بولغان كۈيلەرنى A تۈردىكى ئىش قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئاستا ـ ئاستا توغرا ئورۇنداڭ. C تۈردىكى كۈيلەرنى تېز ئورۇنداڭ. ئەمما خاتالىق كۆپ بولۇشى مۇمكىن. سىز كۈي بۆلىكىنى ناھايىتى ياخشى چالسىڭىز، A تۈردىكى ئىش توغرا ئۇدار ۋە رىتىم بۆلىكىگە ئايلىنىدۇ.

ۋاقىتنى ئىشلىتىش ماھارىتىنى ئۆگەنگەندە A تۈردىكى ئىش بەلكىم ئالدى بىلەن بىر سائەتتە ھەر بەش مىنۇتنى قانداق سەرپ قىلىشقا قارىسىڭىز، ۋاقىتنىڭ چىقىم بولۇشىغا نىسبەتەن تېخىمۇ سەزگۈر بولىسىز. سىز پەقەت ۋاقىتنى ئىشلىتىشكە بولغان ماھارىتىڭىزنى يېتىلدۈرۈشنى ئويلىسىڭىزلا، ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلىسىز، ھەتتا ۋاقىتنى C تۈردىكى ئىشقا ئايلاندۇرالايسىز.

ۋاقىتنى ئىشلىتىشكە ماھىر ئادەمنىڭ ۋاقىت توغرىسىدا بىر يۈرۈش A تۈردىكى ئىشى بولىدۇ. ئۇ A تۈردىكى ئىشنى



ئاسمانغا ئېسىۋالمايدۇ، ئارقىغا سۆرەپ يۈرمەيدۇ، قايسى A نى قىلىشنى، قانداق قىلىشنى بىلمەي قالمايدۇ ياكى ئۇ مۇكەممەل ئادەم بولىدۇ، مەلۇم A تۈردىكى ئىشقا ئېسىلىۋېلىپلا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ ھەر كۈنى بەزى A تۈردىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەڭ ياخشى پايدىلىنىدىغان ۋاقىت، ئىشنى بېجىرىدىغان، قىلىدىغان ئەڭ ئېسىل ۋاقىت ـــ ھازىر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى بىر خىل ئۇنۇملۇك تۇرمۇش نىشانى سىزنى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتقا ئىگە قىلىپ تۇرمۇشتىن ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

— مايكول لېبوف

## 24 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرالايسىز

ۋىلىيام فولىغا ئاغرىنىغىنىچە تۇرمۇشىدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىز ئىش ھەر كۈنى سەككىز سائەت خىزمەت قىلىش، يەنە كېلىپ ھەر كۈنى تەكرار قىلىدىغان ئىش — خىزمەتتۇر، دېگەنىدى. ئۇ يەنە بىزنىڭ ھەر كۈنى سەككىز سائەت تاماق يەپ، چاي ئىچىشىمىز ياكى مۇھەببەتلىشىشىمىز ھاجەتسىز. پەقەت خىزمەتلا بىزنىڭ شۇنچە ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. پەقەت مۇشۇ نۇقتىلا سىزنى ۋە باشقىلارنى مەيۈسلەندۈرىدۇ دېگەنىدى.

مايكول لېبوف تەتقىقاتچى ھەم قوشۇمچە مەسلىھەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھاكىمە سىنىپى ئېچىپ، خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ھەم خۇشال ئىشلىتىشى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ۋە روھىي قۇدرىتىدىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا دەرس بەرگەن.

بۇ دەرس ئۇنىڭ «ئەركىن خىزمەت» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى. مايكول لېبوف بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، «خىزمەت سىز ئۈچۈن نېمىلەردىن دېرەك بېرىدۇ، سىز خىزمەتنى زىيانىنى تۆلىگىلى بولمايدىغان پائالىيەت



دەپ قارامسىز، سىز شادلىق بىلەن خىزمەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى شادلىق بىلەن ئازاب ئوتتۇرىسىدىكى پەرق دەپ قارامسىز، سىز خىزمەت ئۈچۈن ياشامسىز ياكى ياشاش ئۈچۈن خىزمەت قىلامسىز؟» سىز بۇ سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: سىز يەنىلا خىزمەت قىلىشىڭىز كېرەك.

مۇبادا سىز ئېللون رانكون ئوتتۇرىغا قويغان «ئىش»نىڭ ماھارىتىنى قوللىنىشنى نىيەت قىلغان بولسىڭىز، سىز ئۈچۈن تەرتىپلىك، كۆڭۈللۈك خىزمەت ھالىتى تېخىمۇ رېئال بولىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كۈنتەرتىپنى تۈزۈپ چىققان بولسىڭىزمۇ، ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالمىسىڭىز ئۇ كۈنتەرتىپنى ھېلىھەم پىلان بويىچە ئىجرا قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئاخىر بىر كۈن ئالدىراپ پايىپېتەك بولسىڭىزمۇ، ئەمما ھېچقانداق ئۈنۈم يارىتالمايسىز. شۇنىڭ بىلەن سىز ھەم ئۈمىدسىزلىنىسىز ھەم چارچاپ ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز، روھىي ھالىتىڭىز تېخىمۇ ئوساللىشىپ كېتىدۇ.

ئەمما ۋايىم يېمەڭ. ھازىر مايكول لېبوف سىزگە يېرىك پىلانىڭىزنى قانداق پىلانلاشنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ سىزنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا يېتەكلەيدىغان يەنە بىر مۇھىم ھالقا.

W. C فېردى بىر كىنودا بىر لىدىرنىڭ رولىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىلى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. بۇ كىنودا مۇنداق بىر كۆرۈنۈش بار: فېردى ئۈستەل ئالدىغا كەلگەندە بىر «ئۈنۈم مۇتەخەسسىسى»نىڭ ئۈستەل ئۈستىدىكى قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى رەتلەپ، ئۈستەل ئۈستىنى رەتلىك، پاكىز قىلىپ قويغانلىقىنى بايقايدۇ. ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇ ھېچ نەرسىنى تاپالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولىمۇ ئەركىن هالدا رەتلەپ قويۇلغان دەستە ـ دەستە هۆججەت ـ ماتېرىياللارنى هاۋايى ـ مۇئەللەققە قارىتىپ ئاتىدۇ. بۇ هۆججەت ـ ماتېرىياللار شامال ئۇچۇرتقان غازاڭدەك چېچىلىپ كېتىدۇ، ئۇ كېيىن تولىمۇ رازىمەنلىك بىلەن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئۇستەل ئۈستىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك هۆججەتنى هېچقانچە ئاۋارە بولمايلا تاپالايدۇ.

بىز ئالاهىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا بۇ كۆرۈنۈشتىكى هەزىلنىڭ ئۇنۇمىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇ فېردى كەسپىي جەھەتتە تازا داڭق چىقارغان چاغ ئىدى. ئۇنۇمنى تەكىتلەش ئەمەلىيەتتە بىر خىل تەشكىلىي پرىنسىپنى تەشۋىق قىلىدۇ: ئۇنۇمى ئەڭ تۆۋەن بولغان بىرىنچى سەۋەنلىك هەممە نەرسىنى ئۇستەلگە قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇش، ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىلەرنى تاپالماسلىقىدۇر. ئەمما رەتلىك، پاكىز ئۇستەل يۇقىرى ئۇنۇمنىڭ ۋە كۆپ مەهسۇلاتنىڭ سىمۋولى بولىدۇ.

بىز بۈگۈن بۇ خىل هۆكۈمدىن بارغانسېرى گۇمانلىنىۋاتىمىز، تەرتىپلىك تۇرمۇش ئەلۋەتتە تەرتىپسىز تۇرمۇشتىن تېخىمۇ ئۇنۇملۈك بولىدۇ. بىز كۆپىنچە هاللاردا تۇرمۇشىمىزنى مۇۋاپىق تەشكىللەش ۋە پىلانلاش ئارقىلىق ئۇنۇمنى ئۆستۈرىمىز. ئەمما بىزقاتتىق قاتمال، ئۆلۈمتۈك ئەقىدىلەرنى تۇرمۇشىمىزنى پىلانلايدىغان ئۆلچەم قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىنى فېردى بۇ كىنودا رول ئېلىش ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزگەن ئۇچۇر. ئەمما بىز ئۆز ئالاهىدىلىكىمىز ۋە تەلىپىمىزگە ئاساسەن تۇرمۇشىمىزنى تەشكىللىشىمىز ۋە پىلانلىشىمىز كېرەك.

سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرغاندا هەممە ئىشنىڭ ئورنىغا كەلتۈرۈش، هەربىر تۇرمۇش تەپسىلاتىنى پىلانلاش ئۈچۈن ئورۇنماڭ. بۇنداق بولغاندا سىزنىڭ ئۇنۇمىڭىز تۆۋەنلەپ



كېتىدۇ. مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، ئۇ بىر قېتىم مەۋسۇملۇق ئىمتىهاندىن ئۆتەلمىدى. سەۋەبى، ئۇ جىمى ۋاقتىنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك دېگەن كىتابنى ئوقۇشقا سەرپ قىلىۋەتكەن، ئەمما ئۆگەنگەن مەزمۇنلىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرمىگەن. سىز خىزمەت ئەهۋالىڭىزنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنغان دەملەردە بۇنداق مەسىلىلەر هامان رويى بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، جىمى نەزەرىيە دېگۈدەكلا مەقسەتكە يېتىشنىڭ يولى بولىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت يەنىلا تۇرمۇش ئۇنۇمىمىزنى ئۆستۈرۈش بولىدۇ. سىز قەيەرگە بارسىڭىز سائەت ئېلىۋالسىڭىز ياكى ئۈستىلىڭىزنى پاكىز تۇتسىڭىز، بۇ كىشىلىك هايات غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرەلىشى ناتايىن.

ئەمما تۇرمۇشنى، ئىدىيىنى مۇۋاپىق پىلانلاشتا يەنىلا قائىدە بولىدۇ. مۇبادا سىز ئۇلارنى قاتمال ئەقىدە ئەمەس، بىر خىل ئىدىيە دەپ قارىسىڭىز ۋە ئەمەلىيەت قىلسىڭىز ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئىشىڭىزنىڭ ئۇنۇمى ھەسسىلەپ ئاشىدىغانلىقىغا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز. خوش، بىز تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەيلى.

## مۇۋاپىق قورالنى ئىشلىتىپ خىزمەت قىلىڭ

توماس كايېر بۇرۇن: «ئادەم قورال ـ سايماننى ئىشلىتىشنى بىلىدىغان هايۋان، قورال بولمىسا بىر ئىشنىمۇ جايىدا قىلالمايدۇ؛ قورال ـ سايمان بولغاچقىلا ئۇ هەممە نەرسىگە خوجايىن بولغان» دېگەنىدى. بۇ گەپلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە مەهكەم ساقلاشقا ئەرزىيدۇ.

سىز تالاي قېتىم جاپالىق ئىشلىگەن بولسىڭىزمۇ، هېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما قورال ـ

سايمان كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ سىزگە نۇرغۇن ۋاقىت، روھىي قۇدرەتنى ئىقتىساد قىلىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز نۇرغۇن ئەگرى يولنى مېڭىشتىن ساقلىنىپ قالىسىز. بىز ماشىنا رېمونت قىلىشنى ياكى ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنى سىناپ كۆرسەك، بۇ خىل تەسىرات ناھايىتى روشەن بولىدۇ. چۈنكى بىز قورال ـ سايماننى قولغا يېقىن دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىز بۇ يېتەكچى ئىدىيىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىز كۆرسىتىۋاتقان «قورال» تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

قورال ـ سايمان كىشىلەرنىڭ مەقسىتىگە يېتىشتىكى ھەرقانداق شەيئى بولىدۇ. سىز مەيلى قانداق نىشاننى ياكى پائالىيەتنى كۆزلەڭ، ھەممىسىدە قورال ـ سايمان ئىشلىتىسىز.

مۇبادا سىز بوغالتىر بولسىڭىز، ئۆزىڭىزگە قېرىنداش، قەغەز، ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە كەسپىي بوغالتىرلىق گۇۋاھنامىسى، مۇئەييەن خىزمەت تەجرىبىسى كېرەك ئىكەنلىكىنى روشەن بىلىسىز. مۇبادا سىز ئىشخانىدا خىزمەت قىلسىڭىز پۈتكۈل ئىشخانا، جۈملىدىن ئۈستەل ـ ئورۇندۇق، مەيدان ـ سورۇن تامامەن سىزنىڭ قورال ـ سايمىنىڭىز بولىدۇ. باشقا روشەن بولمىغان قورال ـ سايمانلار، جۈملىدىن ماشىنا، ستاتىستىكا جەدۋىلى، گېزىت، چەت ئەل تىلى ۋە يۈزتۇرا ئىمتىھان ماھارىتى قاتارلىقلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

خىزمەتكە كىرىشىشتىن ياكى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىڭىزدىن: «خىزمەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن قانداق زۆرۈر قورال ـ سايمان كېرەك؟ مەندە بۇ قورال ـ سايمانلار بارمۇ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ. مۇبادا سىزدە مۇۋاپىق قورال ـ سايمان بولمىسا بۇ خىزمەتنى كىمگە تاپشۇرۇشنى ئالدى بىلەن ئويلاڭ. چۈنكى ئادەم ياللىسىڭىز ۋاقتىڭىز، روھىي قۇدرىتىڭىز، خىراجىتىڭىز



تېخىمۇ تېجىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ خىزمەتنى ئۆزىڭىز ئورۇنداپ بولۇشقا كۆزىڭىز يەتسە، كېرەكلىك مۇۋاپىق قورال ـ سايمانلارنى تەييارلاڭ. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، دانا بىلەن ناداننىڭ پەرقى ھەمىشە ئۇلارنىڭ قورال ـ سايمانلارنى تاللىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

## خىزمەت ماكانىڭىزنى تەشكىللەڭ

سىز ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان خىزمەت مۇھىتىنى ئويلاڭ. خىزمەت ماكانىنى قانداق تەشكىللەش تامامەن شەخسىي ئىش بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ دەرىجىسى ۋە مەشغۇل بولۇۋاتقان خىزمىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما سىز مۇنداق بىرقانچە ئاساسلىق ئامىلنى نەزەرگە ئېلىشىڭىز كېرەك.

1. ئورۇن: مۇبادا سىزنىڭ ئامىتىڭىز كەلسە، خىزمەت ئورنىڭىزنى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە ياردىمى بولىدىغان يەرنى تاللاڭ. ئۆزىڭىزنى خىزمەتكە بېغىشلىسىڭىز پىنھان، تىنچ خۇسۇسىي سورۇننى تاللاڭ. مۇبادا شىركەت ئاچسىڭىز خېرىدارلارغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن قاتناش راۋان، قولايلىق يەرنى تاللاڭ.

2. ماكان: كۆڭۈلدىكىدەك ماكان تاللىغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك يەردە خىزمەت قىلىشىڭىزنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ. نۇرغۇن ئادەملەر ئەمەلىي خىزمەت ماكانى ھەقىقىي ئېھتىياجدىن ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. شۇڭا بىز زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشىمىزدىن ئاۋۋال قايسى ماكاندىن پايدىلىنىشىمىزغا بولىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك.

3. دائىم ئىشلىتىدىغان قورال ـ سايمانلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. سىز ئېھتىياجلىق قورال ـ سايمانلارنى تىزىملاپ، رەتلەپ قويۇپ قويۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز كۈندە

ئىشلىتىدىغان قورال ـ سايمانلارنى قانداق قويۇش كېرەكلىكىنى بىلىسىز. خىزمەت قىلىدىغان يەرگە مۇھىم بولمىغان نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويماڭ. مەسىلەن، سىز كانادادا ئوۋ ئوۋلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوۋلاپ كەلگەن بوغىنىڭ بېشىنى ئىشخانىڭىزنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويسىڭىز، بەلكىم كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋېتىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇنى باشقا يەرگە قويغىنىڭىز تۈزۈك. ئەمما، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان مۇئەييەن ماكاننى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ رولى جارى بولىدىغان يەرگە قويغان تۈزۈك. مەسىلەن، ئەسلەتمە تاختاي ئۈستىگە قويۇپ قويۇڭ.

4. راھەتلىك بولۇش. بەزى ئادەملەر خىزمەت قىلىدىغان يەرنىڭ راھەتلىك بولۇشىنى مەقسەت قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئادەتتە بۇ ئادەملەر بىر بولسا خىزمەت سارىڭى بولۇپ قالغان، بىر بولسا خىزمەت ئەسلىدىنلا زېرىكىشلىك نەرسە دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە راھەتلىك بولمىغان خىزمەت سورۇنى ئادەمنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ، خىزمەت ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. تۇرمۇشتا نۇرغۇن راھەتسىزلىك، قىيىنچىلىق ۋە ئازاب بولغانىكەن، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن ئىشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىمىز؟

ئادەتتە راھەتلىك خىزمەت ئورنىدا مۇۋاپىق ئورۇندۇق بولۇشى، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى ۋە نۇر چۈشۈپ تۇرۇشى كېرەك. مۇبادا سىز مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلسىڭىز پۇختا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق تاللاڭ. ئۆزىڭىزگە ماسلىشىدىغان ئورۇندۇق تاللاڭ، شۇنداق بولغاندا ھەر ئون مىنۇتتا بىر قېتىم ھەرىكەت قىلىشىڭىز ھاجەتسىز. ئەمما بەك راھەتلىك بولۇپ كەتسىمۇ، مۈگدەكتىن باش كۆتۈرەلمەيسىز. ئۇيقۇدىن، چارچاشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن چىراغ نۇرى ئۇدۇل چۈشۈپ



تۇرىدىغان جاينى ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى يورۇقلۇقى تەكشى چۈشىدىغان يورۇتۇش ئۈسكۈنىسىنى تاللاڭ.

شامال ئۆتۈشۈش خىزمەت مۇھىتىنىڭ ھاۋاسىنىڭ بۇلغىنىشىدىن پەيدا بولغان ھارغىنلىقنى تۈگىتىشكە ياردىمى بولىدۇ. ئىشخانىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆزىڭىز بېكىتىڭ. ئەمما سىز خىزمەت قىلىۋاتقان يەرگە شامال ئېغىزى ئاچماڭ.

## يېزىق خىزمىتىنىڭ سەنئىتىنى ئىگىلىۋېلىڭ

نۇرغۇن ئادەملەر خىزمەت ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىر قىسىم خىزمەتلەرنى ئورۇنداپ بولىدۇ. خۇددى ئالدىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىش بېجىرىش ئۈستىلى بىر خىل قورال ھەمدە ئەڭ ئاسان قالايمىقان، خاتا ئىشلىتىلىدىغان قوراللارنىڭ بىرى. شۇڭا بۇ قورالنىڭ ئىشلىتىش يوللىرىنى چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە بۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا ئەڭ زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشتىن ئاۋۋال بىز ئىش بېجىرىش ئۈستىلىنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىش بېجىرىش ئۈستىلى ھېچنېمە ئەمەس.

1. خالىغانچە قالايمىقان قەغەز تاشلايدىغان، قەغەز تاشلاش ھەرىكىتى قانات يايغان يەر. مەن نۇرغۇن قالايمىقان نەرسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان ئۈستەلنى كۆرگەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، كېرەكسىز قەغەزلەرنى سېتىۋېلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەملەر مال سېتىۋېلىش مەركىزىگە بارماي، خىزمەت بىناسىغا بېرىپ كېرەكسىز نەرسىلەرنى سېتىۋالسا، ئۇلارنىڭ سودىسى جەزمەن روناق تېپىشى مۇمكىن.

2. دۆۋىلەپ قويۇلغان يېمەكلىك، كىيىم ـ كېچەك،

يامغۇرلۇق ۋە باشقا غەيرىي ئىش بېجىرىش بۆيۇملىرى ئامبىرى. مەن بۇرۇن بىر ئىشخانىغا كۆچۈپ كىردىم. نەتىجىدە مەن چۈمۈلىلەر بىلەن بىللە بىر ئۈستەلنى ئورتاق ئىشلىتىلىدىغانلىقىمنى بايقىدىم. ئەسلىدە مەندىن ئىلگىرىكى بۇ ئىشخانىدا ئولتۇرغان ئادەم سول تەرەپتىكى ئىشكاپنىڭ تارتمىسىغا مېنى يېسۇن دەپ بىر خالتا قەنت قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن، خالتىنىڭ ئېغىزى ئوچۇقكەن. ئەمما بۇ زېرەك ئالۋاستىلار ئۇ قەنتلەرنى مەندىن بۇرۇن ئىستېمال قىپتۇ.

3. ئۈنتۈپ قالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلغان نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويۇش. ئەنگلىيىلىك بىر مەمۇرىي ئەمەلدار بۇرۇن ئاللىك مايكونچىل (1820 ــ 1764، كانادالىق ئېكسپېدىتسىيىچى)غا: «بىز ئۈنتۈپ قالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلغان نەرسىلەرنى ئۈستەل ئۈستىگە تاغدەك دۆۋىلىۋېتىمىز، يەنە كېلىپ بۇ خىل ئۇسۇل ئىنتايىن ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بىز يېزىق خىزمىتىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈشىمىز بىلەنلا ئالدىمىزدا قىلىشقا تېگىشلىك بىر دۆۋە ئىشنى كۆرىمىز ـ دە، ئەسلىدىكى پىكىر يولىمىز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، تەپەككۇر كەپتەرلىرىمىز خىيال ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۈستەل ئۈستىدىكى نەرسىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. بىز ھەربىر دۆۋە ئىچىدە نېمىلەرنى بارلىقىنى قايتا ئېسىمىزگە ئالالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن يىتۈپ كەتكەن قەغەزنى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىزدەيمىز ۋە ئۈنتۈپ قېلىشقا بولمايدىغان خىزمەتلەرنى ئەسلەيمىز، دېگەنىدى. مېرىل دوگلاس ۋاقىتنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىر مەسلىھەتچى ئىدى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويغان بىر باشقۇرغۇچى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ ناھايىتى تەپسىلىي ۋاقىت خاتىرىسى يازغان، نەتىجىدە بۇ باشقۇرغۇچى ھەر كۈنى يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ



ئۈستەل ئۈستىدىن ئۇچۇر ئىزدىگەن.

4. ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ سىمۋولى ياكى مۇكاپات، خاتىرە بۇيۇملىرى تۈردىكى نەرسىلەرنى كۆرگەزمە قىلىدىغان جاي. بۇنداق خاتا ئىشلىتىش ئۈستەلنىڭ ئۆلچىمىنى ئەسلىدىكىدىنمۇ كۆپەيتىۋېتىدۇ، ئۈستەل يۈزىنىڭ چوڭىيىشى بىزنى تېخىمۇ كۆپ قالايمىقان نەرسىلەرنى قويۇپ قويۇشىمىز ئۈچۈن ماكان ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەمما نېمە ئىشكىن، مۇشۇ خىلدىكى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە پەيدا بولىدۇ ـ دە، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەرقانداق ۋاقىتنى ئىگىلەپ كېتىدۇ.

بىز ئۈستەلنىڭ ھېچنېمە ئەمەسلىكى توغرىسىدا توختالغانىكەنمىز، ئەمدى ئۈستەلنىڭ نەرسە ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلايلى. ئۇ تېز تاماملىنىدىغان ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش قورالى ئارقىلىق مېڭىدىكى نىشان بىلەن باغلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

سىز بىر ئىش بېجىرىش ئۈستىلىگە ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىيەتتە سىز ئۇنىڭغا ئانچە ئېھتىياجلىق بولماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئامېرىكا باشقۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لاۋرېنس ئاپپۇل: نۇرغۇن ئىش بېجىرىش ئۈستىلى پەقەت دەپتەرنىلا قارار قىلالايدۇ، دېگەنىدى. بەزى باشقۇرغۇچى خادىملار ئىش بېجىرىش ئۈستىلىنى چۆرۈپ تاشلىغان ھەمدە خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ ھەقىقەتەن ئانچە ـ مۇنچە ئاشقانلىقىنى جاكارلىغان. ئۇلار ئۆلچەملىك ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنى ياتما ئورۇندۇق، چاقلىق كىچىك شىرەگە ۋە پوكەيلەرگە ئۆزگەرتكەن. «ئۈستەلسىز ئىشخانا»نىڭ ھىمايىچىلىرىگە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇسۇل ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى يۈز ـ تۇرا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە ئىش بېجىرىش كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئەركىن قىلىدۇ، ئادەمدە قايتا ئاسارەت

تۆيغۇسى پەيدا قىلمايدۇ. سىز ئۆزىڭىزگە ئۇستەل بولمىسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى، ئادەم ئۇستەلدىن ئايرىلسا قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ.

## قانداق قىلغاندا يەنە ئۇستەلنى رەتلەپ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

مۇبادا سىز راستىنىلا بىر ئىش بېجىرىش ئۇستىلىگە موھتاج بولسىڭىز، ئۇستەلنى يەنە بىر قېتىم رەتلەڭ. مۇبادا شۇنداق قارارغا كەلسىڭىز، ۋاقىت سائىتىدىن بىرقانچە سائەت ۋاقىت ئاجرىتىڭ ھەمدە بۇ ۋاقىتتا كاشىلا بولۇشىدىن ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىڭ. مۇبادا سىز بۇ خىزمەتنى شەنبە كۈنى ئەتىگەندە قىلسىڭىز تازا ئوبدان بولىدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا سىز تۆۋەندىكى رەتلەش قەدەم باسقۇچىغا قاراڭ:

1. چوڭ بىر ئەخلەت چېلىكى تەييارلاڭ؛

2. ئۇستەل ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىڭ، ئۇستەلنىڭ تارتمىلىرىنى ئېچىپ، تارتما ئىچىدىكى ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسىلەرنى تامامەن ئېلىۋېتىڭ.

3. ئېشىپ قالغان جىمى نەرسىلەرنى تىزىملاڭ ھەم ئۇلارنى مۇھىملىقىغا قاراپ رەتكە تىزىڭ. ھەربىر تۈرنى نەزەرگە ئالغاندا ئۆزىڭىزدىن مۇنداق بىر مەسىلىنى سوراڭ: مۇبادا مەن ئۇنى تاشلىۋەتسەم قانداق ئەڭ ناچار ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟ مۇبادا بۇنىڭغا ياخشى جاۋاب بەرگىلى بولسا ئۇنى تاشلىۋېتىڭ ھەمدە تىزىملىك جەدۋىلىدىن ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

4. ساقلاپ قېلىشقا بولىدىغان نەرسىلەرنى ئەستايىدىل، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان نەرسىلىرىڭىزنى تارتمىغا سېلىپ قويۇڭ، دەرھال بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى باشقا جايغا يەنى



تەكچىلەرگە، كىتاب جاۋەنلىرىگە ۋە ئارخىپ ئىشكاپلىرىغا قويۇپ قويۇڭ.

5. تارتمىدا ھۆججەتلەرنى ئارخىپلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزۇڭ. ئارخىپنى تېپىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئارخىپقا بەلگە قويۇپ، رەتلىك قويۇڭ. ئۇستىلىڭىز ئۈستىدىكى ھۆججەت ـ ئارخىپلارنى قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈپ تۇرۇڭ. پەقەت نۆۋەتتە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنىلا ساقلاپ قېلىڭ. بىر يىلدىن كۆپرەك ساقلانغان ھۆججەت ـ ئارخىپلارنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى تامامەن دېگۈدەك ئىش بېجىرىش ئىشخانىسىدا قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

6. «كىرگۈزۈش، چىقىرىش» پرىنسىپىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇرىنى ئىشلىتىڭ. چوڭ ئىككى ھۆججەت ـ ئارخىپ سېۋىتىنى تەييارلاڭ. ئۇنىڭ بىرىنى قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرىڭىزگە ئىشلىتىڭ، يەنە بىرىنى بېجىرىپ، قولدىن چىقارماقچى بولغان خىزمەتلەرگە ئىشلىتىڭ. بۇنداق ھۆججەت ـ ئارخىپلارنى تارتمىغا قويۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ. پەقەت تارتمىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرسىڭىزلا بولىدۇ.

## يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى

مۇبادا سىز ئىش بېجىرىش ئۇستىلىنى سەۋرچانلىق بىلەن رەتلەپ بولسىڭىز، ئۈنۈملۈك، زور قەدەم تاشلىغان بولىسىز. بەزى ئادەملەر ھەر يېرىم يىلدا ئۇستىلىنى بىر قېتىم رەتلەيدۇ، بۇنىڭ ناھايىتى پايدىسى بارلىقىنى بايقايدۇ. تۆۋەندىكى پرىنسىپ سىزگە قالايمىقان نەرسىلەرنى ئازايتىپ، يېزىق خىزمەت ئۈنۈمىنى قانداق ئۆستۈرۈشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1. ئۇستەل ئۈستىگە بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا ئىشنى قويۇڭ. بۇ خىزمەت دەرھال قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم خىزمەت

بولسۇن.

2. ئۇستەلدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئۇستەلنى پاكىز تۇتۇڭ، ئېلىۋەتكەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىش كېرەك بولغاندا، ئاندىن ئېلىپ ئىشلىتىڭ. ئۇ نەرسىلەرنى ھۆججەت ئىشكاپىغا ياكى تارتمىغا سېلىپ قويۇڭ.

3. سىز ئادەمنى ئاسان جەلپ قىلىۋالىدىغان خىزمەتلەرنى دەپ نەزىرىڭىزنى، نىشانىڭىزنى باشقا ياققا بۇرىماڭ. ئاۋۋال ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىزچىل ئىشلەڭ.

4. بىر تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى «چىقىرىش، يەتكۈزۈپ بېرىش» سېۋىتىگە قويۇپ قويۇڭ ھەمدە ئۇنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىڭ. ئاۋۋال ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلىگەندىن كېيىن كېيىنكى تۈردىكى خىزمەتلەرنى داۋاملىق ئىشلەڭ.

5. كاتىپىڭىز ئۇستىلىڭىزنىڭ رەتلىك، پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلسۇن؛ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ شۇ كۈنى بىرىنچى بولۇپ ئورۇنداشقا تېگىشلىك خىزمەتنى ئۇستىلىڭىز ئۈستىگە قويۇپ قويسۇن.

خۇددى مەن ئالدىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك بۇلار پەقەت يېتەكچى فاكتىنلا بولالايدۇ. بەلكىم بۇ سىزنىڭ ئىشلىتىشىڭىزگە مۇۋاپىق كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بىر رەتلىك، پاكىز ئۇستەل سىز ئۈچۈن خىزمەتنى تاماملىشى ناتايىن، ھەتتا بەزىدە خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىل بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا سىز ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان خىزمەت ئۇسلۇبىنى تاللاڭ ۋە شۇ ئۇسلۇب بويىچە خىزمىتىڭىزنى تاماملاڭ. ئەمما ئۆزىڭىزگە سەممىمىي - سادىق بولۇڭ، قالايمىقان نەرسىلەر دۆۋىلىۋېتىلگەن ئۇستەلدە ناھايىتى ئاز ئادەملا خىزمەتنى ئەڭ ياخشى ئورۇندىيالايدۇ.



## دىققىتىڭىزنى يىغىش ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرۈڭ

ھەرقانداق شەكىلدىكى مەركەزلەشتۈرۈش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خىل ھادىسىنى پەيدا قىلىدۇ. مەن ئالتە ياش چېغىمدا چوڭ بىر لوپا ئەينەكتە قۇياش نۇرىنى يىغىپ بىر ۋاراق قەغەزگە چۈشۈرۈپ ئۆيىناش ئويۇنىغا خۇمار بولۇپ قالدىم، بىزنىڭ ۋاقتىمىز، روھىي قۇدرىتىمىز خۇددى قۇياش نۇرى مەلۇم دەرىجىگە مەركەزلەشكەندە بىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چۈشىمىزدە ئارمان قىلىپ كەلگەن نەرسىگە مۇيەسسەر بولىمىز. ئادەم دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەندىلا ئاندىن نۇرغۇن ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىققان. ئەمما نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى بۇ نۇقتىنى ئورۇندىيالمىغاچقا مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆلپەتداش بولۇپ قالغان.

## تەپەككۇر قىلىۋاتقاندا قولىڭىزغا قەلەم ئېلىۋېلىڭ

سىز ئوي - خىيالىڭىزنى يازماقچى بولغاچقا، پۈتۈن دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ، نۇرغۇن ئادەملەر ئوي - خىيالىنى يازغاندا كۆڭلىدە باشقا بىر ئىشنى ئويلىيالايدۇ، شۇڭا قەغەز - قەلەم ئادەمنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدىغان ياخشى قورال.

سىز ھەر قېتىم پۈتۈن دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرىدىغان چاغدا بىر تال قەلەم ئېلىۋېلىڭ. ئىلھام كەلگەن ھامان دەرھال يېزىۋېلىڭ، بۇ چاغدا سىز ئۆزلۈكىڭىزدىن تەپەككۇر قىلىسىز ۋە خىيالىڭىزدىكى ئوي - پىكرىڭىزنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز نۇرغۇن ئوي - خىياللارنى ئويلىيالايسىز. مۇبادا سىز دەرھال ئويلىيالىسىڭىز قايسى ئوينىڭ ئەقىلگە

سىغمايدىغانلىقىنى، خاتالىقىنى ياكى ئۆزئارا زىتلىقىنى بايقىيالايسىز.

## خىزمەت ئورنىنى پەقەت خىزمەت بىلەنلا چەكلەڭ

بىز تامامەن ئۇدۇم ـ ئادەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالغاچقا، كۆپىنچە ھەرىكەتلەرنى چوڭ مېڭىمىزنىڭ تەپەككۇرىدىن ئۆتكۈزمەيمىز. شۇڭا بىز مەلۇم ھەرىكەتنى ئالاھىدە مۇھىت بىلەن باغلاشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. مۇبادا بىز رەھىمسىزلىك بىلەن قەتئىي نىيەتكە كەلسەك، خىزمەت مۇھىتىدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرەلەيمىز، خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك يامان ئادەت ئەدەپ كەتسە ۋاقتىمىز ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىمىز ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ.

بۇنداق ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ بىرى، خىزمەت ئورنىدا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، سىز ئۇستەلىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغىنىڭىزدا پەقەت خىزمەتلا قىلىڭ، خىزمەتكە مۇناسىۋەتسىز باشقا ئىشنى قىلماڭ. مۇبادا بىرى سىزنى زىيارەت قىلىپ، يوقلاپ كەلسە، سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئۇستەلدىن ئايرىلىڭ. مۇبادا سىز ئۇستەلىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرۇپ مېھمان قوبۇل قىلسىڭىز ئەھۋال ياخشى بولمايدۇ، سىز ئولتۇرغان ئۇ يەر پەقەت خىزمەت قىلىدىغانلا يەر، خالاس. خىزمەت ئارىلىقىدا ئارام ئالغاندا باشقا ئورۇندۇققا بېرىپ ياكى باشقا ئىشخانىغا چىقىپ ئولتۇرۇڭ. مۇبادا مۇقىم ئورۇندا خىزمەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالسىڭىز، خىزمەت ۋاقتى توشقاندا تېز ھەم تەبىئىي ھالدا خىزمىتىڭىزنى يېڭىدىن باشلىسىڭىز بولىدۇ.



## مۇۋاپىق پەيتتە سۈرئەتنى كېمەيتىش ۋە ئىشنى توختىتىش

خىزمەت سەنئىتىنىڭ بىر ھالقىسى خىزمەتنى قانداق چاغدا، قانداق يەردە توختىتىشنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر. خىزمەتنى قارىغۇلارچە داۋاملاشتۇرۇش ئەخمەقلىقتۇر. قارىغۇلارچە تىرىشىش دانالىق ئەمەس.

مەسىلىنى ھەل قىلىۋاتقان چاغدا تەپەككۇر يولىڭىز توسۇلۇپ قالسا، ئىستراتېگىيىلىك ھالدا چېكىنىڭ، ئىشنى قارىغۇلارچە داۋاملاشتۇرۇش قالايمىقانچىلىق ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. بەلكىم سىز بۇ خىزمەت توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ۋە ئۇچۇرنى ھەزىم قىلىش ۋاقتىغا ئېھتىياجلىق بولۇشىڭىز مۇمكىن.

سىز خىزمىتىڭىزنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغاندا تۆۋەندىكى ئىشلار سىزنىڭ خىزمەتنى قايتىدىن باشلىشىڭىزغا، تېخىمۇ خۇشال بولۇشىڭىزغا، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

1. ئىمكانقەدەر سىز رازىمەنلىك سەزگەن يەردە خىزمىتىڭىزنى توختىتىڭ. بۇنداق بولغاندا سىز خىزمەت ئادەمنى رازى قىلىدىغان نەرسە دەپ قاراشقا مايىل بولىسىز ـ دە، خىزمەتنى قايتىدىن باشلاشقا تېخىمۇ ئىنتىزار بولىسىز.

2. نەتىجىلىك خىزمەتنىڭ بىر باسقۇچى ئاياغلاشقاندا توختاڭ.

3. مۇبادا سىز ئىش قول تۇتىدىغان يەرگە كەلگەندە توختىسىڭىز مەسىلىنى خاتىرىلەڭ ھەمدە ئىلگىرىلەش يولىڭىزدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىڭ.

4. ئىش يېڭىدىن باشلانغاندا مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر باشلىنىش بولسۇن، بۇ خىزمەتنى قايتىدىن باشلاش ئۈچۈن

كېتىدىغان ۋاقتىنى ئازايتىدۇ.

## ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇڭ

مۇۋاپىق چاغدا توختاشنى بىلىش ئوبدان بىر تاكتىكىدۇر. ئەمما بۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى تاماملاشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ. سىز هامان بۇ ۋەزىپىنى ئىشلەشكە قول سالسىڭىز ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ۋەزىپىنى تاماملاڭ، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار سىزنىڭ «خىزمەتنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشىڭىز»غا ياردىمى بولىدۇ:

1. خىزمىتىڭىزگە قىزىقىڭ. قىزىقىش بولغاندىلا هەرىكەتلەندۈرۈش كۈچى بولىدۇ. بۇ ئىككىسى هامان بىرلىشىدۇ، بىرلەشكەندە خۇددى ئانا بىلەن بالىغا ئوخشاش بولىدۇ. بۇ خىزمەت توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى كۆپرەك ئىگىلەڭ. سىز بۇ خىزمەتنى كۆپ چۈشەنگەنسېرى شۇنچە مەپتۇن بولۇپ قالىسىز.

2. خىزمەتنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنكى رازىمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويلاڭ. مۇبادا مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا يىگىرمە قاداق ئورۇقلىسىڭىز ناهايىتى ياخشى بولغان بولىدۇ ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا تاماكا تاشلىسىڭىز ئۆزىڭىزنى ناهايىتى ياخشى هېس قىلىسىز. سىز هامىنى ئىلمىي ئۇنۋان ئالىدىغانلىقىڭىزنى ياكى ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا سىز تېخىمۇ ئوبدان خىزمەتكە ياكى تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولىسىز.

3. خىزمەتنى تاماملاش ئاخىرقى چېكىنى بېكىتىپ، ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىڭ.

4. سىز ئۆزىڭىزنى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراتمايدىغان، كۆڭلىڭىزنى بۆلمەيدىغان مۇهىت بېرىڭ.

5. سىز ئىشەنچلىك ئادەم بىلەن خىزمەت قىلىڭ. سىز



باشقىلار بىلەن بىللە خىزمەتنى تاماملاشقا ۋەدىلەشكەندە سىزگە قارىغاندا ئۇ خىزمەتتە تېخىمۇ كۈچ چىقىرىدۇ. مەن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا هەمىشە ساۋاقداشلىرىم بىلەن گۇرۇپپا هاسىل قىلاتتىم، بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ ئەستايىدىل ئۆگەنگىلى بولاتتى. بىز بۇنى «هەمراھ بولۇش ۋە ئوقۇش پۈتكۈزۈش» دەپ ئاتايتتۇق. ئەڭ مۇهىم بولغىنى شۇكى، هەربىر ئادەم ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. هەر ئىككىلا تەرەپ بۇرچ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسا، ئۇلار بىر - بىرىگە هەيدەكچىلىك قىلالايدۇ.

## ئەستە تۇتۇشنى كۈچەيتىڭ

ئەستە تۇتۇش ۋاقتىمىز بىلەن روهىي قۇۋۋىتىمىزنى زور دەرىجىدە تېجەيدىغان بىر خىل قورال. مۇبادا ئەستە تۇتۇش بولمىسا، بىز ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمىزنى ئىشلىتەلمەيمىز. بىز مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا دېگۈدەكلا ئەمەل قىلىدىغان تەجرىبە بولمىغاچقا ئەستە تۇتۇشنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قانداق يول مېڭىشنى، قانداق گەپ قىلىشنى، پاكىتنى چۈشىنىشنى، مەسىلىلەرنى هەل قىلىشنى، ماشىنا هەيدەشنى، كىتاب ئوقۇشنى... ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز. ئىنسانلارنىڭ ئەستە تۇتۇش يوللىرى ناهايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ تامامەن بىر مۆجىزە بولىدۇ. سىزنىڭ ئىككى قاداق ئېغىرلىقتىكى چوڭ مېڭىڭىزدە ساقلىنىۋاتقان ئۇچۇر بۈگۈنكى ئەڭ ئىلغار ئېلېكترونلۇق مېڭە ساقلىغان ئۇچۇردىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئەپسۇس، ئۇچۇر ساقلاش بىر ئىش. ئەمما ئۇنى تېپىپ چىقىش يەنە باشقا بىر ئىش. بۇ دەل ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ بىزدىن ئارتۇق بولغان يېرىدۇر. ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەستە

تۇتۇشنى ئىشلىتىش قائىدىسىنى چۈشەنگەندىلا ۋە بەزى ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇر ساقلاش ۋە ئۇچۇرنى تېپىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

ئەستە تۇتۇش بىر شەيئى ئەمەس، بەلكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن بىر ماھارەت. سىز ئۇنى كۆرەلمەيسىز، ھېس قىلالمايسىز ياكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالالمايسىز، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ جىڭلىيالمايسىز. ئەستە تۇتۇش ماھارىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1. ئۇچۇرنى ئەستە تۇتۇش باسقۇچى: بۇ چاغدا ئۇچۇر تېخى ساقلانمىغان بولىدۇ.

2. ئۇچۇرنى ساقلاش باسقۇچى: ئېھتىياجلىق بولغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇچۇر چوڭ مېڭىدە ساقلىنىدۇ.

3. ئۇچۇرنى تېپىش باسقۇچى: ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇچۇر تېپىپ چىقىلىدۇ. بۇ باسقۇچقا ھەممىشە بىزدىن مەسىلە چىقىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، سىز ئۆزىڭىزگە نەچچە رەت: «ئۇ گەپ تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا بار ئىدى، ئەمما دېيەلمەيۋاتىمەن» دەيسىز.

ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز ئۇچۇر تېپىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەلمەيدىغاندەك قىلىمىز. ئەمما بۇ خىل ئىقتىدار ئاجىز ياكى كۈچلۈك بولسۇن، بۇ بىزنىڭ ئۇچۇرنى ساقلاش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش دەرىجىسىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇچۇرنى ساقلاش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرۇشقا بولىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈر ئۆزىڭىزنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىدىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلىنىشىڭىزدا ياردىمى زور بولىدۇ.

1. روھىي ھالىتىڭىز ياخشى چاغدا نەرسىلەرنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، مۇبادا سىز چارچىغان چاغدا بىرەر نەرسىنى زورلاپ



ئېسىڭىزدە تۇتماقچى بولسىڭىز ئاخىر مەغلۇپ بولىسىز.

2. ئەستە تۇتۇشتىن ئىلگىرى يادلايدىغان نەرسىنى ئاسان مەزمۇندىن باشلاڭ. مەسىلەن، سىز يىگىرمە دۆلەتنىڭ پايتەختىنى يادلىماقچى بولغاندا ئۇلارنى بەش گۇرۇپپىغا، ھەربىر گۇرۇپپىسىنى تۆتكە بۆلۈڭ ياكى ئالتە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ھەربىر گۇرۇپپىنى ئۈچكە، ئىككىگە بۆلۈڭ.

3. يادلىماقچى بولغان نەرسىنىڭ قېتىم سانىنى تەكرارلاڭ. ئۇ نەرسىنى يېزىۋالسىڭىزمۇ ئەستە ساقلىشىڭىزغا ياردىمى بولىدۇ.

4. ئۆگىنىش ۋاقتىنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈڭ ھەمدە ھەربىر بۆلەكنى باشلىغاندا ئالدىنقى بۆلەكتە يادلىغان نەرسىلەرنى تەكرارلاڭ، شۇنداق قىلسىڭىز يادلىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئەستە مەھكەم تۇتالايسىز.

5. سىز يادلىماقچى بولغان نەرسىنى سىزگە تونۇش بولغان نەرسىلەر بىلەن باغلاڭ. مەسىلەن، مېڭىڭىزگە مەھكەم ئورناشقان خىيال، پېرسوناژ ياكى بەلگە ۋە باشقىلار. بۇنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرەيلى. سىز ئىتالىيىنىڭ خەرىتىسىنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلىيالايسىز، چۈنكى ئۇنىڭ شەكلى ئۆتۈككە ئوخشايدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، سىز يۇگوسلاۋىيىنى نېمىگە باغلىيالايسىز؟

6. يادلىماقچى بولغان مەزمۇنلارنى ئەستە تۇتۇشقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن سىز ئۇنى ئادەت سۆزىگە ياكى ۋاكالەت نومۇرىغا ئايلاندۇرۇۋېلىڭ. مەسىلەن، ئېلانشۇناسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋاكالەت نومۇر «AIDA» ئارقىلىق «دىققەتنى تارتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى روناق تاپقۇزۇش، ئارمان پەيدا قىلىش، ھەرىكەت قوللىنىش»نى ۋاكالىتەن كۆرسىتىدۇ. بەش باسقۇچلۇق ئۆگىنىش ئۇسۇلى «SQ3K» (بەش قەدەملىك باش ھەرپ) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى تەكشۈرۈش، سوراش، ئوقۇش، ئەستە ساقلاش ۋە

تەكرارلاشنى كۆرسىتىدۇ.

7. پارچە ـ پۇرات ۋاقىتلاردا نەرسە يادلاش. مەسىلەن، كۈتۈپ تۇرغاندا يادلاش. ئەڭ ياخشىسى يادلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يانچۇقىڭىزغا ھەمىشە كارتۇشكا سېلىۋېلىڭ.

بۇ يەتتە يېتەكچى تۈرنىڭ ياردىمىدە مەن ئىككى قېتىملىق ئەستە تۇتۇشنىڭ خىرىسىدىن خاتىرجەم ئۆتتۇم. دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىككى خىل چەت ئەل تىلى (فرانسۇز تىلى بىلەن گېرمان تىلى)نىڭ تەرجىمە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، مەن ئىمتىھان بېرىشتىن ئىلگىرى گېرمان تىلىنى ئۇقمايتتىم؛ فرانسۇز تىلىدىن چالا ساۋاتىم بار ئىدى، ئىسمىمنى ۋە يېڭى ئورلېئاندىكى كوچا نامىنى ھەجىلەپ ئوقۇيالايتتىم. مەن ئىشنى نۆلدىن باشلىغان بولساممۇ، ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئىككى خىل تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتتۇم.

مەن دەسلەپتە مىڭ دانىدەك سۆزلۈك كارتۇشكىسى سېتىۋالدىم. يەنە بىر يۈرۈش باسقۇچلۇق ئوقۇپ مەشىق قىلىش ماتېرىيالى سېتىۋالدىم. ھەر كۈنى بىر سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوقۇش مەشقى قىلدىم ۋە ئۆزۈمگە كارتۇشكىدىكى 30 تاق سۆزنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قويدۇم. يېڭى تاق سۆزنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال ئۆگەنگەنلىرىمنى تەكرار قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش ۋە تەرجىمە قىلىش ماھارىتىممۇ روشەن ئۆستى. مەن ئاخىرقى بىر ھەپتىدە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى تەكرار قىلىپ پىششىقلىدىم، كېيىن بۇ ئىككى خىل تىل ئىمتىھانىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتتۇم.

مۇبادا سىز بەزى زامانىۋى ئەستە تۇتۇش ۋاستىلىرىنى قوللانسىڭىز، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭىزدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇسۇل توغرا بولسىلا ھەرقانداق ئادەم ئانچە ھەرەج تارتمايلا قالايمىقان نەرسىلەرنىمۇ ئوڭشىيالايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى كۆرۈش بىلەنلا



ئېسىگە ئالالايدۇ. مۇبادا سىز ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز پايدىلىنىشىڭىزغا بولىدىغان نۇرغۇن پايدىلانمىلار بار. جۈملىدىن كېنىيىن دوكتور تۈزگەن «سىزنىڭ ئەستە تۇتۇشىڭىز» دېگەن ئەسىرىمۇ بار.

## تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ بىر تەرەپ قىلىش

بىز ھەمىشە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئۇششاق ئىشلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرايمىز. مەسىلەن، ھېساب تاپشۇرۇش تالونى، سىرتقا چىقىپ ئىش بېجىرىش، مال سېتىۋېلىش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، ھويلا ـ ئارامىلارنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈش، ئۇنى ـ بۇنى رېمونتلاپ تۈزەش، خەت ئەۋەتىش، ماتېرىيال كۆرۈش، تېلېفون ئۇرۇش ۋەھاكازالار.

بۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى پىلاندىن ئۆتكۈزمەي خالىغانچە بىر تەرەپ قىلغاندا ئىشنىڭ ئۈنۈمى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. كۈندىلىك ئۇششاق ئىشنى بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈڭ ۋە ھەر قېتىم بىر تۈركۈمنى تاماملاڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرالايسىز. بىر قېتىمدا بىرقانچە ئىشنى تاماملاشنى سىناق قىلىپ بېقىڭ. مەسىلەن، سىرتقا ئىش بېجىرگىلى چىققاندا مىلىچماللار دۇكىنىغا، بانكىغا، ماشىنا يۇيۇش مەيدانىغا، ماي قاچىلاش پونكىتىغا بېرىپ، بۇ ئىشلارنى بىراقلا تاماملاڭ؛ تەرتىپ بويىچە بىرقانچە ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ بىر قېتىمدىلا تاماملاڭ. مۇمكىن بولسا بىرقانچە ئىشنى بىرلەشتۈرۈڭ. تالوننى ئوبدان يىغىپ قويۇپ، ھەر ئايدا مۇقىم ۋاقىتنى بەلگىلەپ بىر قېتىمدىلا پۇل تۆلەپ ھېساب ئۈزۈڭ؛ مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ سىز ئالاقىلاشماقچى بولغان ئادەمگە تېلېفون ئۇرۇڭ، خەت يېزىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز كۈندىلىك ئۇششاق ئىشلارنى بىر

تەرەپ قىلىپ، كۆزلىگەن نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز.

## مەسلىنى ھەل قىلىش يولى

سىز ئەمدى پىلان تۈزۈش بىلەن نىشان بېكىتىشنىڭ ئاساسەن قارار قىلىش جەريانى ھەمدە قارار قىلىش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىڭىز. ياخشى باشلىنىش يېرىم مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ھەرىكەت قىلىنىماسى سىزنىڭ پۇختا تەييارلىق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## كىچىك ئىشنى چوڭايتماڭ

بىز ھازىر يۇقىرى پەن - تېخنىكا دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. ئايغا چىقىش، كومپيۇتېرنى ۋە يادرو ئېنېرگىيىسىنى ئەمەلىي قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. مۇرەككەپلىك شەيئىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىز تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە مۇرەككەپلەشكەن شەيئىلەرنى كۆرۈشكە مۇنتەزىر بولۇۋاتىمىز. ھەرقانداق نەرسە ئاددىي بولمايدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى پىشمىغان بىر قائىدىگە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. بىز ھەمىشە ئاددىي ئۇسۇل بىلەن مۇرەككەپ ئۇسۇلنى تاللايدىغان چاغدا كۆپىنچىلىرىمىز مۇرەككەپ ئۇسۇلنى تاللايمىز. مۇنداق بىر ھېكايە بار، بۇ ھېكايىدە بەش ئادەمنىڭ بىر لامپۇچكىنى ئالماشتۇرغانلىقى سۆزلەنگەن. بىر ئادەم شوتا ئۈستىدە لامپۇچكىنى يۆلەپ تۇرغان، قالغان تۆت ئادەم بۇرمىسمان ئايلانما ھەرىكەتچان شوتىنىڭ ئاستىدا تۇرغان. بىز بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلكىلىك ھېس قىلىمىز. ئەمما ياخشى يۇمۇر ھامان مۇئەييەن بىر ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە



ئالغان بولىدۇ. سىز بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغىنىڭىزدا ئالدى بىلەن ئۇ مەسىلىنىڭ ئادەمنى رازى قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا قاراڭ. شۇنداق قىلسىڭىز نۇرغۇن ۋاقىتنى تېجەپ قالالايسىز.

## قىيىن مەسىلىنى ئۇستىلىق بىلەن ھەل قىلىش

بىزنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىز ھەمىشە شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىمىزنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر قارا ماشىنىنىڭ تونىلدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. بىر قارا ماشىنا تونىلدا قاپسىلىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ئەترەت ئىنژېنېرلار كېلىپ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغان. ئۇلار كەسپىي بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ، بىر يۈرۈش مۇرەككەپ ھېساباتلارنى ئېلىپ بارغان ۋە ئۇ قارا ماشىنىنى تونىلدىن قانداق ئاچىقىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەن. يان تەرەپتە تۇرغان كىچىك بىر بالا ئىنژېنېرلارنىڭ بىرىدىن: «ھەي، ئەپەندىلەر، سىلەر نېمىشقا چاقنىڭ يېلىنى چىقىرىۋەتمەيسىلەر؟» دەپ سورىغان. شۇنىڭ بىلەن مەسىلە ھەل بولغان.

بىزنىڭ مەسىلىگە قارايدىغان نۇقتىمىز كۆپ بولغانسېرى مەسىلىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىش چارىسىنى شۇنچە تاپقىلى بولىدۇ.

ئېلان تالانتى. ئالېكسىي F ئوسبىننىڭ ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى قوزغايدىغان بىر ۋاراق تىزىملىك بار. بەلكىم بۇ تىزىملىكنىڭ سىزنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىڭىزغا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن. مەن ئەمدى بۇ تۈرلەرنى نەزىرىڭىزگە سۇناي:

بىز قىلالايمىزمۇ - يوق...

1. ئۆزگەرتىش؟

— قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئازراق ئاشۇرۇش

— تېخنمۇ كۆپ ۋاقىت، قېتىم سانى

— تېخنمۇ كۈچلۈك، تېخنمۇ يۇقىرى، تېخنمۇ ئۇزۇن، تېخنمۇ قېلىن

— تەكرارلاش، كۆپەيتىش، مۇبالىغىلەشتۇرۇش

2. ئەڭ كىچىكلىتىش؟

— نېمىنى ئازايتىش

— تېخنمۇ كىچىكلىتىش، تېخنمۇ چىڭىتىش

— تېجەش، ئىخچاملاش، ئايرىش

— تۆۋەنلىتىش، قىسقارتىش، يېنىكلىتىش

3. ئالماشتۇرۇش؟

— باشقا قەدەم باسقۇچ، تەركىب، ماتېرىيال

— باشقا جاي، باشقا ئۇسۇل ياكى شەكىل

4. باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش؟

— تەركىبىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش

— باشقا تەرتىپ، پىلان، تۈر، لايىھىلەش

— باشقا خادىملار

5. تەپەككۇر قىلىش

— پايدىلىق ئامىللار بىلەن پايدىسىز ئامىللاردا بۇرۇلۇش بولۇش

— ئەكسىچە چارىنى ئويلاپ بېقىڭ، ئارقىڭىزغا قاراڭ ياكى ئاستىدىكىنى ئۈستىگە، ئۈستىدىكىنى ئاستىغا قويۇڭ

— ئۆزئارا كۆز يېقىشىش

6. بىرلەشتۈرۈش

— ئىشلىتىش يوللىرى، مەقسەت، ئۇسۇل

7. باشقىچە ئىشلىتىش

— يېڭى ئىشلىتىش ئۇسۇلى

— رېمونت قىلىنغاندىن كېيىنكى باشقا ئىشلىتىش يوللىرى

— ئۇنىڭ بىلەن ئوخشايدىغان يەنە نېمە بار



ۋىلىيام جامۇس: «تالانت ئۆزگىچە ئۇسۇل ئارقىلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئىقتىداردىن دېرەك بېرىدۇ، پەقەت مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت، خالاس» دېگەنىدى. سىز ۋەزىپە تىزىملىكىنى تاللاڭ ياكى قاتتىق ئويلىنىپ چارە تېپىڭ ۋە ياكى باشقا چارە قوللىنىڭ، پەقەت شەيئىلەرگە ئۆزگىچە نۇقتىدىن قارىسىڭىزلا، سىزگە تامامەن ياردىمى بولىدۇ.

جىددىيلىرى بىلەن مۇھىملىرىنى پەرقلەندۈرۈڭ

ئېيزىنخاۋر ئامېرىكىغا پرېزدېنت بولغاندا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۇنىڭغا پەقەت جىددىي ۋە مۇھىم ئىشلارنىلا دوكلات قىلىغان. باشقا ئىشلارنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھوقۇق بەرگەن. ئەمما ئۇ جىددىيلىك بىلەن مۇھىملىقنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر ئىشقا ناھايىتى ئاز دوقال كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ نۇقتىنا ئوخشاشلا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۈچرىشىشقا كېچىكىپ قالسىڭىز، بۇ سىزگە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، ماشىنىنىڭ چاقىنى رېمونت قىلىش، سۇغۇرتا پۇلىنى تاپشۇرۇشتىنمۇ مۇھىم بولىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۈچرىشىشنىڭ مۇھىملىقى ئانچە روشەن بولمايدۇ.

ئەپسۇس، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر ھەمىشە جىددىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىپ، تۇرمۇشتىكى تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارغا سەل قارايدۇ. بۇ دەل ئۇنۇمنىڭ دۈشمىنىدۇر.

سىز بىر پاتمان مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولغاندا، ئۆزىڭىزدىن قايسى مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قايسى بىرىنچى ھوقۇقنى بېرىشنى سوراپ بېقىڭ. مۇبادا سىز ھامان جىددىي ئىشلارنى مەشغۇلات قىلسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدا ئارقا ـ ئارقىدىن كرىزىس پەيدا بولىدۇ. سىز ئالدىراش بولۇپ كەتسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما، سىز ھامىنى بىر

كۆنى بارلىق تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

## ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە يوشۇرۇن كرىزىسنى ئالدىن پەرەز قىلىڭ

دوختۇرلار ھەمىشە ئەڭ ياخشى دورا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى دەيدۇ. مۇبادا سىزنىڭ كېسەللىكىڭىز بولمىسا ئەندىشە قىلىشىڭىز ھاجەتسىز. شۇڭا سىز ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، سالامەتلىكىڭىزنى ساقلاڭ. مەسىلەن، قانغۇدەك ئۇخلاڭ، مۇۋاپىق غىزالىنىڭ. مۇۋاپىق پەيتتە ئەملىتىڭ ۋە باشقىلار. ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇبادا كرىزىسنى ئالدىن پەرەز قىلالىسىڭىز، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللانسىڭىز ياكى ئۇنى بىر تەرەپ قىلالىسىڭىز ئىشىڭىز ھەسسىلەپ ئاشقان بولىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار ناچارلىشىپ، كرىزىس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئازراقمۇ ئاشكارىلانمايدۇ. پەقەت يىراقنى كۆرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى بولسىلا، سىز ۋاقتىڭىزنى تۈرلۈك كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەرپ قىلالايسىز.

## يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى قوزغاڭ

بەزى ئەڭ كۈچلۈك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى ھامان يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىدا مەۋجۇت بولىدۇ. بىز ھەمىشە مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى تاپالمىغاندا، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىزدەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇپ كېتىمىز، تۈرلۈك تەشۋىش ۋە جىددىيچىلىك بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى توسۇپ



قويىدۇ، ۋاقتىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. بىرقانچە يىل ئىلگىرى، مەن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتاتتىم، مەن بۇ چاغدا ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسىنى ياقلاش ئۈچۈن بېشىم قاتتى. دىسسېرتاتسىيە ياقلاش تېمىسىنى ئىككى يىلدىن كېيىن بېكىتىشنى تەلەپ قىلسامۇ بولاتتى. مەن بۇ توغرىدا يەنىلا ئامالسىز قالدىم. چۈنكى مەندە ھېچقانداق تەجرىبە يوق ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا قوشۇمچە دەرس ۋە ئىمتىھان ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى مەن بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەنىدىم، بۇ ئىشنىڭ كېيىنكى ئىپادىسىمۇ ئادەمدە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلاتتى. مەن ئۆزۈمنى تېما ئىزدەشكە زورلىغانسېرى، شۇنچە تەشۋىشلەندىم، دىسسېرتاتسىيە تېمىسىدىمۇ ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. بىر كۈنى مەن بىر پروفېسسورغا بۇ ئىشنى دېۋىدىم، ئۇ: سىز ئالدى بىلەن بۇ تېمىنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، پۈتۈن زېھنىڭىزنى قولىڭىزدىكى ئىشقا قويۇڭ، دەپ تەكلىپ بەردى.

— مەسىلىنى ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا قويۇپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ، — يوشۇرۇن ئېڭىڭىز سىزگە مۇلازىمەت قىلىدۇ. سىز دىسسېرتاتسىيە يېزىشقا تەييارلىنىۋاتقان چېغىڭىزدا يوشۇرۇن ئاڭ تەبىئىي ھالدا سىزگە ياخشى بىر تېما بېرىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغان قارار ھەمىشە ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىدا چىقىرىلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم. پاكىت بۇ چارىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دىسسېرتاتسىيە يېزىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا يەنى ئالتە ئاي ئىلگىرى بىر كۈنى مەندە تۇيۇقسىز ئىلھام پەيدا بولدى. مەن دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىكى ئەڭ زور نەتىجىلىرىمنىڭ بىرى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھەل قىلغۇچلۇق رولىنىڭ ئاجايىپ مۇھىم قىممىتىنى چۈشىنىشىم بولدى.

مۇبادا سىز بۇ تەربىيىنى راستىنلا چۈشەنسىڭىز ئالدىنئالا ھەممىباب ئىشلىتىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قائىدىسىگە ئېرىشىشىڭىز ئېھتىماللىقا ناھايىتى يېقىن بولىدۇ.

— ناپولېئون خېئول

# 25 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا ھەق قايتۇرۇشنى ئاشۇرۇش قائىدىسىنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ

دوكتور ناپولېئون خېئول ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ئادەم. ئۇ مەغلۇپ بولۇش ئېھتىماللىقىنى تونۇپ يەتكەن، ئېغىر بېسىمغا چىداشقا توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا 25 يىل ۋاقتىنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەربابلارنى زىيارەت قىلىشقا، ئۇلارنىڭ كەسپىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلغان. خېئولنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئۇنىڭ مەقسىتى قايسى ئامىللارنىڭ رېئال جەمئىيەتتە قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۈن - تىنسىز ئىشلەيدىغانلىقىنى، پەقەت ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ بىزنى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۆتۈپ كەتكەن 50 يىل جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت يولىغا ئائىت مىڭلىغان، ئۇن مىڭلىغان كىتاب مەيدانغا كەلدى، ئۇ كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنلار دوكتور ناپولېئون خېئولنىڭ تەتقىقاتىدىن ۋە بايقىشىدىن كەلگەن. شۈبھىسىزكى، ناپولېئون خېئولنىڭ «تەپەككۇر ۋە بېيىش» دېگەن ئۆلمەس



بازارلىق كىتابى «ئىنجىل» دىن قالسىلا 20 ـ ئەسىرگە ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىتابتۇر.

ئەمما «تەپەككۇر ۋە بېيىش» خېئولنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قائىدىسى» دېگەن كىتابىنىڭ يىغىنچاق نەشرىي نۇسخىسىدۇر. بۇ كىتاب 16 خىل يېزىقتا تەرجىمە قىلىنغان ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر ۋە توماس ئېدىسون، كولدىس (1850 — 1933، ئامېرىكا ئاخبارات نەشرىياتى سودىگىرى، فىلادېلفىيە شەھىرىدە «مۇنبەر ۋە دېھقان» ۋە «ئائىلە ئاياللىرى ژۇرنىلى»نى ئىجاد قىلغان، كېيىن كولدىس نەشرىيات شىركىتى قۇرغان. كېيىن يەنە «شەنبە كەچلىك پوچتا گېزىتى»نى چىقارغان)، تافولتو (1857 — 1930، ئامېرىكىنىڭ 27 ـ قارارلىق پرېزىدېنتى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئادىمى، كېيىن يېرو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان)، پرېزىدېنت ۋىلسون (1856 — 1924، ئامېرىكىنىڭ 28 ـ قارارلىق پرېزىدېنتى، دېموكراتلار پارتىيىسىدىن)، دونگول (ئامېرىكا سىغىز كەمپۈت پادىشاھى، ئېلانچىلىق شاھى)، ۋونامېك (1838 — 1922، ئامېرىكىلىق سودىگەر، ئېلانچىلىق بىلەن داڭ چىقارغان، ئامېرىكا پوچتىخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان)، ئىسمان (1854 — 1932، ئامېرىكىلىق ئىختىراچى، ئىسمان ـ كوداك رەسىم ماتېرىياللىرى شىركىتىنى باشقۇرغۇچى، موزېل ئىنستىتۇتىغا زور پۇل ئىئانە قىلغۇچى) ۋە ۋورۋوس (1852 — 1919، ئامېرىكىلىق سودىگەر، «بىر مو بەش پۇڭ» ماگىزىنىنى ياراتقۇچى. كېيىن ۋورۋوس شىركىتىنى قۇرغان) قاتارلىقلارنىڭ زور ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

دوكتور ناپولېئون خېئولنىڭ قارىشىچە، سىز ئۆگەنگەن دەرسلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىغا باي مۇشۇ كىتابتىن كەلگەن. ئۇ چېتىلىدىغان دەرسلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتا روشەن يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ كىتاب

ھەربىر ىمىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىسمۇ، ئەمما ئالدىنقى شەرت شۇكى، بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن ئۇسۇلغا رىئايە قىلىشىمىز كېرەك. دوكتور ناپولېئون خىئول مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەلكىم سىز ھازىر قىلىۋاتقان كەسپىڭىزگە قىزىقماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئۇنداق بولسا سىز ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ كەسىپتىن قۇتۇلۇپ چىقالايسىز. بۇنداق خىزمەتكە زېھنىي قۇۋۋىتىڭىزنى ئاز سەرپ قىلىڭ. پەقەت مەقسىتىڭىزگە يەتسىڭىزلا بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز مەقسىتىڭىزگە تېزلا يېتىسىز. چۈنكى سىز ئىشلەيدىغان خىزمەت بارغانسېرى ئازىيىدۇ.»

ئەمما بۇنىڭدىنمۇ ياخشى يەنە بىر ئۇسۇل بار، سىز بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزىڭىز ياقتۇرمايدىغان خىزمەتتىن قۇتۇلالايسىز. ھازىر ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يازغۇچى سىزگە بۇ نۇقتىنى قانداق قىلغاندا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەق ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خىزمەتكە قارىغاندا بىر ئادەم ئۆزى قىزىقىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۇ تېخىمۇ كۆپ زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىدۇ ھەم ئېرىشكەن نەتىجىسىمۇ زور بولىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئادەم ئۆزى قىزىقىدىغان خىزمەتنى تېپىشى كېرەك.

مەن ھازىر بۇ پرىنسىپنى سىلەرگە دەپ بېرەي. چۈنكى مەن شۇنداق قىلدىم، شۇنداق قىلغانلىقىمدىن قەتئىي ئۆكۈنمىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تارىخىمنى سۆزلەپ بېرەي. بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىم، خىزمەت قىلىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىش ئەمەس، ئۆزىمىز قىزىقىدىغان خىزمەتكە ئوتلۇق مۇھەببەت باغلاشتىن ئىبارەت.

بۇ دەرس كۆپچىلىككە خىزمەت ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشنىڭ



ئەرزىيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، مۇبادا مەن كۆپ يىللاردىن بېرى بۇنداق قىلمىغان بولسام، دېگەنلىرىم تامامەن ئەھمىيەتسىز، ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ.

مەن 25 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە بۇ نەزەرىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدىم. مەن ھازىر سەممىيلىك بىلەن شۇنى دېيەلەيمەنكى، خىزمەتتىن باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، ئەمما مەن ئىشلەۋاتقان خىزمەت ماڭا زور پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى.

مەن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى پەلسەپىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قانداق قىلغاندا مەبلەغنى تېز قايتۇرۇۋالغىلى ۋە كۆپ يىللاردىن كېيىن ئاندىن ھەققە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تاللىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئالدىنقىسىنى ئاز زېھنىي قۇۋۋەت سەرپ قىلىپ پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتىدا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، كېيىنكىسى ئادەت بولۇپ قالغان پۇل مۇئامىلە ئۆلچىمىدە ۋە باشقا ھەق بېرىش ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ دۇنيا بىلەن ھەقىقىي تۈردە ئۇچراشقاندىن كېيىن توپلىغان بىلىمگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىلىدۇ.

بىر ئادەم ئۆزى قىزىغىن سۆيىدىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، بەلكىم ئۇ يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولالماسلىقى مۇمكىن.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يىغىش ـ رەتلەش، تۈرگە ئايرىش ھەمدە ئۇلارنى ئۇشبۇ كىتابىمدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى تەكشۈرگەندە دوستلىرىم ۋە ئائىلەمنىڭ قارشى پىكرى بىلەن كۈرەش قىلىش نۇرغۇن زېھنىي قۇۋۋىتىمنى ئىگىلەپ كېتىدۇ.

ئۆزۈمنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىمنى تىلغا ئېلىشىمدىن مەقسەت، بۇ پەلسەپىنى ئۆگىنىشنى نىيەت قىلغان كىشىلەرگە

شۇنى دېيىش ئۈچۈن تىلغا ئالدىم: ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ھېچقانداق ھەرەجكە ئۇچرىمايلا ئۆزى ياقتۇرىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئادەتتە ئۇلار ياقتۇرىدىغان خىزمەتنى توسۇپ قويىدىغان سەۋەب ئاساسەن خىزمەتكە كىرىشىش بىلەنلا مۇناسىپ جاۋابقا ئېرىشەلمەسلىكى بولسا كېرەك.

ئەمما تولۇقلاش سۈپىتىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەملەر ئادەتتە ناھايىتى روشەن بولغان ئىككى ئالاھىدىلىككە ئېرىشىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئۇ بۇ خىزمەتتىن ناھايىتى مول ھەقكە، شادلىققا ئېرىشىدۇ، بۇ بىباھا شادلىقتۇر. يەنە بىرى، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئېرىشكەن پۇل جەھەتتىكى ھەقمۇ ئادەتتە كۆپ بولىدۇ، چۈنكى بىر خىل ياقتۇرۇش ھالىتىدە ئىشلەنگەن خىزمەت ھەمىشە سان ۋە سۈپەت جەھەتتە پەقەت پۇل ئۈچۈنلا ئىشلەنگەن خىزمەتتىن ياخشى بولىدۇ.

شۇنى ئېيتىشىمىز دە تۇتۇڭ، مەن مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات جەريانىدا بۇ دەرسلىكتە سۆزلەنگەن قائىدىنى — «ئىشلەش قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشتىن كۆپ ياخشى» بولىدىغانلىقىنى يولغا قويۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەينى چاغدا ھېچقانداق ھەقكە ئېرىشىش ئۈمىدى يوق خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندىم.

شۇڭا مەن نۇرغۇن يىل قالايمىقانچىلىق، قىيىنچىلىق ۋە قارشى تۇرۇشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاخىر بۇ پەلسەپىنىڭ تەتقىقات قولىيازمىسىنى تاماملىدىم، ھازىر ئۇنى نەشر قىلدۇرماقچى بولۇۋاتىمەن.

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن سەۋەبلەر سىزدە مۇشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى ئادەملەر يۇنداق قىلمىسىمۇ، سىزدىن كۆپ خىزمەتلەرنى قىلىدۇ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيدۇ.



بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل سەۋەب ناھايىتى مۇھىم بولىدۇ:

بىرىنچى، سىز ھامان ئۆزىڭىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىنمۇ كۆپ مۇلازىمەت قىلىڭ، ياخشى ئىشەنچ - ئىناۋەت تۇرغۇزۇڭ. بۇنى ئەتراپىڭىزدىكى ھېچ ئىش قىلمايدىغان ئادەم بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز سىز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولىسىز. بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ناھايىتى روشەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىڭىز نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەر ھامان سىزنىڭ مۇلازىمىتىڭىزگە نائىل بولۇشنى ئىستەيدۇ.

بۇ سەۋەب ناھايىتى روشەن بولغاچقا، قايتا مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز. سىز ئوقۇتقۇچى، ئادۋوكات، يازغۇچى، مىسسىئونېر ياكى خەندەك قازغۇچى ئىشچى بولۇڭ، بۇنداق قىلىشىڭىز قەدرىڭىزنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرىدۇ. مۇبادا سىز باشقىلارنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىسىڭىز ئېرىشىدىغان ھەققىڭىزمۇ كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ھامان سىزنىڭ ئۆزىڭىز خالاپ قىلغىنىڭىز ئۇنىڭ سىزنى پۇل خەجلەپ قىلغۇزغىنىدىن كۆپ بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھەم ئەڭ ئاساسىي ھەم ئەڭ مۇھىم نۇقتا. بۇ گەپنى مۇنداق دېيلى، مۇبادا سىزنىڭ سول بىلىكىڭىز كۈچلۈك بولسا، مەقسىتىڭىزگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ قولىڭىزنى ئارقان بىلەن باغلاپ مىدىرلىتالماس قىلىپ، ئۇ قولىڭىزغا ئارام ئېلىش پۇرسىتى بەرسىڭىز ئۇ قولىڭىز كۈچىيەرمۇ ياكى ئاجىزلارمۇ ۋە ياكى ئاخىر قولىڭىزنى باغلىغان ئارقاننى يېشىۋېتەرسىزمۇ؟

ئەمدى سىز قابىل بىر ئوڭ بىلەك بولۇش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشىش كېرەكلىكىنى بىلدىڭىز. سىز بىلىكىڭىزنى قابىل قىلاي دېسىڭىز، تۆمۈرچىنىڭ بىلىكىگە قاراڭ، كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبەسى قارشىلىق كۆرسىتىشتە بولىدۇ. ئورمانلىقتىكى دەرەخلەر ئىچىدىكى ئەڭ قابىل، مەزمۇت دەرەخ پالما دەرىخىدۇر. بۇ دەرەخنى بوران - چاپقۇن تەۋرىتەلمەيدۇ،

ئىسسىق ئاپتاپ خورىتالمايدۇ. ئۇ بوران ـ چاپقۇندا ياشاش ئۈچۈن بوران ـ چاپقۇنغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

پەقەت تەبىئەت قانۇنى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا كۈرەش قىلغاندىلا، قارشىلىق كۆرسەتكەندىلا ئاندىن قۇدرەت پەيدا بولىدۇ. بۇ دەرسنى سۆزلەشتىن مەقسەت سىزگە بۇ قائىدىنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش كۇرىشىگە ئاتلىنىشىڭىزغا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت. سىز نۇرغۇن جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈش ئارقىلىق خىزمەت ساپايىڭىزنى يېتىلدۈرۈپ، مەلۇم بىر ھۈنەر ـ تېخنىكا قابىلىيىتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى يەنە بىر خىل قىممەتلىك ئىناۋەتنىمۇ تۇرغۇزۇڭ. مۇبادا سىز مۇشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرسىڭىز خىزمەتتە ئۆز ئىشىڭىزنى ئۆزىڭىز قىلالايسىز، خىزمەت نەتىجىسىگە ئېرىشەلەيسىز. ئادەتتىكى ئادەملەردىن كۆپرەك ھەق ئېلىشقا لايىق كېلىسىز. ئاخىر ۋۇجۇدىڭىزغا يېتەرلىك كۈچ ـ قۇدرەت مۇجەسسەملىنىدۇ ـ دە، تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن خالىي بولىسىز، سىزگە ھېچكىم توسالغۇ بولالمايدۇ.

مۇبادا سىز بىر ياللانما خادىم بولسىڭىز، مۇشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ قەدرىنى ئاشۇرۇڭ. شۇنداق بولغاندا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەققىنىمۇ بېكىتەلەيسىز، ھەرقانچە ئەقىللىق خوجايىنمۇ سىزگە توسالغۇ بولالمايدۇ. مۇبادا ئۇ توسماقچى بولغاندىمۇ، سىزگە ئۇزۇن توسالغۇ بولالمايدۇ. باشقا خوجايىن سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى بايقايدۇ ـ دە، سىزنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ، سىزگە خىزمەت بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ، خالاس. بۇ تېخىمۇ كۆپ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ياخشى ئىش. سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، تىرىشچان ئادەمنىڭ باش كۆتۈرۈپ



چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز. سىز ناھايىتى ئاز ئىش قىلىپ، مەجبۇرەن خىزمەت ئۆتكىلىدىن ئۆتسىڭىزمۇ كۆپ ھەق ئېلىش مۇمكىن. مۇبادا ئىش ـ خىزمەتنىڭ مەسئۇلى بولماي، خادىم قىسقارتىشقا توغرا كەلسە، سىز بىرىنچى بولۇپ قىسقارتىلىشىڭىز مۇمكىن.

مەن 25 يىلدىن بېرى، ئىقتىدارى ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كەلدىم. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، تەكشۈرۈلگەن ئادەملەر ئىچىدە «قىلغان ئىشى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشىدىن كۆپ بولغان، كۆپ ئىشلەنسېرى ياخشى ئىشلەش، ھەق بىلەن ھېسابلاشماسلىق» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئورنى ۋە كىرىمى ھەممە ئىشنىڭ ئادەتتىكىدەك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

ئۆزۈمگە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتسام، ھاياتىمدىكى ھەرقانداق بىر قېتىملىق ئۆستۈرۈلۈشۈم تامامەن خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقىم ئەمەلىي ئالىدىغان ئىش ھەققىمدىن كۆپ بولغانلىقىدىن بولدى.

مەن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، بۇ قائىدىنى بىر خىل ئادەت قىلسىڭىز ياللانما خادىملىقتىن ئۆستۈرۈلۈشىڭىزگە، ئىش ھەققىڭىزنىڭ ئۆسۈشىگە ياردىمى بولىدۇ. تىرىشىشنى نىيەت قىلغان ياش قىز ـ يىگىتلەر بۇ نۇقتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ قائىدە خوجايىن ياكى كەسپىي خادىملارغا ئوخشاشلا باب كېلىدۇ.

بۇ پرىنسىپقا دىققەت قىلىشنىڭ مۇنداق ئىككى پايدىسى بار: بىرى، بۇ نۇقتىنى بىلىپ يەتكەن ئادەملەرگە تېخىمۇ كۆپ ماددىي پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ؛ يەنە بىرى، تىرىشىپ خىزمەت قىلغان ئادەملەرگە شادلىق ۋە قانائەتچانلىق ئاتا قىلىدۇ. مۇبادا

سىز كونۋېرتتىكى پۇلدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمىسىڭىز، مەيلى كونۋېرتقا قانچىلىك پۇل قاچىلانغان بولسۇن، سىزنىڭ قايتۇرىدىغىنىڭىز ناھايىتى ئاز بولىدۇ.
بىز تۆۋەندە پۇتكۇل دەرسلىكنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى ئانالىز قىلايلى.

## ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى ئاشۇرۇش قائىدىسى

بىز ئالدى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۇ قائىدىسىنىڭ دېھقانلار بىلەن يەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. دېھقانلار جاپالىق يەر تېرىيدۇ، ئۇرۇق چاچىدۇ. «ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى ئاشۇرۇش قائىدىسى»نىڭ ئۆزلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى كۈتىدۇ: ئۇ تېرىغانلىرىدىنمۇ كۆپ ئاشلىققا ئېرىشەمدىكىن دەپ ئارمان قىلىدۇ.
«ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى ئاشۇرۇش قائىدىسى» بولمىغان بولسا كىشىلەر بەلكىم ئاللىقاچان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى زېمىن ئادەمگە ھاياتنى ساقلاش ئۈچۈن يېتەرلىك تائام ئاتا قىلالمايدۇ. مۇبادا يەر تېرىلىپ، ئۇرۇق چېچىلغاندىن كېيىن ھوسۇل بەرمىسە، يەرنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.
بىز يەر تېرىش مىسالى ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ بىزگە ئىلھام ئاتا قىلىش ئەھمىيىتىنى چۈشەندۇق. شۇنداق ئىكەن، بىز «ياخشىلىق قايتۇرۇشنى ئاشۇرۇش قائىدىسى»نى داۋاملىق ئىشلىتەيلى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزەيلى. شۇنداق قىلساق، بىز ئېرىشىدىغان جاۋاب بىز سالغان سەرمايىدىن كۆپ بولىدۇ.
بىز ئالدى بىلەن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، بۇ نۇقتا كۆپ كىشىلەرگە ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ قائىدىنىڭ ھەرقانداق ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.



چۈنكى ھامان بەزى ئادەملەر تەييارغا ھەييار بولۇشقا، پۇرسەت كۈتۈپ قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.
بىز «ياخشىلىقنى قايتۇرۇشنى ئاشۇرۇش قائىدىسى»نى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرغاندا كۆپچىلىككە ئېنىق بىر نىشان ئاتا قىلالمايمىز. چۈنكى «مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېنىق نىشانى يوق.
«ياخشىلىقنى قايتۇرۇش قائىدىسى»نىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى مۇلازىمەت قىلىش، سېتىۋالغان ئادەم مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەم بىلەن ئوخشاش بۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ھېنرى فوت كۆپ يىللار ئىلگىرى ھەر كۈنى بەش دوللارلىق ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.
ئەھۋالدىن خەۋەردار ئەربابلارنىڭ دېيىشىچە، فوت ئەپەندى بۇ ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغاندا خەير - ساخاۋەتچىنىڭ رولىنى ئالمىغان. ئەكسىچە، ئۇ توغرىسىدا پرىنسىپنى قوللانغانلىقتىن بۇ پرىنسىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ جاۋاب قايتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نام ھەم مەنپەئەتكە ئېرىشكەن. بۇ فوت ئەپەندىنىڭ زاۋۇتىدىكى ھەرقانداق سىياسەتنىڭ ئۈنۈمىدىن يۇقىرى، ئۈنۈملۈك بولغان.
ئۇ ئادەتتىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى ئىش ھەققى تارقىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەتكە نائىل بولغان.
ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا بازاردىكى ئەڭ ياخشى ئەمگەك كۈچىنى جەلپ قىلغان ھەم زاۋۇتنىڭ «ئالاھىدە ئىمتىيازى» يەنىمۇ بىخەتەر بولغان.
مېنىڭ قولۇمدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي، ئەمەلىي سان - ساناق بولمىسىمۇ، شۇنداق دەپ پەرەز قىلىشقا تولۇق

ئاساسىم بازكى، فوت بۇ سىياسەت ئاستىدا بەش دوللار خەجلەپ ئاز بولغاندا 7.5 دوللارلىق مۇلازىمەتكە ئېرىشكەن، بۇ سىياسەت فوتنىڭ نازارەتچىلىك تەننەرخىنى، فوتنىڭ زاۋۇتىدىكى خىزمەت ھەققى دوللار ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. ئىشچىلار تاماق تاۋىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلىمەيدۇ، ئىشنى ئەستايىدىل قىلىدۇ.

باشقا خوجايىنلار كۆپ پۇل خەجلەش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغاندا، ھېنرى فوت تۆۋەن ئىش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلىپ، شۇ ئىش ھەققىگە تۇشلۇق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن.

ماشىل فېردىنى ئاشۇ دەۋردىكى سودىگەرلەرنىڭ باشلامچىسى دېيىشكە بولىدۇ. چىكاگودا فېردىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى دۇكىنى بار. بۇگۈنكى كۈندە بۇ دۇكان خاتىرىلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولماقتا. بۇ دۇكان كىشىلەرگە ماشىل ئىشلەتكەن «جاۋاب قايتۇرۇش ئۇسۇلى»نى نامايان قىلماقتا.

بىر خېرىدار فېردىنىڭ دۇكىنىدىن بىر دانە مەيدىلىك سېتىۋالغان، ئەمما ئۇ بۇ مەيدىلىكنى كىيمىگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنى توي سوۋغىتى سۈپىتىدە دوستىغا سوۋغات قىلغان.

ئەمما ئۇ مەيدىلىك ئىككى يىلدىن كېيىن زاماندىن قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ مەيدىلىكنى ھېچكىمگە چاندۇرماي فېردىنىڭ دۇكىنىغا ئەكىلىپ، باشقا تاۋارغا تېگىشكەن.

شۇ دىققەتكە ئەرزىيدۇكى، فېردىنىڭ دۇكىنى ئۇ ئايال ئېلىپ كەلگەن مەيدىلىكنى گەپ قىلمايلا قايتۇرۇۋالغان.

ئەلۋەتتە، دۇكان تەرەپكە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى ئەخلاق ۋە قانۇن جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مالنى قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەل بۇ خىل ھەرىكەت بۇ ئىشنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قىلغان.



ئۇ مەيدىلىكنىڭ ئەسلىي باھاسى 50 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى. يەنە تېخى ئەلۋەتتە خېرىدارنىڭ باھا تالىشىدىغانلىقىغا قارايدىغان گەپ. ئىنسان خاراكتېرىنى ئازراقلا چۈشىنىدىغان ئادەم بۇ ئىشنىڭ فېردى دۇكىنىنى زىيان تارتقۇزۇش ئەمەس، ئەكسىچە دۇكاننى پۇل بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان پايدىغا ئىگە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

مەيدىلىكنى قايتۇرۇۋەتكەن ئايال ئۆزىنىڭ زىيان تارتقانلىقىنى بىلگەن، شۇڭا دۇكان ئۇنىڭغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھوقۇقىنى بەرمەسلىكى كېرەكلىكىنى بىلگەندە، ئۇ بۇ دۇكاننىڭ مەڭگۈلۈك خېرىدارى بولۇپ قالغان. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ بۇ سودىنىڭ ئاخىرلىششى ئەمەس، ئەكسىچە باشلىنىشى بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇ ئايال ھەممە يەردە فېردى دۇكىنىنىڭ ئۆزىگە «ئادىل مۇئامىلە» قىلغانلىقىنى تەشۋىق قىلاتتى، بۇ ئۇ دۇكان ئۈچۈن ھەقسىز ئېلان تەشۋىقاتى بولاتتى، بۇنداق ئېلاننىڭ ئۈنۈمى ھەرقانداق ئېلاننىڭ ئۈنۈمىدىن يۇقىرى بولاتتى. ئون دانە مەيدىلىك بىلەنمۇ بۇنداق ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ ـ دە!

فېردى دۇكىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئاساسلىق قىلىپ ماشىل فېردىنىڭ جاۋاب قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى توغرا چۈشەنگەنلىكىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. ئۇ تىجارىتىنىڭ ئىستراتېگىيىسى سۈپىتىدە مۇنداق بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆز قىلغان: خېرىدار مەڭگۈ يوللۇقتۇر.

سىز پەقەت جاۋاب قايتۇرۇشقىلا كۆز تىكسىڭىز، سودىدا توغرا باھاغا ئېرىشەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. مۇبادا نەزىرىڭىزنى ساختا ئاغدۇرسىڭىز، سودىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ماختاش، تەرىپلىشىگە سازاۋەر بولىسىز، ھەتتا بىر خىل شان ـ شەرەپ تۇرغۇزالايسىز. ئۇ «جاۋاب قايتۇرۇش قائىدىسى»نى ھەرىكىتىڭىزگە سىڭدۈرۈۋېتىپلا قالماي، مۇلازىمىتىڭىزنىڭ

يىراق - يېقىنلىقىنى ماسلاشتۇرىدۇ، خېرىدارلىرىڭىزنى كۆپەيتىدۇ.

كارلوس دونىس دەسلەپتە C . D دولانت ئەپەندىنىڭ ماشىنىسازلىق شىركىتىگە كىرگەندە ئادەتتىكى بىر كىچىك خىزمەتچى ئىدى، ھازىر ئۇ بۇ شىركەتنىڭ قارمىقىدىكى بىر شىركەتنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى، دولانت ئەپەندىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ كېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇنىڭ «جاۋاب قايتۇرۇش قائىدىسى»گە تايىنىپ كەلگەنلىكىدە. ئۇ بۇ قائىدىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ بەدىلى ھامان ئېرىشكەن جاۋابتىن كۆپ بولدى.

مەن يېقىندا دونىس ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ۋەزىپىسىنىڭ تېز ئۆسۈش سىرىنى سورىدىم. ئۇ قىسقىلا قىلىپ، ئىشنىڭ سىرىنى دەپ بەردى.

— مەن دولانت ئەپەندىنىڭ قول ئاستىدا يېڭىلا ئىشلىگەن چېغىمدا، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئىشتىن چۈشكەندىمۇ ئىشتىن چۈشمەي ئىشخانىدا ئۇزۇن ئىشلىگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ قايتماي ئىشخانىدا ئىشلەش، ئۆزۈمنىڭ بۇرچى، دەپ سەزدىم. ئىشتىن چۈشمەسلىكىمنى ھېچكىم مەجبۇرلىمىدى. مەن ئىشتىن چۈشمىسەم دولانت ئەپەندىگە ھەمدەم بولالايتتىم. ئۇ ھەمىشە بىر ئادەمنىڭ ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئەكېلىپ بېرىشكە، ئىزدەپ تېپىپ بېرىشكە ياكى بەزى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى قىلىشقا موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھەر ۋاقىت مېنى ئۆزىگە ياردەمگە چاقىراتتى. شۇڭا مەن مۇشۇنداق ئادەتلەندىم، ئىش مانا مۇشۇنداق.

**ئۇ مېنى ياردەمگە چاقىرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى!**

**بىر يەنە تۆۋەندىكى مول مەزمۇنغا ئىگە جۈملىنى ئوقۇپ**



باقايلى.

دولانت ئەپەندى نېمە ئۈچۈن دونىسنى ياردەمگە چاقىرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ؟ چۈنكى دونىس خوجايىنىنىڭ ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ياردەمگە چاقىرىشىنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دولانت ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «جاۋاب قايتۇرۇش ئۇسۇلى»نى يۈرگۈزگەن.

بىرەر ئادەم ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغانمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمىغان.

ئۇ بۇ ئىشقا تۇشلۇق جاۋابقا ئېرىشتىمۇ؟ ئەلۋەتتە ئېرىشتى! ئۇنىڭغا كاتتا ھوقۇقنى ئىلكىدە تۇتقان ئادەمدىن جاۋاب قايتقان ۋە ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرگەن.

ئەمدى بىزنىڭ بۇ دەرسىنىڭ مۇھىم جايلىرىدىن ئايرىلىشىمىزغا ئاز قالدى. ھازىر سىزگە ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلدى. سىز دونىس ئەپەندىنىڭ «جاۋاب قايتۇرۇش قائىدىسى»دىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش پۇرسەت ياراتسىڭىز بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ ئۇسۇلىدەك ئۇسۇل بىلەن خىزمەتلەر جەريانىدا «جاۋاب قايتۇرالماسلىق» سەۋەبى تۈپەيلىدىن باشقىلار قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرالايسىز.

ھەرگىزمۇ «مېنىڭ باشلىقىم ئوخشىمايدۇ» دېگەندەك كونا مۇقامنى ئېيتىپ يۈرمەڭ. ئۇنداق گەپلەرنى دېيىش ئەمەس، ھەتتا خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەڭ.

ئۇ باشلىق ئەلۋەتتە ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم كۆپ جەھەتلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار بەزى تەرەپلەردە ھامان شەخسىيەتچىل كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپى ئوخشاش بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئۇلارنىڭ كارلو دونىس ئەپەندىدەك مۇھىم قارار چىقىرالمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنداق شەخسىيەتچىلىكى سىزنىڭ قەرزىڭىز ئەمەس، دەل بايلىقىڭىز بولىدۇ.

يېتەرلىك ئىقتىدار ياردىمىڭىزنى قوبۇل قىلغان ئادەمنى سىزدىن ئايرىۋەتمەيدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سىز ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ!

مېنىڭ بىر قېتىملىق ئۆستۈرۈلۈشۈمگە كىچىك بىر ئىش سەۋەب بولغاندەك بولدى. بۇ ئىش رىۋايەت تۈسىنى ئالغانىدى. بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن باشلىقىم بىلەن بىر قەۋەتتە ئىشلەيدىغان بىر ئادۋوكات ئىشخانامغا كىرىپ، مەندىن بۈگۈن پۈتكۈزىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، شۇڭا بىر تېز خاتىرىلىگۈچى تاپقىلى بولارمۇ، دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا: بىزنىڭ ھەممە تېز خاتىرىلىگۈچىلىرىمىز تانسىغا كەتتى، يەنە بەش مىنۇت كېچىككەن بولسىڭىز مەنمۇ كېتىپ قالاركەنمەن، دېدىم. مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى جەزمەن شۇ كۈنى تۈگەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشمەكچى بولدۇم. تانسىغا قاچان بارسام بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ ئىشىغا ياردەملەشتىم. ئىش شۇ كۈنى تۈگىدى. ئۇ مەندىن قانچىلىك ھەق ئالىسىز ، دەپ سورىغاندا، مەن كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۆزىڭىز مىڭ سوم دەپ قالدىڭىز ، باشقا ئادەم بولغان بولسا بىر تىيىنمۇ ئالمايتتىم» دېدىم. ئۇ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن ماڭا رەھمەت ئېيتتى.

مەن شۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا مىڭ سوم بېرىدىغانلىقىنى راستتىنلا ئۇمىد قىلمىغانىدىم. ئىشىنەمسىز ، ئىشەنمەمسىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. ئۇ راستتىنلا شۇنداق قىلدى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى، مەن ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. بىر كۈنى ئۇ ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى ـ دە، مەندىن ھازىر ئىش ھەققىڭىز قانچە، دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا راست جاۋاب بەردىم. ئۇ ماڭا پۇل



بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئويىنىشىپ مىڭ سوم بېرىڭ، دېدىم. ئۇ ماڭا يېڭى بىر خىزمەت ئورنى بەردى، بۇ خىزمەت ئورنىنىڭ ئىش ھەققى ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمدىكى ئىش ھەققىمدىن نەق مىڭ سوم يۇقىرى ئىدى.

مېنىڭ شۇ كۈنى تانسىدىن تەرك ئېيلەپ باشقىلارغا ياردەم بېرىشىم دەل «جاۋاب قايتۇرۇش قائىدىسى»نى ئاڭسىز قوللانغانلىقىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى. روشەنكى، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم پۇل ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئىشىنى ئويلىغانلىقىم ئىدى.

مەن ئەسلىدە ئۇ شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى قۇربان قىلسامۇ بولىۋېرەتتى. ئەمما بۇنداق قىلىش مېنىڭ شەرىپىم ئىدى!

يەنە كېلىپ ئۇ ماڭا نىسبەتەن پايدىلىق شان ـ شەرەپ ئىدى. چۈنكى ئۇ ماڭا نەق مىڭ سوملۇق جاۋاب قايتۇرۇش شەرىپىنى ئېلىپ كەلدى، بۇرۇنقى خىزمەت ئورنۇمدىكى ئىش ھەققىمدىنمۇ كۆپ ئىش ھەققى ئاتا قىلدى.

نورمال خىزمەت ۋاقتىدا بۇيرۇق كۈتۈش كارلو دوننىسنىڭ بۇرچى ئىدى، باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىمۇ خىزمەت ئورنىدا تۇرۇش ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى ئىدى. ئۇ بۇ خىل شان ـ شەرەپنى مۇۋاپىق ئىشلىتىۋىدى، ئۇ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ زور، ھەقلىقي، تېخىمۇ كۆپ بىر خىزمەتكە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر يىللىق كىرىمى بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىدا بىر ئۆمۈر ئىشلەپ تاپقان پۇلىدىنمۇ كۆپ بولدى.

مەن 25 يىلدىن بېرى ئىزچىل تۈردە «شان ـ شەرەپ مەسىلىسى» يەنى «ماددا قىممەتتىن ئېشىپ چۈشۈش» مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىپ كەلدىم. مېنىڭ يەكۈنۈم شۇكى، مۇبادا بىز ھەر كۈنى ھەق

ھېسابلاشماي باشقىلارغا ياردەم بەرسەڭ، بىز ئېرىشكەن جاۋاب بىر كۈندە مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن جاۋابتىن جەزمەن كۆپ بولىدۇ.

(بىز بۇ دەرسنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىغا يېقىنلاشتۇق. سىز بۇ بىرقانچە بەتنى ئوقۇغىنىڭىزدا ئەستايىدىل ئويلىنىڭ، ئوبدان ھەزىم قىلىڭ).

جاۋاب قايتۇرۇش قائىدىسىنى مەن ئىجاد قىلمىغان، مەن ئۆزۈم ئىجاد قىلغان «ماددا قىممەتتىن ئۇستۇن» پرىنسىپى ئارقىلىق بۇ قائىدىنى تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىش نىيىتىم يوق. مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى كۆپ يىل كۆزەتكەندىن كېيىن ئۇ قائىدىلەرنى ئىشلەتتىم. سىز بۇ ئامىللارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلگەندىن كېيىن جەزمەن مەندەك قىلىسىز.

ئەمدى سىز تەجرىبىڭىزنى باشلىسىڭىز بولىدۇ، شۇنداق قىلسىڭىز، نەزەر دائىرىڭىز ئېچىلىدۇ، ئىلگىرىلەش جۈرئىتىڭىز ئاشىدۇ.

مەن سىزگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ ھېكايىدە بىر ئايالنىڭ «ئىنجىل»دىكى مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ: سىزنىڭ تېرىقچىلىق ئېتىقادىڭىز بولسىلا تاغقا قاراپ، ئەي، تاغ، يۆتكەل، دېسىڭىز، تاغ يۆتكىلىدۇ. ئۇ ئايال بىر تاغنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئىشىكنى ئېچىشى بىلەنلا تاغنى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئەي، تاغ، سەن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەت، دەپ پەرمان قىپتۇ.

ئايال ئەتىسى تۆشەكتىن چۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قاراپتىكەن، تاغنىڭ يەنە جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايال: «ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن، مەن ئۇ تاغنىڭ جەزمەن ئەسلىدىكى جايىدا ئىكەنلىكىنى بىلىشىم كېرەك» دەپتۇ.



**شۇڭا، مەن سىزنىڭ سەمىڭىزگە سېلىپ قويای، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئايالدەك روھىي ھالەتتە بولماڭ.**

سىز كۈچلۈك ساداقەتمەنلىكىڭىز بىلەن بۇ تەجرىبىنى ئىشلەڭ. سىز شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، ئۇ سىزنىڭ ئۆمرىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. مەن سىزگە شۇنى ئېنىق دەپ قویای، بۇنى تەجرىبە قىلىشتىن مەقسەت، سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قەسرىڭىزنى ئىگىلىۋالغان ئۇ تاغنى يۆتكىۋېتىشتىن ئىبارەت. مۇبادا ئۇ تاغ يۆتكىۋېتىلمىسە، سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قەسرىڭىزنى مەڭگۈ بىنا قىلالمايسىز.

سىز بۇرۇن مەن دېگەن ئۇ تاغقا دىققەت قىلمىسىڭىز، ئۇ تاغ جايىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، سىز ئۇنى بايقىغان ھەم يۆتكىمۇەتكەنگە قەدەر يولىڭىزنى توسۇۋالىدۇ.

ــ ئۇ تاغ زادى نېمە؟ ــ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

ئۇ تاغ سىزنىڭ مۇنداق تەسەۋۋۇرىڭىزدۇر: سىز تۆلىگەن بەدەل ماددىي جاۋابقا ئېرىشىشى شەرت. بولمىسا سىز ئالدانغان بولىسىز.

بۇ خىل تۇيغۇ ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا بىرقانچە خىل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قەسرىڭىزنىڭ ئۇلىنى غۇلىتىپ تاشلايدۇ.

بۇ خىل تۇيغۇ ئادەمنىڭ ناچار تەبىئىتىدە ھەمىشە تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

ــ يەنە كېلىپ پۇل بەرمىسە، مەن نېمىدەپ ئىشلىگۈدەكمەن. شۇڭا بىكارغا ئىشلىشىمنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

سىز مەن دەۋاتقان بۇ خىلدىكى ئادەملەرنى چۈشىنىڭ؛ سىز بەلكىم ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم ئارىلاشقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. **ئەمما سىز ئۇنداق ئادەملەر ئىچىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرەرىنى بايقىيالمايسىز.**

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قائىدىسى ئالەم تارتىشىش قانۇنىغا ئوخشاش مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنى چۈشەنگەن ھەم ئىشلەتكەندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەتنى ياۋا كالىغا ئوخشىتىپ، ئۇنى قوغلاپ تۇتۇشقا ئۇرۇنىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ ياۋا كالىنى مەڭگۈ تۇتالمايدۇ — مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. شۇڭا تەجرىبە قىلىشتىن ئاۋۋال نىشانىنى — ئۆزىڭىزگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان قائىدىلەرنىڭ بىرى — جاۋاب قايتۇرۇش قائىدىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ.

بۇ تەجرىبە تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

كېيىنكى ئالتە ئايدا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بىر ئادەمگە مۇلازىمەت قىلىڭ ھەمدە بۇنداق مۇلازىمەتنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلىڭ، كىشىلەرنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىنى، ھەق بېرىشىنى ئۈمىد قىلماڭ.

تەجرىبە ئارقىلىق بۇ قائىدىنىڭ چىنلىقىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا باشتىن - ئاخىر ئىشىنىڭ. ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان مۇۋەپپەقىيەتكە يەنىمۇ ئىنتىلىڭ، ئاخىر ھېچنېمىگە مەلىكە بولالمايدىغان ئىشنى قىلماڭ.

تەجرىبە شەكلى چەكلىمىگە ئۇچرىمىسۇن. بىر ياكى بىر قانچە ئادەمگە مۇلازىمەت قىلىشنى ۋە ياكى باشلىقىڭىز ئۈچۈن ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەشنى ئالاھىدە نىشان قىلىپ بېكىتىڭ.

سىز ئەزەلدىن دىدارلىشىپ باقمىغان يات ئادەملەر ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىڭ. نىشانىڭ كىم بولۇشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى باشقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، يەكدىللىق بىلەن ئىش قىلىپ بېرىش.

سىز توغرا پوزىتسىيە بىلەن تەجرىبە قىلسىڭىز، بۇ قائىدىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بايقىغان پاكىتنى بايقايسىز — بۇ قائىدىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى بايقايسىز.

سىز خۇددى تۆلىگەن بەدىلىڭىز ئېلىپ كەلگەن زىياننى توسۇيالمىغاندەك تۆلىگەن بەدىلىڭىز ئېلىپ كەلگەن جاۋابىنىمۇ



توسۇيالمايسىز.

— سەۋەب - نەتىجە، ئۇسۇل - ئاقىۋەت، ئۇرۇق - ھوسۇلنى تامامەن بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، — دەيدۇ ئېمېرسون، — چۈنكى سەۋەب نەتىجىنى نامايان قىلىدۇ، ئۇسۇل ئاقىۋەتنى بېكىتىدۇ، ئۇرۇق مېۋە يېتىلدۈرىدۇ.

— سىز جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەيدىغان ئادەمگە يولۇقۇپ قالسىڭىز — ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىڭ. بۇ ئىشىڭىزنى تەڭرى بىلىدۇ، ئاخىر جاۋابقا ئېرىشىسىز. بۇنداق جاۋاب قانچە كېچىكسە شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ، شۇنچە ئاشىدۇ، تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

— ئىش قىلىش كۈچ - قۇدرەتنى ئاشۇرىدۇ، ئىش قىلمىغاندا كۈچ - قۇدرەت بولمايدۇ، بۇ تەبىئىي قائىدىدۇر.

كىشىلەر ھامان ئەخمىقانىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەيدۇ - دە، بىر ئۆمۈر ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالداش ئىمكانىيىتىنى چىقىرىپ تاشلىسا ئۇ ھەرگىز ئالدانمايدۇ. جىمى كېلىشىمدە A ۋە B تەرەپنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ يەنە شەيئىنىڭ ئۆزى بىلەن روھتىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنچى تەرەپمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ھەربىر توختامنىڭ — كېلىشىمنىڭ مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

سىز تەجرىبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئېمېرسوننىڭ «تولۇقلاش» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇڭ، بۇ ماقالە سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تەجرىبە قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

سىز «تولۇقلاش» دېگەن بۇ ماقالىنى بۇرۇن ئوقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم ئوقۇڭ، ھەر قېتىم ئوقۇسىڭىز يېڭى ھاسىلاتقا ئېرىشىسىز ۋە بۇ ماقالىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى بايقايسىز (39 - دەرستە «تولۇقلاش»نىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇ دەرسكە قاراڭ).

بىز ئۆمرىمىزدە ئىككى مۇھىم باسقۇچنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز: بۇ باسقۇچنىڭ بىرى بىلىمنى قوبۇل قىلىش، تۇرگە ئايرىش، رەتلەش باسقۇچى؛ يەنە بىرى، تىرىشىپ باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش باسقۇچى. بىز تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز، ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان زېھنىي قۇۋۋىتىمىز خىزمەتكە سەرپ قىلغان زېھنىي قۇۋۋىتىمىزدىن كۆپ بولۇشى كېرەك. ئەمما بىز يېتەرلىك بىلىم ئىگىلەپ، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان چاغلىرىمىزدا رېئاللىققا جەڭ ئېلان قىلىپ، باشقىلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشەندۇرۇشىمىز كېرەك.

بىز ھەر ۋاقىت كىشىلەرگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تەييار بولۇپلا قالماي، بەلكى رازىمەنلىك بىلەن ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ھازىرلىنىشىمىز كېرەك. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، سىز ھەر قېتىم باشقىلارغا ياردەم بەرسىڭىز تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ قۇدرىتىنى ئىسپاتلىغان بولىسىز. يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش تولىمۇ ھالقىلىق قەدەمدۇر.

سىز پۈتۈن دۇنياغا: «سەن ماڭا قانچە پۇل بەرسەڭ، مەن ساڭا شۇنچىلىك ئىش قىلىپ بېرىمەن» دېمەي، ئەكسىچە «سىز ئاۋۋال مۇلازىمەت سۈپىتىمگە قاراپ بېقىڭ، مۇلازىمىتىمنى ياقتۇرۇپ قالسىڭىز ئاندىن باھا قويۇپ پۇل بېرىڭ» دەڭ.

ھايات چاقماق كەبى يالت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر قىسقا دەقىقە. مۇبادا ھالاكەت كۆلەڭگىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ياشاشتىن مەقسىتى، ھايات دۇردانىلىرىنى يىغىش دېيىلسە، ئۇ ھالدا بىز باشقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئۆزىمىز ئىزدىنىۋاتقان دۇردانىلىرىنى يىغالايسىز، ئىشقىلىپ قولۇمدىن ئىش كەلسە، كىشىلەر خۇش بولىدۇ.

مەن سىزنىڭ بۇ كىشىلىك پەلسەپىسىنى تەرىپلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.



بۇ دەرس بۇ يەردە ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، ئەمما مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. سىز ئۆز ئۇسۇلىڭىز بويىچە مېنىڭ تەپەككۇر يولۇمنى بويلاپ مېڭىڭ. سىز بۇ سەپەر جەريانىدا كۆپ نەپكە ئېرىشىسىز.

بۇ دەرسنىڭ باش تېمىسىدىن قارىغاندا ھازىر بۇ دەرسنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى ئەمەس. چۈنكى بۇ دەرس ئاخىر كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ جىمى پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزىي مەسىلىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەقسەت، سىزگە بۇ دەرسنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئىگىلىتىش ھەمدە تەپەككۇر يولىڭىزنى كېڭەيتىپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئىشقا سالدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مەزكۇر دەرس سىزگە ھېچنەرسە ئۆگەتمەيدۇ، بۇ بىر ۋاستە بولۇپ، سىز بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىڭىز ئۆزىڭىزگە تۇرمۇش چىنلىقىنى ئۆگىتىسىز. بۇ بىر خىل تەربىيە مەنبەسى بولۇپ، سىز چوڭ مېڭىڭىزدىكى يوشۇرۇن قۇدرەتنى قازىسىز، تەرەققىي قىلدۇرىسىز ۋە ئۇنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئىشلىتەلەيسىز.

سىز باشقىلار ئۈچۈن ئىمكانقەدەر ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن بۇرۇنقىدىنمۇ بەك تىرىشىڭ، مانا بۇ تەربىيىنىڭ يۇكسەك پەللىسىدۇر. شۇڭا سىز ئېرىشكەن پايدا تۆلىگەن بەدىلىڭىزدىن ئازدەك قىلىغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئېرىشكەن شەكىلسىز پايدىڭىز باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

سىز پەقەت مۇشۇنداق مۇلازىمەت قىلغاندىلا ئاندىن مەشغۇل بولۇۋاتقان ساھەيىڭىزدە ئانچە - مۇنچە ئىش قىلالايسىز. چۈنكى، سىز مۇشۇ ۋەجىدىن نىشانىڭىزنىڭ ئاخىرقى بىر قىسمىغا ئايلىنىسىز ۋە ئۇنى كۈندىلىك ئۈچ ۋاخ تاماققا ئوخشاش ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ.

سىز ئىمكانقەدەر كۆپ مۇلازىمەت قىلىشنى ئادەتلەندۇرۇڭ، ئەمما كۆپ نەرسىگە ئېرىشسەم بولاتتى دەپ تەمە قىلماڭ. سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇ دۇنيانىڭ سىزگە بېرىدىغىنى،

سىزنىڭ ئۈمىد قىلغانلىرىڭىزدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

كۆچلۈك قىزىقىش، مول جاۋاب ئاتا قىلىدۇ. قانداق جاۋاب قايتۇرۇش قەۋەتمۇ قەۋەت ئېشىپ بارىدۇ، بۇنى تامامەن ئۆزىڭىز قارار قىلىسىڭىز بولىدۇ.

ئەمدى سىز مەزكۇر دەرسنى ئۆگىنىپ بولدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزدا ھەرىكەت قىلماقچىمۇ، قاچان، قايسى ئۇسۇلدا، نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقچى؟ سىز بۇ دەرستىن ئىلھاملىنىپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭىزنى ئىشلەتكەن چاغدىلا ئاندىن بۇ دەرسنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشەنگەن بولىسىز.

بىلىم پەقەت مۇئەييەن تەشكىل ۋە «ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش» ئارقىلىقلا «قۇدرەت»كە ئايلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

ئاۋۋال پۇل ئېلىپ ئاندىن ئىش قىلىدىغان ئادەم مەڭگۈ رەھبەر بولالمايدۇ، مۇبادا سىز شۇنداق قىلىسىڭىز خىزمەت قىلىۋاتقان ساھەيىڭىزدە رەھبەر بولالمايسىز، مەڭگۈ نەتىجە يارىتالمايسىز.



ئازراقلا چارە قىلساق، بەزى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلساق، پۇل تېپىش بىز ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش بولىدۇ.

— T.P . باننام

# 26 ـ دەرس

## قانداق قىلغاندا پۇل تېپىشنىڭ ماھىرى بولغىلى بولىدۇ

فىنىس تېللى باننام شۈبھىسىزكى، ئۇ ھازىرغىچە ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئارتىس بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق كەچۈرمىشلىرى بولمىغان بولسا، كىشىلەر باننام ئۆزى ئورۇندىغان «قاغىنىڭ سۇمۇرغقا ئۆزگىرىشى» دېگەن كلاسسىك تىياتىردىكى باش قەھرىمان دەپ جەزملەشتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

فىنىس تېللى باننام تۆۋەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ مىلىچماللار دۇكىنىدىن باشلاپ ئىگىلىك تىكلىگەن. پەقەت گىراماتىكا مەكتىپى تەربىيىسىنى ئالغان. ئەمما ئۇ ئاخىر دۇنياغا داڭلىق بىرلەشمە سېرك ئۆمىكىنى قۇرغان. ئۇ: «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئويۇن قويۇش» دېگەن ئېلاننى چىقارغان.

باننامنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئۇقۇمى ئىنتايىن ئېنىق ھەمدە قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېنىق. ئۇ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىغا كىرگۈزگەن «فىنىس تېللى باننامنىڭ تۇرمۇشى» بىزنى ھازىرغىچە زور مەنپەئەتكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. باننام ھەر قېتىم تەكلىپكە بىنائەن ئويۇن قويغاندا ھامان ئۆز كىتابىدا

يازغان «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش قائىدىسى»نى ئىشلىتىمدۇ. ئۇنىڭ نۇتقى ئۇزلۇكسىز قارشى ئېلىنغاندا ئۇ بۇ قائىدىنى «پۇل تېپىش سەنئىتى» دەپ ئاتايدۇ. بانىنامىنىڭ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىقتىدارى بار. ئۇ خۇسۇسىي كەچۈرمىشلىرىدىن مەيلى پىرىكازچىك ياكى سىياسىيون بولسۇن، ئەزەلدىن پۇلدىن بىزار بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن.

بۇ دەرس ئۇنىڭ «پۇل تېپىش توغرىسىدا نۇتۇق» دېگەن ئەسىرىدىن تاللاندى. دەسلەپتە بۇ نۇتۇق ئامېرىكا ياشلىرىنىڭ قانداق پۇل تېپىش، توغرا يول ئارقىلىق بېيىش توغرىسىدا سۆزلەنگەنىدى، ئەمما سىز شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيسىزكى، سىز مەيلى ياشانغان ياكى ياش ئادەم بولۇڭ، بانىنامىنىڭ بۇ نۇتقى سىزگە ياردەم بېرىدۇ، نىشانىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ، مەقسىتىڭىزگە يېتىش ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

سىز پۈتۈن «تېرە پۈتۈك» نى ئۆگىنىش جەريانىدا پۇل تېپىشنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى بىلىۋالىسىز. سىز ھازىرغا قەدەر پۇلنىڭ بەختنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتىڭىز. ئەمما سىز يەنە نۇرغۇن بىلىمنى ئۆگىنىشكە موھتاج. بولۇپمۇ چىن ھەقىقەتنى: مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پرىنسىپى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ دېگەن قائىدىنى ئۆگىنىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. خوش، سىز ئەمدى رىۋايەت تۈسىگە ئەڭ باي ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭ.

ئامېرىكا يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز دۆلەت. ساغلام ئادەمگە نىسبەتەن ئامېرىكىدا پۇل تېپىش قىيىن ئەمەس. بۇ «يېڭى قۇرۇقلۇق» تا نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يوللىرى سىز ئۈچۈن داغدام ئوچۇق، نۇرغۇن كەسىپلەر سىزگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئامېرىكىدا دېگۈدەكلا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالايدۇ. كىشىلەر ھېچقانچە كۈچىمەيلا پۇل تېپىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ.



مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگەن ئادەملەر نېمىگە ئېرىشمەن دېسە شۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ. پۇل تېپىش پۇرسىتى ئاسان بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، كىشىلەر دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىش پۇرسەتكە قانداق ئېرىشىش دەپ قارايدۇ.

خۇددى بېنجامىن فرانكلىن: «بېيىش يولى خۇددى تۈگمەنگە بارىدىغان يولدەك ئاددىي بولىدۇ» دېگەندەك بولىدۇ. بۇ سۆز ناھايىتى ئاددىي بىر مەسىلىنى: كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش دېگەن مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىكالبو ئەپەندى بۈيۈك يازغۇچى دىككىنسىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بىر كومېدىيىلىك پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ بۇ پرىنسىپنى جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ماكالبو: «مۇبادا يىللىق كىرىمىڭىز 20 فوندستېرلىڭ بولسا، 20 فوندستېرلىڭ ئالتە سىنت خەجلىسەڭ، بۇ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئىش بولىدۇ. ئەكسىچە، يىللىق كىرىمىڭىز 20 فوندستېرلىڭ بولۇپ، پەقەت 19 فوندستېرلىڭ ئالتە سىنت خەجلىگەن بولسىڭىز، بۇ ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىش بولىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئاڭلىغۇچىلار: «بۇنى بىز بىلىمىز، بۇ تېجەش دەپ ئاتىلىدۇ، تېجەش بايلىق دېمەكلىكتۇر. بىز تورتنى يەپ بولۇنغاندىن كېيىن تۈگەيدىغانلىقىنى بىلىمىز» دېيىشىدۇ. ئەمما مەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، بۇ دەل ئەڭ زور مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئامىلدۇر.

تېجەشلىك ھامان كىرىم چىقىمدىن كۆپ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا كونا چاپانىمۇ ئۇزۇنراق كىيىشكە توغرا كېلىدۇ. يېڭى پەلەينى سېتىۋالسىمۇ، كونا چاپاننى ياماپ كەيسىمۇ بولىدۇ، يېمەكلىككە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ھالىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەزى ئويلىمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە بىز تېزگىنلەشكە ئامالسىز قالىمىز. بولمىسا بىز نۇرغۇن پۇل تېپىشىمىز مۇمكىن. بىر تىيىن، بىر سومنى يىغىپ قويساق،

يىغقان پۇلىمىزغا ئۆسۈم قونسا، پۇلىمىز ئۆزلۈكسىز كۆپىيىدۇ. شۇنداق قىلىۋەرسەك بىز كۈتكەن نەتىجە بىزگە يېقىنلاپ كېلىدۇ. بۇ خىل تېجەشلىكنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بەزى مەشىقلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما سىز بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالسىڭىز، ئەقىل - ھوشىڭىز بىلەن پۇل ساقلاشنىڭ بەتخەجلىك قىلغاندىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. تۆۋەندىكىسى مەن يېزىپ بەرگەن بىر رېتسېپ بولۇپ، بۇ رېتسېپنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان. نۇرغۇن ئىسراپخورلۇق كېسەللىنى ساقايتتى. بولۇپمۇ خاتا تېجەشلىكنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈمى بولىدۇ. سىز يىل ئاخىرى كىرىمىڭىز كۆپ بولمىسا، كىرىمىڭىزنى ئىقتىساد قىلالمىسىڭىز، مېنىڭ تەكلىپىم شۇكى، سىز جەدۋەل تۈزۈپ، ئۇنى كىتابچە قىلىپ، ھەربىر خىراجەت - چىقىمىڭىزنى خاتىرىلەپ قويۇڭ. ھەر كۈنلۈك ياكى ھەر ھەپتىلىك ئەھۋالنى ئىككى ئىستونغا يىغىنچاقلاڭ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىستون «زۆرۈر بۇيۇملار» ياكى «راھەتلىك بۇيۇملار»نى بىلدۈرسە، يەنە بىر ئىستون «ھەشەمەتلىك بۇيۇملار»نى نامايان قىلىدۇ. سىز ھايال قالمايلا كېيىنكى ئىستوندا خاتىرىلەنگەنلىرى ئالدىنقى ئىستوندا خاتىرىلەنگەنلىرىدىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە، ھەتتا ھەممىشە ئون ھەسسە كۆپ بولىدىغانلىقىنى بايقايسىز. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش لازىمەتلىكىگە خەجلىگەن پۇل كىرىمىمىزنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدۇ.

دوكتور فرانكلىن: «بىزنى باشقىلارنىڭ نەزىرى ئەمەس، دەل ئۆزىمىزنىڭ نەزىرى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. مۇبادا دۇنيادىكى ھەممە ئادەم (مەندىن باشقىسى) تامامەن ئەما بولسا، مەن نېمىنىڭ چىرايلىق كىيىم، نېمىنىڭ سەلتەنەتلىك ئۆي سايمانلىرى ئىكەنلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەيمەن» دەيدۇ. گراندى خانىمدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەسىرات بار. ئۇ: دەل مۇشۇنداق قاباھەتلىك تۇيغۇ نۇرغۇن باي ئائىلىلەرنى باش چۆكۈرۈپ



ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ، دەيدۇ. ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر: «بىز تامامەن ئەركىن، تەڭ، باراۋەر» دېگەن گەپنى تەكرارلاشقا ئامراق. ئەمما بۇ گەپ نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا خاتا.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا «ئەركىن، تەڭ - باراۋەر» دېگەن بۇ گەپ ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ھەقىقىي پاكىتتۇر. بىز تۇغۇلۇشىمىز بىلەنلا پۇلىمىز بولمايدۇ، شۇنداق تۇغۇلۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم بەزىلەر: «ئۇنىڭ يىللىق كىرىمى 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئەمما مېنىڭ يىللىق كىرىمىم بىر مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا ئۇ ماڭا ئوخشاش نامرات ئىدى؛ ئەمدى ئۇ پۇللۇق بولدى. شۇڭا ئۆزىنى مەندىن چوڭ تۇتىدۇ. ئۇ ئۆزى قاراپ باقسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر. مەنمۇ ئات سېتىۋالالايمەن، ھارۋا سېتىۋالالايمەن. مەن ئات - ھارۋا سېتىۋالماي، ئات بىلەن ھارۋىنى ئىجارىگە ئالساممۇ بولىۋېرىدۇ. مەن بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئات مىنىپ، ئۇ دائىم ماڭىدىغان يولدا مېڭىپ، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بەرسەم بولىۋېرىدۇ» دېدى.

دوستۇم، ئۇنچە كۈچ سەرپ قىلىش ھاجەتسىز. سىز تېزدىن ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاڭ. ئەمما ئۇ يۇزەكى ھەرىكەتكە ئوخشاپ قالسا كىشىلەرنى ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭدەك باي ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەندۈرەلمەيسىز. مۇبادا سىز «كىرىمىڭىزنى كۆرسەتمەكچى» بولسىڭىز، ۋاقتىڭىزنى، پۇلىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋېتىسىز، شۇنىڭ بىلەن بىچارە ئايالىڭىز كىر يۇيىمەن دەپ باشمالتىقىنى سۇندۇرۇۋالىدۇ. ھەر قېتىم ئىككى لىر چاي سېتىۋېلىپ، باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا چىقىنالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق قىلىشىڭىز تامامەن «يۇزىڭىز»نى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت، خالاس. ئەمما ئۇنىڭ ھالى ھەرقانداق ئادەمنى ئالدىيالمايدۇ.

ھاياجانلىنىشقا ياكى تەكرار يول قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالسا، ئەر ـ ئاياللار باشلىنىش بىلەنلا زۆرۈر بولمىغان خىراجەتلەرنى قىسقارتىش تەسكە توختايدۇ. نۇرغۇن ھەشەمەتلىك خىراجەتلەرگە بۇرۇن كۆنۈپ قالغان، ھازىر بولسا ئادەم ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغاندىلا ئاندىن زۆرۈر چىقىملارنى قىسقارتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، كىچىكرەك ئۆيدە ئولتۇرۇش، ئەرزان ئۆي سەرەمجانلىرى ئېلىش، ئىجتىمائىي ئالاقە خىراجەتلىرىنى قىسقارتىش، ئەرزانراق كىيىملەرنى كىيىش، كىشىلەرنى ئازراق ياللاش، بەزمىلەرگە، ئويۇنلارغا، كەچلىك يىغىلىشلارغا، پەيتۇنلارغا ئولتۇرۇش، ساياھەتكە چىقىش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش خىراجىتىنى ۋە باشقا ھەشەمەتلىك پائالىيەتلەرنى ئازايتىش. ئەمما يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇلار راستىتىنلا «ئېھتىيات يولى» پىلانىنى يولغا قويسا ياكى ئاز ـ ئازدىن پۇل ئامانەت قويمىسا، ئەقىل ـ ھوشى بىلەن ئۆي ـ زېمىن قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالسا، ئۇ «پارچە ـ پۇرات پۇل»نىڭ ئۆكسۈمەي كۆپەيگەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقايدۇ. بۇ جەرياندىكى بارلىق تېجەشلىك مالىيە باشقۇرۇش ئادىتى دېگۈدەكلا ئوخشاش ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ.

بىر يۇرۇش كونا كىيىم، بىر كونا شىلەپە ياكى بىر كونا كۆڭلەك باشقا بىر پەسىلنىڭ ئېھتىياجىنى تامامەن قامدايدۇ، ئادەتتىكى سۇ ياكى تۇرۇبا سۈيى شامپان سۈيىدىنمۇ شېرىن بولىدۇ، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇش ئادەمنى ئىسسىق پەيتۇندا ئولتۇرغاندىنمۇ بەك روھلاندۇرۇۋېتىدۇ، سىرداش دوستلار بىلەن مۇڭدىشىش، ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇش، بىر سائەت مۆكىمۆكىلەك ئويناش ياكى قارىغۇ ئويۇنى ئويناش 50 سوملۇق ياكى 500 سوملۇق زىياپەتكە قاتنىشقاندىنمۇ بەك ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ. كىشىلەر تېجەشلىكنىڭ سېھرىي كۈچىنى سەزگەن دەملەردە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ خىراجەت پەرقىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىشى



مۇمكىن. مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئادەملەر نامرات ـ پېقىرلىقتا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ياشايدۇ، يەنە مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئادەملەر ھېچنېمىدىن غەم قىلماي بايلىقتا ئىسراپخورلۇق قىلىشىدۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا نامراتلىقتا ياشايدۇ. سەۋەب، ئۇلار تۇرمۇشىنى بەك ھەشەمەتچىلىكتە، ئىسراپخورلۇقتا ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ خەج ـ خىراجىتى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. بەزى ئائىلىلەرنىڭ ھەر يىللىق ئومۇمىي خىراجەت سوممىسى 200 نەچچە مىڭ سومدىن كۆپ بولىدۇ. ناھايىتى ئاز ئادەملەر پۇل ئاز بولسا قانداق ياشىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ كىرىمى پەقەت ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگىلا تەڭ كېلىدۇ.

ئۇلار مۇشۇنچىلىك كىرىم بىلەنمۇ كۆڭۈللۈك ياشايدۇ. بايلىق سىنىقى غەمكىنلىك سىنىقىدىنمۇ قاتتىق بولىدۇ، بىردىنلا بېيىپ كېتىشنىڭ سىنىقى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. «ئاسان قولغا كەلگەن نەرسە ئاسان قولدىن كېتىدۇ» دېگەن ھېكمەت ناھايىتى ياخشى ئېيتىلغان. ھاكاۋۇرلۇق بىلەن شۆھرەتپەرەسلىك باش كۆتۈرۈپ چىقىدىكەن، ساقايتقىلى بولمايدىغان ئۆسمە ھاسىل قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ بايلىقىنى ـــ ئۇ بايلىق كۆپ ياكى ئاز بولسۇن ـــ ئاز ـ ئازدىن يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر بېيىش بىلەنلا، نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ كېتىدۇ ـ دە، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش چىقىمى ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇنىڭ كىرىمىنى تۈگىتىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى جاھاندا بىر دەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن جاپالىق ياشايدۇ. ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ مەن سېمىز، دەپ كۆرسىتىدۇ، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن بىمەنىلەرچە تىرىشىش جەريانىدا ئۆزلىرىنى يوقىتىدۇ.

مەن ناھايىتى باي بىر تۆرە بىلەن تونۇشاتتىم. ئۇ ئادەم تېخى يېڭىدىن بېيىغانىدى، ئايالى بىر ئېسىل ساپا ئالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئېرى ئايالىغا: «پەقەت بىر ساپا ئۈچۈنلا 30 مىڭ

ئامېرىكا دوللىرى خەجلەيدىغان گەپكەن ـ دە!» دېدى. شۇنداق قىلىپ ساپا سېتىۋېلىندى، ئەمدى ساپاغا پار قىلىدىغان ئورۇندۇق بولۇشى كېرەك ئىدى؛ كېيىن چاي شىرەسى، تاماق شىرەسى، ئۈستەل، ھەتتا پۈتۈن ئۆي سايمانلىرى تامامەن ئالماشتۇرۇلدى. بۇ چاغدا يېڭى ئۆي جاھازلىرى ئالدىدا ئۆي بەك كونا بولغاچقا، چېنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېڭى ئۆي سەرەمجانلىرىغا پار بولىدىغان يېڭى ئۆي سالدى. «شۇنداق قىلىپ، — دېدى دوستۇم، — پەقەت مۇشۇ ساپانى دەپلا 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئۇشۇق خەجلەشكە توغرا كەلدى. ئەمما ئىش تۈگىمەيلا كەتتى، ئۈزلۈكسىز پۇل خىراجەت قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئىش يارىشىقىدا، سۆلەتلىك بولىدىكەن. مەن بۇنداق قۇرۇق سۆلەت ئۈچۈن ھەر يىلى 110 مىڭ سوم خىراجەت قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىرىم بارغانسېرى جىددىي ئۆتۈشكە باشلىدى. بىز 10 يىل ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئويلاپ باقايلى. بىر يىلدا نەچچە ئون مىڭ سوم خىراجەت قىلساق، تۇرمۇشىمىز نەقەدەر راھەتتە ئۆتەر ئىدى ـ ھە! چۈنكى ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئۇنچىۋالا پەرىشانلىقىمىز يوق ئىدى. باش قاتۇرىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىمۇ يوق ئىدى. پاكىتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ ساپا ئاخىر مېنى ۋەيران قىلىش گىردابىغا ئېلىپ باردى. بولمىسا مەن بېيىپ كېتەتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن پۇل خەجلەشنى توسىمىغان، خىراجەتنى تېجىمىگەن بولسام مەن تۈگەشكەن بولاتتىم.

## قەرزدىن ساقلىنىڭ

يېڭىدىن مۇستەقىل ياشاشقا باشلىغان ياشلار قەرز بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئادەم ئۈچۈن قەرزدىن ئېغىر نەرسە يوق. قەرز بولۇپ قالساڭ بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭالمايسەن، قۇل بولۇپ قالىسەن. ئەمما بەزى ياشلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر قەرز بولۇپ قالىدۇ، مۇبادا ئۇ بىر ياخشى دوستقا ئۇچراپ قالسا، ئۇ دوستىغا: «ھەي، قارا، مەن پۇل تېپىپ بىر ياخشى كىيىم ئالدىم» دېيىشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ يېتەرلىك پۇلى بولغاچقا بىر قۇر ياخشى كىيىم ئېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلمايدۇ. ئۇ قولىغا پۇل كىرسىلا يېڭى كىيىم ئالىدۇ، ئاخىر باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پۇل قەرز ئېلىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنى بىر ئۆمۈر نامراتچىلىق پاتقىقىغا تاشلاۋاتىدۇ. قەرز كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىنى يوقىتىدۇ، ھەتتا ئادەم ئۆزىنى پەس كۆرىدۇ. قورساق، ئۇچا، خەج ـ خىراجەت ئۈچۈن قاتتىق جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، قەرز ئىگىسى قەرز سوراپ كەلگەندە يېنىدىن بىر تىيىن چىقىرالمايدۇ. بەلكىم بۇ كىشىلەر ھەمىشە دەپ يۈرگەن «ئۆلۈك ئاتنى تىرىك ئات قاتارىدا داۋالاش» بولسا كېرەك. ئەمما مەن ئىناۋەتلىك قەرزىگە تايىنىپ سودا قىلىدىغان سودىگەرلەرنى ھەمدە قەرز پۇلىنى ئاساس قىلىپ تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالىدىغان، كەسىپنى تېخىمۇ زور كېڭەيتىدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتىۋاتمايمەن. ياشانغان بىر مۆتىۋەر مۇرىت ئۆزىگە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ بەرگەن ئوغلىغا: «جون، ھەرگىز نېسى ئىش قىلما. نېسى قىلمىسا بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئازراق نىجاسەتنى نېسى قالدۇرۇپ قوي، بۇ نىجاسەت قەرزنى قايتۇرۇشتا پايدىسى بار.»

بىچىل ئەپەندى، ياشلار سەھرادىن بىر پارچە يەر سېتىۋالسا ئازراق قەرز قالدۇرسا، قەرز ئېلىپ ئازراق پۇلنىڭ غېمىنى قىلسا بولىدۇ دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ياشلار ئاۋۋال يەر سېتىۋېلىپ ئاندىن توي قىلماقچى بولسا، ئازراق قەرز ئالسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ئىش — يەر سېتىۋېلىش بىلەن توي قىلىش ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپقا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپقا چۈشۈرۈشتە بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.» بۇمۇ مۇئەييەن دائىرىدە بىخەتەر بولىدۇ. ھاياتتا يېيىش، كىيىش

ئۇچۇن ئادەم قەرز بولمايمەن دېيەلمەيدۇ. ئەمما زور قەرزدىن ساقلىنىش كېرەك. بەزى ئائىلىلەر دۇكانغا بېرىپ نېسى مال ئالىدۇ، بۇ بىر ئەخمىقانە ئادەت. سىز ئاخىر نۇرغۇن نەرسىلەرنى نېسىگە ئالغانلىقىڭىزنى، ئەمما بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بايقايسىز.

بەزى جەھەتلەردە پۇل ئوتقا، كۆيۈمچان خىزمەتكارغا، قاباھەتلىك خوجايىنغا ئوخشايدۇ. مۇبادا قولىڭىزغا پۇل كىرسە ئۆسۈمى بىلەن قىممىتى ئاشسا، سىزگە دۈشمەن بولىدۇ، ئاخىر سىزنى ئەڭ قورقۇنچلۇق ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئۆزىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەمما پۇل سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلسا سىز دۇنيادىكى ئەڭ سادىق مۇلازىمغا ئېرىشەلەيسىز. ئۇ كۆز ئىشارىتىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان قۇل ئەمەس. بۇ مۇلازىمنىڭ ھېچقانداق نەرسىسى يوق. ئۇ مۇلازىم مەيلى ھايات ياكى ئۆلۈك بولسۇن، پۇلغا ئوخشاش بولىدۇ. مۇبادا پۇل جايىدا ئىشلىتىلسە، مۇۋاپىق تەقدىم قىلىنسا، سىز ئۈچۈن ئەڭ ساداقەتمەنلىك بىلەن مۇلازىملىق قىلىدۇ، ئۇنۇم يارىتىدۇ.

سىز پۇلنى ھەرگىز ئۆزىڭىزگە قارشى قىلىپ قويماڭ. بولمىسا، پۇل نۇقتىسىدا تۇرۇپ كىشىلىك ھاياتنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرگىلى بولمايدۇ. جون لونداق مىجەزى غەلىتە ئادەم، ئۇ بىر قېتىم دۆلەت پالاتاسىغا ئاشكارا ھالدا: «ئەي، رەئىس، مەن بېيىغىلى باشلىدىم، ئالتۇن تاشنى بايقىدىم، يول بويى ماڭغاچ پۇل تاپشۇرىمەن» دەپ جاكارلىدى. توغرا، بۇ ھەرقانداق ئالتۇن تاۋلىغۇچىنىڭ بايقىشىدىنمۇ بەك بىر پارچە «ئالتۇن تاش»قا ئوخشايدۇ.

## ھەرقانداق ئىش قىلسىڭىز قاتتىق تىرىشىپ قىلىڭ

ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەڭ، باشتىن ـ ئاخىر بەل قويۇۋەتمەڭ.



مەيلى سەھەر ياكى كەچ بولسۇن ۋە ياكى پەسىل ئۆزگەرسۇن، بىرەر ئىشىڭىز مۇۋەپپەقىيەتسىز قالمىسۇن، ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئارقىغا سۈرمەي ۋاقتىدا ئىشلەڭ. قەدىمكىلەر: «قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشنى بەلەن قىل» دەپ ياخشى ئېيتقان. نۇرغۇن ئادەملەر كەسپىي جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئەمما قولۇم ـ قوشنىلار چالا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قويغاچقا، ئۆمۈر بويى نامراتچىلىقتا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ ئىرادە، يۈكسەك ئۈمىد، تولۇپ تاشقان روھىي قۇدرەت، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، قەيسەر بولۇش تامامەن كەسپىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل بولىدۇ.

بايلىققا ئامراق ئاشۇ قەيسەر ئادەملەر ئەزەلدىن ئۆزىنى ياكى ئۆزگىنى قۇتۇلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلمايدۇ. خۇددى مىكابول ئەپەندى ئېيتقاندەك ۋاقىتنى ئىشىمدا بۇرۇلۇش بولىدۇ، دەپ ساقلاپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئادەم سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك يۈرسە ھېچقانداق ئىشى ئۇنۇملۇك بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ پەقەت بىر ـ ئىككى ئىشىدىلا بۇرۇلۇش بولىدۇ. بەلكىم ئۇلار نامراتلار ماكانىدا ياكى تۈرمىدە بولۇشى مۇمكىن؛ چۈنكى بىكار تەلەپلىك يامان ئادەتنى پەيدا قىلىدۇ، ئادەمنى يامان يولغا باشلايدۇ. بىر يالاڭ تۆش، بەتخەج لۈكچەك پۇلدار بىر ئادەمگە:

— مەن دۇنيادىكى پۇلنى تەڭ ئۈلەشسەك ئىككىمىزنىڭ خەجلىشىگە يېتىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شۇڭا بىز شۇنداق قىلساق جەزمەن بەختلىك ياشىيالايمىز، — دەپتۇ.

— ئەمما، — دەپتۇ باي جاۋابەن، — مۇبادا ھەممە ئادەم ساڭا ئوخشاش بولسا دۇنيادىكى جىمى پۇل ئىككى ئايغىمۇ يەتمەي تۈگەيدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئۇنداق بولسا توختىماي بۆلۈشەيلى.

مەن يېقىندا لوندوندا چىقىدىغان بىر گېزىتتىن مۇنداق بىر

خەۋەرنى ئوقۇدۇم: ئېغىزىدىن پەلسەپە قائىدىسىنى چۈشۈرمەيدىغان بىر يالاڭ تۆش ئەرزان مېھمانسارايدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. سەۋەب، ئۇنىڭ مېھمانسارايغا تۆلەيدىغان پۇلى يوق ئىدى. ئەمما ئۇ چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا بىر باغلام قەغەز تىقىۋالغان. كېيىن كىشىلەر ئۇ قەغەزگە ئەنگلىيىنىڭ قانداق قىلىپ بىر تىيىن ياردەمگە تايانماي دۆلەت زايومىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى يېزىلغانلىقى بايقالغان. كىشىلەر كېلىپنۇۋېر دېگەندەك قىلىشى كېرەك: كىشىلەر ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش، دەپ قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك. شۇڭا خىزمىتىڭىزنى ئوبدان قىلىڭ، بولمىسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن، دەپ ئويلىماڭ.

بىر كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇملۇقتا تىككەن چېدىرىدا ھېرىپ كەتكەن بىر مۇرىتىنىڭ بىر مۇلازىمى بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان:

— مەن ئەمدى تۆگىنى قايتا باغلىمايمەن. تۆگىنى ئاللا ئۆزى باشقۇرسۇن، — دېدى.

— ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، — سەن تۆگىنى باغلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئاللاغا تاپشۇر!

ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تەڭرىنىڭ ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشەن. سەن ئۇنى نېمە دېسەڭ بولىۋېرىدۇ، ئەمما ئۆزۈڭ قاتتىق تىرىشىپ قىلىدىغان ئىشىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما.

## تەلەپ يۇقىرى، ئىقتىدار تۆۋەن بولۇپ قالمىسۇن

ياشلار كەسپىي تەربىيە بىلەن ئۆگىنىشنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن بەزىلەر داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرمايدۇ، كەسپىتە ئازراق نەتىجە قازانسا داۋاملىق نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن ئىنتىلمەي جايىدا يېتىۋالىدۇ. ئۇلار: «مەن



قانداق ئىشلەشنى بىلىمەن، ئەمما ياللانما بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن، ئۆزۈم بۇ ئىشنى قىلالمىسام، بۇ كەسىپنى نېمە دەپ ئۆگىنىمەن، بۇ كەسىپنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟» دەيدۇ.

— خوش، سىزنىڭ ئىش باشلاش مەبلىغىڭىز بارمۇ؟

— ياق، ئەمما ھامان ئىش باشلاش مەبلىغىگە ئېرىشىمەن.

— قانداق ئېرىشىسىز؟

— مەن سىزگە بىر سىرنى دەپ بېرەي: ياشىنىپ قالغان بىر ھامامام بار، ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇلى بار. ئۇنىڭ بىرقانچە كۈنلۈكلا ئۆمرى قالدى. مۇبادا ھامامام تېز كۆز يۇممىسا، پۇلى بار دوستلىرىمنى ئىزدەيمەن. ئۇلار قانچە پۇل دېسەم شۇنچە پۇل قەرز بېرىدۇ، شۇ چاغدا ئىشىمنى باشلايمەن. مەن ئىش باشلاش مەبلىغىگە ئېرىشكەن كۈنۈمدىن باشلاپ ئىشىمنى ياخشى قىلىمەن.

قەرز پۇل بىلەن ئىش قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دېيىش خاتا ئۇسۇل. ئۇ يىگىت چوتنى خاتا سوققان! نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ھەربىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى جون ياكوپ ئاستورنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئانچە - مۇنچە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ جاناب مۇنداق دەيدۇ:

— مەن دەسلەپتە نەچچە مىڭ سوم يىغدىم، كېيىن غايەت زور پۇلغا ئىگە بولدۇم. بۇ پۇل كۆپىيىپ، نەچچە مىليون سومغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مەن يەنىلا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىدىم. پۇلنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى.

مانا بۇ كەچۈرمىش سىزگە پۇلنىڭ قىممىتىنى دەپ بېرىدۇ.

مۇبادا سىز بىر بالىغا 20 مىڭ دوللار بېرىپ، سەن بۇ پۇل بىلەن سودا قىل، بىرەر ئىشقا مەبلەغ سال دېسىڭىز، ئۇ چوڭ بولغۇچە بۇ پۇلنى خەجلەپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇددى ئۇ بالىغا لاتارىيە چېكى تارتقۇزۇپ، ئاندىن مۇكاپات چىققانلىقىغا قارىغاندەك بىر ئىش. ئىشقىلىپ «ئاسان ئېرىشكەن نەرسە ئاسان قولدىن كېتىدۇ.» ئۇ بۇ پۇلنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ. پۇل

تېپىش ناھايىتى مۇشكۇل بولىدۇ. مۇبادا پۇل تېپىش مۇشكۇل بولمىسا، پۇلنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. مۇبادا ئۆزلۈك چەكلەش، ئۆزلۈك ئىنتىزام، ئۆزلۈك ئىرادە، ئۆزلۈك تېجەشلىك، سەۋرچانلىق بولمىسا، باشقىلارنىڭ پۇلى بىلەن ئىگىلىك ياراتقىلى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى، بايلىق ياراتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھامان ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن ئىگىلىك ياراتقىلى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى، بايلىق ياراتقىلى بولىدۇ. ئاشۇ «ئۆلۈكلەرنىڭ كەشىنى تېرىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان» ياشلار ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش كېرەك — ئاشۇ قاتلامدىكى ئادەملەر بولمىسا، بۇ بايلار ياقتۇرمىغاندەك ئۇلارنى ئۆلۈممۇ سىغدۇرمايدۇ. خەيرىيەت، بايلىققا مىراسخورلۇق قىلىشنى ئارمان قىلغان ئادەملەر ئۆلۈمدىن ئوخشاشلا يىرگىنىدۇ، ئۆلۈمنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى ئېلىمىزنىڭ بايلىرى ئىچىدە ئون باينىڭ توققۇزى تامامەن نامرات ئادەملەرنىڭ باللىرى بولۇپ، ئۇلار تىرىشىپ ئىگىلىك تىكلىگەن. ئۇلار سولماس ئىرادىگە، تىرىشىپ، تېجەشلىك بولۇشقا ۋە ياخشى ئادەتكە تايىنىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇلار تەدرىجىي يول تېپىپ پۇل تاپقان، پۇل ئامانەت قويغان. بۇ ئەڭ ياخشى بايلىق يىغىش ئۇسۇلى. ستېفىن جېلاردې يېڭىدىن ئىش باشلىغان چاغدا بىر نامرات كېمىسازلىق ئىشچىسى ئىدى؛ ھازىر ئۇنىڭ يىللىق خىراجىتى 150 مىليون دوللار (باج پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ جون ياكۇپ ئاستور نامرات دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى، ئۇ 20 مىليون دوللار قالدۇرۇپ لەھەتكە سەپەر قىلدى. كورنالىياس فاندىبىت ئەمدى ئىش باشلىغاندا نيۇيوركنىڭ ستالدۇن ئارىلىدا كېمە ھەيدەيدىغان خىزمەتكار ئىدى. ئۇ ھازىر ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلغان پار كېمىسىنىڭ ساپ قىممىتىلا بىر مىليون يۈەنگە يارايدۇ. ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ئۆزىلا بەش مىليون سومغا يارايدۇ.



## كۆچ ـ قۇدرىتىڭىزنى چېچىۋەتمەڭ

سىز بىر خىل ئىشنى قىلىشنى نىيەت قىلسىڭىز شۇ ئىشنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇڭ، ھەتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغۇچە بولدى قىلماڭ ياكى تەجرىبە سىزگە بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشنى دەپ بەرگەندىلا ئاندىن ۋاز كېچىڭ. سىز بىر تال مىخنى ياغاچقا تەرسالىق بىلەن كۈچەپ ئۇرسىڭىز مىخ ياغاچقا تۇۋىگىچە كىرىدۇ. شۇڭا سىز مىخنى چىڭ تۇتۇپ، توختىماي قاقسىڭىز، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز. بىر ئادەم زېھنىي قۇۋۋىتىنى چاچماي، بىر خىل خىزمەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، شۇ خىزمەتنى قانداق ئىشلەشنى نىيەت قىلسا، ئۇ جەزمەن ئۆرلىيەلەيدۇ. ئەمما كاللىسىغا بىرلا ۋاقىتتا ئون نەچچە ئىشنى كىرگۈزۈۋالسا، ئۇنىڭ زېھنى بۆلۈنۈپ كېتىدۇ ـ دە، بىر ئىشنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، بايلىقمۇ قولدىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى بىز ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىرقانچە ئىشنى قىلساق، ئاخىر ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز، ئىشنى ياخشى قىلالمايمىز. قەدىمكىلەر: تۆمۈر سوقساڭ بىر ـ بىرلەپ سوق، ھەممىنى بىراقلا سوقما، دەپ ياخشى ئېيتقانىكەن.

## «تاشقى دۇنيانىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراش»تىن ئېھتىيات قىلىڭ

بىز بەزىدە بىر قىسىم كىشىلەر بايلىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىردىنلا يەنە قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، پۇلنى تېجىيەلمەسلىك، پۇلنى بەتخەجلىك بىلەن خەجلەش، بولۇپمۇ قىمارغا ياكى باشقا يامان ئادەتكە بېرىلىپ كېتىشتىن بولىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال شۇكى، كىشىلەر «تاشقى دۇنيانىڭ كاشىلىسى»غا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلارغا

ئۇچرايدۇ. مۇبادا بەزى ئادەملەر قانۇنلۇق سودا قىلىپ بېيىسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ئۇ مۇنداق خىيانەت قىلغان، ئۇنداق ھايانكەشلىك قىلغان، يەنىمۇ كۆپ پۇل تاپقان، دەيدۇ. دوستلارمۇ ئۇنى پات - پات تەبرىكلەيدۇ، ئۇ تۇغۇلۇشى بىلەنلا تەلەيلىك ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ھەربىر ئىش خۇددى تاشتىن ئالتۇن چېكىلىگەندەك ئۈنۈملۈك بولىدۇ. مۇبادا ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، خىراجەت جەھەتتىكى ئادىتىنى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئاتا قىلغان ئامىلنى، توغرا ھەرىكەتنى، ئۆزىنىڭ كەسىپكە بولغان كۆيۈنۈشىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئەكسىچە دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ ئاۋازىغا، دوستلارنىڭ تېز بول دېگەن گەپلىرىگە قۇلاق سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئەمىسە مەن يەنە 20 مىڭ سوم سەرمايە سالاي، مېنىڭ ئۇدا ئامىتىم كەلگەندىكىن، بۇ ئامەت ماڭا 60 مىڭ سوم جاۋاب قايتۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەيدۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە 10 مىڭ سوم ئاشۇرغانلىقىنى بايقىدى. كېيىن ئۇ ئۆزىگە كېرەك يوق، دېدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردە يەنە بىر چوڭ ئىش ئۈچۈن ئۇ 20 مىڭ سوم چىقىم قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ پۇل ئۇنىڭغا مول پايدا ئەكېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن قۇرۇق ئارمانلىرى ئاخىر كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ جىمى مال - بىساتىدىن ئايرىلىپ قالدى، شۇ چاغدىلا ئۇ: بىر ئادەم ئۆز كەسپىدە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسۇن، ئۆز كەسپىنى تاشلاپ، ئۆزىگە تامامەن ناتونۇش بولغان ساھەگە كىرىپ قالسا خۇددى پالۋان ساخسۇندا ئۇنى تىرىكلا يەر ئانا بىلەن ئايرىۋەتكەندەك بولىدۇ. ئاخىر پۈتۈن كۈچ - قۇدرەت ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مۇبادا بىر ئادەمنىڭ نۇرغۇن پۇلى بولۇپ، ئۇ بۇ پۇللىرىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بولىدىغان تۈر ۋە ساھەگە مەبلەغ قىلىپ



سالسا، ئاندىن ھەقىقىي كىرىمگە، پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىشنىڭ ناھايىتى كۆپ پايدىسى بار. ئەمما مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈر سانىنىڭ كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، تۈر سانى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. سىز مىڭ بىر مۇشەققەتتە ھالال تاپقان پۇلىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ بايلىقىڭىزنى زىيانغا ئۇچراتماڭ، بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتمەڭ — ئۆزىڭىزنىڭ تەجرىبىسى يوق ساھەگە مەبلەغ سالماڭ.

## پوچىلىق قىلماڭ

بەزى ئادەملەرنىڭ مۇنداق بىر ئەخمىقانە ئادىتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ تىجارەت سىرىنى ھەممە يەردە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرىدۇ. مۇبادا ئۇلار پۇل تاپسا قولۇم - قوشنىلىرىغا مەن ئۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، مۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم، دەپ كۆز - كۆز قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنداق قىلغاندا پايدا ئېلىش ئەمەس، ئەكسىچە كۆپ زىيان تارتىدۇ. شۇڭا سىز ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ كىرىمىڭىزنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى، مۇراد - مەقسەتلىرىڭىزنى سۆزلەپ يۈرمەڭ. بۇنداق ئىشلارنى يېزىقتا دېيىشكە بولسىمۇ، ئەمما ھەرگىز ئېغىزاكى سۆزلەپ يۈرمەسلىك كېرەك. گيوتى موفىست (گيوتىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «فائۇست»تىكى ئالۋاستى)نى ھەيرانلىق بىلەن مۇنداق دېگۈزىدۇ: «يەڭگىللىك بىلەن يازما بىر سۆزنى، يەڭگىللىك بىلەن بۇزما بىر سۆزنى.» سودىگەرلەر خەت - چەك يېزىشى كېرەك، ئەمما خەت - چەكلەردە نېمىلەرنى يېزىشتا ئەستايىدىل بولۇش كېرەك. مۇبادا سىز زىيان تارتسىڭىز تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىڭ. زىيان تارتقانلىقىڭىزنى ھەرگىز ئاشكارىلىماڭ، باشقىلارغا بىلدۈرمەڭ، بولمىسا نامىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز.

## دۇرۇس پەزىلىتىڭىزنى ساقلاڭ

دۇرۇس پەزىلەت ئالتۇندىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ. ياشىنىپ قالغان، جېنى ھەلقۇمىغا كەپ قالغان بىر خەسىس ئوغلىغا: «ئوغلۇم، سەن پۇل تاپ، ھالال پۇل بىلەن ھالال پۇل تاپ؛ ئۇنداق قىلالمىساڭمۇ يەنىلا پۇل تاپ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۇل تاپ» دەپتۇ. بۇ تەلەپ يىرگىنىچلىك بولۇپلا قالماي، ئادەمنى بىزار قىلىپلا قالماي، ئەكسىچە ئىنتايىن ئەخمىقانە تەكلىپ بولغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ: «مۇبادا سەن توغرا يول بىلەن پۇل تاپالمىساڭ، ناتوغرا يول بىلەن پۇل تاپساڭمۇ بولىۋېرىدۇ» دېمەكچى بولغان. ئۇ بىچارە بايقۇش ھاياتتا ناتوغرا يول بىلەن پۇل تېپىشنىڭ ئەڭ قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. گۇندىخانىلاردا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوللانغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمىگەن. شۇنداقلا ئۇ ساداقەتسىز ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن نىقابلىنالماي، ئاخىر ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن. مۇبادا ئۇنىڭ پرىنسىپچانلىقى ئاجىز، ئەخلاق - پەزىلىتى ناچار بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا غەلىبە قىلىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى بەرمەيدۇ. غەلىبە قىلىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىۋېتىلگەن بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنداق ئادەملەردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ. ئۇنداق ئادەم ھەرقانچە ئەدەپلىك بولسىمۇ، كىشىلەرنى خۇشال قىلسىمۇ، كەڭ قورساق، كۆيۈمچان بولسىمۇ، ئۇنداق ئادەم بىلەن ھېچكىم قايتا ئارىلاشمايدۇ، «گۇمانىي ئۇسۇل»نى «ۋاستە تاللىمايدىغان» ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ھېچكىم باردى - كەلدى قىلمايدۇ.

ئەستايىدىل، كەسكىن، سەمىمىي بولۇش ھاياتتا بايلىق يارىتىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپلا قالماي، باشقا جەھەتلەردىكى ھەرقانداق ئەھمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مۇرەسسەسىز، توغرا پەزىلەت



باھاسىز بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى يار قىلغان ئادەملەرگە تىنچلىق ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئەمما بۇنداق پەزىلەت بولمايدىكەن، تىنچلىقتا ۋە خۇشاللىقتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. پۇل قانچىلىك بولغان بىلەنمۇ، قانچىلىك ئۆي - زېمىن سېتىۋالغان بىلەنمۇ بىكار. مۇتلەق سەمىمىي، دۇرۇس، ئىشەنچلىك ئادەملەر بەلكىم ناھايىتى نامرات بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر ئۇلۇش يېتەرلىك بايلىققا، ئۆزى خالىغانچە باشقۇرۇپ ئىشلىتەلەيدىغان بارلىق تاۋارلارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قەرز ئالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەك، بۇ ھەممە ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، بۇ جەھەتتە ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدا ۋەدىدە تۇرۇشتىمۇ ئانچە - مۇنچە شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ساداقەتمەنلىكى ئۇلۇغ مەقسەت ۋە مۇددىئا ئۈچۈن بولمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىز دوكتور فرانكلىننىڭ: «سادىق، ئىشەنچلىك بولۇش ئەڭ ياخشى پرىنسىپ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

باي بولۇش مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا باراۋەر بولمايدۇ. نۇرغۇن باي «نامرات»لار بار؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن سەمىمىي، ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن، مۆمىن ئەر - ئاياللار بار. ئۇلارنىڭ بارلىق بايلىقلىرى بىر باي ئادەمنىڭ بىر ھەپتىدە بۇزۇپ - چاچقان پۇلىغا يەتمەيدۇ، ئەمما ئۇلار قانۇننى دەپسەندە قىلىدىغان، قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەملەردىن باي ھەم بەختلىك.

مۇبادا پۇلغا بولغان قىزغىنلىقنى چەكلىمىسە، بۇنداق قىزغىنلىق شۈبھىسىزكى، ئاخىر «جىمى رەزىللىك» نىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. مۇبادا پۇل جايىغا ئىشلىتىلسە، بۇ ئائىلىدىكىلەرگە ياردەم قىلىپلا قالماي، بەلكى بىزگە ۋە باشقىلارغا بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئوخشاشلا پۇلى بار ئادەملەر ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ، تەسىرلىك ئىشلارنى

قىلىدۇ. پۇلغا ئىنتىلىش ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ، بۇنداق ئىنتىلىشنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ. پەقەت پۇلى بار ئادەملا پۇلنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇل ئىنسانلارنىڭ دوستى بولۇپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۇل تاپقان، پۇل يىغقان ئادەملەر ئىنسانلارنىڭ شەپقەتچىسىدۇر. كەڭ نۇقتىدىن قارىغاندا بىز ئۆگەنگەن ھەرقايسى ئاپپارات، فۇنكسىيە، تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، ئۇنىۋېرسىتېت، دىنىي ئورگانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا تالىق بولىدۇ. بايلىق يىغىش ئارمانلىرىغا نىسبەتەن بىز ئەسلىدە سالماق بولۇشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما بەزىدە ئەسەبىيلەرچە پۇل يىغىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدىغان ئادەملەر بارلىققا كېلىدۇ. بەزىدە دىنىي ساھەلەردىمۇ ساختىپەزلەر پەيدا بولىدۇ. سىياسىي مۇنبەردە قۇتراتقۇچىلار پەيدا بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، پۇل تاپقان ئادەملەر ئىچىدىمۇ پىخسىق، خەسىسلەر پەيدا بولىدۇ. ئەمما ئۇلار پەقەت ھەممىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پرىنسىپ ئاستىدىكى كىشىلەر توغرىسىدىكى بەزى مىساللاردۇر، خالاس. مۇبادا بىز ئۇشبۇ دۆلەتتىمۇ ئاشۇنداق ئادەمنى بىزار قىلىدىغان، ئادەمگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان پىخسىق، خەسىسلەر بايقالسا، مەن يەنىلا مىننەتدار بولغان ھالدا ئامېرىكىدا چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىدىغان قانۇن يوق، تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى «مەلۇم قىلىش ئەمەس، ۋاقىت يېتىپ كەلمىگەن» دەيمەن. ۋاقىت يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئاشۇ پىخسىق ـ خەسىسلەرنىڭ يىغقان، توپلىغانلىرى توپا بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇنى قايتا تەقسىم قىلىدۇ. شۇڭا مەن جامائەتكە دەيمەنكى، رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئەمەس، سەممىي، دۇرۇس، توغرا ۋاستىلەر بىلەن پۇل تېپىش كېرەك. خۇددى شېكىسپىر دېگەندەك: «ئومۇمەن پۇلى كەم، ۋاستىسى كەم، قانىتى كەم ئادەمنىڭ شۇبھىسىزكى، ئۈچ دوستى كەم بولىدۇ.»

1BUI00002750